پیپلز پولیس کی تجنبی

ثاقب استقلال

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

پېتېر خوپكېرىك [ئەنگلىيە]

يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت مامۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: خەيرىنىسا ئاسىم

يېپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار
ئاپتورى: پېتېر خوپكىرك
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت مامۇت
تەرجىمە تەھرىرى: ئادىل ئەخمەتجان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى 64 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 13.375
1990 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
1993 - يىل 11 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىرازى: 7601—8900
ISBN 7-228-00794-8/K·117
باھاسى: 3.70 يۈەن

1. تىزلىنىپ ئولتۇرغان بودساتۋانىڭ ھەيكىلى، لاڭدۇن ۋارنېر دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن.

2. IX ئەسىرنىڭ چوڭ تىپتىكى تام سۈرەتلىرىنىڭ بىرى، فون لېكوك بېزەكلىكتىن ئېلىپ كەتكەن. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا بۇزۇلۇپ تۈگىگەن. رەسىمدىكى كېسىلگەن ئىزغا دىققەت قىلىڭ. بۇ سۈرەت غەربىي رايون ئۇسلۇبىنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.

3. ئۇزاق مەزگىل غايىپ بولۇپ كەتكەن، بېزەكلىكتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەسەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭغا ئىبادەتخانىلاردىكى پارس باقارمەنلەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۇمۇ بومباردىماندا يوقالغان.

4.مەخپي كتاب ئامبرىدىن ئېلىنغان ، دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمكى ئويىيا مەتبەئەدە بېسىلغان كتاب.

5.دۇنخۇاڭدىكى مەخپي ئۆيدە ساقلانغان قول يازما، دەستەكلەر.



6. ھىندى راھىبلىرىنىڭ تۇرقى سىزىلغان تام سۈرەتلىرى، بېزەكلىكتىن ئېلىپ كېتىلگەن، 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىكى بومباردىماندا بۇزۇلۇپ تۆكۈلگەن.





7. ئىسلام ئاخۇننىڭ « ناتو-
ش يېزىق » ى بىلەن يېزىلغان
ساختا قول يازما، ئەنگلىيە مۇزېيە-
سىك ئوپلاش-ساقلاش ئورنىدىن
بىفىر ئۆيتىلگەن.

8. بېزەكلىكتىن ئەكەتكەن،
وگلۇقى ئادەمدەك كېلىدىغان
ۋ بۇتلار جۇڭگو راھىبلىرىنىڭ
رقىغا تەقلىد قىلىپ سىزىلغان
ولۇپ، 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىكى
مباردىماندا تۈگىگەن.



ئۆزىنى دۇنخۇاڭنىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ ئاتىۋالغان ۋاڭ راھىب.

10. فروفېسسور لاڭدۇن ۋارنېر.

11. ئىسلام ئاخۇن
(ئاۋرېل ستەين فوتوسى)

12. فروفېسور پول پېللىئوت

13. ئوتانى

14. سۋېن ھېدىن



15. ئاۋرېل ستەين

16. ئالبېرت فون لېكوك (سولدىن بىرىنچى كىشى)ۋە تېئودوربارتۇس (ئوڭدىن بىرىنچى كىشى).

17. تەكلىماكان قۇملۇقى (ئاۋرېل ستەين فوتوسى)





18، يەكەن بازىرى

١٩. دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىكى بۇدلار



20. سىتەيننىڭ ئالتۇن-كۈمۈش يۆتكەۋاتقان پاكارلىرى قەشقەردىن ئايرىلىش ئالدىدا (ئاۋرېل ستەين فوتوسى).



21. نىيدە قەدىمكى ئۆيلەرنى قېزىشتىن بىر كۆرۈنۈش (ئاۋرېل ستەين فوتوسى).

22. ستەين ئادەملىرى بىلەن بىللە تەكلىماكان قۇملۇقىدا، ستەيننىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغىنى نەيىن رام ساين، ئۇ پەۋقۇلئاددە ۋەقە تۈپەيلى كۆزىدىن ئايرىلغان.



www.uyghurkitap.com

كىتابخانىلارنىڭ دىققىتىگە

بۇ كىتاب ئەنگلىيىلىك پىتېر خوپكىرىك ئەپەندى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مەڭگۈي تام سۈرەتلىرى، قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە بىزنى نۇرغۇن مەلۇماتلارغا ئىگە قىلىدۇ.

ئاپتور نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئېكسپېدىتسىيىچى، تەكشۈرگۈچى، ساياھەتچى، دىن تارقاتقۇچى دېگەن چىرايلىق تونلارغا ئورىنىۋېلىپ، يىپەك يولىدا جايلاشقان دۇنخۇاڭ، تۇرپان، كۇچا، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى مەشھۇر بۇددىزىم مەڭگۈي تام سۈرەتلىرىنى ۋە ھەيكەللىرىنى ئوغرىلاپ كەتكەن چەت ئەللىكلەرنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى چوڭقۇر پاش قىلغان، بۇ ھەقىقەتەن ئوقۇپ چىقىشقا ئەرزىيدىغان كىتاب.

مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا شىنجاڭ «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى، 1884 يىلى دۆلىتىمىز «غەربىي يۇرت»قا «شىنجاڭ ئۆلكىسى» دەپ نام بەردى. شۇنىڭدىن بېرى «غەربىي يۇرت» «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

لېكىن ئاپتور كىتابىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا شىنجاڭنى «جۇڭگو تۈركىستانى» «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىغان، بۇنداق ئاتاش تامامەن خاتا، ئۇ تارىخىي پاكىتلارغا زادىلا ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى دۆلىتىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان شىنجاڭ تارىختىن بۇيان «جۇڭگو تۈركىستانى»، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئەمەس. بۇ ناملارنى ھەرخىل غەرەزلەردىكى چەت ئەللىكلەر بىزگە تاڭغان.

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ئاپتور قوللانغان ئاتالغۇلار ئۆزگەرتىلمەي ئەينەن ئېلىندى. كىتابخانلارنىڭ بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇيغۇرچە تەرجىمە مۇھەررىرىدىن

مۇندەرىجە

مۇقەددىمە 1

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ سۆزى 1

ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى 1

بىرىنچى باب يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابىلىشىشى 1

ئىككىنچى باب تەكلىماكاندىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ غايىب بولۇشى... 39

ئۈچىنچى باب قىممەتلىك قول يازمىلارنى تالىشىش جېڭى.......... 59

تۆتىنچى باب يول ئاچقۇچى ئاۋانگارد — سۋېن ھېدىن 75

بەشىنچى باب گۆھەر ئوغرىلىغۇچى پەۋقۇلئاددە ئەلچى — ستەين ... 99

ئالتىنچى باب ستەيننىڭ ھارام بايلىققا ئېرىشىشى 121

يەتتىنچى باب ساختا قول يازمىنىڭ ئاشكارىلىنىشى 151

سەككىزىنچى باب شىددەتلىك تالىشىش جېڭىنىڭ باشلىنىشى.......... 172

توققۇزىنچى باب فون لېكوكنىڭ پال ئېچىشى 196

ئونىنچى باب «تۈركىستاننىڭ ئەڭ گۈزەل تام سۈرەتلىرى»... ... 211

ئون بىرىنچى باب جۇڭگودىكى بىر ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ سىرى 229

ئون ئىككىنچى باب يوشۇرۇن كىتاب ئامبىرى — دۇنخۇاڭ.......... 247

ئون ئۈچىنچى باب پېللىئوتنىڭ سىپايىلىك بىلەن رەقىب تۇتۇش
سەنئىتى 282

ئون تۆتىنچى باب يىپەك يولىدىكى جاسۇسلار 303

ئون بەشىنچى باب لاڭدون ۋارنېرنىڭ خام خىيالى 334

ئون ئالتىنچى باب جۇڭگو گۆھەر ئوغرىلىرىنىڭ يولىنى ئېتىۋەتتى... 356

مۇقەددىمە

«يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» — ئەنگلىيىلىك پېتېر خوپكىرىك ئەپەندى يازغان ياخشى كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر توپ قاراقچىلارنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت گۆھەرلىرىنى تالان- تاراج قىلغانلىقىغا ئائىت تارىخ ئەينەن خاتىرىلەنگەن.

پۈتۈن مەملىكىتىمىز ئازاد بولۇش ئالدىدىكى يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ غەربىي بۆلىكى (ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى، جۇملىدىن دۇنخۇاڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گۆھەر ئوغرىلىرىنىڭ كۆز كۆز ئاچىدىغان باغچىسىغا ئايلىنىپ قالغان. روسىيىلىك كوسلوۋ، ئوبرۇچېۋ، كىرىبنىس؛ گېرمانىيىلىك دېرلان، فون لېكوك؛ ئەنگلىيىلىك ستەين؛ شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن؛ فرانسىيىلىك پېللىئوت؛ ياپونىيىلىك ئوتانى، جىرۇيچاۋ، يېۋەن رۇگېنلاك؛ ئامېرىكىلىق ۋارنېر... قاتارلىقلار قېزىپ تەكشۈرۈش، كۆزىتىپ بېقىش، ساياھەت قىلىش دېگەن ناملارنى سۈيىئىستېمال قىلىش ئارقىلىق ھەممىلا يەرگە بېرىپ يەر ئاستىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى قېزىپ ئوغرىلاپ كەتكەن. غارلاردىكى تام سۈرەتلىرىنى ئويۇپ ئەكەتكەن؛ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نىقابلانغان جاسۇس بولۇپ، يەر شەكلىنى ئوغرىلىقچە ئۆلچەپ، خەرىتە سىزىپ، ئاخبارات توپلاپ، كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان شۇملۇقلارنى قىلغانىدى.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر دۇنخۇاڭغا قاتراپ بېرىپ، بۇددا نوملىرى ساقلىنىۋاتقان غاردىكى قەدىمكى ھۆججەتلەرنى ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى بۇلاپ كەتكەن. ئوبرۇچېۋ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا تېگىشتىم، دېگەن نام بىلەن بىر قۇچاق دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرىنى ئالداپ ئەكەتكەن؛ ستەيىن پۇل بىلەن ئازدۇرۇش

ئارقىلىق 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ھۆججەت ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئالداپ ئېلىۋالغان؛ پېللىئوت بۇددا نومىلىرى ساقلىنىۋاتقان غاردىكى ھۆججەتلەرنى بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 6 - 7 مىڭ پارچە ئېسىل ئەسەرنى ئالداپ ئەكەتكەن؛ جىرۇيچاۋ بىلەن جىچۇەن شياۋيىلاڭ، ستەين ۋە پېللىئوتنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، يەنە بىر قانچە يۈز پارچىنى ئالداپ ئەكەتكەن؛ ئولدېنبورگ يالغۇز تاش ئۆيدىكى نۇرغۇنلىغان قەدىمكى كىتابلارنى ئالداپ ئەكەتمىش بىلەنلا قالماي، يەنە تېخى شىمالىي سۇلالە دەۋرىدىكى تام سۈرەتلىرىنىمۇ ئويۇپ ئەكەتكەن؛ ۋارنېر كەلگەن چاغدا بۇددا نومىلىرى ساقلىنىۋاتقان غار قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى. ئەمما ئۇ غار - ئۆڭكۈرلەردىكى مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان نەپىس رەسىملەرنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالىدۇ، ئۇ بىر تەرەپتىن روسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ۋەيران قىلىپ، مەدەنىيەتنى دەپسەندە قىلغانلىقىنى ئەيىبلەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن «بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى قىلچىمۇ ئىككىلەنمەي تولۇق ئېلىپ ئەكېتىش»نى قەتئىي نىيەت قىلىدۇ. ۋارنېر زەھەرلىك قولىنى سوزۇپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى نەپىس تام سۈرەتلىرىنى ۋە رەڭلىك ھەيكەللەرنى ئەكېتىدۇ.

پېنېر خوپكىرىك ئەپەندى بۇ بۇلاڭچىلارنى «ئالدامچىلار»، «قاراقچىلار»، «ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئوغرىلار» دەپ ئاتاپ، ئەجنەبىي قاراقچىلارنىڭ دۇنخۇاڭدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تالان - تاراج قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ بىر تارىخىي پاكىتقا ئوبيېكتىپ ھالدا ئادىللىق بىلەن باھا بېرىدۇ.

يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن، جاھانگىر ئۇنسۇرلارنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا كۆرگەنلا يەرگە ئۇسۇپ كىرىپ، خىيالىغا كەلگەننى قىلىۋېرىدىغان دەۋرى كەلمەسكە كەتتى. ھازىر يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىنماقتا، موگاۋ غارلىرىنىڭ قىياپىتىمۇ يېپيېڭى ھالەتكە كەلتۈرۈلدى. مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان چەتئەللىك ساياھەتچىلەر، ئىلىم ئەھلىلىرى، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ھەرقايسى

دۆلەتلەردىكى دوست ئەربابلار يىپەك يولىنى بويلاپ ساياھەت قىلىپ، موگاۋ غارلىرىغا كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلماقتا ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقتا. ئامېرىكا مۇزېيىنىڭ بىر ئايال مۇتەخەسسىسى غارلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دۈنخۇاڭ تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا: «مەن ھازىر 70 تىن ئاشتىم. دۈنخۇاڭغا كېلىپ تاش غارلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغىنىم ئۈچۈن ئىنتايىن خوشالمەن. ئەمما مەن ۋارنېر تۇغرىلاپ كەتكەندىن كېيىن قېپقالغان تام سۈرەت ئىزلىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خىجىل بولۇۋاتىمەن. مەن سىلەرگە تەزىم قىلىمەن» دەپ تەزىم قىلىپ خۇشلاشقان. بىز ئامېرىكىلىق ئاق كۆڭۈل دوستنىڭ قەلبىنى بىز تامامەن چۈشىنىمىز ۋە ئۇنى تەرىپلەيمىز. ئەگەر ئۇ دۇنياغا كەتكەن ۋارنېر بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپسا قانداق تەسىراتقا كېلەركىن؟

بۈلتۈر ئەنگلىيىلىك بىر دوست مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مۇنداق دېگەن: «ستەيىن دۈنخۇاڭدىن ناھايىتى نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تۇغرىلاپ كېتىپتۇ. ئۇلى مەنمۇ كۆرگەن. ئۇنىڭ بەزىلىرى بۈيۈك ئەنگلىيە مۇزېيىدا ئىرىقلىق تۇرۇپتۇ. بۇنەرسىلەرنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك ئىدى. ھەممىنى بىراقلا قايتۇرۇپ بېرىشكە مۇمكىن بولمىسا، ئاۋۋال ئۇنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرىپ تۇرسىمۇ بولاتتى»، يېقىندا جۇڭگونى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلغان ياپونىيىلىك بىر دوست ئەربابىمۇ دۆڭجەڭدا مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مۇنداق دېگەن: «دۈنخۇاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ياپونىيىدىمۇ ئاز ئەمەس. ئەنگلىيە، فرانسىيىدە تېخىمۇ كۆپ، ئاشۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىش، ئۇنى دۈنخۇاڭغا ئاپىرىپ تىزىپ قويۇش كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندا دۈنخۇاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇكەممەل ھالەتكە كېلەتتى». چەت ئەللىك دوستلارنىڭ بۇ پىكىرلىرى تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ، بۇمۇ ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى بىلەن جۇڭگو خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە كەيپىياتنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، بىزمۇ چەت ئەللەردە ئېقىپ يۈرگەن دۈنخۇاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ

كۆللەرنىڭ بىرىدە «ئىككىسىگە ساق - سالامەت قايتۇرۇلۇپ»، دۇنخۇاڭدا مۇكەممەل بىر دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇزېيىنى شەكىللەندۈرۈشنى، دۇنخۇاڭنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىگە ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ياڭخەنجاڭ ئەپەندى بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ ياخشى ئىش قىلدى. بۇ كىتاب بىزگە جاھانگىرلارنىڭ ئېلىمىزگە مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ تاجاۋۇز قىلغانلىقىدىن ئىبارەت پاجىئەلىك تارىخنى ئەسلىتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلارنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتىمىزنى قوزغاپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشىمىزغا ئىلھام بېرىدۇ.

ياڭ ئەپەندىنىڭ يېشى 70 كە يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، جاپاغا چىداپ ئىشلىگەن ھەمدە ئاخىرقى ئۆمرىنى دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرى جەھەتتە ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن ئاز - تولا پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرىشكە ئاتىغان. ئۇ بۇ كىتابنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەرجىمە قىلىپ چىققان ھەمدە سۇڭزىمىڭ ئەپەندىنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ بېرىشى بىلەن بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن. بۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ.

دۇەن ۋېنجيې

1982 .7 .12

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ سۆزى

مىلادى 1840 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان بۇ ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە، ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان زېمىندا جاھاننى قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلىغان، ئالۋاستىلار پىرە ئويناپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ يەرلەر ئەجنەبىي ئالۋاستىلارنىڭ جەننىتىگە، تەۋەككۇلچىلەرنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان باغچىسىغا جىندىن تويغانلارنىڭ ئەركىنلىك ئالىمىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. جۇڭگو خەلقى جاھانگىرلار بىلەن فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ قاتمۇقات ئېزىشى ئاستىدا، ئېزىلىش، ئاياغ - ئاستى قىلىنىش، ھاقارەتكە ئۇچراش، زىيانغا ئۇچراشتەك جاپالىق يىللارنى باشتىن كەچۈرگەنىدى.

جۇڭگونىڭ غەربىي زېمىنى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن كەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمى) دا سۈرۈندىن تارتىپ ياۋروپا بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدا مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ كەلگەن يىپەك يولى بار بولۇپ، ئۇ يول ئۇزاق مەزگىللەردىن بېرى غەربتىكى رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن شەرقتىكى جۇڭگو ئىمپېرىيەسىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ كەلگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھىندىستاننىڭ بۇددا مەدەنىيىتىمۇ شۇ يول ئارقىلىق شەرققە تارقىلىپ كەلگەنىدى. گەرچە كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئۆتكەل - ئېغىزلىرى ئىنتايىن خەتەرلىك، تەكلىماكاننىڭ قۇم بارخانلىرى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، ئۇ يولدا كېلىپ - كېتىپ تۇرغان سودىگەرلەر، ئەلچىلەر، مۇقەددەس جايغا بېرىپ تاۋاپ قىلىدىغانلار، پاستىرلار (دىن تارقاتقۇچىلار)، ئەسكەرلەر، سەنئەتچىلەر، پاناھ ئىزدەپ ماڭغان دىننىي مۇخلىسلار، جاھانكەشتى قاتارلىقلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي يول بويىدىكى بوستانلىقلارنى مۇناسىپ ھالدا ئاۋاتلاشتۇرۇپ تۇراتتى.

خەنسىنىڭ. دېگىما ئۈمىد تومشۇقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئاسىياغا بې-
تىپ بارغاندىن كېيىن. قاتناش قورالى قالاق، يۈك توشۇش مىقدارى
ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن قولايسىز بولغان قۇرۇقلۇق قاتنىشىنىڭ
ئورنىنى پەيدىنپەي دېڭىز قاتنىشى ئىگىلەشكە باشلايدۇ. ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتە نۇرغۇن چاتاق چىقىپ كەتكەنلىكتىن، جۇڭگونىڭ مىڭ
سۇلالىسى غەربىي زېمىننى باشقۇرۇشقا قۇربى يەتمەي قالىدۇ. شۇ ۋە-
جىدىن تارىختىن بۇيان شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا مۇھىم يول
بولۇپ كەلگەن يىپەك يولى تەدرىجىي زەئىپلىشىپ، نامى ئۆچۈپ كېتى-
دىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى غەرب تەۋەككۈلچىلىرىدە بىر مەھەل
قىزىمۇ روناق تاپقان ئەمما ھازىر قۇملۇق ئاستىدا چوڭقۇر ئۇيقۇغا
غەرق بولغان بوستانلىقلارنىڭ كونا ئىزلىرىغا نىسبەتەن ئىنتايىن زور
قىزىقىش پەيدا بولىدۇ. ئۇلار چۆل - جەزىرىدىكى ئادەمزات ئايىغى
تەگمىگەن بۇ قۇملۇقتا، ئارخېئولوگىيە جەھەتتە غايەت زور قىممەتكە
ئىگە بايلىقلار ساقلانماقتا، دەپ قارايدۇ.

1895 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئەلۋەم بىر كۈنى بىپايان كەتكەن تەك-
لىماكان قۇملۇقىدا، قۇرۇپ قالغان خوتەن دەرياسىنىڭ بويىدا بىر
ئادەم ناھايىتى ئاستا كېتىپ بارماقتا. ياق، ئۆمىلەپ ئىلگىرىلىمەكتە
ئىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك ئاستا ئىدىكى، ئۇنىڭ ماغدۇر-
لاۋاتقانلىقىنى سېزىۋېلىشىمىز ناھايىتى قىيىنغا توختايتتى.

بۇ ئادەم شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتور، جېنىدىن تويغان ساياھەتچى
سۋېن ھېدىن ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە-
سى ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇپ بولۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، شۇ
يىلى 12 - ئايدا ئۇ يەنە بىر قېتىم قەشقەردىن يولغا چىقىپ، 21 كۈندە
تومۇزدىكى ئۇزۇنلۇقى 300 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يولنى بېسىپ خو-
تەنگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ شى-
مالغا قاراپ مېڭىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئۆتۈشتەك ئاشۇنداق بىر
قېتىملىق خەتەرلىك سەپەرنى تاماملاپ، جۇغراپىيە ۋە زولوگىيە جەھەت-

تىكى ناھايىتى ئۇرغۇن مەھەم كەشپىياتلارنى يارىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا كىرىسە خارابىسىدىن قېزىۋالغان ئۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ۋە مىزنىپ چىدان خەرىسلىرىنى ئېلىپ غەلىبە بىلەن قايتىدۇ.

ئۇ بىلدىن كېيىن، مىلادى 1899 - يىلى 9 - ئايدا سۋېن ھېدىن شۋېتسىيە كورولى ئوسكا بىلەن مىليونىر نوبېلنىڭ قوللىشى ئارقىلىق تەكلىماكانغا بەنە بىر قېتىم كىرىدۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئارخېئولوگىيە جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ زور نەتىجىسى: ئۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى چېكرا شەھىرى كىرورەننى تاپىدۇ؛ ناھايىتى ئۇرغۇن تارىخىي ھۆججەتلەرنى ئوغرىلاپ كېتىدۇ — بۇ ئىشقا جۇڭگولۇقلار تا ھازىرغىچىلىك قاتتىق غەزەپلەنمەكتە — چۈنكى تويغان بۇ شەرمەندە شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى داۋامىدا ئۆز مىللىتىنى ۋە خەلقىدىن يۈز ئۆرۈپ كېتىدۇ. 1952 - يىلى يەنى ئۇ 87 ياشقا كىرگەن يىلى جىمجىتلا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

سۋېن ھېدىننىڭ ئۈچ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى جۇڭگونىڭ غەربىي رايون ئارخېئولوگىيىسىدە يېڭى بىر سەھىپە ئاچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىدىكى قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا بولغان ئالان - تاراجلىرىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنداق تالان - تاراج تاكى جۇڭگو ئەڭ ئاخىر دەرۋازىسىنى تاقىۋالغانغا قەدەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چارەك ئەسىر داۋاملىشىدۇ.

مىلادى 1900 - يىلى 5 - ئايدا، سۋېن ھېدىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، ۋېنگىرىيىلىك ماك ئاۋرېل ستەيىن يېپەك يولىدىكى ئۈچ قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تويلاش پائالىيىتىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق مۇساپىسىنى باشلىۋېتىدۇ، ئۇ سۋېن ھېدىننىڭ «ئاسىيانىڭ كىندىكىگە ساياھەت» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابىدىن ناھايىتى زور ئىلھام ئېلىپ، سۋېن ھېدىننىڭ ھەغلۇپ بولۇشىدىكى ساۋاقلارنى ۋە غەلىبە قىلىشىدىكى تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىپ، بارلىق تەييارلىقلارنى پۇختا ئىشلەيدۇ، ستەيىن جۇغراپىيە ئالىمى بولۇش

سۈپىتى بىلەن، ئارخېئولوگىيە جەھەتتە ئىزدىنىپ كۆرگەندىن سىرت، بەلە مىنزول بىلەن تېپىۋالىتىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق، خەرىتىدىكى نۇرغۇن بوشلۇقلارنى تولدۇرماقچى بولىدۇ.

XX ئەسىرنىڭ 1 - يىلىدىكى روژدېستۋو بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدىن كېيىنكى يىلىنىڭ 4 - ئايلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ستەين دەندان ئۆيلۈك، نىيە، ئەندىر، راۋاق قاتارلىق يەرلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگونىڭ ناھايىتى نۇرغۇن قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىۋالىدۇ. ستەيننىڭ بۇ زور ئۇتۇقى شۇ چاغدىكى ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنى جۇڭگونىڭ غەربىي زېمىنىغا ئەۋەتىشكە باشلايدۇ. ستەين 1907 - يىلى يەنە بىر قېتىم يولغا چىقىپ، 2 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئاساسلىق نىشانى سۋېن ھېدىن «سىرلىق» دەپ ئاتىغان كىرورەن خارابىسى ئىدى. ئۇ يېڭى يولنى بويلاپ شەرققە مېڭىشنىڭ ئالدىدا، قەشقەردە جياڭ شياۋۋەن ئىسىملىك بىر جۇڭگولۇق ئۇستازنى ئۆزىگە ياردەمچى بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ ئادەم ستەيننىڭ 2 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى جەريانىدا ئۇنىڭغا ئىنتايىن زور ياردەم بېرىدۇ، بولۇپمۇ ۋاڭ راھىبنى ئېزىقتۇرۇشتا شەرمەندىلەرنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

1907 - يىلى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تاڭ سەھەردە، ستەين سوغۇق شامالغا قارىماي، كىرورەن شەھىرىگە كىرىدۇ.

ئۇ چاغدا ئۇ موگاۋ غارىدا قەدىمكى زامان بۇددا نومىغا ئائىت ھۆججەتلەرنىڭ تېپىلغانلىقىدىن تېخى خەۋەر تاپمىغان بولۇپ، مىڭئۆيگە بېرىپ يۈزەكىلا كۆرۈپ بېقىشنى ۋە دۇنخۇاڭدا يېمەكلىك بىلەن ئىچىدىغان سۇنى تولۇقلىۋالغاندىن كېيىن، سەددىچىن سېپىلىنىڭ غەربكە كېڭەيتىلگەن قىسمىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئەمما ئۇ دۇنخۇاڭغا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۈرۈمچىلىك بىر سودىگەرنىڭ ئاغزىدىن بۇندىن بىر قانچە يىل بۇرۇن مىڭئۆيدىكى-

راھىب ۋاڭ يۈەنلۇنىڭ بىر كىچىك ئۆيگە يوشۇرۇپ قويۇلغان كىتابلارنى تېپىۋالغانلىقىنى ئاڭلايدۇ-دە، دەرھال يولغا چىقىپ، 12 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان قۇملۇقتىن ئۆتۈپ ئۇ يەرگە بارىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر مۆجىزە پەيدا بولىدۇ، تەلەيلىك ئايال ئىلاھ ئۇنىڭغا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ۋاڭ راھىب ئۆز تۇرمۇشى بىلەن كارى بولمايدىغان، يېمەي - ئىچمەي يۈرىدىغان، يالىڭيىغى سىرتلاردا يۈرۈپ، تىلەمچىلىك قىلىدىغان بىر دەرۋىش، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىبادەتخانىنى قايتىدىن رېمونت قىلدۇرۇپ، بۇددا تەۋاللارنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش ئىدى. ئۇ-ۋەتتىكى مەسىلە پۇلدا بولۇپ، ئۇ ناھايىتى نۇرغۇن پۇلغا موھتاج ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ مۇقەددەس كېمىرىدىكى بۇددانىڭغا ئائىت ھۆججەتلەرنى چەت ئەللىكلەرگە سېتىپ بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى شۇڭا ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىنىي ئېتى-قادى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بۇ نادان راھىبنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، جاپالىق كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلەتتى.

ستەين بىلەن ھېلىقى ئۇستاز ئۆزلىرىنىڭ ستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلىرىنى قايتا - قايتا تەتقىق قىلىپ، راھىب ۋاڭ يۈەنلۇنىڭ تۇسقۇنلۇقىنى بۇ-زۇپ ئۆتۈشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرىدۇ. ئاخى-رى ئۇلار، «پەيغەمبەر شاگىرتى شۈەنجۇاڭنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇلار-نىڭ بۇ قېتىم شۈەنجۇاڭنىڭ روھىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە شۈەنجۇاڭ ئەينى ۋاقىتتا ھىندىستاندىن ئەكەلگەن بۇددا نومىلىرىنى ئاۋۋالقى ئور-نىغا ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن شۇنچە يىراق يوللارنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ يالغان سۆز ۋاڭ راھىبنى ئېرىتىدۇ-دە، شۇ-نىڭ بىلەن ۋاڭ راھىب ئۇلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ تاش ئۆيدىن تېپىۋالغان بۇددا نومىلىرىنى چەت ئەللىكلەرگە سېتىشقا باشلايدۇ. پېللىئوت، جىرۇيچاۋ، ئولدېنبورگلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇنىڭ خېرىدارى بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلمىۋاتقان چىقىمى ۋاڭ راھىبنى ئۆزى ساقلاۋاتقان نەرسىنىڭ قىممىتى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭ-

قىزىر چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ نەق ئاخىرىدا ستەيىنگە سېتىپ بېرىشـكە ماقۇل بولغان 570 نۇسخا قول يازما ھۆججەتنى بىر - بىرلەپ سودىـلاشمىز دەپ تۇرۇۋالىدۇ. قايتا - قايتا كېڭەشىش ئارقىلىق، ئۇلار 500 سەر كۈمۈشكە پۈتۈشىدۇ.

ستەيىن خۇرجۇن - قاچىلىرىنى تولدۇرۇپ قايتىدۇ، ئەنگلىيىنىڭ كورولىۋاسى ئۇنىڭغا «سىر» دېگەن مەرتىۋىنى بېرىدۇ، ئوكسفورد ۋە كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئۇنىڭغا «دوكتور» ئۇنۋانى بېرىدۇ، ئۇنى ھەممىسىدىن بەك ھاياجانلاندۇرغان نەرسە شۇكى، ئۇ ئۇزۇنغا قالمايلا شارولىۋا ۋىكتورىيىنىڭ يۇقىرى ئالقىشىغا قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە بۇنى ئۆز ئۆمرىدە دور قانائەت ھاسىل قىلغان بىر ئىش دەپ بىلىدۇ.

ستەيىن 1914 - يىلى جۇڭگوغا 3 - قېتىم بارىدۇ، ئۇ دۇنخۇاڭ، قاراخوتو خارابىسى ۋە تۇرپان دائىرىسىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ، مول نەتىـجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ، ئاخىرىدا ئۇ ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى جەسەتلەر ئورالغان نۇرغۇنلىغان قەدىمكى توقۇلمىلارغا تولىمۇ قىزىقىپ قالىدۇ. ئۇ جەسەت ئورالغان ناھايىتى نۇرغۇن قەدىمكى نەپىس يىپەك رەختلەرنى كېسىپ ئېلىۋالىدۇ. رەھىمدىل بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇشنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بۇ قاراقچى ھېچنېمىنى قالدۇرماي سىرىپ - سۈپۈرۈپ ئەكەتكىنى ھەققىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرىدۇ، ھەتتا گۆرگە كىرىپ بولغان ئۆلۈكلەرمۇ ئۇنىڭ ئالقىنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. 1915 - يىلى 2 - ئايدا، ئۇ ئۈستىگە تام سۈرەتلىرى ۋە باشقا قىممەتلىك گۆھەرلەر لىقمۇ-لىق ئارتىلغان 45 تۆگىنى قەشقەرگە يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە ئۆزىنىڭ 4 - قېتىملىق ھەتتا 5 - قېتىملىق بۇلاڭچىلىقىنى داۋاملاشـتۇرۇش كويىدا بولىدۇ. ئەمما پاكىت ئۇنىڭ پەقەتلا خام خىيال ئىكەنلىـكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ستەيىن 1 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايـتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا، نېمىسلار بۇ يەرگە كېلىدۇ. 1902 - يىلدىن باشلاپ 1914 - يىلى 1 - قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا، ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ

تۆت قېتىم تالان - تاراج قىلىندى. بۇنىڭ ھەممىسى بېرلىن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇزېيىنىڭ باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، 1 - قېتىم قىسىمغا پروفېسسور ئالبېرت گرۇنۋېدېل رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ تۇرپان تېررىتورىيىسىنى دەۋر قىلغان ھالدا ھەرىكەت قىلىپ، بەش ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇددىزىم تام سۈرەتلىرىنى، قول يازما ھۆججەتلىرىنى ۋە ھەيكەلتىراشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن 46 ساندۇق توپلايدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئېلىپ بېرىلغان 2 - قېتىمقى قىسىمغا ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋەكالەتچىسى سۈپىتىدە ئالبېرت. فون لېكوكنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار 1904 - يىلى 9 - ئايدا بېرلىندىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

«جۇڭگو تۈركىستانىدا ساقلىنىۋاتقان گۆھەرلەر» دېگەن كىتابتا، فون لېكوك كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋە چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان باشقا بىر ئىشنى يەنى ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىدا روسىيە كونسۇلىنىڭ ئۈستى ئوچۇق مەيدە ئولتۇرۇپ، گۈلدۈرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، 40 نەپەر كازاك سولداتىنىڭ ھارۋىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ئۇنىڭغا يول ئېچىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى قامچىلارنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان كىشىلەرنىڭ ئۈستى - بېشىدا ئوينىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇ ئۇنىڭ ئادىتى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدا ھېلىقى كونسۇلغا نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن «بۇنداق ئادەملەرگە مۇئامىلە قىلىشتا بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق» دېگەن جاۋابقا ئېرىشكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

1904 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى فون لېكوك قاراغوجا (كونا ئىسمى قوچۇ) غا كېلىدۇ، ئۇ يەردە مانى دىنىنىڭ كەشىپياتچىسى مانىنىڭ بۇرۇن پەقەتلا ئۇچرىشىپ باقمىغان بىر پارچە رەسىمىنى كۆرۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇ يەردە گۈللەپ - ياشنىغان بىر مانى دىنىي جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىپ ئۆتكەنلىكىنى سېزىدۇ. ئۇ ئۇ يەردە ئاز كەم تۆت ئاي تۇرىدۇ، تاكى ئالالىغۇدەك

نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بولدۇم دېگەن تونۇشقا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن بېزەكلىككە قاراپ يولغا چىقتى.

فون لېكوك بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ جىنايى قوللىرىنى ساقلىنىۋاتقىنىغا مىڭ يىلدىن ئاشقان بۇددىزم تام سۈرەتلىرىگە ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ھەرىدەپ تامدىن ئاجرىتىپ بېرلىنگە ئەكەتتى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، نېمىسلارنىڭ 4 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى جەريانىدا، فون لېكوك بىلەن گرۇنۋېدېل ئەكەلگەن تولۇق ۋە كەمتۈكلىرى بولۇپ 624 پارچە تام سۈرەتلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئوت يالقۇنى ئىچىدە كۆككۈم - تالقان بولدى. (بېزەكلىكتىن ئەكەلگەن 28 پارچە چوڭ تىپتىكى تام سۈرەتلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). سېڭگىم سايلىرىدىكى كېمىر ئۆيلەرنىڭ تاملىرىدا قالغان ئاشۇ بوشلۇقلار جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئاچچىق يادنامە بولۇپ قالغۇسى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاھانگىر قاراقچىلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى خالىغانچە تالان - تاراج قىلغان جىنايى قىلمىشىنىڭ پولاتتەك پاكىتى بولۇپ قالغۇسى.

1905 - يىلى روژدېستۋو بايرىمى كۈنى ئۇ گرۇنۋېدېل بىلەن بىللە قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىنى بويلاپ مېڭىپ، كۇچاغا تەخمىنەن 30 ئېنگلىز مىلى كېلىدىغان تىيانشان تاغلىرىنىڭ قاپتىلىدىكى قىزىل كېمىر ئۆيلىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ قېتىمقىسى گېرمانىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا 3 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە بولۇپ، ئۇنى نېمىسلارنىڭ تۆت قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى ئىچىدە ئەڭ مول نەتىجىگە ئېرىشكەن بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە دېيىشكىمۇ بولاتتى. سەنئەت تارىخشۇناسلىرى قىزىلدىكى تام سۈرەتلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بارلىق سەنئەت بۇيۇملىرى ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار شۇ يەرگە يېقىن سىم - سىم دېگەن يەردە قېزىش ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغدا، ئاكا - ئۇكا بېرېزوۋىسكىلارنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچراپ، ئىككى تەرەپ توقۇنۇشۇپ قېلىشقا تاسلا قالىدۇ. شۇ چاغلاردا جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسى ھەققىدە جېنىدىن تويغان جاھانگىر ئۇنسۇرلار-

قىلىش ئەركىن زېمىندا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئاخىرى ئۇلار روسىيىلىكلەرنىڭ ھەم قورال - سايمىنى يوقلۇقىنى، ھەم بۇ يەردىكى تام سۈرەتلىرىنى يۆتكەپ كېتىش تېخنىكىسىنى بىلمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلجا ئالغان نەرسىلەرنى ساندۇقلارغا لىق قاچىلاپ بۇ يەردىن خاتىرجەم كېتىپ قالىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي فون لېكوك تولغاق بولۇپ قالىدۇ - دە، ئۆزى قولغا چۈشۈرگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ، باشقىلاردىن بۇرۇن دۆلىتىگە قايتىدۇ. ئۇنىڭغا گرۇنۋېدېل بىلەن باتاسىنىڭ قولغا چۈشۈرگەن نەرسىلىرىنى قوشقاندا، نېمىسلار شۇ قېتىمدا جەمئىي 128 ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تالان - تاراج قىلىپ كېتىدۇ. ئۇلار قەدىمى يەتكەنلا يەرنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قۇرۇقداپلا ماڭىدۇ.

نېمىسلارنىڭ 4 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىگە يەنىلا فون لېكوك رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئۇنىڭ ياردەمچىسى باتاس ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ. ئەمما ئۇلار دەل بۇ ئىشنى ئىشلەۋاتقاندا 1914 - يىلىدىكى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلايدۇ - دە، ئۇلار ئىلاجسىز ئالدىراپ - تېنەپ قايتىپ كېتىدۇ.

فرانسۇزلار بىر ئاز كېيىنرەك كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردۇ خېلى كۆپ ھوسۇل ئالىدۇ، بۇنىڭ ئادەم تاللاش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، 27 ياشلىق پېللىئوت بىر خەنزۇشۇناس ئىدى. ئۇ خەنزۇ يېزىقىدىن باشقا يەنە دۇنيادىكى 13 خىل تىل - يېزىقنى پىششىق بىلەتتى. 1906 - يىلى 8 - ئايدا ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە جۇڭگو تۈركىستانىغا يېتىپ كەلگەن چاغدا، شۋېتسىيىلىكلەر، ئىنگلىزلار، نېمىسلار، ياپونلار ۋە رۇسلار ئاللىقاچان كېلىپ بولغانىدى. ئۇلار بۇ دورام كۇچا رايونىدا ھەرىكەت قىلماقچى بولىدۇ، ئەمما ئۇلار تۇمشۇق خارابىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇ يەردىكى رەڭ بېرىلگەن ھەيكەللەر ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرى بىلەن قىشلىق كىيىملىرى كۇچاغا بارىدىغان يول ئۈستىدە كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا شۇ يەردە توختاپ قېزىش

ئېلىپ چارىدۇ، ئۇلار ئىت موزلاپ ئۆلۈپ قالغۇدەك قاتتىق سوغۇققا ئالتە ھەپتە بەرداشلىق بېرىپ، ئاخىر ئۇ يەردىن قانائەت ھاسىل قىلماي كېتىدۇ.

كوچانى نېمىسلار، ياپونلار ۋە رۇسلار بىرەر قېتىم تالان - تاراج قىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردىن يەنىلا نەپ ئالغىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇتۇقى، ئۇلار بۇددا دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەر يىغىشۇرۇپ قويۇلغان بىر ئورۇننى تېپىۋالدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاتۇرۇش سىزىقتا يېزىلغان ھۆججەتلەرمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، كېيىنچە تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بەزىلىرىنىڭ كوچادا بۇرۇنقى مەزگىللەردە يوقىلىپ كەتكەن يېزىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە سەككىز ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ، بۇ يەردە ئۇلارنى بىر خۇش خەۋەر كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى.

ئۈرۈمچىدە پېللىئوت بېيجىڭدىكى چېغىدا تولۇشقان بىر كونا دوستى — ئۇنى دۈشمىنى دېيىشكىمۇ بولىدۇ — مەنچىڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشى لەنئېن تۆرە بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ، ئۇ بېيجىڭدىن ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىنغانىكەن. ئۇلار 1900 - يىللىرى بىر - بىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشقان رەقىبلەر ئىدى، ھازىر ئەمدى ئاي - كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار باشقا يۇرتتا ئۇچراشقاندا ئۆچمەنلىكى يوق قىلىپ، ئاغىنىلەردىن بولۇپ قېلىشىدۇ. ئۇلار ھاراق ئىچكەچ قىزىق پاراڭغا چۈشكەن چاغدا، لەنئېن تۆرە يېقىندا دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىكى بىر تاش ئۆيدە كەشپىيات تېپىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ ھەمدە شۇ يەردىن چىققان بىر پارچە قول يازمىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پېللىئوت تەخىر قىلماي دۇنخۇاڭغا قاراپ يول ئالىدۇ.

ۋاڭ راھىب ئۇنىڭ جۇڭگو تىلىنى شۇنچە راۋان سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ستەيىننىڭ ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويمىغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ ۋەدىسىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشەنچ ھاسىل قىلىدۇ. ستەيىن-

مىنىڭ ئىنئاممىنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئالىيىشىل بويالغان چاكىنا قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىۋەتكەن بولغاچقا، ھازىر ئۇ يەنە بىر قىسىم پۇلغا تولىمۇ موھتاج بولۇپ تۇراتتى.

پىلىمۇت چاڭ - توزان ئاستىدا قالغان چىمكىلىك دەستەكلەر ئارىسىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن خەنزۇشۇناسلىقىغا تايىنىپ، پىلىمداپ تۇرغان ناھايىتى ئاجىز، بىر تال شام يورۇقىنىڭ ئاستىدا ئۈچ ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بۇددا دىنىغا ئائىت توپلاملارنى ۋە قول يازمىلارنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن قىممىتى يۇقىرىلىرىنى تاللايدۇ - دە، ئاخىرى 500 سەر كۈمۈشنى ئىنئام قىلىش بەدىلىگە مۇلۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ قايتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ يەردەمچىسى نۆۋەيتمۇ بىر قانچە يۈز پارچە رەڭسىز سۈرەت تارتىۋالىدۇ - دە، ئۇنى كېيىنچە ئالتە توملۇق رەسىملەر توپلىمى قىلىپ نەشر قىلدۇرىدۇ. بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاق گۋاردىيچىلەر بۇ يەرگە قاپسىلىپ قويۇلغان چاغلاردا، مىڭئۆيدە ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ھازىرقى بۇ رەسىملەر توپلىمى شۇ چاغلاردا ساقلانغان رەسىملەر ۋە ھەيكەللەرنىڭ بىردىنبىر تەسۋىرىي ماتېرىيالى بولۇپ قالىدۇ.

ياپونلار 1902 - يىلدىن 1911 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، جۇڭگونىڭ بۇ تېررىتورىيىسىگە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم كېلىدۇ. ئۇلارنى ياپونىيىدىكى جىڭتۇزۇڭ مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ئوتانى ئەۋەتكەن؛ 1902 - يىلى ئۇ سۈبىن ھېدىن بىلەن ستەيىننىڭ نەتىجە قازانغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىككى راھىبنى بۇ يەرگە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار تەكلىماكاندىكى بەزى خارابىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن تېپىلغان بۇددا نوملىرىنى ۋە تام سۈرەتلىرى، ھەيكەل پارچىلىرىنى ساندۇقلارغا قاچىلاپ دۆلىتىگە ئەكىتىدۇ. شۇنىڭ كەينىدىن ئۇلار قىزىلغا بېرىپ ئۇ يەردىكى گۆھەرلەرنى ھەممىدىن ئاۋۋال تېپىۋالىدۇ، بىراق يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن، ئۇلار ئۆزلىرى يازغان خاتىرىلەرنى ۋە تارتقان رەسىملەرنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، ئالاقىدارلىق ئىچى-

دە قېچىپ كېتىدۇ. 2 - قېتىمقىسىنى 1908 - يىل بىلەن 1909 - يىلىنىڭ ئارىلىقىدا تەشكىللەيدۇ. گەرچە ئۇلار دىنىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەئىنى تەكشۈرمەكچىمىز، ئارخېئولوگىيە جەھەتتە ئىزدىنىپ كۆرمەكچىمىز دېگەن-لەرنى باھانە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىكى ھەرىكەتتى يەنىلا سىرلىق تۈس ئېلىپ قالىدۇ. روسىيىلىكلەرنىڭ ئاخباراتىغا قارىغاندا، بۇ ئىككى راھىبنىڭ بىرى بولغان جىرۋېچاۋ ياپون ئىمپېرىيىسى دېڭىز ئارمىيىسى-نىڭ ئەمەلدارى ئىكەن، يېسۇن رۇئىسەنلاڭ دەيدىغان يەنە بىرى قۇرۇق-لۇق ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆت-كەن مۇددىئاسىدىن باشقا يەنە بىرەر يامان غەرىزىنىڭ بار - يوقلۇقىنى تا ھازىرغىچىلىك جاۋاب تاپقىلى بولمايدىغان بىر تېپىشماق بولۇپ تۇر-ماقتا. ياپونلار 3 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى 1910 - يىلدىن 1911-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىپ باردى. جىرۋېچاۋ شۇ يىلىنىڭ روۋدېستۋو بايرىمىدا دۇنخۇاڭغا كېلىپ، ئوتانى ئەۋەتكەن يېسۇن رۇئىسەنلاڭ بىر-لەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇلار ۋاڭ راھىبنىڭ مەخپىي ئۈيىدىن تەخمىنەن 600 نۇسخا پۈتۈكنى قولغا چۈشۈرىدۇ.

چار روسىيە جۇڭگو بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، ئۇلار جۇغراپىيە جەھەتتىكى قولايلىقلارغا تايىنىدۇ. 1905 - يىلى گەرچە ئاكا - ئۇكا بېلىسوۋسكىلار كۇچا ئەتراپىدا فون لېكوك بىلەن قىزىرىشىپ قېلىپ، قورال چىقارغىلى تاسلا قالغان ھەمدە نېمىسلارنى بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇرلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھېچ نەرسىنى قولغا چۈشۈرەلمەيدۇ. روسىيىلىكلەر تاكى 1908 - يىلغا كەلگەندە، ئىنگلىزلار، فرانسۇزلار، نېمىسلار ۋە ياپونلار بۇ ئىشقا ئوتتەك قىزىغان چاغدىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ بىر ئېكسپې-دىتسىيە ئەترىتىنى جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان رايونغا ئەۋەتىدۇ. ئەمما ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ھېلىھەم ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ھېسابلانمايدۇ. كوسلوۋ قاراخوتو خارابىسىدىن نۇرغۇن قول يازما، توپلام، پۇل ۋە نەزىرلىكلەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئەڭ گەۋدىلىكى، ئۇ بىر مەلىكىنىڭ قەبرىسىدىن ناھايىتى ئوبدان ساقلىنىپ كەلگەن يىپەكنىڭ ياكى قەغەزنىڭ ئۈستىگە سىزىلغان گۈزەل بۇددا رەسىملىرى-

دىن 25 پارچە تېپىۋالىندى.

1909 - يىلى يازدا، كوسلوۋ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ قايتىپ كېتىۋاتقان چاغدا، ئولدېنبورگ باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى سان پېتېربورگدىن بۇ رايونغا يېتىپ كەلدى. ئاكادېمىك ئولدېنبورگ كېيىنكى يىلى قايتىپ كېتىشتىن ئىلگىرى، قارا شەھەر، كۇچا، بېزەكلىك ۋە يېپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى بويلىرىدىكى بەزى خارابىلەردە ھەرىكەت قىلدى. ئۇ ئاساسلىقى تام سۈرەتلىرى بىلەن ھەيكەللەرنى ئەكەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، رەسىم تارتىش، تېز خاتىرىلەش ۋە ئۆلچەش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن 1914 - يىلى دۇنخۇاڭغا كېلىپ، ۋاڭ راھىبنىڭ قولىدىن بىر قىسىم قوليازمىنى سېتىۋالدى ھەمدە بەزى تام سۈرەتلىرىنى ئەكەتتى، ھازىر بۇ نەرسىلەر كىرەيمىس بىلەن كوسلوۋ شۇنداقلا پېچاۋوخوسكىي بۇرۇن قەشقەردىن سېتىۋالغان نەرسىلەر بىلەن بىرگە خوستوۋىچنىڭ كۆرگەزمە بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

ئامېرىكىلىقلار بۇ خەلقئارالىق تالان - تاراج ھەرىكىتىگە كېيىنرەك قاتناشتى. 1923 - يىلى كۈزدە ۋارنېر بىلەن جېيىن ھاف ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى فوگ سەنئەت مۇزېيىنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز تەلىيىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدى. ئۇلار نۇرغۇن جەبىر - جاپالارنى تارتىپ، تارىختىكى خارابىلىك — قارا خوتۇ خارابىسىگە كەلدى، ئەمما ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغىنى ئۈمىدسىزلىك ئىدى. چۈنكى ئۇلاردىن بۇرۇن كەلگەن كوسلوۋ بىلەن ستەين بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى سۈپۈرۈپ - سىرىپ كېتىپ ئۇلارغا ھېچ نەرسە قويمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۇنخۇاڭغا يۆتكىلىش قارارىغا كەلدى. ئەمما يول ئۈستىدە جېيىننىڭ پۇتى ئۈششۈپ كەتكەنلىكتىن ماڭالماي قالدى - دە، ئىككىيلەن تەشۋىش ئىچىدە بىر - بىرى بىلەن خوشلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ۋارنېر ئۆزى يالغۇز يولنى داۋاملاشتۇردى.

مىڭئۆيدىكى گۈزەل، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە تام سۈرەتلەر بۇ مۇتتەھەمنى ئىنتايىن خۇش قىلىۋەتتى. ئۇ تام سۈرەتلىرىنى تامدىن

ۋاجىرىلايدىغان بىر خىل ئالاھىدە خۇسۇسىيەتنىڭ ئىزدىتىشى بىلەن ئاياغ كەلگەنمىكەن. ئۇ دەل قىش ۋاقتى بولغاچقا، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن ئىدى. ئۇ VII ئەسىرنىڭ 12 پارچە تام سۈرەتلىرىنى ئاجرىتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى تاڭ سولالىسى دەۋرىدىكى ئەڭ ئېسىل، رەڭلىك بىر ھەيكەل بىلەن بىرگە ئالدىراپ-تېنەپ ئەكەتتى. ھەمدە كېيىنكى يىلى ھاۋا ئىسسىغاندا قايتا كېلىپ كەڭ كۆلەملىك جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارماقچى بولىدۇ. ئۇ ئەكەلگەن سەنئەت بۇيۇمى ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا، يەنە كېلىپ ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيادا تېپىلمايدىغان بولغاچقا، ھاف ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كىچىككىنە بىر فوگ مۇزېيىنىڭ داڭقى ئالەمگە پۇر كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇزېي شەرق ئىلمى مۇۋەپپەقىيەتلىرى خەرىتىسىدىن ئورۇن ئالدى.

1925 - يىلى ۋارنېر چوڭ كۆلەملىك بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ بىر رەھبىرى سۈپىتىدە دۇنخۇاڭدا پەيدا بولىدۇ. ئۇ سەككىز ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بۇ يەردىكى تېخىمۇ كۆپ تام سۈرەتلىرىنى «قۇتقۇزماقچى» بولىدۇ. لېكىن فوگدىن كەلگەن بۇ ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدا نامايىش قىلىۋاتقان ئاشۇ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ دەل بۇندىن بىر يىل ئىلگىرى ئۆزلىرىنى قارشى ئالغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھازىر جۇڭگو خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقى ۋە قاتمۇقات مۇھاسىرىسى ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان بەختسىزلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇ قۇيرۇقىنى قىستۇرۇپ تىكىۋېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

«ئۆتكەن ئىشلار خۇددى چۈشتەك تىزار ئېسىمدە، ئاي-كۈنلەرگە ئەگىشىپ ئورناپ كەتتى قەلبىمگە» 1840 - يىلى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقاندىن بۇيان 140 نەچچە يىل ۋاقىت ئۆتتى. ئازاب-ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشلەر خۇددى كىنو لېنتىسىغا ئوخشاش كۆز ئالدىمىزدىن بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە. ھازىر «جۇڭگو خەلقى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ»، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتماقتا. بۇرۇن ئېزىلگەن، ئاياغ-ئاستى قىلىنغان، خورلانغان ۋە رەنجىگەن كۈنلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتتى.

ۋارنېرنىڭ دۇنخۇاڭدىكى تام سۈرەتلىرىنى قوپتۇرماقچى بولغان جىنايى ئارزۇسى خۇددى سوپۇننىڭ كۆپۈكىدەك يوققا چىقتى. ئۇ 200 يىلغا قالمايلا بۇ يەرنىڭ پەقەتلا كۆرگۈچىلىكى قالمايدۇ، دېگەنىدى. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھازىر ئۇ يەردە 492 كېمىر ئۆي، 45 مىڭ كۋادرات مېتىر تام سۈرەتلىرى، 2 مىڭدىن ئارتۇق رەڭلىك ھەيكەللەر ساقلانماقتا. ئۇ يەردە جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتى بىلەن ھىندى بۇددىزم سەنئىتىنىڭ شۇنداقلا غەرب سەنئىتىنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى، بىر - بىرىگە سىڭىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن جۇڭگو بۇددىزم سەنئىتى ساقلانما. ئۇ ھازىر دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور، مەزمۇنى ئەڭ مول، ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، دىنىي سەنئەت قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان سەنئەت خەزىنىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بارغانسېرى كۆپلىگەن دوستلار تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ، دېڭىز - ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ، دۇنيادىكى ئالتە چوڭ قىتئە (ئانتاركتىدا قىتئەسى بۇنىڭ سىرتىدا) دىن ساياھەت ۋە زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلمەكتە. ئۇلار تاۋاپ قىلىش، ئېھتىرام بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاملاردا قېپقالغان تالان - تاراج ئىزلىرىغىمۇ نەزەر سالماقتا. تارىخ ئەڭ ياخشى گۇۋاھچى، ئۇ جاھانگىر قاراقچىلارنىڭ جۇڭگودا ئۆتكۈزگەن جىنايى قىلمىشلىرىنى مەڭگۈ خاتىرىسىدە ساقلايدۇ.

ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى

«ترانسپورت ئەترەتلىرى جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، تاش غارلىرى، قەبرىستانلىقلىرى ۋە خارابىلىكلىرىدە ساقلىنىۋاتقان باھا گۆھەرلەرنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ چەت ئەل مۇزېيلىرىغا توشۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇقلار بۇ گۆھەرلەردىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ قالدى. جۇڭگولۇقلاردىن بۇ ھەقتە داد - پەرياد ئېيتمايدىغىنى يوق. چەت ئەللىكلەرمۇ ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قالدى.» دەپ يازىدۇ ئېرىك تېيمان ئەپەندى (Sir Eric Teichman) ئۆزىنىڭ «تۈركىستانغا سەپەر» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى: بۇ كىتاب ئۇنىڭ مىلادى 1935 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ بىر دىپلوماتىك ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىرگە قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ ساياھەت قىلغان چېغىدا يازغان خەۋەرلىرىنىڭ توپلىمى ئىدى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگولۇقلار چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ تۈركىستاننىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بۇددا مەدەنىيىتىگە ئائىت قەدىمكى رامان قوليازمىلىرىنى، تام سۈرەتلىرىنى ۋە ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قانداق قىلىپ شۇ پېتى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىگە دائىر ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن كىتابلىرىنى ئوقۇغىنىدا ئۇلارنىڭ قەلبىدە غەزەپ ئوتلىرى لاۋۇلدايتتى.»

مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىم، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ناھايىتى يىراقتىكى بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا كىرىپ، ئۇزاق ۋاقىت ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى بۇلاڭچىلىقلىرى ئۈستىدە توختىلىشتىن ئىبارەت. بۇ كىتابتا ئاساسلىقى مۇشۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالتە ئادەم تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇلار: شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن (Sven Hedin)، ئەنگلىيىلىك

ئاۋرېل ستەين ئەپەندى (Sir Aurel Stein)، گېرمانىيىلىك ئالبېرت فون لېكوك (Albert von Le Coq)، فرانسىيىلىك پول پېللىئوت (Paul Pelliot) ئامېرىكىلىق لاڭدون ۋارنېر (Langdon Warner) ۋە ئانچە - مۇنچە سىرلىق تۈس ئالغان ياپونىيىلىك گراف. ئوتانى (Count otani).

ئۇلارنىڭ تاكى جۇڭگولۇقلار بۇنداق قىلمىشلارنى ئەڭ ئاخىرى چەكلىگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا يىپەك يولىدىكى يوقالغان شەھەرلەر ۋە تاش غارلار ئىچىدىن ئېلىپ كەتكەن تام سۈرەتلىرى، قوليازمىلار، ھەيكەللەر ۋە باشقا قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ سانىنى ھەقىقەتەنمۇ تونۇنلاپ ھېسابلاشقا بولاتتى. جۇڭگو خەلقىنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈرگەن شۇنداقلا ئىلىم - پەن خادىملىرىنى نەپرەتلەندۈرگەن نەرسە شۇكى، زور مىقداردىكى بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بۇيۇملىرى تا ھازىرغىچىلىك ئاز دېگەندە دۇنيادىكى 13 دۆلەتنىڭ مۇزېيلىرىدا ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرىدا تارقىلىپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ بەزىلىرى ئېھتىيات بىلەن ساقلانمىغانلىق ياكى راسخوت يەتمىگەنلىك سەۋەبىدىن ۋەيران بولۇپ تونۇۋالغۇسىز ھالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە نۇرغۇنلىرى ياكى يوقاپ كېتىپتۇ، ياكى ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ. ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ھەر بىر بۇيۇمنى كۆرۈپ باقماقچى بولسىڭىز، بىر قېتىملىق ئۇززۇن يوللۇق ساياھەتكە جابدۇنۇپ، ھىندىستانغا، ياپونىيىگە، روسىيىگە، ئامېرىكىغا، جەنۇبىي چاۋشيەنگە، شۋېتسىيىگە، فىنلاندىيىگە، دېموكراتىك گېرمانىيىگە، فېدراتىپ گېرمانىيىگە، فرانسىيىگە ۋە جۇڭگوغا بېرىشىڭىزغا شۇنداقلا 30 تىن ئارتۇق مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرىنى زىيارەت قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئاشۇ قىممەتلىك گۆھەرلەرنى ئەكەتكەن ھېلىقى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوغرىلىق قىلمىشلىرى ئۈچۈن قىلچىلىك نومۇس قىلماقتا يوق، بەلكى ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشقانىدى. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇلارنى ئەۋەتكەن ھۆكۈمەتلەر ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى (جۈملىدىن ئامېرىكا مۇزېيى) بۇنىڭدىن

خىتايلىق ھېس قىلمىش دۇنيادا تۇرسۇن، بەلكى ئوسمىك نەمىچە ئاشۇ ئادەملەرنى «داڭلىق ئىلىم ئەھلىلىرى» دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ، ئۇلارغا ناھايىتى يۇقىرى شان - شەرەپ ئاتا قىلغانىدى ھەمدە ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا ئۇلۇغ كەشپىيات ۋە تۆھپە ياراتتى» دەپ جار سالغانىدى. ستەين بىلەن سۋېن ھېدىن گەرچە ئەنگلىيىلىك بولمىسىمۇ ئۇلارغا ئەنگلىيىنىڭ «ئىلىم ئەھلىلىرى» دەپ نام بەرگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، جۇڭگولۇقلار ئەينى ۋاقىتتا، گەرچە ئۇلارنىڭ بۇنداق ھەرىكەتلىرىنى چەكلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى بۇنداق ھەرىكەتلىرىگە ئا- دىللا ئۇنداق قارىمايتتى. جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاشۇ ئاتال- مىش «ئىلىم ئەھلىلىرى» يەنى ستەين، پېللىئوت، فون لېكوك ئېقىمىدى- كىلەر پەقەت جۇڭگونىڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاپ كەتكەن نومۇسسىز تەۋەككۈلچىلەردىنلا ئىبارەت، خالاس. ئۇنىڭدىن سىرت، بۇ مەسىلىدە ئەرەب دۆلەتلىرىدە جۇڭگوغا ھېسداشلىق قىلىدىغان- لار پۈتۈنلەي يوقمۇ ئەمەس.

مىلادى 1956 - يىلى يەنى قەيكەن بۇ يەرگە كېلىپ تەخمىنەن 30 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كۆزگە كۆرۈنگەن يەنە بىر ئەنگلىيىلىك ساياھەتچى باسىل داۋىدسون (Basil Davidson) قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ بۇ رايونغا كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «تىرىك تۈركىستان» دېگەن كىتابىدا، بېزەكلىكتىكى بىر مەھەل پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغان تام سۈرەتلىرىنىڭ ئورنىدا ھازىر قۇرۇغدىلىپ قالغان تامدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغانلىقىنى، ئۇ تىك قىيادىكى تاش غارلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلماقچى بولغاندا ئۇنىڭغا يول باشلاپ بەرگەن جۇڭگو ئەمەلدارلىرى- نىڭ بۇ قۇرۇق تاملارنى ئۇنىڭغا قانداق قىلىپ بىر - بىرلەپ كۆرسەت- كەنلىكىنى ھەمدە ھەر قېتىمدا «بۇ يەردىكى تام سۈرەتلىرى ئوغرىلاپ كېتىلگەن» دېگەن گەپنى تەكرارلىغانلىقىنى يازىدۇ. بۇنىڭدىن داۋىدسوننىڭ كىمگە ھېسداشلىق قىلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇرمامدۇ؟ ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئويۇپ ئەكىتىش نەتىجىسىدە غايەت زور

بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى، كۆرۈنۈپلا تۇرغان، كىشىنى ئىنتايىن نەپ-رەتلەندۈرىدىغان ھەر بىر يەرگە بارغىنىمىزدا، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ھېلىقىدەك سۆزنى بىرقانچە رەت تەكرارلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سۆز ھەر قېتىم تەكرارلانغاندا، باشقىلاردا ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئەگىشىپ يۈرگەن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارماقلىرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر قىزدا ئەكس سادا پەيدا قىلدى، ئۇنىڭدىن قالسا ھېلىقى شوپۇردا ئەكس سادا پەيدا قىلدى.» داۋىدسون سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «ئۇلار غەزىپىنى باسالماي قېلىشتى، ئۇلار شۇنداق قېلىشقا ھەقلىق ئىدى.»

داۋىدسون لوندونغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاۋرېل ستەين ئەپەندى توپلىغان بۇيۇملارنىڭ ئەنگلىيە مۇزېيىدا قانداق كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە باردى ھەمدە بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا دۆۋىلەپ قويۇلغانلىقىنى، ئۇ يەرنىڭ تارلىقى بۇ بۇيۇملارنىڭ چەكسىز قىممىتىنى نامايان قىلىشقا زادىلا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلمىگەنلىكىنى كۆردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ غەزىپىنى باسالماي قالدى. ھازىر قارايدىغان بولساق، ئۇ يەردىن بۇ تارغىنا ئوتتۇرا ئاسىيا كۆرگەزمىخانىسىغا قويۇلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك پەقەت بىرلا ئادەم غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق قولىغا كەلتۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگۈدەك بىرەر نەرسىنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى — بەلكىم جۇڭگو خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان بولسا كېرەك — گەرچە بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇنداق تىرىشچانلىق گۇمانلىنىشقا ئەرزىيدىغان بولسىمۇ، بەلكىم ئوخشاشلا بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئىزدەپ شۇنداق قىلىۋاتقان بولسا كېرەك. بېرىكلىنكىتكى ۋە باشقا جايلاردىكى جۇڭگولۇقلارمۇ ھازىر فون لېكوك شۇنداقلا ئۇنىڭ رەقىبلىرى تام سۈرەتلىرىنى ئويۇپ ئەكەتكەندىن كېيىن قېپقالغان ئىزلار توغرىسىدا قايتىدىن يەنە شىكايەت قىلىپ يۈرمەيدىغان بولدى.

داۋىدسون ئۆزى ئات قويغان بۇ «جۇڭگو تۈركىستانىدىكى قەدىم-
كى زامان يادىكارلىقلىرىنى تالىشىش بويىچە خەلقئارالىق جەڭ» ئۇس-
تىدە ئەڭ دەسلەپتە توختالغان چېغىدا، سۋېن ھېدىن ستەيىننى ئەيىب-
لەيدۇ، چۈنكى بۇ ئىككىيلەن بۇ رايوننىڭ ئارخېئولوگىيە جەھەتتە نا-
ھايىتى قىممىتى بار رايون بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى
ئەڭ ئاۋۋال ئىسپاتلاپ چىققانىدى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇن-
داق دەيدۇ: «نېمىسلار 1902 - يىلدىن 1914 - يىلغىچە بولغان ئارى-
لىقتا ئۇ يەرگە تۆت قېتىم ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئەۋەتتى؛ فرانسىيە-
لىكلەر، روسىيىلىكلەر ۋە ياپونىيىلىكلەرمۇ ئۇ يەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئېكس-
پېدىتسىيە ئەترەتلىرىنى ئەۋەتتى، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئاشۇ
ئالىم ئەھلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ «تەسىر دائىرىسى»نى ۋە «ئىزدىنىش ئېلىپ
بارىدىغان مەيدانلىرى»نى بۆلۈشۈۋالغانىدى ھەمدە بىر - بىرى بىلەن
توختىماي سوقۇشۇپ تۇراتتى.» ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر
كۆرۈۋاتقىنىمىز رەھىمسىزلىكتىن پەقەتلا خەۋىرى بولمىغان ئاشۇ پېشقەدەم
توپلىغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ خەنجەرسىمان ھەرىلەر بىلەن قومۇرۇپ ئەكەل-
گەن تام سۈرەتلىرى بولۇپ. بۇنداق قىلمىشلار كىشىلەرنى ھەسرەتتە
قالدۇرماقتا ۋە يىرگەندۈرمەكتە. تام سۈرەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مىڭ يىل-
دىن ئارتۇق ۋاقىتنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئاۋادا ئۇلار ھېچبولمى-
غاندا يەنە يېرىم ئەسىر ئۆز ئورنىدا تۇرالىغان بولسىدى، ئۇلار بۈگۈنكى
كۈندىمۇ شۇ جايلاردا ساق - سالامەت ساقلىنىپ قالغان بولاتتى.»

بىراق، داۋىدسوننىڭ چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن ئېيتىۋاتقان بۇ كۆز
قاراشلىرىغا كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇ يادىكارلىق-
لار دەسلەپتىلا رەھىمسىزلىكتىن خەۋىرى بولمىغان ئاشۇ پېشقەدەم توپلى-
غۇچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ كەتكەنمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس،
ئەگەر سىز ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشى-
لەرنىڭ سۆزلەپ بەرگەن سۆزلىرىگە ئىشەنسىڭىز، كولونېل رېجىنالد سومبېرگ
(Colonel Reginald Schomberg) ئىسىملىك ئەنگلىيىلىك بىر
ساياھەتچى مىلادى 1928 - يىلى بۇ يولدىن ئۆتكىنىدە، خەۋەر يېزىپ مۇن-

www.uyghurkitap.com

داق دەيدۇ: «يولىنىڭ بىر تەرىپىدىكى خېلىلا ئۇزۇن تام سۇرەتلىرىنى فون لېكوك ئەكېتىپتۇ.» ئۇ شۇنىڭغا ئۇلاپلا مۇنداق دەيدۇ: «بىراق، قېپقالغانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەنە شۇيەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپتۇ.» ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت ياۋروپالىق ئارخېئولوگلارنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈنلا، تۈركىستاننىڭ بۇددا دىنىغا ئائىت نەپىس گۆھەرلىرى تۇركلەرنىڭ قاتتىق بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراشتىن ساقلىنىپ قالالىغان. مۇنداق دېمە ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.» يولىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قارىساق، ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يەردىكى سۇرەتلەرگە قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدۇ. كىشىلەر بۇدساتۇۋالارنىڭ يۈزلىرىنى چېپىپ، جاراھەتكە تولدۇرۇپ، ئۇنى پۈتۈنلەي باشتىنچە ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئېشىپ قالغان ئاز ساندىكى ھەيكەللەرمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ تۈگەپ كەتكىلى تاس قاپتۇ.» جۇڭگو دائىرىلىرى بەختكە يارىشا ساقلىنىپ قالغان ئاز ساندىكى ئاشۇ تام سۇرەتلىرىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئەڭ ئاخىرىدا زىممىسىگە ئېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ دىنىي جەھەتتىكى سەنئەت بويۇملىرىنى بۇزۇپ تاشلىغۇچىلارنىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ كەتكەنلىكىگە (بۇ بەلكىم قىزىل قوغدىغۇچىلار بولسا كېرەك) تۇرپان ئەترابىدىكى بېزەكلىكتە بىرىپ، ئۇ يەردىكى ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىلارنى زىيارەت قىلىشقا ئالاھىدە رۇخسەت قىلىنغان ئاشۇ كىشىلەرلا گۇۋاھچى بولالايدۇ.

ۋەھالەنكى، ھەيكەللەرنى بۇزۇپ تاشلايدىغان بۇنداق قىلمىشلار، بەختكە يارىشا ساقلىنىپ قالغان بۇ نەپىس گۆھەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخى بىردىنبىر تەھدىت ھېسابلانمايدۇ. ئاتاقلىق پاستىر مىدرېد كەبل (Mildred Cable) بىلەن فرانسىسكا فرېنچ (Francesca French) ئۆزلىرىنىڭ بۇندىن سەل كەم 40 يىل بۇرۇن نەشر قىلىنغان «چۆللۈكتىكى قۇم بارخانلىرى» دېگەن كىتابىدا، بېزەكلىكتىن ئانچە يىراق بولمىغان قەدىمكى شەھەر قارغوجا ئەترابلىرىدا بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرىنىڭ يەنىلا بىمالال داۋاملىشۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇلار مۇنداق

دەيدۇ: «بۇ يەردە بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىغا قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشىپتۇ. بىز دېھقانلارنىڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى جوتۇ بىلەن چېپىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. شۇ جەريانـدا ئۇرغۇنلىغان قەدىمي يادىكارلىقلارنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىۋالغىلى بولىدۇ.» دېھقانلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ توپىلارنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئوغۇت بولالايدىغانلىقىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار قەدىمكى شەھەر ئىچىدىكى توپىلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭقۇر قېزىشقا كىرىشكەن ھەمدە قەدىمكى مۇنارنىڭ ئەتراپىغا زىرائەت تېرىغان. كەبل بىلەن فرىنچ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەپسۇسكى، زىرائەت ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سۇ، لايىھىسى ياسالغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا، تام سۈرەتلىرىدىكى ۋە ئېشىپ قالغان بارلىق قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا نىسبەتەن ئەجەللىك زەربە بېرىش رولىنى ئوينىغان. چۈنكى ئۇلار پۈتۈنلەي قۇملۇقلاردىلا بولىدىغان قۇرغاق شارائىتتىلا تايىنىپلا ساقلىنىپ كەلگەن - دە.» پروفېسسور فون لېكوكمۇ بۇ جايلاردا كەڭ كۆلەمدە قېزىش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ دوكلاتىدا مۇنداق دەيدۇ: «نەمىسلار 1 - قېتىملىق ئېكىسپېدىتسىيىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ 2 - قېتىملىق ئېكىسپېدىتسىيىسىنى باشلىغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا پەقەت 18 ئايلا ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن دەل مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە، شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ توختىماي قېزىۋېرىشى زور كۆلەملىك بۇزغۇنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپتۇ.» ئۇ ئۆزىنىڭ «جۇڭگو تۈركىستانىدا كۆمۈلۈپ ياتقان گۆھەرلەر» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئۇ يەردىكى دېھقانلار تام سۈرەتلىرىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بوياق - رەڭلەرنى ئاجرىتىپ چىقىرىۋاپتۇ. ئۇلار ئۇنى ئۇنۇمى ئالاھىدە يۇقىرى ئوغۇت ھېسابلايدىكەن. قىڭغىيىپ قالغان ئىبادەتخانىلاردىكى شۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتىنىڭ قۇرغاقلىقىغا تايىنىپلا ساقلىنىپ قالغان لىم - تۈۋرۈكلەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىۋاپتۇ. چۈنكى ئۇ يەرلەردە ياغاچ ماتېرىياللىرى قىس بولغاچقا، كىشىلەر ئۇ لىم - تۈۋرۈكلەرنى ئۆي سېلىشقا

پاكى بولمىسا يېقىلغۇ ئورنىدا قالاشقا ئىشلىتىلىدىكەن. بۇ تام سۈرەتلە-
رى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېتىقادىدا «كىشىنى يىرگىنىدۈرىدىغان نەرسىلەر»
ھېسابلىنىدىكەن. شۇڭا ئۇ نەرسىلەر مەيلى قانداقلا يەردە بولسۇن، ئۇچ-
راپ قالمىدىغانلا بولسا، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراشتىن خالى بولالمايدىكەن.
كۇڭزىنىڭ ئېتىقادچىلىرىدىن بولغان جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بۇددا دىنى-
نى كۆزگە ئىلمايدىكەن، شۇڭا بۇنداق ئىشلارنى ئۇلارمۇ توسمايدىكەن.»
بەزىلەرنىڭ فون لېكوكقا ئېيتىپ بېرىشىچە بىر كەلتەتتىكى
مەلۇم بىر كىشى تام ئۆرىگەن ۋاقتىدا، بىر قانچە ماشىنا توشقۇدەك
قول يازما كىتابلارنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ ساندىكى-
لىرىگە رەڭ بېرىلگەن، جۈملىدىن بىر بۆلۈملىرىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگە-
نىكەن. ئۇ ئادەم مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن، يات دىنغا دائىر كى-
تابلارنى ساقلىدى، دەپ ئەيىبلىنىپ، موللىلارنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ
كېتىشتىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنىكەن. فون
لېكوكنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۆزىمۇ بىر قەدىمكى كىتابلار ئامبىرىنى ئۇچ-
رىتىپتىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن تام سۈرەتلە-
رى ۋە زور مىقداردىكى يىپەك بويۇملارمۇ بار ئىكەن. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەم-
مىسىنى ئېتىزلارغا قۇيۇلغان سۇ ۋەيران قىلىۋەتكەنىكەن.
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر خەۋپ، يەر تەۋرىنىشتىن ۋە شور يەردىكى
گۆھەر كولىغۇچىلاردىن كېلىدىكەن. پروفېسسور فون لېكوك ئەسكە ئېلىپ
مۇنداق دەيدۇ: «مەن 1913 - يىلى بەزى ئىبادەتخانىلاردىن بىر تۈر-
كۈم تام سۈرەتلىرىنى يۆتكەپ كەتكەنىدىم. ئەمما ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاشۇ
ئىبادەتخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر قېتىملىق يەر تەۋرەشتە ۋەيران بو-
لۇپ كېتىپتۇ.» ستەيىنمۇ شور يەردىكى گۆھەر كولىغۇچىلارنىڭ قېزىش
ئىشى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى بولۇپمۇ يىپەك يولىنىڭ
جەنۇبىي لىنىيىسىدە تېخىمۇ شۇنداق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى
قاتتىق ئېچىنىدۇ. بۇمۇ نېمىسلارنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شىمالىي
لىنىيىدىكى تۇرپان ۋە كۇچا قاتارلىق جايلارنى چۆرىدىگەن ھالدا
قېزىش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان مۇھىم ئامىل-

لارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى بىر قانچە يىللىرىدا غەرب ساياھەتچىلىرىدە پەيدا بولغان قەدىمكى زامان قول يازمىلىرىنى ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سېتىۋېلىش قىزغىنلىقى شەك - شۈبھىسىزكى، ھېلىقى گۆھەر كولىغۇچىلارنى ئەسلىدە ساقلاپ قالغىلى بولىدىغان مۇھىم خارابىلەرنى قېزىشقا تولىمۇ قىزىقتۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ يەردىكى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئالدامچىلارنىمۇ ئۆزلىرى ياساپ چىققان ساختا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق، سەرگۈزەشتىلەرگە باي شەرقشۇناس مۇتەخەسسىسلەرنى دائىم دېگۈدەك قايمۇقتۇرۇۋېرىشكە قىزىقتۇرۇپ قويىدۇ.

ۋەھالەنكى، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قىلىنىۋاتقان بۇ خىل بۇزغۇنچىلىق، خۇددى جۇڭگولۇقلارنىڭ ناھايىتى تېزلا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ھەرگىزمۇ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالغان يەتتە كېچە ئىچىدىلا بېرلىندا ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتىگە دائىر نېسىل ئەسەرلەر تۈرگۈن يىللاردىن بۇيانقى قەبرە ئوغرىلىرى، دېھقانلار، سوغىرىش سىستېمىلىرى ياكى يەر تەۋرەش قاتارلىق سەۋەبلەرنى قوشقاندا زىيانغا ئۇچراپ ۋەيران بولغان ئەسەرلەرگە قارىغاندا تولىمۇ كۆپ ئىدى. بىرۇنقى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇزېيى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بومباردىمان قىلىشى نەتىجىسىدە بىتچىت بولۇپ كەتكەن چاغدا، ئاشۇ نېسىل گۆھەرلەرمۇ مەڭگۈلۈك غايىپ بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر بەزىلەر ستەين ۋە فون لېكوك ئېغەمىدىكىلەرنى ئاقلاپ، ئۇلارنى كېيىنكى ئەۋلادلارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاشۇلار قۇتقۇزۇۋالمىسا ئۆزلۈكىدىن چىرىپ تۈگەيدىغان نېسىل گۆھەرلەرنى قۇتقۇزۇپ قالدى، دەيدىغان بولسا، جۇڭگولۇقلارمۇ مەڭگۈگە غايىپ بولغان ئاشۇ نەرسىلەرنى تىلغا ئالماي تۇرالمايدۇ. بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان بەزى تام سۈرەتلەر ھەرگىزمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىردىنبىر داڭلىق نېسىل گۆھەرلىرى ئەمەس. ئەگەر ئۇلار ئاۋۋالقى ئورنىدىن قوزغىتىلمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئوبدان ساقلىنىپ قېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى.

گراف گوتالى ئۈچ ئېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا جۇڭگو تۈركىستا-نىدىن ئەكەتكەن بۇددىزم سەنئىتىگە دائىر خېلى كۆپ بۇيۇملارمۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پەقەتلا كۆرۈنمىدى. ھەتتا ياپونىيىنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا ئامالسىز قالدى.

تۈركىستاننىڭ ئېسىل گۆھەرلىرى توغرىسىدىكى پۈتكۈل مەسىلە بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھازىرغىچە لوندون ۋە پارىژدا ساقلىنىۋاتقان نەچچە مىڭ نۇسخا دۇنخۇاڭ قول يازمىلىرى مەسىلىسى ھېلىھەم كىشىنى قولىمۇ بىئارام قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ تۇرماقتا. مەن بېيجىڭدا يىپەك يولى توغرىسىدا تەجرىبىگە مول قازغۇچى، جۇڭگو ئار-خېئولوگىيە تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى شىياجىڭ دوكتور بىلەن تەپسىلىي پىكىر ئالماشتۇرغان چېغىمدا، بۇ مەسىلىنىڭ تا ھازىرغىچىلىك جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىنتايىن ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان بىر مەسىلە بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. جۇڭگولۇقلار چەت ئەللىك ئارخېئولوگلار ئىچىدە ئەڭ يەسكەش، ئەڭ نومۇسسىز ئادەم ئاۋرېل سىتەيىن، ئۇنىڭدىن قالسا فرانسىيىلىك پروفېسسور پېللىئوت دەپ قاراي-دىكەن. ئۇلارنىڭ دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدىكى مەخپىي كىتاب ئامبىرىنى يۆتكەپ كەتكەنلىكىنى جۇڭگو خەلقى مەڭگۈ ئەپۇ قىلمايدىكەن. قارا تىزىملىكتىكى 3 - ئادەم شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن ئىكەن. ئۇ قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان كىروران خارابىلىكىدىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ھەر خىل تارىخىي ھۆججەتلەرنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋې-لىشقا بولىدۇكى، جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىغا ئائىت قول يازما ھۆججەتلەرنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىگە نىسبەتەن ئۆزلىرىدىكى ئۇلۇغ تام سۈرەتلىرىنى ۋە باشقا بەدىئىي ئەسەرلىرىنى يۆتكەپ كەتكىنىگە قارى-غاندىمۇ تېخىمۇ بەك ئاچچىقلىنىدىكەن ۋە نەپرەتلىنىدىكەن.

داۋادا ئاشۇ تام سۈرەتلىرى، ھەيكەللەر ۋە قول يازمىلار ئاۋۋالقى ئورنىدا تۇرۇۋەرگەن، خۇددى داۋسىدون ئېيتقاندەك «ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى ئوغرىلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە قانچىلىكىنىڭ ساقلىنىپ قالالايدىغانلىقىغا كى-

كىتابخانىلار ئۆزلىرى ھۆكۈم چىقىرىپ باقسا بولىدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىلىرىنى مەڭگۈگە تارتىۋالغانلىق مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەينى چاغلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىرادىلارنى «قۇتقۇزۇپ قېلىش» مۇددىئاسىنىڭ قانچىلىك مۇۋاپىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ قائىدىگە سىغىدىغان ياكى سىغمايدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ كىتابخانىلار ئۆزلىرى ھۆكۈم چىقىرىپ بېقىشى لازىم. جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل گۆھەرلىرىنى نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ يۆتكەپ كېتىشىگە يول قويىدۇ؟ دېگەن مەسىلىمۇ ئالدى بىلەن ئويلاپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئۇ بۇ كىتابتا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان مەسىلە ئەمەس. مېنىڭ مەقسىتىم، ئېكسپېدىتسىيە ھەققىدىكى ئاشۇ ھېكايىلەرنى تۇنجى قېتىم بىر يەرگە توپلاش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە. بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ھېلىقى شەخسلەرنى ئۆزلىرىنىڭ سالامەتلىكىگە ھەتتا ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، جۇڭگونىڭ ئىنتايىن يىراق ھەم ئىنتايىن چۆل بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا كېلىشكە دالالەت قىلغان نەرسە زادى نېمە؟ دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت.

مەن دەل مۇشۇ كىتابنى يېزىۋاتقان مەزگىللەردە، دۇنخۇاڭ، ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان قاتارلىق ئاز ساندىكى رايونلاردىن باشقا (ھېلىمۇ تەلىيىم بار ئىكەن) جۇڭگونىڭ كۆپ قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى چەت ئەللىك ئېكسكۇرسىيىچىلەر ئۈچۈن تېخى ئېچىلمىغانىدى. ناۋادا نۆۋەتتىكى يارىشىش كەيپىياتى داۋاملىشىپ كېتەلىسە شۇنداقلا جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى قايتىدىن يامانلىشىپ كەتمىسە، ئۇ چاغدا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا، كىتابخانىلار ئۆزلىرىمۇ ستەيىن، سۋېن ھېدىن، فون لېكوك. پېللىئوت، لاڭدون ۋارنېر ۋە ياپونلۇقلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، يىپەك يولىدىكى نۇرغۇن بوستانلىقلارنى ۋە خارابىلەرنى كۆرۈپ كېلەلىشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كۆرەلەيدىغىنى پەقەت بىر خەرىتە ۋە رەسىملەردىنلا ئىبارەت بولىدۇ، خالاس. شۇڭا ھازىرقى جۇڭگونىڭ خەرىتىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن شىنجاڭ بىلەن گەنسۇدىن ئىبارەت بۇ ئىككى قوشنا ئۆلكە - رايوننى تاپايلى، چۈنكى ئەمەلىيەتتە ھېكايىنىڭ ھەممىسى شۇ يەردىن باشلانغان.

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى باب

يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشى

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ناھايىتى يىراق بىر جايدا، چەكسىز كەتكەن ئىنتايىن چوڭ بىر قۇم دېڭىزى بار. ئۇ يەردە جۇڭگو ئۆزىنىڭ ئاتوم قوراللىرىنى سىناق قىلماقتا. شۇنداقلا ئۆز قوشنىسى روسىيىگە يېقىندىن دىققەت قىلماقتا. يەنە شۇ يەردە، سانسىز ترانسپورت ئەترەتلىرى ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن. مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ساياھەتچىلەر ئىچىدە تەكلىماكان قۇملۇقىنى قورقۇنچلۇق يول ھېسابلىمايدىغىنى بولمىغان. بۇ ئەلۋەتتە شۇنداق ھېسابلاشقا تېگىشلىك جاي بولۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى سەرى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئېگىزلىكى ئۈچ يۈزچى كېلىدىغان بىر - بىر خەتەرلىك قۇم دۆۋىلىرىنى كېسىپ ئۆتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەلمىساقتىن تارتىپ ھەر قانداق بىر ترانسپورت ئەترىتى ھامان قۇملۇقلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەككە - يېگانە بوستانلىقلارنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. شۇنداقتىمۇ، يول بەلگىسى ئورنىتىلمىغان ھېلىقى تار يوللار دائىم دېگۈدەك بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇملار بىلەن كۆمۈلۈپ قالاتتى. بىر قانچە ئەسىرلەردىن بېرى، سودىگەرلەر، تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئەسكەرلەر ۋە باشقا كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ساياھەتچىلەر ئەترەتلىرى بوستانلىقلار ئوتتۇرىسىدا يولدىن ئادىشىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ جەسىتى چۆلدە، ئۈستىخىنى قۇم ئاستىدا قالغانىدى.

تەكلىماكاننىڭ ئۈچ تەرىپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، قالغان بىر تەرىپى چۆل - جەزىرە، قۇملار بىلەن توسۇلغان بولغاچقا، مۇنىڭغا قوشنا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رايونلارغا يېقىنلىشىشمۇ ئىنتايىن خەۋپلىك ئىدى. نۇرغۇن ساياھەتچىلەر مۇزبەلەن قاپلانغان مۇھىم ئېغىزلاردىن ئۆتكۈچە توڭلاپ قالاتتى ياكى بولمىسا چوڭقۇر ھاڭلارغا تېيىلىپ چۈشۈپ كېتىپ، جېنىدىن ئايرىلاتتى. چۆللۈكى شىزاڭ كەشمىر، ئافغانىستان ۋە روسىيەدىن كەلگەنلەر پەقەت مۇشۇ مۇھىم ئېغىزلاردىن ئۆتكەندىلا ئاندىن تەكلىماكانغا بارالايتتى. 1939 - يىلى قىشتىكى بىر قېتىملىق ئاپەتتە، 40 كىشىدىن تەشكىللەنگەن بىر ترانسپورت ئەترىتى ئىنتايىن زور قار دۈۋىسى ئاستىدا قېلىپ ئۇن - تىنسىز غايىپ بولغان. تا ھازىرغىچىلىك ھەر يىلى يەنىلا نۇرغۇن ئادەملەر ۋە مال - چارۋىلار ئاشۇ يەرلەردە ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ.

تەكلىماكان ھەققىدە بىرەر ساياھەتچى بىرەر ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ باققان ئەمەس. بۇ خەتەرلىك يولدىن ئۆتۈپ باققان بىر قانچە ياۋروپالىقنىڭ بىرى بولغان سۋېن ھېدىن ئۇنى «دۇنيا بويىچە ئەڭ يامان ۋە ئەڭ خەتەرلىك قۇملۇق» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ بىلەن بىر قەدەر تونۇش بولغان ستەيىنمۇ ئەگەر تەكلىماكاننى ئەرەب قۇملۇقلىرىغا سېلىشتۇرىدىغان بولساق، كېيىنكىسىنى پەقەتلا قۇملىق دېگۈچىلىكى يوق، دېگەن. بىر مەھەل ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بولغان پېرسي سىيكىس (Percy Sykes) ئۇ يەرنى «ھالاكەت رايونى» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى ھەيلا قۇملۇقتا سەپەر قىلىشتا تولىمۇ ماھىر بولۇپ، ئۇمۇ ئۇ يەرنى «كىشىنى تولىمۇ يىرگىندۈرىدىغان ئىنتايىن زېرىكىشلىك دەشت چۆل» دەپ تەسۋىرلىگەنىدى.

تەكلىماكان كىشىلەرنى يولدىن ئازدۇرۇش، ئۇسسىتىپ ئۆلەر ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتەك ئاشۇنداق بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئاپەتلەرگە يولۇقتۇرغاندىن سىرت، ئۇ يەنە يولدىن ئۆتكەنلەرنى ئادەتتىن تاشقىرى ۋەھىمىگە سېلىپ قوياتتى. فون لېكوك ئۆزىنىڭ «جۇڭگو تۈركىستانىدا ساقلىنىۋاتقان گۆھەرلەر» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ تەسۋىرلەيدۇ: «ترانسپورت ئەترىتىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە قورقۇپ دىر - دىر تىترىمىگەن بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، ھەممەيلەن غايىبانە ئالۋاستىغا ئوخشايدىغان شىددەتلىك قارا بورانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كېتىشتىن قورقۇپ تۇراتتى...

توساتتىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتتى... شۇ ئەسنادا، قاتتىق بوران ۋە شىددەتلىك يامغۇر ترانسپورت ئەترىتىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىدى. ھەددى - ھېسابسىز قۇم دانىچىلىرى ئارىسىغا قىستىلىپ كېلىۋاتقان ئېغىر تاشلار پىرقىرىغان پېتى بوشلۇقتا تۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كېلىپ ئادەم ۋە ھايۋانلارغا شىددەت بىلەن زەربە بەرمەكتە؛ جاھان بارغانسېرى قاراڭغۇلاشماقتا. شېغىل تاشلارنىڭ ئۇرۇلغان ئاۋازى بىلەن بوراننىڭ گۈركىرىگەن، يامغۇرنىڭ شاقىرىغان ئاۋازى بىرلىشىپ، ئاجايىپ سۈرلۈك بىر خىل ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، كىشىدە خۇددى ئاسمان ئۆرۈلۈپ، يەر يېرىلىپ كېتىۋاتقاندەك، گويا، ئايمۇ غايىپ بولۇپ كېتىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇنى پەيدا قىلماقتا ئىدى.. بوران - چاپقۇننىڭ شىددەتلىك زەربىسىگە ئۇچراۋاتقان ھەر قانداق بىر ساياھەتچى ئاشۇ چاغلاردا قاتتىق ئىسسىق دېگەنلەرگە قارىماستىن، قاتمۇ قات ئەدىياللارغا يۆگىنىۋېلىپ، ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قۇم - تاشلارنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئادەملەر ۋە ئات - ئۇلاغلار يەرگە يېتىۋېلىپ، ئۇدا بىر قانچە سائەت داۋام قىلىدىغان بوران - چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى.

مۇشۇنداق بوران - چاپقۇننىڭ زەربىسىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن باشقا بىر قانچە ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرمۇ، جۈملىدىن سۋېن ھېدىنمۇ تەكلىماكاننى ئاشۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى. مۇشۇنداق پەيتلەردە ھەممىدىن مۇھىمى، ئېغىر - بېسىق بولۇش ئىدى. 1905 - يىلى 60 ھارۋىكەشتىن تەشكىللەنگەن بىر ترانسپورت ئەترىتى بىر تۈركۈم كۈمۈش يامبۇلى توشۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىپ، تۇرپان بوستانلىقىغا كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە بىر قېتىم شىددەتلىك بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ كېتىپ پۈتۈنلەي غايىپ بولغانىدى. ئۇ قېتىمقى بوران لىقمۇ لىق يۈك بېسىلغان ئات ھارۋىلىرىنىمۇ ئۆرۈۋەتكەنىدى. فون لېكوك مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ چاغدا بوران ھېلىقى 60 نەپەر جۇڭگولۇق ھارۋىكەشنىڭ ھەممىسىنى قۇم ئاستىغا كۆمۈۋەتكەن. كېيىنچە ئۇيەردىن بىر قانچە ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ قۇرۇپ كەتكەن جەسەتى تېپىلغان، قالغا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىرىنىڭ ھېچ نەرسىسى، تېپىلمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى، شىددەتلىك بوران ھامان ئۆزىنىڭ قۇربانى بولغان نەرسىلەرنى كۆمۈپ تاشلايتتى». بۇ ۋەقە ھارۋىكەشلەرنىڭ سەۋەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئاتلارنىڭ ئۈركۈپ كېتەكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. ئەمما جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە، بۇنداق ۋەقەلەر قۇملۇقتىكى جىن - شەيتانلارنىڭ ئويۇنى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ جىن - شايتونلارنىڭ قۇملۇقلاردا دائىم دېگۈدەك ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ئالداپ، ئۇلارغا ئازاب سالىدىغانلىقىغا، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنى ئۇسسىتىپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

مىلادى VII ئەسىردە، جۇڭگولۇق ئۇلۇغ ساياھەتچى شۈەنزاڭ تەكلىماكان ئارقىلىق ھىندىستانغا ماڭغان چېغىدا، ئاشۇ جىن - شەيتانلار ھەققىدىمۇ تەسۋىرلەر يېزىپ قالدۇرغانىدى. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «شىددەتلىك بوران كۆتۈرۈلگەن چاغدا ئادەم ۋە ھايۋانلار پاتپاراق بولۇشۇپ، قورقىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. بەزىدە داد - پەرياد قىلىغان ۋە كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى، قۇملۇقتىكى بىرخىل مەنزىرە ۋە ئاۋازلار كىشىنى ئالاقزادە قىلىپ، ۋەھىمىگە سېلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئىمكان بەرمەيتتى، شۇڭا سەپەر ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھېسابى يوق ئىدى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ھېلىقى جىن - شەيتانلارنىڭ ۋەئالۋاستىلارنىڭ ئويۇنى ئىدى.»

XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلى بولۇپ تۇرغان سىر كلارمونت سكرىن ئۆزىنىڭ «جۇڭگودىكى ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن كىتابىدا، بۇ قۇملۇقلارنىڭ قىياپىتىنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تاڭ سۈزۈلگەن سالقىن پەيتلەردە، شىمال تەرەپتە ناھايىتى سۈرلۈك، بىرقارىسىلا كىشىنىڭ تېنى جۇغۇلدايدىغان بىرخىل مەنزىرە پەيدا بولاتتى، تەكلىماكاندىكى سېرىق قۇم دۆڭلىرى خۇددى قاتۇرۇپ قويغان دېڭىز - ئوكيان دولقۇنلىرىدەك كۆز يەتكۈسىز بىپايان ئۇپۇق سىزىقلىرىغىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

غايەت زور قۇم دۆۋىلىرىنىڭ باشقا قۇم دۆۋىلىرى ئىچىدە خۇددى

قوينىڭ ئارىسىغا تۆگە كىرىپ قالغاندەك. چوقچىيىپ تۇرغانلىقىنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئۇلار خۇددى باشقا قوۋم دۆۋىلىرىنى ھېلىقى ساياھەتچىلەر ۋە ترانسپورت ئەترەتلىرىنى بۇرۇن كۆپ قېتىم يۇتۇۋەتكەندەك يۇتۇۋېتىشكە دالالەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.»

جۇڭگو، روسىيە ۋە ئەنگلىيە* دىن ئىبارەت ئۈچ پادىشاھلىقنى تۇتاشتۇرىدىغان يەردىكى بۇ ئىنتايىن سەزگۈر ئاخبارات توپلاش مەركىزىدە ئىككى يېرىم يىل مەسئۇل خىزمەت ئىشلىگەن سىكىرىننىڭ ئىپادە قىلىشىچە، ئۇ «جۇڭگونىڭ ئۆزى»دىن يولغا چىقىپ، چۆل- جەزىرىلەردىن ۋە تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرى قەشقەرگە يېتىپ بارغان بىر ساياھەتچى بىلەن سۆھبەتلەشكەن چاغدا، ئۇ ساياھەتچى ئۇنىڭغا، بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ چۆل - جەزىرە قىسمىدا جەمئىي 50 كۈن ماڭغانلىقىنى، لېكىن بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرۈنمىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن.

بۇنىدىن تەخمىنەن 40 يىل ئىلگىرى، يەنە بىر ساياھەتچى مۇداۋىن كونسۇل قوشۇمچە ھىندىستان قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ئاخبارات مۇدىرى پولكوۋنىك ماك بىل بېيجىڭدىن قەشقەرگىچە بولغان 3500 مىل مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپەردە زىممىسىگە ئالغان مەخپىي بۇرچى، ئاۋادا روسىيىلىكلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولسا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا قۇربىسى يېتەمدۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلىدە توغرا مۆلچەر ھاسىل قىلىش ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياش بىر ھەمراھى لېيتېنانت ھاسبىن (كېيىنچە سىر فرانسىس دەپ ئاتالغان) بىلەن بېيجىڭدىن ھىندىستانغىچە ئوخشاش بولمىغان لىنىيىدە سەپەر قىلىشتا مۇسابىقىلەشكەن. نەتىجىدە ماك بىل بەش ھەپتە بۇرۇن يېتىپ بېرىپ ئۇتۇپ چىققان.

كېيىنچە، ماك بىل چۆل - جەزىرىگە ئالاقىدار ھەممە نەرسىنى ناھايىتى مەگىستىمگەن تەلەپپۇزدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇ يەردە سۇ تېپىش ئىنتايىن ئۇڭاي ئىكەن، كۆپىنچە ھاللاردا يەرنى ئازراقلا كولىسا سۇ

* بۇ يەردە ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

چېچىلىدىكەن. ساياھەتچىلەر قۇملۇقتىن ئۆتكەن چاغدىكى قىيىنچىلىق ۋە خەۋپنى مۇبالىغە قىلىشقا تولىمۇ ئامراق كېلىدىكەن. ئەمەلىيەتتە بولسا قىيىنچىلىق ناھايىتى ئاز، ناھايىتى ئاز ئىكەن. بىز قەشقەردىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، تولۇق ئاساسلار بىلەن شۇنداق تولۇشقا كەلدۇقكى، بىزنىڭ چۆل - جەزىرىدە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمىز قەشقەرىيىدىكى كىچىك قۇم دۆۋىلىرىدە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمىزگە قارىغاندا تولىمۇ بەخىرامان، تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتىكەن...» ئۇ دەۋاتقان جاينىڭ كەينىدىكىسى تەكلىماكاننىڭ قىرغاقلىرىدىكى جايلار ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇمۇ خۇددى زور كۆپ ساندىكى ساياھەتچىلەرگە ئوخشاش ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن تەكلىماكاننىڭ قىرغىقىنى بويلاپ ماڭغان.

بىر قانچە يىللاردىن بۇيان، ناھايىتى ئاز ئادەملەرلا بىلىدىغان جۇڭگونىڭ بۇ رايونى ھازىرقى خەرىتىلەردە ياكى ساياھەتچىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىدە ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. چۈنكى ئۇ ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە جۇڭگو تاتارلىرى، تاتارلار ئېگىزلىكى، جۇڭگو تۈركىستانى، شەرقىي تۈركىستان، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسى، قەشقەرىيە، غەربىي زېمىن ۋە شىنجاڭ دېگەنگە ئوخشاش ھەرخىل ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەچكە، گەرچە بۇ ناملارنىڭ ھەممىسىدە تەكلىماكان كۆزدە تۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ناملارنىڭ ئىشلىتىلىشى قانچىكى بۇرۇن بولسا، ئۇنىڭ چېگرا تەۋەسىنى ئايرىۋېلىش شۇنچە قىيىنغا توختايتتى. كارولىۋاۋىكتورىيە دەۋرىدىكى ئەزىبىر ساياھەتچىلەر ئۇنى ئاسىيا ئېگىزلىكى دەپ ئاتىغان، بۇ خىل ئاتاش شىزاڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولسا كېرەك. لېكىن شىزاڭ دېگەن بۇ يەر خۇددى سۋېن ھېدىننىڭ بىر قېتىمقى تەسۋىرىدە ئېيتىلغىنىدەك: «ئۇ بىزنىڭ پلانېتىمىزنىڭ سىرتقى يۈزىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئەڭ چوڭ يەر پوستى ھۆررىكى» ھېسابلىناتتى.

قەدىمكى خەن سۇلالىسىنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا، بۇندىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى جۇڭگولۇقلار تەكلىماكاننى «ئاقار قۇم»، ياكى «كۆچمە قۇم» دەپ ئاتاپتىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، قۇملۇقتا چىقىۋاتقان شىددەتلىك بوران، قۇملارنى توختىماستىن ئۇچۇرۇۋېرىپ، سىرىق

رەڭلىك قۇم دۆڭلىرىنى بىر ئىزىدا تۇرغۇزماي دائىم دېگۈدەك يۆتـ
كەپلا تۇرغان، شۇڭا ئۇنىڭغا ئاشۇنداق ئات قويغانىكەن.
ھازىرقى سۇ گېئولوگىيىسى ئالىملىرى ۋە ھاۋارايى ئالىملىرى مۇز تاغـ
لارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان دەريا ئېقىنلىرى بىر قەدەر تېيىز يولـ
ھان لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلغاندىن كېيىن، تەكلىماكان خۇددى تارىم ئويـ
مانلىقىغا ئوخشاشلا بىرئاز باش ئېگىلدىغان ھالەتكە كەلدى، دەپ ھېسابـ
لايدۇ. ئەمدى تەكلىماكانغا قىلىنغان ناھايىتى روشەن سىرلىق تۈسـ
ئالغان «سەيلە - ساياھەت»كە كەلسەك، ئۇنى ئەڭ ئاخىرىدا سۋېن ھېدـ
دىن يېشىپ بېرىدۇ. جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىكى خەرىتىلىرىدە، تەكـ
لىماكان (تۈركچە مەنىسى: «كىرسەڭ چىقالمايسەن») ھازىر شىنجاڭ ئۇيـ
غۇر ئاپتونوم رايونى دەپ رەسمىي نام بېرىلگەن يەرنىڭ مەركىزىي قىسـ
مىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ تۇخۇم شەكلىدىكى چوڭ بىر پارچە قۇرۇق
جايدۇر.

تەكلىماكان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار تۆت تەرەپتىن
مۇھاپىزەت قىلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا ھەر قانچە زور غەيرەتكە كەلگەن
قاجاۋۇزچىمۇ چېقىلالمايتتى. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ناھايىتى ئېگىز
تىيانشان تاغلىرى بار؛ غەرب تەرىپىدە «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ نام
ئالغان پامىر ئېگىزلىكى بار؛ جەنۇب تەرىپىدە قاراقۇرۇم ۋە كۇئېنلۇن
تاغ تىزمىلىرى سوزۇلۇپ ياتىدۇ، پەقەت شەرق تەرىپىدىلا تاغ تىزمىلار
يوق، ئەمما بۈيۈك تەبىئەت ئۇ يەرگىمۇ بىر قەدەر چوڭ ئىككى توسقۇنى
يەنى لوپنۇر قۇملۇقى بىلەن چۆل - جەزىرە قۇملۇقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ
قويغان. خېلى كۆپ ساندىكى ئەنگلىيىلىك ساياھەتچىلەر (ماك بىدل بىسـ
لەن ھاسىين بۇنىڭ سىرتىدا) بەزى جايلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 19 مىڭـ
ئەنگلىزچىسى كېلىدىغان قاراقۇرۇم ئېغىزىدىن ئۆتۈش ئارقىلىق ئاندىن
ھىندىستاندىن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىغا كېلەلىگەن، سۋېن ھېدىن
بۇ قاقاس يولنى «مۇشەققەت يولى» دەپ تەسۋىرلىگەن، چۈنكى ئۇ ناھاـ
يىتى ئۇرغۇن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى. خۇددى
1950 - يىلى، بىر ساياھەتچىنىڭ يازغىنىدەك: «بىز تۈزلەڭلىككە يېتىپ

بىر نەشتىن ئىلگىرى، ئۆلگەنلەرنىڭ ئۇستىخىنىنى ئۇچراتمىغان بىرەرمۇ يەرلى كۆرمىدۇق. بىز ھەر قېتىم بولنى پەرق ئېتەلمەي قالمىغىمىزدا، سەرلىقى ئۈزۈلمەي قالغان بۇ ئۇستىخانلار بىز ئۈچۈن قورقۇنچلۇق يول كۆرسەتكۈچىلەردىن بولۇپ قالدى.» ھىندى دەرياسى توغرىسىدىكى تارىخي خاتىرە «شىر دەرياسى» دېگەن كىتابتا، جىن فىرلېي مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قاراقۇرۇمنىڭ يول بويلىرىدا ھېچ نەرسە ئۆلمەيدۇ، شۇڭا ئۇ يولدا ماڭماقچى بولغانلار چوقۇم ئۆزى ئۈچۈن ۋە ئات - ئۇلاغلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېمەكلىكلەرنى بىرگە ئېلىۋېلىش كېرەك. ئەمما تاۋار توشۇيدىغان ئۇلاغلارنىڭ يۈكى ئېغىر بولغانلىقتىن، يەم - خەشەكنى كۆپرەك ئېلىشقا ئىمكانىيەت قالمايتتى. نەتىجىدە ئۇلار بۇ يولدا ئاچلىقتىن مەڭلاپ، ئۇنمەڭلاپ ئۆلۈپ كېتەتتى». لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، ستەيىن قاراقۇرۇمنىڭ بۇ يوللىرىنى ناھايىتى يەڭگىللىك بىلەن «ھەتتا تەتەي، خېنىملارمۇ ماڭالايدىغان تۈز يول» دەۋالغان. ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشى چاقچاقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئەمما XIX ئەسىردە، بۇ يەردە ھەقىقەتەنمۇ ئاسانلىقچە قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر خىل خەۋپ مەۋجۇت ئىدى، ئۇ بولسىمۇ دائىم دېگۈدەك باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپى ئىدى، ئۇ چاغدا، شۇ يەردىكى قەبىلىلەر بۇ خەتەرلىك تاغ رايونىغا ئۇسۇپ كىرىشكە جۈرئەت قىلغانلىكى يات يەرلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى قانۇنلۇق ئولجا دەپ ھېسابلايتتى (شۇڭا ستەيىن تاكى 1906 - يىلىمۇ قورالىنى يېنىدىن ئايرىمىغانىدى). بۇنداق بۇلىمزلىق قىلمىشلار ياۋروپالىق بىر قانچە ساياھەتچىنىڭ. جۇملىدىن داگلىش، خايۋۇد ۋە ماكروتونىڭ جېنىغا زامىن بولغان. بۇ ھەرگىز بىرەر شەخسكە قارىتىلمۇاتقان تەھدىت بولماستىن، بەلكى ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرىغا قويغان جەڭنامىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ھازىر، قاراقۇرۇمدىن كېسىپ ئۆتىدىغان قوش يۆنىلىشلىك يېڭى تاشيولنىڭ ياسىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلغانلاردا كەم بولسا بولمايدىغان ئات - خېچىر، ئاشپەز ۋە مەدىكارلارنى ياللاشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، قارىسا ئادەمنىڭ

بېشى تېپىپ ئۆزى قاراڭغۇلىشىدىغان تىك يارلارغا يامىشىشنىڭ ۋە قىيا تاشلاردىن، مۇتلەق ئۇقۇملاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىدى.

ئەمما بۇ يەردە بىزنى قىزىقتۇرۇۋاتقان شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر-نىڭ ھەممىسى خېلى بۇرۇنقى زامانلاردا ياشىغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى (گەرچە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى كىشى سۆيۈن ھېدىن ئېنىقى 1952 - يىلىلا ئۆلگەن بولسىمۇ) ئۇلار ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئەڭ زور قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە، ھەر قاچان يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان خەۋپ - خەتەرلەرگە يولۇقۇش ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندا، ئاسىيادىكى بۇ ئۇلۇغ - تىنىمسىز جايدا دەپنە قىلىنىشقا رازى ئىدى. ئۇلارنى زىمىستان سوغۇق، ئوتتەك ئىسسىق بولىدىغان تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ يەرگە كۈچلۈك جەلپ قىلىۋاتقان نەرسە زادى نېمە؟ بۇنى بىلىش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى جۇڭگو تارىخىنى ئەسكە ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەيسا پەيغەمبەر دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنقى I ئەسىردە، يۈرەكلىك ھەم تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي بولغان جاڭ چيەن ئىسىملىك بىر جۇڭگولۇق ياش ساياھەتچى مەخپىي ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، جۇڭگودىن يولغا چىقىپ، ئەينى چاغدا غەربىي يۇرت دەپ تونۇلغان ھېلىقى يىراق ھەم سىرلىق رايونغا قاراپ ماڭىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ئەڭ ئاخىرىدا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ناھايىتى زور ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە سەپەر ئىكەنلىكى جۇڭگو تارىخىدا ئىسپاتلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ قېتىمقى سەپەر جۇڭگونى ياۋروپانى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، يىپەك يولىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈنمۇ شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى. جاڭ چيەن ئۆزىنىڭ جىسمانىي كۈچىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈكلۈكى ۋە جۈرئەتلىكلىكى بىلەن داڭ چىقىرىدۇ. ئۇ چاغدا خەن ۋۇدى ھونلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن بېشى قېتىپ تۇرغان بولغاچقا، ئۇنى يول ئاچقۇچى ئاۋانگارت سۈپىتىدە ئۇ يەرگە ئەۋەتكەنىدى. ھونلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەسلەپتە تۈرك مىللىتى بولۇپ، ئۇ جۇڭگونىڭ كونا دۈشمىنى ئىدى. بۇ ئۇرۇشقۇمار ھونلار ئەڭ ئاخىرىدا ياۋروپاغا كۆچۈپ كەتتى. بىزنىڭ تارىخىمىزدا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش، ئاياغ - ئاستى قىلىش بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ، دەپ ئاتالغان ھونلار ئەنە شۇلار ئىدى. ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشى ئەڭ دەسلەپتە يېپىنغىلىق دەۋرىدە باشلانغان. (476—206BC). مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلى چىن سىفۇاڭ سەددىچىن سېپىلىنى ئاشۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ياساتقانىدى.

خەن ۋۇدى پاكى خەلق ئارىسىدا رەسمىي ئاتىلىپ كەلگەن نامى بويىچە ئېيتقاندا يەغپۇر ئەسىرگە ئېلىنغان ھونلاردىن، بىر قانچە يىللار ئىلگىرى ھونلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇلۇغ ياۋچىلار دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر مىللەتنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى، ھونلارنىڭ بويسۇندۇرۇلغان مىللەتنىڭ يولباشچىسىنىڭ باش ئۈستىخىنىدىن شاراب جامى ياسىغانلىقىنى ھەمدە ئۇ مىللەتنى تەكلىماكاننىڭ غەربىدىكى يىراق بىر جايغا قوغلىۋەتكەنلىكىنى بىلىۋالدى. بىراق ئۇنىڭغا ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ھونلاردىن ئىنتىقام ئېلىپ، ئار-نومۇسىنى ئاقلاش ئۈچۈن، پۇختا تەييارلىق قىلىپ پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا بىرەر ئىتتىپاقچى كۈچكە موھتاج بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. خەن ۋۇدى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ، ھونلارغا ئالدى - كەينى ئىككى تەرەپتىن تەڭلا ھۇجۇم قوزغاش مەقسىتىدە، شۇ ھامان ئۇلۇغ ياۋچىلار بىلەن ئالاقە باغلاش قارارىغا كېلىدۇ - دە، ئىنتايىن زور خەۋپلىك بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلار ئىچىدىن مۇۋاپىق بىر ئادەمنى تاللاشقا كىرىشىدۇ. بۇ ۋەزىپە شۇنىڭ ئۈچۈن خەۋپلىككى، جۇڭگودىن ئۇلۇغ ياۋچىلار تۇرغان جايغا بارىدىغان بۇ مەخپىي ئەلچى ئالدى بىلەن ھونلار ئىگىلىۋالغان رايوندىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى.

خان ئوردىسىدىكى ئەمەلدار جاڭچيەن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بۇ

ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ، پادىشاھمۇ ئۇنىڭ تەشەببۇ-
سىنى دەرھال قوبۇل قىلىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 138 - يىلى ئۇ ھونلار
بىلەن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ ئېلىشىشقا قەسەمىيات قىلغان يۈز كىشىدىن
تەشكىللەنگەن ساياھەتچىلەر ئەترىتىنى باشلاپ يولغا چىقىدۇ. بۇ لەش-
كەرلەر ھازىرقى گەنسۇ دەپ ئاتىلىۋاتقان يەرگە كەلگەندە، بەختكە
قارشى تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچراپ قالىدۇ. ئۇلاردىن پېشانىسى ئوڭ كې-
لىپ ھايات قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئەسىرگە چۈشۈپ، ئون يىل مەھبۇس-
لۇق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئەمما بۇ ئارىلىقتا ھونلار جاڭ
چيەنگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا بىر خوتۇن ئېلىپ بېرى-
دۇ. ئۇ گەرچە ئۇزاق مەزگىل نەزەربەنت قىلىنغان بولسىمۇ، خەنۋۇدى
بەرگەن ئەلچىلىك بەلگىسى بىرتال قوتاز قۇيرۇقىنى باشتىن - ئاخىر
ئوبدان ساقلايدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى پۇرسەت تۇغۇلۇپ قالسىلا ئۆزىنى
ئېلىپ قېچىپ چىقىپ داۋاملىق غەربكە سەپەر قىلىش ئىدى. ئۇلار كۈت-
كەن كۈن ئاخىر يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئۇلارغا قارىغۇچىلار ئۇلارنى
نەزەربەنت قىلىشنى كۈندىن - كۈنگە بوشاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىنكى
مەلۇم بىر كۈندە، ئۇ ئېشىپ قالغان ئادەملىرىنى باشلاپ غىپپىدە قېچىپ،
يەنە بىر قېتىم سەپەرگە ئاتلىنىدۇ.

ئۇلار ئاخىر ئۇلۇغ ياۋچىلار (كېيىنكى چاغلاردا ئۇلۇغ ياۋچىلار
ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ھىندى - سىسىيانىڭ ھۆكۈمرانىغا
ئايلىنىپ قالغانىدى) نىڭ زېمىنىغا يېتىپ بارىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۇلۇغ
ياۋچىلارنىڭ ھونلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىنكى نۇرغۇن
يىللار مابەينىدە گۈللەپ - ياشناپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى
پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار ئىنتىقام ئېلىش،
ئار - نومۇسنى ئاقلاش دېگەنلەرگە ئاللىقاچان قىزىقمايدىغان بولۇپ
قالغانىدى. جاڭ چيەن ئۇ يەردە ئۇلۇغ ياۋچىلار بىلەن بىر يىل بىرگە
بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ شۇ جايغا ۋە شۇ جايدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
باشقا قەبىلىلىرىگە ۋە دۆلەتلىرىگە دائىر ئاخباراتلارنى ئىمكانىيەت-
نىڭ بارىچە توپلايدۇ. بەختكە قارشى، ئۇ دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە

شەھەرلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆتىدىغان چاغدا يەنە بىر قېتىم ئەسىرگە چۈشىدۇ. ئۇ دەل ھوللارنىڭ ھەر قايسى قەبىلە باشلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى ماجىرا بولۇۋاتقان بىر چاغ بولغاچقا، ئۇ ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە بىر قېتىم ئامال ئىزدەپ قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ دۆلىتىدىن ئايرىلىپ يىراق سەپەرگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خەت - خەۋەر بولمىغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياقا يۇرتتا ئاللىقاچان ئۆلدى دەپ ھېسابلايدۇ. 13 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كۈتۈلمىگەندە ئۇ ئاخىرى يەنە خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە قايتىپ كېلىپ پادىشاھقا ئەھۋالنى دوكلات قىلىدۇ. ئۇ چاغدا بىللە سەپەرگە چىققان كىشىلەر ئىچىدىن جاڭچيەندىن باشقا يەنە بىرلا ئادەم تىرىك قايتىپ كەلگەنىدى.

جاڭچيەن ئەكەلگەن ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلارغا ۋە جۇغراپىيىگە ئائىت ئاخباراتلار شۇ چاغدىكى بۈيۈك خەن سۇلالىسى ئوردىسىنى ئىنتايىن زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ. چۈنكى خەن پادىشاھى بۇ مەخپىي ئەلچىنىڭ دوكلاتىدىن ئۇ تەرەپتە بۇرۇن پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغان فەرغانە، سەمەرقەنت، بۇخارا (بۇلار ھازىر سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا تەئەللۇق) ۋە بەلخ (ھازىرقى ئافغانىستانغا تەئەللۇق) قا ئوخشاش باي - باياشات پادىشاھلىق دۆلەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگولۇقلار يەنە پېرسىيەنىڭ ۋە داكچىن دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ناھايىتى يىراق جاينىڭ بارلىقىنى تۇنجى قېتىم خەۋەر تاپىدۇ. ھازىرقى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كېيىنكى بىردىنى رىم بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن دەپ ھېسابلاشماقتا. لېكىن ئەجدادلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ، ئەڭ مۇھىم دەپ تونۇلۇۋاتقىنى فەرغانىدە ئۇچراتقان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېڭى تىپتىكى بىر خىل جەڭ ئېتى ئىدى. جاڭچيەننىڭ دوكلاتىدا ئۇ «تەگرى ئېتى» (تۇلپار) نىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىكەن، دېيىلگەن. بۇ خىل ئات تېز چاپىدىكەن، يوغان ھەم دوغۇل كېلىدىكەن. بۇ شۇ چاغدىكى جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر خىل يېڭىلىق ئىدى. چۈنكى جۇڭگونىڭ ئۇ چاغدىكى ئاتلىرى ھازىر

كىشىلەرگە ناھايىتى تونۇش بولۇپ كەتكەن پىرژېۋالىسكى (Prejevalsky's Horse) نىڭ سورتلىرىدىن ئىدى. بۇ خىل ئاتنىڭ چوڭى كىچىك، يول يۈرۈشى ئاستا بولۇپ، ھازىر ئۇلارنى پەقەت ھايۋا-ناتلار باغچىلىرىدىلا ئۇچرىتىش مۇمكىن.

خەنۋۇدى فەرغانە ئېتىنى پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان ھۇنلارغا قارشى ئاتلىق جەڭ قىلىشقا تازا ماس كېلىدىكەن دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنى مۇشۇ خىل ئات بىلەن يېتەكباشتىن قوراللاندۇرۇشنى قارار قىلىدۇ ھەمدە بۇ خىل ئاتقا كۆپرەك ئېرىشىش مەقسىتىدە، بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى فەرغانىگە ئەۋەتىدۇ. ئەمما بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى يول ئۈستىدە يوقىتىلىدۇ. كېيىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۆمەكلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئاشۇنداق تەقدىرگە يولۇقىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئىنتايىن كۈچلۈك بىر قوشۇننى مال دوختۇرلىرى بىلەن بىرگە ئەۋەتىپ، فەرغانىنى قورشىۋالىدۇ. ئەمما ئۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى شەھەرنىڭ ئىچىگە سولىۋالىدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئەگەر سىلەر يەنە بىر قەدەم ئالدىڭلارغا ماڭىدىغان بولساڭلار، بىز ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىمىز بىلەن بىللە تۈگەشتۈرۈۋېتىمىز، دەپ قورقىتىدۇ. كېيىنچە ئۇلار فەرغانىلىكلەر ئۇرۇنلاشتۇرغان شەرەپلىك تەسلىم بولۇشنى قوبۇل قىلىپ، جەڭ ئاتلىرىنى ئېلىپ دۆلىتىگە قايتىدۇ. بۇ خىل «تەڭرى ئېتى»نىڭ گەرچە ئاللىقاچان نەسلى قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما خەن، تاڭ دەۋرىدىكى ھەيكەلتىراشلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ قوللىرى ئۇنىڭ ئوبرازىنى يوقىتىۋەتكىنى يوق. جۇڭگو ئارخېئولوگلىرى 1969 - يىلى خەنۋۇدى بىر مەزگىل پايتەخت قىلغان شىئەن شەھىرىنىڭ يېنىدىكى يېپەك يولىدىن • قېزىپ چىققان دۇنياغا مەشھۇر مىس تۇلپار ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېسىل ياسالغان ھەيكەل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ: ئۇنى بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن، ئىسمى نامەلۇم بىر ھەيكەلتىراش ياسىغانىكەن.

• شىئەن شەھىرىنىڭ يېنىدا ئەمەس بەلكى گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسىنىڭ لېيتەي دېگەن يېرىدە.

خەنۋۇدى ئۇنىڭ مەخپىي ئەلچىسىنىڭ ئىنتايىن قەيسەر ئىرادە بىلەن ياراتقان دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ تۆھپىسىگە قارىتا ئىنتايىن يۇقىرى باھالارنى بېرىپ، ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇركانىبەگ دېگەن شەرەپلىك نامنى ئاتا قىلىدۇ. ئۇ چاغدا خەن ۋۇدى ئۆز تېررىتورىيىسىنى غەربكە كېڭەيتىشكە بەل باغلىغان بولغاچقا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەنە كۆپ قېتىم يىراققا سەپەر قىلىشنى تەشكىللەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە، مىلادىيدىن بۇرۇنقى 115 - يىلى ئۇيسۇنغا ئەۋەتىلگەن يىراققا سەپەر قىلىش ئەترىتىگە يەنىلا جاڭچيەن باشچىلىق قىلىدۇ. ئۇيسۇنلار ھونلارنىڭ غەربىي چېگرا بويلىرىدا ياشايدىغان بىر كۆچمەن مىللەت بولۇپ، خەنۋۇدى ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ھونلارنى ئىككى تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىشنى ئارزۇ قىلغان. جاڭچيەن بۇ قېتىمقى ئۇيسۇنلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەي مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك قوشنىسى (ھونلار) بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن قورقىدىكەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن جوڭگو بىزگە بەك يىراق، ئۇلار ياردەم بېرىشنى ئويلىسىمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ، دەپ قارايدىكەن. بۇ ئۇلۇغ ساياھەتچى ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلىدىكەن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن پادىشاھ ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ شان - شۆھرەتلەرنى بېرىدىكەن. ئۇ جوڭگودا تا ھازىرغىچىلىك كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. چۈنكى غەربىي ياۋروپاغا بارىدىغان يولنى ئاچقۇچى كىشى باشقا بىرى ئەمەس دەل شۇنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ يول ئاخىرى بېرىپ شۇ چاغدىكى ئىككى قۇدرەتلىك دۆلەت — بۈيۈك خەن ئىمپېرىيىسى بىلەن رىم ئىمپېرىيىسىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇردى. شۇڭا ئۇ يىپەك يولىنى ئاچقۇچى كىشى دەپ ئاتىلىشقا تازا مۇناسىپ.

يىپەك يولى گەرچە دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمكى ئۇلۇغ تاشيوللارنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان بۇ ئىسىمنىڭ قويۇلۇشى تېخى يېقىندىلا بولغان ئىش ئىدى. بۇ ئىسىمنى ئالدىنقى بىر ئەسىردە، بارون رىچىت خوۋىن ئىسىملىك گېرمانىيىلىك بىر

ئىلمىم ئەھلى ئىجاد قىلغان. بۇنى بىر ئىسىم دەپ قارىغاندا، بۇ خىل ئاتاش ئاسانلا ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىن ئۆتىدىغان بۇ ئۇلۇغ ترانسپورت لىنىيىسى پەقەت ناھايىتى ئۇزۇن يوللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپلا قالماستىن بەلكى بۇ يوللاردا توشۇلىدىغان ماللار ھەرگىز يىپەكتىن ئىبارەت مۇشۇ بىر خىللا مال بىلەن چەكلىنىپ قالغان ئەمەس. خەن سۇلالىسى پادىشاھلىقى جۇڭگونىڭ چېگرا سىزىقىنى يىلدىن - يىلغا غەربكە سۈرۈۋېرىشىگە ئەگىشىپ، بۇ يول ئىزچىل ھالدا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان ھونلارنىڭ، تىبەتلىكلەرنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلكىدە بولۇپ كەلگەن. ماللارنى يېڭى ئېچىلغان تاشيولنى بويلاپ توسالغۇسىز توشۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگولۇقلار يول بويى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ۋە قاراۋۇل قويۇش ئارقىلىق قاتناشنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇلار ئالغا ئىلگىرىلەش سىياسىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، سەددىچىن سېپىلىنى غەربكە قارىتىپ يەنە بىر ئارىلىق ئۇزارتقان بولۇپ، قارىماققا ئۇ قەدىمكى رىم چېگرىلىرىدىكى مۇداپىئە لىنىيىلىرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.

يىپەك يولى (بەزىدە يىپەك لىنىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھازىر شىئەن دەپ ئاتىلىۋاتقان چاڭئەندىن باشلىنىپ، غەربىي شىمال يۆنىلىشىگە قاراپ سوزۇلۇپ، گەنسۇ كارىدورىدىن* ئۆتۈپ، چۆل - جەزىرىدىكى بوستانلىق دۇنخۇاڭغا يەنى بۇ ھېكايىمىزدا كومېدىيىچە رول ئوينايدىغان ھېلىقى بازارغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ يول دۇنخۇاڭدىن چىقىپ داڭلىق قاشقۇۋۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ چاغدا ترانسپورت ئەترەتلىرى تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىدىكى ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاپ ماڭىدۇ.

شىمالىي تەرەپتىكى يول قۇملۇققا تەخمىنەن ئۈچ ھەپتىلىك يول قالغان يەرگە كەلگەندە، قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، باشقا بىر يولغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ تىيانشان ئېتەكلىرىدىكى كىچىك

---

* گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى.

دۆڭلۈكلەرگە زىچ يانداشىپ، تەكلىماكاننىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىدىكى ھەممىلا يېرى يۇلتۇزدەك تارالغان بوستانلىقلار بىلەن زىننەتلەنگەن لىنىيىنى بويلاپ ئالغا سوزۇلىدۇ. ئۇ يول تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، تۇمشۇق ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن ئۆتىدۇ. جەنۇبىي يول بولسا شىزاڭنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئېگىزلىكلەر بىلەن قۇملۇقنىڭ چەت قىرغاقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقتىن ئۆتۈپ، يەنە بوستانلىقلارنى بويلاپ ئالغا سۈرۈلىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا مىران، ئاندىر، نىيە، كېرىيە، خوتەن ۋە يەكەن قاتارلىق جايلاردىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تەكلىماكاننىڭ ئەڭ چېتىنى ئەگىپ ئۆتۈپ، شىمالغا بۇرۇلۇپ، قەشقەرگە بارغاندا شىمالىي يولغا يېڭىباشتىن قوشۇلۇپ كېتىدۇ. يىپەك يولى قەشقەردىن داۋاملىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ. ھەم ئۇزۇن، ھەم خەتەرلىك بولغان دۇنيانىڭ ئۆگزىسى — پامىر ئېگىزلىكىگە يامىشىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جۇڭگو زېمىنىدىن چىقىپ، ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىغا كىرىدۇ. ئۇ يەردىن ئالغا ئىلگىرىلەپ قوقان، سەمەرقەنت بۇخارا، موف قاتارلىق جايلاردىن ئۆتىدۇ. ئۇندىن كېيىن يەنە پىرسىيە ۋە ئىراقتىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا يېتىپ بارىدۇ. سودا ماللىرى مۇشۇ يەردە كېمىلەرگە قاچىلىنىپ رىم ۋە ئىسكەندەرىيىگە توشۇلىدۇ.

يەنە بىر تارماق يول تەكلىماكاننىڭ ئەڭ چېتىگە كەلگەندە، جەنۇبىي يولدىن ئايرىلىپ، ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بەلخكە قاراپ ئىلگىرىلەپ. موفقا كەلگەندە غەربكە سوزۇلغان يىپەك يولغا يېڭىباشتىن قوشۇلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ھىندىستانغا تۇتىشىدىغان مۇھىم بىر تارماق يول بولۇپ قالىدۇ. بۇ تارماق يولمۇ يەكەن دېگەن يەرگە كەلگەندە جەنۇبىي يولدىن ئايرىلىپ، ھىندىستاننىڭ دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان قارا قۇرۇم تېغىنىڭ مۇھىم ئېغىزلىرىغا يامىشىپ، لاداق شەھىرىگە ۋە سىرىناگارغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇندىن كېيىن خېلىلا چاققانلىق بىلەن ئالغا سوزۇلۇپ، بومبايدىكى دېڭىز بويى بازىرىغا بارىدۇ. يىپەك يولىنىڭ شەرقىي ئۇچىدا، جۇڭگولۇقلارغا ناھايىتى

ئۆتۈش بولغان يەنە بىر «ئوتتۇرا يول» بار. بۇ يول يۇقىرىدىن چىقىپ، لوپنۇر كۆلىگە بېرىپ، سۋېن ھېدىن «كىچىك كۆل» دەپ ئات قويغان كۆلنىڭ شىمالىي قىرغىقىنى بويلاپ ئالغا سوزۇلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا بوستانلىقتىكى مۇھىم بازار كىروراندىن ئۆتۈپ، ئۇندىن كېيىن شىمالىي يولنىڭ ئاساسلىق لىنىيىسىگە تۇتىشىدۇ.

يىپەك يولىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. ئۇ ئاساسلىقى ناھايىتى زور ستراتېگىيىلىك ئورۇننى ئىگىلەيدىغان بوستانلىقلارنىڭ تارقىلىش لىنىيىسىگە تايىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكلىماكان ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىنى پەقەت بىر قانچە كۈندىلا بېسىپ بولغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بوستانلىقلار بويىدا يەنە كېلىپ مۇز تاغلارنىڭ ئېرىشىدىن پەيدا بولغان دەريا ئېقىنلىرىغا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئېقىنلار قۇملۇقنى خۇددى ئاتنىڭ تاقىسىدەك ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ تۇرغان غايەت زور تاغ ئېتەكلىرىدىن ئېقىپ چۈشىدۇ. يىپەك يولىدىكى ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىشى ئارقىسىدا، بۇ بوستانلىقلار ئۆزىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئالاھىدىلىكلىرىگە تايىنىپ، ئەسلىدىكى بۇ يەردىن ئۆتىدىغان ترانسپورت ئەترەتلىرىنى پەقەت قونالغۇ ۋە ئاز - تولا يېمەك - ئىچمەك، يەم - بوغۇز بىلەنلا تەمىنلەيدىغان ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، مۇھىم سودا مەركىزى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلايدۇ. بىر قانچە ئەسىرلەردىن كېيىن بىر قەدەر چوڭراق ۋە بىر قەدەر گۈللەپ - ياشنىغان بەزى بوستانلىقلار ئۆز ئەتراپىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۇلار يەنە تەرەققىي قىلىپ مۇستەقىل، فېئوداللىق كىنەزلىكلەرگە ياكى ئۇششاق قاراخانلىقلارغا ئايلىنىدۇ.

ھونلارغا ۋە باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بوستانلىقلار بارغانسېرى ئۇلارنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان نىشانغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇلار يىپەك يولىدىن ئاز - تولا مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى بۇ خىل سودا خەنزۇلار جۇڭگوسىغا ناھايىتى زور پايدىلىق

قوپلاپ يېرىشكە باشلىغانىدى. مانا بۇ جۇڭگولۇقلار بىلەن بۇ ئىقتىسادىي تومۇرغا تەھدىت سالغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا تۈگىمەس كۈرەشلەرنى پەيدا قىلدى. ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە، جۇڭگو يىپەك يولىنى ياكى ئېتىراپ قىلالماي قالدى، ياكى بولمىسا ئۇنى ۋاقتىنچە ياۋايى قەبىلىلەرنىڭ، ياكى بەزىبىر مۇستەقىل فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىلكىگە چۈشۈرۈپ قويدى. جۇڭگولۇقلار تاكى قۇرال كۈچى ئىشلىتىش، كېلىشىم تۈزۈش ياكى دەھشەتلىك تۈردە ئىنتىقام ئېلىش ئارقىلىق بۇ يولنى يېڭىباشتىن ئىدارە قىلىشتىن ئىلگىرى، بۇ فېئودال كاتتىۋاشلار مانلارنى بىخەتەر ئۆتكۈزۈشكە يول قويۇش مەسىلىسىدە، ياكى سوۋغات بېرىش، خىراجەت تۆلەشنى تەلەپ قىلاتتىكەن، ياكى بولمىسا، ترانسپورت ئەترەتلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلاتتىكەن. يىپەك يولى جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق كونترول قىلغىنىدىن كېيىنمۇ، بۇ يەردىن ئۆتىدىغان ترانسپورت ئەترەتلىرى يەنىلا قوراللىق قوغداش ئەترەتلىرىنى بىللە ئېلىپ ماڭاتتىكەن. چۈنكى يول ئوتتۇرىسىدىكى بىر قەدەر چۆللىرەك جايلاردا دائىم دېگۈدەك قاراقچىلار ۋە باندىتلار (كۆپىنچە تېغى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان تاغلىقلار) ئۇچراپ قالاتتىكەن. بۇلار قورۇقلۇق ترانسپورتنى ناھايىتى يۇقىرى بەدەل تۆلىمىسە بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل ئەھۋال ئەڭ ئاخىرىدا! دېڭىز ترانسپورتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ قالدى. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ماللارنىڭ باھاسىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. مۇنداقتىمۇ، يىپەك يولى شۇنچە كۆپ پۇتلىكاشاڭ ۋە خەۋپ - خەتەرنىڭ بولۇشىغا قارىماي، كۈنسېرى داۋاملىق گۈللەپ - ياشناپ ئاۋاتلىشىپ كېتىۋېرىدۇ.

رىملىقلار يىپەكنىڭ دەرەختە ئۆسىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. مەسىلەن ئالايلۇق، پلىنىي (Pliny) مۇنداق دەپ يازىدۇ: «جۇڭگولۇقلار دەرەختە قويۇق يۇڭى ئۆستۈرۈپ داڭ چىقارغان. ئۇلار سۇنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، دەرەخ يوپۇرمىقىدىن يۇيۇلغان يۇڭلارنى ئالىدىكەن...» ۋىرجىل (Virgil) «جۇڭگولۇقلار دەرەخ يوپۇرمىقىدىن ئىنچى-

چىكە. يۇمشاق تۇۋىنلارنى قانداق قايرىۋالىدىغاندۇ؟» دەپ يازغان. جۇڭگولۇقلار يىپەكنىڭ سىرىنى گەرچە مىڭ يىل ئۇزۇن ساقلىغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ يىپەكلىرىنى سېتىپ چىقىرىشنى ئالايدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يىپەكنىڭ رىۋايەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تالاشمىسى كەلمىگەن. ئۇلاۋ-سودا ئىشلىرىدىكى بۇ خىل مەنپەئەتدارلىق يوقىتىشنى ساقلاپ قېلىشقا بەل باغلىغان ھەمدە ھەقىقەتەن چارە ئىزدەپ. يىپەكچىلىك سودىسى بىلەن ئالتە ئەسىر شۇغۇللانغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئازەردەشت دىنىنىڭ بەزى مۇرىتلىرى يىپەك تۇخۇمىنى ئىچى كاۋاك ياغاچ ھاسىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ، جۇڭگودىن تۇنجى قېتىم ئىستىقامەت دەرگاھىغا ئاپارغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ سىر بېشىلگەن.

رىملىقلار ئىچىدە بۇرۇن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بۇنداق نەرسىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەنلەر رىم گېنېرالى ماركۇس لىسىنىيۇس كراسسۇس (Marcus Licinius Crassus)نىڭ يەتتە جۇنتۇەنى بولۇپ، ئىش مۇنداق بولغان: مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 53 - يىلى ئۇلار ئېفىرات دەرياسىدىن ئۆتۈپ شەرققە يۈرۈپ پارتىيىلىكلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقان چاغدا كاررھاي (Carrhae) دېگەن يەردە قېچىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى پارتىيىلىكلەر تۇساتتىنلا ئاتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ ئۇلارغا بىردەم ئەجەللىك ئوقيالارنى ئاتىدۇ. مۆلدۈردەك تېگىۋاتقان بۇ ئوقيالار رىملىقلارنىڭ قوشۇنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ھەر بىر تال ئوقيا ئوقىدا ئىككى ئادەم يارىلىنىدۇ. باشقا ئادەملەر ئوقيا ئوقىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، قالقانىنى قولىدا تۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، جۇنتۇەنىڭ ئەسكەرلىرى ئەگەر شۇنىڭغا ئۇلاپلا يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ تەسىرىدىگە ئۇچرىمىغان بولسىدى، ئۇلار يەنىلا ئۆز بازىسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ساقلاپ قالغان بولاتتى. پارتىيىلىكلەر قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازدا «قىرايلى» دەپ توۋلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يىپەكتىن ياسالغان چوڭ بىر بايراقنى ئۇشتۇمتۇت لەپىلدىتىشكە باشلايدۇ. كۈن نۇرىدا چاقناپ تۇرغان بۇ بايراقنىڭ شانلىق نۇرى ھالى خارابلىشىپ، پاتىپاراقچىلىق ئىچىگە چۈشۈپ قالغان دۈشمەنلەرنىڭ يۈزىدە جىلۋە قى-

لىندۇ. ئۇ چاغدىكى رىم لەشكەرلىرى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بۇنداق ھەرىسىدىن قورقۇپ كېتىپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، پەرىشان ھالەتتە قېچىپ ماڭىدۇ ۋە 20 مىڭغا يېقىن جەسەتنى جەڭ مەيدانىدا قالدۇرۇپ كېتىدۇ.

رىملىقلار پارتىيىلىكلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى ناھايىتى تار، دۇنيانىڭ ئۈستىگە ئۆزۈشخۇمار بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى تازا ئوبدان بىلەتتى. ئۇلارنىڭ مۇنداق بولۇشتىكى يىپەكنىڭ، مىزدەك سوپسىزلىك كەلگەن، كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان نەرسىنى كەشىپ ياكى ئىجاد قىلالىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنداق بولسا، ئۇلار بۇنى نەدىن تاپقاندۇ؟

رىمنىڭ ئاخبارات خادىملىرى بىزنىڭ كېلىش مەنبەئىنى يەنى ئۇنى يىراق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەنە بىر چېتىدە ئولتۇراقلاشقان سىرلىق مىللەت — «يىپەكچى خەلق»تىن ئالغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا بىلىۋالىدۇ. چۈنكى خەن ۋۇدى دەسلەپكى مەزگىللەردە ئەۋەتكەن بىر سودا ئەلچىلەر ئۆمىكى، جاڭ چيەن ماڭغان يولنى بويلاپ يىراقلارغا بېرىپ، پارتىيىلىكلەر تۇرغان يەرلەرگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن ۋە ئۇ يەردە زور مىقداردىكى يىپەكنى بىر دانە تۆگە قۇشى بىلەن بىرقانچە سەرۋارلارغا تېگىشكەنىكەن. جۇڭگولۇقلارنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، بۇ ئىككى نەرسە شۇ چاغدىكى پەغپۇرنى ئىنتايىن خۇشال قىپتىكەن.

رىملىقلار قارىسا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان، تۇتسا ناھايىتى يىزى-ران بىلىنىدىغان بۇ خىل يېڭى مالغا بىر ئامال قىلىپ ناھايىتى تېزلا ئېرىشىپتۇ ھەمدە ئۇلار تەقەززالىق بىلەن بىزنىڭكىگە تېخىمۇ كۆپرەك ئېرىشمەكچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيىلىكلەرمۇ بۇ خىلدىكى يېڭى سودىدا بىدىكىلىك قىلسا تېز بېيىغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يىپەك رەختلەردىن كىيىم كىيىش رىمدىكى ئەر - ئاياللارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. مىلادى 14 - يىلغا كەلگەندە بۇ خىل ئادەت ئىنتايىن يۇقىرى پەللىگە تەرەققىي قىپ-

تۇ. تىبېرىيۇس (Tiberius) بۇ نەرسىنىڭ كىشىلەرنى چۈشكۈنلەشتۈ-رۈپ يۇبېرىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، كىشىلەرنىڭ بۇنداق رەختتىن تى-كىلگەن كىيىملەرنى كىيىشىنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈ-رۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىلىنىنى ماقالە يېزىپ، بۇ خىلدىكى سۈزۈك كىيىملەرنى ئەيىبلەپتۇ. ئۇ بۇنى ئاياللارنى يالىڭاچ قىلىپ قو-يىدىغان كىيىم دەپ ھېسابلاپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە رىم ئاياللى-رىنى، ئۇلارنىڭ يىپەككە بولغان قىزىقىشى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى قۇ-رۇتىۋېتىپ قويىدۇ، دەپ ئەيىبلەپتۇ.

ئەمما بۇ خىل سودا ھۆكۈمەت تەرىپىنىڭ قارشى تۇرغىنىغا قارى-ماي، داۋاملىق گۈللىنىپ بېرىۋېرىپتۇ. مىلادى 380 - يىلى، بىر تارىخ-شۇناسنىڭ خاتىرىسىدە ئېيتىلىشىچە، بىر مەھەل پەقەت ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كىيىشى بىلەنلا چەكلەنگەن يىپەك ھازىر بارلىق سىنىپلار ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كەتكەنىكەن. ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكىلەرمۇ بۇنىڭ سىرىدا ئەمەس ئىكەن. ئىگىلىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ باھاسى ناھايىتى قىممەت بولۇپ، ئۇنى قولدىن-قولغا ئۆتكۈزۈشلا ئۇنىڭ ئېغىرلىقىغا باراۋەر كېلى-دىغان ئالتۇنغا تېگىشلىك بولىدىكەن. گەرچە بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى-نىڭ بۇ سۆزگە ئانچە ئىشەنگىسى كەلمىسىمۇ، مەيلى قانداقلا بولسا بول-سۇن، رىم ئەينى ۋاقىتتا يىپەكنى ئالتۇن بېرىپ سېتىۋالىدىكەن، شۇڭا ئېھتىياجنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل سودا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىشقا باشلىغانىكەن. كۈندىن-كۈنگە گۈللەپ - ياشناۋاتقان يىپەك يولىنىڭ پايدىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرىدىكى ئادەملەرنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كەتكەن، يىراقتىكى جۇڭ-گو توقۇمىچىلىرى بۇنىڭدىن ھېچقانچە پايدا كۆرەلمىگەنىكەن.

بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنقى مىلادى I ئەسىردە، نەزەر دائىرىسى ئېچىلىپ قالغان بەزى رىم سودىگەرلىرى ئاچكۆزلۈكتە ئۇچىغا چىققان پارتىيىلىك-لەرنىڭ ئارىلىقتىن پايدا ئېلىپ كېتىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرى-نىڭ سودا ۋەكالەتچىلىرىنى يېڭى لىنىيە توغرىسىدا ئىزدىنىشكە ئەۋەت-كەن. مىلادى II ئەسىرگە كەلگەندە، چوڭ - چوڭ بوپا قىلىپ ئورالغان

يىپەكلەر ھىندىستاندىن دېڭىز يولى ئارقىلىق رىمغا توشۇلۇشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇرغۇن چىقىمنى تېجەپ قالغانىكەن. پاتىمىيالىقلار ئۆزىنىڭ مەنپەئەتدارلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دېڭىز يولىنىڭ خەتەرلىكلىكىگە دائىر قورقۇنچلۇق سۆز - چۆچەكلەرنى كۆپلەپ تارقاتقان. غەربكە ئەۋەتىلگەن جۇڭگو ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئىچىدە كەمدېڭەندە بىرىنىڭ بۇ سۆز - چۆچەكلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قورقۇپ كېتىپ دېڭىز يولىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم.

ئەمما يىپەك يولىدا توشۇلىۋاتقان ماللار ھەرگىزمۇ پەقەت يىپەك بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. جۇڭگوغا كېتىۋاتقان ترانسپورت ئەترەتلىرى ئالتۇن ۋە باشقا قىممەت باھالىق مېتاللارنى، قوي يۇڭى ۋە ئاق كەندىردىن توقۇلغان بۇيۇملارنى، پىل چىشى، مارجان، كەھرىۋا، مەرۋايىت، تاشباختا ۋە جۇڭگو 5 - ئەسىرگە كەلگەندىمۇ ياسىيالمايۋاتقان ئەينەك قاتارلىقلارنى لىقمۇلىق قاچىلاپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە. جۇڭگودىن يولغا چىققان ترانسپورت ئەترەتلىرى يۇڭ - تېرە، ساپال قاچىلار، تۆمۈر جابدۇقلار، سىرلىق ئەسۋابلار، قوۋزاق دالچىن ۋە رەۋەن ھەمدە بەلباغ تۆكمىسىگە ئوخشاش مىستىن ياسالغان بۇيۇملار، قورال ۋە مىس ئەينەك قاتارلىقلارنى قاچىلاپ ماڭاتتى. بۇ ماللارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاخىرقى نىشانغا يېتىپ بارالمايتتى، ئۇنىڭ كۆپىنچىلىرى يول ئۈستىدىكى بازارلاردا باشقا نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇلاتتى ياكى بولمىسا سېتىۋېتىلەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئورنىغا قاشتېشىدىن ياسالغان جابدۇقلار ۋە باشقا ماللارنى قاچىلاپ ماڭاتتى. چۈنكى بۇ نەرسىلەرنى تېخىمۇ يىراق يەرگە ئاپارسا، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ پايدا ئالغىلى بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر 9 مىڭ مىل كېلىدىغان پۈتۈن مۇساپىنى تولۇق بېسىپ يەنە قايتىپ كېلەلىگەن ترانسپورت ئەترەتلىرى بار دېيىلىدىغان بولسا، ئېھتىمال ئۇلارنىڭ سانىمۇ بىر قانچىلا بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا رىملىقلار بىرەر جۇڭگولۇق سودىگەرلەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش چاڭئەندىمۇ رىمدىن كەلگەن بىرەر سودىگەر يوق ئىدى. پاتىمىيالىقلارنىڭ مەنپەئەتى-

دىن ئېيتقاندا، ئۇلارمۇ بۇنداق ئەھۋاللىق پەيدا بولۇپسا ھەرگىز يول قويمايتتى. بەزى تاۋارلار ئۇلارنىڭ زېمىنىدىن ئۆتەتتى، ئەمما ئۇلار بۇ تاۋارلارنى قوبۇل قىلغۇچىلارغا ھەر خىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ تىز يۆت- لەپ، ئۇنىڭ ئەسلى باھاسىنى ئۇقتۇرمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈك توشۇ- غۇچى ھايۋانلارمۇ، مەسىلەن، تۆگە، ئات، قېچىر، ئېشەك، توپاي ھەممە پامىر ۋە قارا قۇرۇم تېغىنىڭ ئېغىزىدىن ئۆتكەندە ئىشلىتىلمەيدىغان قو- تازلارمۇ بۇ مۇساپىنى تولۇق مېڭىپ بولالمايتتى. ترانسپورت ئەترەتلىرى- دە، بەلگىلەنگەن قونالغۇ جايلارغا بارغاندا يۈك توشۇغۇچى ھايۋانلارنى يەڭگۈشلەش تۈزۈمى بار ئىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ھەر يىلى مىڭ- لىغان، ئونمىڭلىغان ئات - قېزلاغىلار ھېرىپ ماغدۇردىن كېتىپ، مۇشۇ قورقۇنچلۇق يولدا ئۆلۈپ كېتەتتى.

ئاسىيانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ ئۇزۇن يولدا توشۇلۇۋات- قان تاۋارلار ئىچىدە، يىپەككە قارىغاندا تېخىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر نەرسە بار ئىدى. بۇ نەرسە يالغۇز جۇڭگونىڭلا ئەمەس بەلكى پۈتكۈل يىراق شەرقنىڭ سەنئىتى ۋە ئىدىيىسىنى ئىنقىلابىلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغانىدى. ئۇ بولسىمۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردە، ھىندىستان- نىڭ شەرقىي شىمال قىسىمىدا دۇنياغا كەلگەن بۇددا دىنى ئىدى. ئۇ مۇ- لايىملىق ۋە سىپايىلىقنى ئۆزىنىڭ دىنىي ئەقىدىسى قىلغان بولۇپ، جان- لىقلارنىڭ ھەممىسىگە ھېسداشلىق قىلىش ۋە ئىچ ئاغرىتىشنى تەرغىب قىلاتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردە، پادىشاھ ئاشوكا (Asho ka) بۇددا دىنىغا كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھىندىستاننىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان پادىشاھلىق دۆلىتى بۇددا دىنىنى قانۇنلۇق دىن قىلىپ بەلگىلەيدۇ. بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا ئەڭ دەسلەپتە تارقال- غان ۋاقتى مىلادى I ئەسىر بولۇپ ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، خەنمىڭدى بىر قېتىم بىر چۈش كۆرۈپتۇ، ئۇ چۈشىدە بېشىغا پارقىراق چەمبەر سېلىن- غان ئالتۇن رەڭلىك بىر بۇتنىڭ ئۇنىڭ خانىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىرلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنى بۇنىڭ مە- نىسىنى يېشىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىرلەر ئەتراپلىق، تەپسىلىي ئويلا-

ھاندىن ۋە مۇسۇلمانلاشقاندىن كېيىن، پادىشاھ چوقۇم بۇددا (سەكيامۇنى) نى كۆرۈپتۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىشىدۇ (ئۇ چاغدا جۇڭگولۇقلارمۇ بۇ خىل يېڭى ئېتىقاد ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغانىكەن). شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسىنى ۋە بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىسىنى تېخىمۇ كۆپرەك تەلەپ ـ تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن، بىر ئەلچىنى دەرھال ھىندىستانغا ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئەلچى ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ ناھايىتى كۆپلىگەن بۇددا دىنى كىتابلىرىنى ۋە بۇتلارنى ئەكىلىپلا قالماستىن بەلكى جۇڭگوغا بىرىپ پادىشاھقا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى خالايدىغان بۇددا دىنىي راھىبلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىپتۇ. بۇ گەپلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما شۇندىن كېيىن، جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان ئارىلىقلىرىدا كېلىپ ـ كېتىپ يۈرگەن پاسىرلارنىڭ ۋە تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار دىنىي كىلاسسىكلارنى ئېلىپ كەلگەندىن سىرت، بۇ خىل يېڭى دىنغا ئائىت نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. بۇرۇن زادىلا ئۇچراتمىغان بۇ نەرسىلەر گۈزەللىك نۇقتىئىنەزەرى كۈچلۈك بولغان جۇڭگولۇقلارنى قالتىس ھەيران قالدۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ئېغىز ـ ئېغىزىغا تەگمەي تەرىپلىشىدۇ.

بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا كىرىشى جۇڭگولۇقلارنى يېڭى بىر دىنغا ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ غەربىي رايون مەدەنىيىتى (Serindian) دېگەن باھاسىغا سازاۋەر بولغان پۈتۈنلەي يېپيېڭى بىر خىل سەنئەتنى پۈتۈن دۇنياغا بەخش ئېتىدۇ. بۇ كىتابتا بايان قىلماقچى بولغان مۇھىم نۇقتا دەل شۇنىڭدىن ئىبارەت. «سېرىندىستان» (Serindian) دېگەن بۇ سۆز «سېرىس» (Seres) (جۇڭگو) دېگەن سۆز بىلەن «ئىندىستان» (India) (ھىندىستان) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، نەزەرىيەجەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ پەقەت ھىندىستان بۇددا دىنىي سەنئىتى بىلەن

جۇڭگو خەن دەۋرى سەنئىتىنىڭ بىرىكمىسىدىنلا ئىبارەت بولۇشقا تېگىش-
لىمەك ئىدى. ئاۋادا كۆككەتاقىشىپ تۇرغان ھىمالايا تېغى جۇڭگو بى-
لەن ھىندىستاننى ئايرىۋېتىپ، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن بىۋاستە
ئۇچراشقىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويمىغان بولسىدى، ئۇچاغ-
دا بۇ سەنئەتنى جۇڭگو بىلەن ھىندىستان سەنئىتىنىڭ بىرىكمىسى دەپ
كېسىپ ئېيتىشقا بولاتتى. بىراق بۇ سىرىپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان بۇتو-
سالغۇ، بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭ سەنئىتىنى جۇڭگوغا يول ئەگىپ كېلىشكە
ھەمدە باشقا ئاللاقىدار تەرەپلەرنىڭ تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز تۇردە قوبۇل
قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ. شۇڭلاشقا بۇخىل يېڭى سەنئەت ھەرگىز
ھىندىستاننىڭ ئۆزىدە پەيدا بولغان بولماستىن، بەلكى ھازىرقى پاكىس-
تاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى پېشاۋار (Peshawar) ئېقىنىغا
جايلاشقان گاندارا بۇددىزىم پادشاھلىقىدا پەيدا بولغان. ئۇ يەردە
باشقا بىر خىل سەنئەت بىرىكمىسى ئاللىبۇرۇن بارئىكەن. بۇ
خىل سەنئەت مىلادى 1 - ئەسىردە ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلەپ
تۇرغان، ئۇلۇغ ياۋچىلار يۇشتىدىن بولغان كۇسەن (Kushans) مىللە-
تى ئەكىرگەن ھىندىستان بۇددىزىم سەنئىتى بىلەن تۆت يۈز يىل ئىل-
گىرى ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسى ئەكىرگەن گرىك سەنئىتىنىڭ بىر-
لەشمىسى ئىدى.

گرېتسىيە بۇددا دىنىي مەزھىپىنىڭ، مۇلداقچە ئېيتقاندا گاندارا
بۇددا دىنىي مەزھىپىنىڭ ئەڭ ئىنقىلابىي ئىجادىيىتى، ئۇنىڭ بۇتىنى ئادەم
شەكلىدە ئوبرازلاشتۇرغانلىقىدا. بۇ دۇنيادىكى سەنئەتكارلارنىڭ بۇددا
(ساكيامونى)نى تۇنجى قېتىم ئادەمنىڭ شەكلىدە سىزىشى بولۇپ ھېساب-
لىنىدۇ. ئىسلاھىيەت نۇقتىسىنەزەرى بويىچە ئېيتقاندا، ھايات - ماماتـ-
تىن خالى ھالەتكە ئىنتىلىش ئاللىقاچان ئىشقا ئاشۇرۇلغان ھەمدە
توختىماي ئايلىنىۋېرىپ نۆۋەت بىلەن قايتىپ كېلىدىغان بۇددالار ئال-
لىقاچان قالمىغانىدى. ئەمما ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۇلار ئىزچىل تۇردە
سىرلىق سىمۋوللاردىن پايدىلىنىپ سىزىلاتتى مەسىلەن ئالايلۇق، بىرەر
ئاياغ ئىزىنى، بىرەر چاقنى، بىرەرتۇپ دەرەخنى، بىرەر ھىندىستان

مۇنارىنى سىزىپ قويۇش ياكى بىر قانچە سانسكرىت ھەرپلىرىنى يېزىپ قويۇش قاتارلىقلار. لېكىن ھەيكەلتىراشلار ياسىغان گاندارا بۇتلىرىنىڭ بولسا، تازا قاملاشقان، سىزىقچىلىرى ئېنىق كەلگەن بۇرنى ۋە قېشى، كېلىشكەن كالپۇكى ۋە دولقۇنسىمان كەلگەن چاچلىرى بار ئىدى. بۇ پۈتۈنلەي قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقىرى، ئۇنىڭ كىيىۋالغىنى بېلىنى ئورايدىغان رەخت ئەمەس بەلكى يەڭگىل، كەڭ - كۇشادە كەلگەن چوڭ يەكتەك بولۇپ، بۇمۇ ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى كافكازلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ روشەن ئالامىتى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ قاپىقى ساڭگىلىغان، قۇلاق مېڭىسى ئۇزۇن سوزۇلغان، يۈزى دومىلاق، سېمىز ھالەتتە بولۇپ، بۇمۇ ھىندىستاننىڭ رەسىم سىزىش ئۇسلۇبىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىناتتى. قۇلاق مېڭىسىنىڭ ئۇزۇن سوزۇلغانلىقى بۇددانىڭ ناھايىتى ئېغىر، قېتىغا مەرۋايىت ئېسىلمىغان، دېمەك خالى ھېلىقى ھالقىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنىڭ سىمۋولى ئىدى. بۇ خىل ھالقا ئۇنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزلۈكىدىن كونترول قىلىش ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەشكە ئۆزگەرتىشتىن ئىلگىرى، ئۇ يەنىلا شاھزادە تۇرسىگە باي بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا تاقاپ كەلگەن نەرسە ئىدى.

XII ئەسىردە، ھىندىستاندىن گاندارا رايونىغا ئەڭ ئاۋۋال يېتىپ بارغان بەزى غەرب ساياھەتچىلىرى، بۇ خىل سەنئەتنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالغان. چۈنكى بۇ ئۇلار بۇرۇن كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان ھېلىقىدەك زوڭزىيىپ ئولتۇرغان، ئېگىلىشكەن ۋە چىرايىدىن ئازابلانغانلىقى چىقىپ تۇرغان ھالەتتىكى ھىندىستاننىڭ دىنىي سەنئەتكارلىرى سىزىپ چىققان بۇتلارغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇلار مۇزېيلارنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ يىغىپ ساقلاش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، بۇ خىل سەنئەت ئۆرنەكلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن تالىشىش جەريانىدا، نۇرغۇن بۇتخانىلارنى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقى خارابىلىرىنى قورقۇنچلۇق ھالەتتە ۋە تولدۇرۇۋالغۇسىز دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقىمۇ نۇرغۇن تام سۈ-

رەتلىرىنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانىدى. شۇڭلاشقا، بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان گرېتسىيە سەنئەتكارلىرىنىڭ بۇ ئېسىل ئەسەرلىرى يۇنانئەي دېڭىزىدىك شۇ جايدىكى كۈلرەڭ تاشلاردىن ئويۇۋېلىنغان ھەيكەللەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭلاشقا، بۇددا دىنىنىڭ ئىنقىلاب ئۇچقۇرىنى شىمالىي تەرەپتىكى مۇھىم ئېغىز - ئۆتكەللەردىن كېسىپ ئۆتۈپ جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىغا تارقاتقان ھىندىستاننىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەركەزلىرىدىكى بۇددىزم سەنئىتى ئەمەس بەلكى گاندارا سەنئىتى دېيىلىدۇ. ئۇ ئاشۇ يەردىن چىقىپ، ئەلچىلەر ئۆمەكلىرىنىڭ، سودىگەرلەرنىڭ، ساياھەتچىلەرنىڭ ۋە مۇقەددەس جايغا بېرىپ تاۋاپ قىلىپ قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىزلىرىنى قوغلىشىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن يىپەك يولىنى بويلاپ، تەدرىجىي شەرققە قاراپ سۈرۈلىدۇ. يول ئۈستىدە ئۇ يەنە جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا جايلارنىڭ يېڭى تەسىرلىرىنى پەيدىنپەي قوبۇل قىلىدۇ. بۇ يېڭى دىن تەكلىماكان قۇملۇقىنى چۆرىدەپ تۇرغان بوستانلىقلاردىن ئۆتۈپ ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانىدا، يول ئۈستىدىكى بۇتخانىلارنى، ئۆڭكۈرلەرنى ۋە ھىندى مۇنارلىرىنى زور مىقداردا كۆپەيتىپ باردۇ. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى شۇ جايدىكى ھۆكۈمرانلار جەمەتىنىڭ شۇنىداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئامان - ئېسەن بولۇشىنى قىزغىنلىق بىلەن تىلەۋاتقان ھېلىقى ترانسپورت ئەترەتلىرىنىڭ ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلەلىگىنىدىن مىننەتدار بولۇۋاتقان باي سودىگەرلەرنىڭ كۆپلەپ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. كىشىلەر بۇ خىل ھەدىيە قىلىش ۋە ئىئانە بېرىشلەرنى ساۋاپلىق ئىش قىلغانلىق بولىدۇ، ئۇ ساخاۋەتچىلەرنى پانى دۇنياغا يەنە بىر قېتىم كېلىشتىن ساقلايدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا يىپەك يولى بويىدىكى بەزىبىر بۇتخانىلاردىن ۋە ئىلاھ قەسىرلىرىدىن تېپىلغان نۇرغۇن تام سۈرەتلىرىدە سەدىقە بەرگەن ساخاۋەتچىلەر ئىنتايىن ئىخلاسمەن قىلىپ سىزىپ قويۇلغان (بۇ خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى قايتا گۈللەنگەن دەۋرلەردىكى ئەسەرلەردە بولىدىغان ئۇسلۇب ئىدى)، يەنە بەزىلىرىگە ئۇلارنىڭ ئىسمىمۇ يېزىپ قويۇلغان. بۇ خىل

يېڭى دىنىنىڭ ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان ئورنىنى، ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابىنى ۋە مۇقەددەس جايىنى ئىزدەش يولىدا ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بارغانسىرى كۆپەيگەن، يىپەك يولىنى بويلاپ غەربكە قاراپ كېتىۋاتقان تاۋاپ قىلغۇچىلارمۇ بارغانسىرى كۆپەيگەن. ئۇلار گاندارا (ئۇچاغدا ئۇ يەر بۇددا دىنىنىڭ 2 - مۇقەددەس جايى بولۇپ قالغانىدى)غا تۇتىشىدىغان يولدىكى قاراقۇرۇم ۋە پامىر ئېگىزلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن ھىندىستانغا بارغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇ چاغدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى بوستانلىقلارنىڭ شەھەر - بازارلىرىدا مەيدانغا كەلگەن گۈللەپ - ياشنىغان ئاۋات مەنزىرىلەرنى ناھايىتى تەپسىلىي تەرىپلەپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ بالدۇر تەرىپلىگىنى فاشىيەن ئىدى. ئۇ ئۆز سەپىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى پىيادە باسقان بولۇپ ئۇ، مىلادى 399 - يىلى كۆرگەن جەنۇبىي يىپەك يولىدىكى خوتەن پادىشاھلىقىنى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

فاشىيەننىڭ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ساياھەت خاتىرىسى 1869 - يىلى تۇنجى قېتىم ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ ساياھەت خاتىرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ دۆلەت ناھايىتى باياشات ۋە بەختلىك ئىكەن، خەلقى ئىنتايىن باي بولۇپ، ھەممىسىنىڭلا دىنىي ئېتىقادى بار ئىكەن ھەمدە دىنىي مۇزىكىلارغا مەپتۇن بولۇپ كېتىدىكەن. بۇ دۆلەتتىكى راھىبلارنىڭ سانى نەچچە ئون مىڭغا يېتىدىكەن». ئۇ «پادىشاھنىڭ يېڭى ئوردىسى» دەپ ئاتالغان بىر بۇتخانىنىمۇ تەسۋىرلەپ يازىدۇ. ئۈچ پادىشاھنى ئۆتۈپ، 80 يىلدا پۈتكەن، ئالتۇن نۇرى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ھەشەمەتلىك بۇ «يېڭى ئوردا» ئۇنىڭدا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. «يېڭى ئوردا»نىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 250 ئىنگلىزچىسى كېلىدىكەن، تام - تورۇسلىرىغا نەقىش ئىشلەنگەن، سىرتىغا يەتتە خىل گۆھەردىن گۈل چىقىرىلغان بولۇپ، ھەقىقەتەن ئىنتايىن سەلتەنەتلىك، كۆركەم ياسالغانىكەن. مونارنىڭ كەينىگە بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدەك ھەشەمەت زىننەتلەنگەن ئىبادەتخانا تولىمۇ ئاز ئۇچرايدىكەن. ئۇنىڭ لىم - تۈۋرۈكلىرى، ئىشىك - دېرىز-

لىرى فانارلىرىمۇ ئالتۇن رەڭلىك سىردا سىرلانغان بولۇپ، كۆزنى چاق-
ناتتىدىكەن. ئۇلىمىدىكى راھىبلار تۇرىدىغان ئۆيلەرمۇ ئىنتايىن ئۇستىلىق
بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ئۇلىمىدىن بىردىن ئەيىب تېپىش ئەسلا مۇمكىن
ئەمەس ئىكەن. فاشىن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن يەتتە خىل گۆھەر ئالتۇن،
كۈمۈش، يېشىل تاش، خىرۇستال، قىزىل ياقۇت، يېشىل ياقۇت ۋە مارجان ئىكەن.

فاشىن بۇ دۆلەتتە ئۈچ ئاي تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە يېزىلىشى-
چە: «بۇ يەردە 14 چوڭ بۇتخانا بار ئىكەن، كىچىكرەكلىرى تېخى بۇنىڭ
سىرتىدا ئىكەن، ھەر بىر ئىبادەتلىق ئۆينىڭ ئالدىدا بىر مۇنار بار ئىكەن.
ئۇنىڭ ئىچىدە كىچىك دېگەنلىرىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 ئىنگلىزمى-
چىسى ئەتراپىدا كېلىدىكەن». ئۇيەرنىڭ ئادەملىرى مەرد، قولى ئوچۇق،
ئىشچان، مېھماندوست ئىكەن. «ھەممە ئائىلىلەرنىڭ مېھمانلىق ئۆيى بار
ئىكەن، ئۇلار يولدىن ئۆتكەن راھىبلارنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلاپ قويى-
دىكەن. چۈنكى راھىبلار قىممەتلىك مېھمان بولغاچقا، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ
ھەممىسى ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىشقا ھەمدە ئۇلارنىڭ بارلىق ئېھتىياجىنى
تەمىن ئېتىشكە رازى ئىكەن».

ئۇ ئۆزىنىڭ خان جەمەتى قاتناشقان بىر بۇددا بايرىمىغا داخىل
بولغانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «4 - ئاينىڭ بىرىنچى
كۈنىدىن باشلاپ، شەھەردىكى ئاساسلىق كوچىلارنىڭ ھەممىسى پاك -
پاكىز سۈپۈرۈلگەن، شەھەر چېتىدىكى تار كوچىلارمۇ زىننەتلەن-
گەنىكەن. شەھەر دەرۋازىلىرىدا خىلمۇ - خىل زىننەت
بۇيۇملىرى بىلەن بېزەلگەن غايەت چوڭ سارايۋەنلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇر-
ماقتا، پادىشاھ بىلەن خانىش شۇنداقلا بارلىق كېنىزەكلەر ئۇ يەردە
ئولتۇرماقتا. پادىشاھ فاشىننى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ھېلىقى بۇتخانى-
نىڭ راھىبلىرى باشلاپ كېلىۋاتقان ئۇزۇن بىر قوشۇن تىزىلىپ كېلى-
ۋاتقان سەپنىڭ كەينىدىنلا يېتىپ كەلمەكتە. شەھەر سىرتىدىكى بىر
چاقىرىم كېلىدىغان مەنزىرىلىك بىر يەردە ئېگىزلىكى 30 ئىنگلىز چىسى كې-
لىدىغان بىر زىننەت ھاۋۇرىسى ناماييش ئۈچۈن راسلاپ قويۇلۇپتۇ، بۇ ھاۋا-
قارىماققا خۇددى كۆچمە بۇددا ئىبادەتخانىسىغىلا ئوخشاپ قالاتتى.

ھارۋىغا يەتتە خىل گۆھەردىن نەقىش ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە شامالدا لەپىلدەپ تۇرىۋاتقان بايراقلار ۋە گۈل چېكىلگەن يوپۇقلارمۇ بار ئىكەن. بۇ تۆت چاقلىق زىننەت ھارۋىسىغا بىر دانە بۇت قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىگىلا ئىككى نەۋكەر بودىساتتىۋانىڭ ۋە مومانىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان ئىكەن. بۇلارمۇ ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن نەقىشلەنگەن بولۇپ، ئۇلارمۇ ھارۋىدا تىككىدە تۇراتتى.» بۇ سەپمۇ ئاۋامىلىق ئالغا باسماقتا، زىننەت ھارۋىسى شەھەر دەرۋازىسىغا يۈز قەدەمدەك ئارىلىق قالغان يەرگە كەلگەندە پادىشاھ تاجىسىنى ئېلىۋېتىپ، يېڭى كىيىملىرىنى كىيدى. «قولىغا كۆجە ۋە گۈل ئېلىپ ئىككى تەرىپىدىكى نەۋكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يالىڭاياق مېڭىپ، شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقتى.»، «زىننەت ھارۋىسىغا يېقىن كەلگەندە، ئۇ يەرگە چاپلىشىپ ئۇنىڭغا باش ئۇرۇپ سەجدە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن گۈللەرنى چېچىپ، كۆجە ياقتى» بۇ نامايىش مۇراسىمى جەمئىي 14 كۈندىن ئارتۇق داۋاملاشتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ھەر بىر چوڭ بۇتخانا ئۆز ئالدىغا بىر كۈن بايرام قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭمۇ ئۆز بودىساتتىۋاسى ئولتۇرغۇزۇلغان زىننەت ھارۋىسى بولىدىكەن. نامايىش تۈگىگەندىن كېيىن، پادىشاھ بىلەن خانىش ئوردىغا قايتىدىكەن، فاشيەنمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەردىن كېتىدىكەن. ئۇ يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي ۋە غەربىي يوللىرى تۇتاشقان جاي قەشقەر پادىشاھلىقىدىن ئۆتۈپ مۇقەددەس جايغا تاۋاپ قىلىش بولىدىكى سەپىرىنى يەنە داۋاملاشتۇرىدىكەن.

بۇددا دىنىي ئېتىقادى ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان بىر قانچە خىل مەزھەپنى ياكى تارماقنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى غەرب مەزھىپى — جەنتو مەزھىپى بىلەن شەن مەزھىپى ئەڭ ئاخىرى ياپونىيىگە تارقىلىپ بارىدۇ. بۇ ئىككى مەزھەپ ئۇ يەردە تا ھازىرغىچىلىك ئىنتايىن روناق تېپىپ كەلمەكتە. ياپونىيىلىك گاۋجىرۇيچاۋ جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىغا ئۈچ قېتىم يۈرۈش قىلىدۇ. قارىماققا، ئۇ خۇددى ئۇ يەردىكى جەنتو مەزھىپى يوقىتىپ قويغىنىغا ئۇزاق مەزگىل بولغان مۇقەددەس جاينىڭ ئىزىنى ۋە مىراس قالغان نەرسىلەرنى

گىزدىكىلى بارغانىدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە،
گۈنىڭ بۇ ئۈچ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى ئۇلۇغ پۈتۈنلەي كىشىگە
ئېيتقىلى بولمايدىغان مەلۇم بىر مەقسەتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن
قىلىنغانىكەن.

ئىراق بۇددا دىنى ھەرگىزمۇ يىپەك يولى ئارقىلىق جۇڭگوغا كىر-
گەن بىردىنبىر چەت دىن ئەمەس، باشقا ئىككى خىل دىنمۇ ئۇلارنىڭ
سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتى بىلەن بىرگە تەكلىماكاننى چۆرىدىگەن ھالدا
تەكلىنىپ بارغان زەردەشت دىنى بىلەن مانى دىنى ئىدى. دىننىڭ
مۇخلىسلىرى خىرىستىئان بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئادەم، ھەم ئەۋلىيا بولالاي-
دۇ،دېگەن ئۇقتىنەزەرنى ئىنكار قىلغانلىقتىن، مىلادى 432 - يىلى
غەربتىكى ئېفېسوس (Ephesus)تا چاقىرىلغان دىني كېڭەش تەرىپىدىن
سۈرگۈن قىلىنىدۇ. بۇ مەزھەپتىكى نۇرغۇن مۇخلىسلار شەرقتىكى ساسانىيەن
(Sassanian) سۇلالىسىغىچە يەنى ھازىرقى ئىرانغىچە قېچىپ بارىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دىن تارقىتىشنى قوشۇمچە كەسىپ قىلغان سودىگەر-
لەر ئۇيەردىن ئۆزلىرىنىڭ دىني ئېتىقادى ۋە سەنئىتى بىلەن بىرگە جۇڭگوغا
كېلىدۇ. مىلادى 638 - يىلى چاڭئەندىكى تۇنجى قېتىم سېلىنغان زەردە-
شت دىني چېركاۋىدا تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇ دىن يى-
پەك يولىنىڭ شىمالىي يولى ئارقىلىق بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ،
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇرغۇن بوستانلىقلاردا زەردەشت دىنىنىڭ
جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى قۇرۇلىدۇ. ئاشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى-
دا، تۇرپاندىن ۋە دۇنخۇاڭدىكى مەخپىي ئۆيدىن زەردەشت دىنىغا دائىر
قول يازما ئورىگىنالىلار ناھايىتى كۆپ تېپىلىدۇ. چۈنكى زەردەشت دىنى-
نىڭ نۇرغۇن مۇخلىسلىرى ھەم دىن تارقىتىش بىلەن، ھەم سودىگەرچىلىك
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، زەردەشت دىنىنىڭ دىني ئەقىدىلىرى
ئاخىرى ترانسپورت ئەترەتلىرى بېسىپ ئۆتكەن جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا-
سىدىكى ھەر قايسى يوللاردا يىلتىز تارتىپ قالىدۇ. شۇنداقلا ئۇ يەنە
جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ شىزاڭغا كىرىدۇ. مەيلى مىلادى 845 - يىلى جۇڭ-
گونىڭ تاڭ سۇلالىسى ئېلان قىلغان چەتتىن كەلگەن بارلىق دىنلارنىڭ

ـھ ئىگىۋالىغۇچىلىرىنى قاتتىق مەنئىي قىلىش تۈزۈمىسەۋەبىدىن يوقىلىش ئۈزىرىگە-
لىرى بولسۇن ياكى سولىسا، XI ئەسىردىكى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ
مۇرىتلىرىدىنىڭ جەڭگىۋارلىق ئوتتۇرا ئاسىياسىغا قىلغان ئاتلىق يۈرۈ-
شلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋ-
ېتەلمىگەنىدى. ۋېنتسىيەلىك سايياھەتچى ماركوپولو XIII ئەسىرنىڭ ئا-
خىرقى يىللىرىدا، قەشقەر بىلەن خوتەنلەردىن ئۆتكەن چاغدا ئۇ يەردە ئۇ-
زۇن زەردۇشت دىنىي مۇخلىسلىرىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان.

مانى دىنى مىلادى III ئەسىردە پېرسىيە دېگەن جايدا پەيدا بول-
غان. ئۇ ئۆزئارا قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى دىنىي ئەقىدە — يو-
رۇقلۇق (روھى) بىلەن زۇلمەت (تېنى) — ئاساسىغا قۇرۇلغان. مانى
دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى مىلادى V ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، غەربتى-
كى خىرىستىيان دىنىي مۇخلىسلىرىنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكى تۈپەي-
لىدىن شەرققە قاراپ قېچىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا-
سىغا ۋە جۇڭگونىڭ ئۆزىگە يېتىپ كەلگەن ھەمدە سۈي (518 — 618)
ۋە تاڭ (618 — 907) سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۆيەردە ناھايىتى مۇستەھكەم
ئورۇن ئىگىلىگەن. تاكى گېرمانىيىلىكلەر تۇرپان رايونىدا مانى دىنىنىڭ
بارلىق كىتابلىرىنى قېزىشقا باشلىغانغا قەدەر، بىز ئۇنىڭ يارما ھۆج-
جەتلىرى توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيتتۇق. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر ئۇنىڭ-
غا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، ئاساسلىقى ئۇنىڭ دۈشمەنلى-
رى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاتاقلىقى دانىشمەن ئاۋگۇستىن يازغان ئىنكا-
يەن ئۆچمەنلىك كەيپىياتىغا تولغان بەزىبىر خاتىرىلەرنى كۆرۈش ئارقى-
لىق بىلىۋالغانىدى.

ئۇيغۇر تۈركلىرى مىلادى 762 - يىلى ئوپچۇرسىدە، تاڭ سۇلا-
لىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەننى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان ۋاقىتىدا مانى دىنى
بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىغان. كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ئۇنىڭ مۇرىتلىرىغا ئايلانغان. يات دۆلەتنىڭ بۇ غەلىتە دىنى ئۆزئارا
توقۇنۇشۇپ تۇرغان خىرىستىيان دىنى بىلەن پېرسىيە دىنىدىن كېلىپ
چىققان يېڭى بىر خىل دىن بولۇپ، ئۇ مىلادى X ئەسىرگە كەلگەندە

ئومۇمیۈزلۈك راۋاج تاپقان. شۇنىڭدىن كېيىن خارابىلىشىشقا باشلىغان،
ئەڭ ئاخىر جۇڭگودا ئۇنىڭ نامى ئۆچكەن. ئۇ يىپەك يولىنىڭ غەربىي-
دىكى بوستانلىقلاردا غەرب دولقۇنى سىياقىدىكى ئىسلام دىنى تەرىپى-
دىن سىقىپ چىقىرىلغان ۋە يوقىتىلغان. تېخىمۇ يىراق بولغان شەرقىي
قىسمىدا بولسا ئۇنىڭ ئورنىنى بۇددا دىنى ئىگىلىگەن. كېيىنكىسى توغ-
رىسىدىكى ئىسپاتلارنى تەكلىماكاننىڭ شەرقىي شىمال چېتىدىكى قاراغو-
جا دېگەن يەردىن تاپقىلى بولىدۇ. ئالبېرت فون لېكوك ئۇ يەردە كېيىن-
كى مەزگىللەردىكى بۇددا دىنى تام سۈرەتلىرىنىڭ گۈزەل مانى دىنى تام
سىزەتلىرى ئۇسلۇبىنى ئۆزىنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ تۇرغانلىقىنى بايقىغان.
گەرچە زەردۇشت دىنى بىلەن مانى دىنىنىڭ سەنئەتكارلىرى ئۆزلىرىنىڭ
زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا ئوخشاشلا ناھايىتى مول دەلىل - ئىس-
پاتلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەيلى قانداقلا بولمىسۇن،
يىپەك يولىدا ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ چىداملىق ئۆچمەس ئەسەرلەرنى قال-
دۇرۇپ قويغىنى يەنىلا بۇددا دىنى سەنئىتىدۇر.

يىپەك يولىدىكى سەنئەت ۋە مەدەنىيەت، دەل جۇڭگونىڭ باشقا
جايلىرىدىكىگە ئوخشاش، ئادەتتە جۇڭگونىڭ «ئالتۇن دەۋرى» دەپ قا-
رىلىۋاتقان تاڭ سۇلالىسى (907 — 618) دەۋرىدە پارلاق نۇر چاچىد-
غان ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىق ۋە خا-
تىرجەملىكنى ئۆزىگە روشەن بەلگە قىلغان بۇ يىللاردا. پادىشاھلىقنىڭ
ھەممىلا يېرىنى گۈللەپ-ياشنىغان ئاۋات مەنزىرە قاپلىغانىدى. ئاسىيا-
دىكى رىم دەپ ئاتالغان شۇنداقلا يىپەك يولىنى ساياھەت قىلىدىغانلار-
نىڭ يولغا چىقىش نۇقتىسى بولغان پايتەخت چاڭئەن، يەر شارىدا ئەڭ
گۈزەل بولغان دۇنياۋى خاراكتېرلىك پايتەخت شەھەرلەرنىڭ بىرى ھې-
سابلىناتتى. مىلادى 742 - يىلى ئۇنىڭ نوپۇسى 2 مىليونغا يېقىن
كېلەتتى (745 - يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش بويىچە، جۇڭگونىڭ ئومۇمىي
نوپۇسى 25 مىليون بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نوپۇسى 500 مىڭدىن
ئاشىدىغان شەھەردىن تەخمىنەن 25 شەھەر بار ئىدى). جۇ، چىن ۋە
خەن سۇلالىلىرىنىڭ ھەممىسىلا پايتەخت قىلغان چاڭئەن شەھىرى ئۇ چاغدا

كەڭلىكى ئالتە مىڭ كىلومېتىر چىلى، ئۇزۇنلۇقى بەش مىڭ كىلومېتىر چىلى كېلىدىغان، تۆت ئەتراپى ناھايىتى چوڭ سېپىل بىلەن ئورالغان چوڭ شەھەرگە ئايلانغان بولۇپ، شەھەر دەرۋازىلىرى كېچىسى تاقىلىپ، كۈندۈزى ئېچىپ قويۇلاتتىكەن. ئۇلار چەت ئەللىكلەرنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالاتتىكەن. شۇ چاغدا تەخمىنەن ۋمىلىق چەت ئەللىك شۇ يەردە تۇراتتىكەن. مەيلى زەردەشت دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى، مانى دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى، بىرىسمىيە دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى، ھىندى دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ۋە يەھۇدى دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزلىرىنىڭ چېركاۋلىرىنى، بۇتخانىلىرىنى ئەركىن قۇرۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئەركىن جەم بولۇشىغا يول قويۇلاتتىكەن. ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ساياھەتچىلەر سېپىل ھەر كۈنى شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈركلەر، ئىرانلار، ئەرەبلەر، كانكېيلىكلەر، موڭغۇللار، ئەرمېنىيىلىكلەر، ھىندىلار، كورىيانلار، مالايالىقلار ۋە ياپونلۇقلار بار ئىكەن. ئۇلار ھەر خىل كەسىپكە ۋە خىزمەتكە ۋەكىللىك قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سودىگەرلەر، پاستىرلار، مۇقەددەس جايغا تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئەلچىلەر، ئۇسسۇلچىلار، مۇزىكانتلار، يازغۇچىلار، مەرۋايىت سودىگەرلىرى، ھاراق سودىگەرلىرى، ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە داڭلىق سەنئەتكارلار بار ئىكەن. پۈتۈن ئاسىيادىن سېھىرگەر، ئۇسسۇلچى، ئارتىس ۋە ئويۇن قويغۇچى بولۇشقا يىغىلىپ كېلىدىغان ئاشۇ پەتەكلەر جوڭگولۇقلار ئارىسىدا ئالاھىدە ئالقىشقا سازاۋەر بوپتىكەن. يىپەك يولىدىكى يىراق شەھەر - بازارلاردىن ۋە ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇزىكا ئەترەتلىرى بۇ يەردە ئوردا ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز بەزمە قىلىپ بېرىدىكەن.

چاڭئەن شەھىرى يېنىدا تېپىلغان ئەينى چاغلاردا قەبرىلەرگە كۆمۈۋېتىلگەن ساپال قونچاقلار ئاشۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە كەسپىنىڭ روشەن ۋە ئىشەنچلىك خاتىرىسى ئىدى. دەپنە بۇيۇملىرى قىلىنغان بۇ ساپال قورچاقلارنىڭ بەزىلىرى بەئەينى چەت ئەللىك قىلىپ ئويۇلغانىكەن. شۇڭا ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇلارنىڭ ئىرقى ۋە دۆلەت تەۋەلىكىنى ئاشۇ ساپال قورچاقلارنىڭ چىرايىغا ۋە كىيىم - كېچەكلىرىگە

قاراپ ھۆكۈم قىلماقتا. ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ساياھەتچىلەر سىپىدىن باشقا يەنە ھەر كۈنى ئۇرغۇلىدىغان زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى ۋە كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر پايتەختتىكى ئۇرغۇن بازارلارغا سېلىنىدىكەن. يىپەك يولى ئارقىلىق توشۇپ كېلىنگەن تاۋارلار ئىچىدە پەرداز بۇيۇملىرى، ئاز ئۇچرايدىغان ئۆسۈملۈكلەر (جۈملىدىن زەپەر)، دورىلار، پۇراقلىق ئۆسۈملۈكلەر، ھاراق، خۇشپۇراق ماتېرىياللىرى، سەندەل ياغىچى، كىتابلار ۋە ئىشلەنگەن گىلەم قاتارلىق ناھايىتى نۇرغۇن ئاجايىپ نەرسىلەر بولىدىكەن. مۇزدىكىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان قىلىپ كۆندۈرۈلگەن فەرغانىدىن كەلتۈرۈلگەن بەزىبىر «تۇلپارلاردىن» باشقا يەنە توز، شاتۇتى، لاچىن، بۈركەن. ئوۋ ئىتى، بەزى چاغلاردا يەنە شىر، يىلپىزلار ۋە جۇڭگولۇقلار ئۇچۇن ئېيتقاندا ئىككى پۈتلۈق غەلىتە نەرسە — تۆگە قۇشمۇ بولىدىكەن. VII ئەسىردە كېيىنكىسىدىن ئىككىنى ئەكەلتۈرۈپتىكەن. كىشىلەر دەسلەپتە ئۇنى «يوغان قۇشقاچ» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىن ئۇنى پىرسىيىلىكلەرنىڭ ئاتىغىنى بويىچە «تۆگە قۇش» دەپ ئاتاپتۇ. ئۇنىڭ بىرى كۆلدە 00: چاقىرىم يول يۈرەلەيدىكەن ھەمدە پولات - تۆمۈرنىمۇ ھەزىم قىلالايدىكەن دېگەن گەپلەرمۇ بوپتىكەن.

جۇڭگولۇقلار بۇ غەلىتە ئىمپورت بۇيۇملىرىغا نىسبەتەن شۇنچىۋالا ئاچكۆزلۈك قىلىپ تۇرۇپمۇ، چەت ئەللىكلەرنى يەنىلا بىردەك «ۋەھشىلەر» ياكى «مەدەنىيەتسىز ئادەملەر» دەپ ئاتايدىكەن. چۈنكى ئۇلاردا ئىستىنلىك تۇيغۇسى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن بولغاچقا، چەتتىن ئەكەلگەنلەرنى پەقەت كۆزگە ئىلماي كەلگەنىكەن. خان ئوردىسى چەت ئەل ھۆكۈمرانلىرى ئەكەلگەن سوۋغاتلارنى خىراج تۆلىگەنلىك دەپ قاراپ، زىيارەتكە كەلگەن چەت ئەل خان - پادىشاھلىرىغا ياكى ئەلچى - ۋەزىرلەرگە ئۆزىنىڭ بېقىندىسىدەك مۇئامىلە قىلارىكەن.

تاڭ سۇلالىسى مەزگىللىرىدە، يىپەك يولى بىر مەھەل ئالتۇن دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن. ئەمما سۇلالىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئاساس-

لىق ئۇدا يوللىرىنىڭ تەقدىرى بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق بولغاچ-
قا، بۇ سۇلالىلەر خارابلىشقىنىدا يۈزلەنگەن چاغدا يىپەك يولىدىكى
مەدەنىيەتمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ خارابلىشىشقا باشلىغان. مانا بۇ ئىز-
غىن شەھەر - بازارلارنىڭ ئۇلاردىكى ئىمارەتخانا، بۇتخانا ۋە بەدىئىي
ئەسەرلەر بىلەن بىرگە ئەڭ ئاخىر يوقىلىپ كېتىشىنىڭ جەريانى ئىدى.
ھەقىقەتەنمۇ، بۇ شانلىق دەۋرنىڭ بارلىق ئىزلىرى بىر مەھەل ئۈزۈل-
كېسىل غايىپ بولۇپ كېتىپ، تاكى 19 - ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن
يېڭىباشتىن تېپىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يىپەك يولىدىكى مەدە-
نىيەتنىڭ خارابلىشىپ قېلىشىدىكى سەۋەب كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ.
ئۇنىڭ خارابلىنىش جەريانىمۇ بىرقانچە ئەسىرنى باشتىن كەچۈرگەن.
لېكىن بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب ئىككى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، بوس-
تانلىقلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇزلۇقلار كۈندىن - كۈنگە قى-
رۇپ كەتكەن: يەنە بىرى، ئىسلام دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىدىن بولغان
پالۋانلار ناھايىتى يىراقتىكى ئەرەبتىن تۇيۇقسىزلا يېتىپ كەلگەن
ئۇلار قوللىرىغا قىلىچ ئېلىپ. كىشىلەرنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش-
كە مەجبۇرلىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادا تارىخ مەيدانىغا كېلىشتىن بۇرۇنقى جاھالەت
دەۋرىدە، ئىنسانلار تۇنجى قېتىم تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى بوستانلىق-
لارغا كۆچۈپ بارغاندىن تارتىپ، ئىزچىل تۈردە ھاياتلىق ئۈچۈن كۈ-
رەش قىلىدۇ. ئۇلار يالغۇز بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا ئادەتلەنگەن
ھونلارغا، شىزاڭلىقلارغا ۋە باشقا مىللەتلەرگە تاقابىل تۇرۇپلا
قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئاچارچىلىق ئېلىپ كېلىۋاتقان
ئۆلۈمگىمۇ تاقابىل تۇرىدۇ، شۇڭلاشقا. ئەگەر ئېگىز تاغلاردىن شارقىراپ
چۈشۈپ، قۇملۇقلارغا قۇيۇلىدىغان ھېلىقى دەريا ئېقىنلىرى
بولمىغان بولسا. ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان بۇ چۆللۈك-
تە ھايات كەچۈرۈش زادىلا مۇمكىن بولمايتتى. بوستانلىقلاردىكى خەلق-
لەر ئۆزلىرى كۆڭۈل قويۇپ بەرپا قىلغان سۇغىرىش سىستېمىلىرى ئارقى-
لىق. بۇ دەريا سۇلىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغان، شۇنداق

قىلىپ ئۇلار يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى قامداشنى ئىشقا
ئاشۇرغان. ئاۋادا، بۇ سۇغىرىش سىستېمىلىرىغا مەيلى قانداق سەۋەب
بىلەن بولسۇن، مەيلى ئۇزاق ۋاقىت ياكى ۋاقىتلىق بولسۇن، سەل
قارىلىدىغانلا بولسا ياكى دەخلى قىلىنىدىغانلا بولسا، ئۇ چاغدا
ھەر ۋاقىت پەيت كۈتۈپلا تۇرىۋاتقان قۇملۇقلار ئۇنى ناھايىتى تېزلا
ئۆزىگە قوبۇل قىلىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بوستانلىقلار تاشلىۋېتىلەت-
تى، كىشىلەرنىڭ ماكانلىرىمۇ ئانچە ئۇزۇنغا قالماي قۇملۇقلارنىڭ
ئاستىدا قالاتتى. مىلادى III ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، جۇڭگو يې-
پەك يولىنى ۋاقىتچە كونترول قىلالماي قالغانلىقى ئۈچۈن، نىيە دېگەن
بۇ شەھەر شىزنداق قىلىپلا «ئۆمرى تۈگەپ، ياتار يېرىنى تاپقان» ئىدى.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ناھايىتى تېزلا تەكلىماكان قۇملۇقىغا يەم بولغان
ئىدى.

ئەمما ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ سۇنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ۋە
كونترول قىلىشقا قانچىلىك ماھىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇغراپىيە
جەھەتتە پەيدا بولىدىغان ئۆزگىرىش ئۇلارغا رەھىم قىلمايتتى. چۈنكى
ئۇلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشىدىكى يۆلەنچۈكى بولغان ھېلىقى دەريا ئېقىن-
لىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان مەنبە — ئېگىز تاغلاردىكى مۇزلار كۈن-
سېرى تارىيىپ ۋە قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. دەريانىڭ مۇز تۇتۇش مەركىزى-
دىلا باشلىنىدىغان بۇ جەريان، تارىم ئويمانلىقىغا ئېقىپ كىرىدىغان
سۇنىڭ مىقدارىنى ئىزچىل تۈردە كېمەيتىپ باراتتى. لوپنۇر كۆلى
ئەتراپىدىكى روۋەن دېگەن جاي كۆنچى دەرياسى بويىدىكى ئەڭ ئاخىر-
قى بىر بوستانلىق بولۇپ، ئۇ دەريا مىلادى III ئەسىردىمۇ ئىزچىل
شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. ئەمما IV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە،
دەريا ئېقىمى تەدرىجىي كىچىكلەپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ بوستانلىقمۇ ئاخى-
رى بېرىپ ھېچ نەرسە يوق قاقاس چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتكەن. بەزى
بوستانلىقلار بەزى چاغلاردا دەريا ئېقىنلىرىنىڭ يول ئۆزگەرتكەنلىكى
ياكى توسۇلۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىنمۇ تاشلىنىپ قالغان: مەسىلەن،
قەدىمكى زاماندىكى خوتەننىڭ كونا ئورنى كېرىيە بوستانلىقى بۇزىنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىيال بولالايدۇ. ھازىر بىز بوستانلىق قاتىمىز قات قىزمىنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتماقتا.

ئەمما، بىزدىكى مەدەنىيەتنىڭ يىپەك يولىدىن غايىپ بولۇپ كېتىشىدىكى ئەڭ تۈپكى سەۋەب، يەنىلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ خارابلاشقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرى بېرىپ يوقالغانلىقى، ئەرەبلەرنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قىلغانلىقى شۇنىڭدەك پۈتكۈل تەكلىماكاننىڭ ئەڭ ئاخىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى قاتارلىقلار. يىپەك يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بۇ يېڭى دىن مۇسۇلمانلارنىڭ قاغىشىغا ئۇچرىغان سىمۋوللۇق خاراكتېردىكى سەنئەت (ئادەم شەكلىنى سۈرەتلەش)نى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى. بۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرىدىغان بۇ ئادەملەر نۇرغۇن ھەيكەل ۋە تام سۈرەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. بۇتخانىلار بىلەن ھىندى مۇنارلىرى ياكى ئۆزلۈكىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، ياكى بولمىسا قۇملۇقنىڭ ئارىسىدا يوقاپ كېتىدۇ. مىلادى XV ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسلام دىنى پۈتكۈل تەكلىماكان تېررىتورىيىسىدە بىردىنبىر دىنغا ئايلىنىپ بولىدۇ. مىڭ سۇلالىسى (1644 — 1368) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، جۇڭگو غەربكە ماڭىدىغان چوڭ دەرۋازىنى تاقىۋەتكەنلىكتىن، يىپەك يولى ئاخىر بېرىپ تاشلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايون تېخىمۇ چۆلدەرەپ ۋە خارابلىشىپ كېتىدۇ.

ئاشۇنداق ئەھۋاللار ئاستىدا، پەقەت ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە سۇمەنبەسى ئەڭ ياخشى بولغان بوستانلىقلارلا ساقلىنىپ قالالىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ سەنئەت ۋە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىغا ئىگە يېڭى بىر خىل دىنغا ئېرىشكەن. قالغانلىرى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى مول ۋە كىشىلەر ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ قالغان مەخپىي سىرلىرى بىلەن بىرگە تەكلىماكان قۇملۇقلىرىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ، جىمجىت ياتماقتا. ئۇلار ئۇ يەردە يەنە نۇرغۇن ئەسىرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھېچقانداق كاشىلىغا ئۇچرىماي تۇرىۋاتىدۇ.

ئىككىنچى باب

تەكلىماكاندىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ غايىب بولۇشى

تەكلىماكان بوستانلىقلىرىدا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ئارىسىدا بو-
ۋىسىدىن تارتىپ نەۋرىسىگىچە بولغان ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە ئىگە
بارلىق ئادەملەر ئارىسىدا، قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى زامان
شەھەر - بازارلىرى توغرىسىدىكى غەلىتە سۆز - چۆچەكلەر ئىزچىل ھال-
دا تارقىلىپ كەلمەكتە ھەم يەنە ئۇزاق مەزگىل تارقالغۇسى. ئاڭلاشلارغا
قارىغاندا، قۇم دۆۋىلىرىگە ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇن - كۈ-
مۈش ۋە باشقا گۆھەرلەر كۆمۈلگەنىكەن، بۇ نەرسىلەر قۇملۇقتىكى تەبى-
ئى ۋە تەبىئىلىكتىنمۇ ھالقىپ كەتكەن ۋەھىمىلەرگە قارشى كۈرەش قى-
لىشقا جۈرئەت قىلغان ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەر قاچان
ئىلمىشقا بولىدىغان نەرسىلەر ئىكەن. مىلادى 1875 - يىلى لوپنۇر كۆلى
بويىدىكى بىر شورلۇق سايلىقتا قىرغىز قەبىلىسىگە مالچى بولغان بىر
ئادەم ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بىر شەھەرنىڭ كۆمۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقى-
نى يىراقتىن كۆرۈپتىكەن ھەمدە ئاشۇ ئەھۋالنى ناھايىتى جانلىق با-
يان قىلىپ مۇنداق دەپتىكەن:

«شەھەر سېپىلى قۇمۇچلار ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى،
پۈتۈن شەھەر ئاشۇ قۇمۇشلۇقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغانىدى. مەن ئۇنىڭ
ئىچىگە كىرىپ باقمىدىم، ئۇنىڭغا يېقىن قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقسا، شە-
ھەر سېپىلىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ تۆت
ئەتراپى لابداللىق بىلەن ئورالغان، ئوتلۇق ئىچىدە زەھەرلىك قۇرتلار
ۋە يىلانلار بولغاچقا، مەن ئۇ يەرگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ يەرگە ھەقىقەتەن كىرگەن ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان بايلىقلاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، شۇ يەردە ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. بۇ ھەممىگە ئايان بولغان پاكىت ... سىز بۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئەمما بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ راست گەپنى قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىدۇ. نەچچە يۈزلىگەن قالماقلار (Kalmaks) خارابىلىك ئىچىدىكى بۇتخانىلارغا كىرىپ، ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ئۈچۈن نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزەتتى ... بۇ يەردىكى بۇتنىڭ تۆت ئەتراپىغا قويۇلغان جازىلار كۆزنى چاقنىتىدىغان ناھايىتى چوڭ گۆھەرلەر، مەرۋايىتلار، سان - ساناقسىز ئالتۇن - كۈمۈش، يامبۇلار بىلەن تولۇپ كېتەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئۇ يەردىن ئېلىپ كېتىشكە ھېچكىمنىڭمۇ ھەددى ئەمەس ئىدى. بۇنى لوپنورلۇقلارنىڭ ھەممىسى بىلەتتى.»

ئۇنىڭ ھىندىستاننىڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتىدا ئېلان قىلىنغان بىرارچە بايانىنامىسىدە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: بىر قالماق بۇتخانىغا كىرىپ ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ئۈچۈن نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزگەن. ئەمما ئۇ بايلىق - دۇنيانىڭ ئازدۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بايلىق قوغلىشىپ ئىككى دانە ئالتۇن يامبۇنى ئوغرىلاپ يانچۇقىغا تىقىۋالغان. ئۇ ھېچ قانچە يول يۈرمەيلا، تۇساتتىن ناھايىتى ھارغىنلىق ھېس قىلغان - دە، شۇ جايدا يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتكەن. ئۇ ئويغانغان چاغدا قارىسا ھېلىقى يامبۇ يوق. شۇڭا ئۇ يەنە بۇتخانىغا بېرىپ، تېخىمۇ كۆپرەك ئېلىۋالماقچى بولغان، بۇ قېتىم ئۇنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ئۇ بىرىنچى قېتىم ئېلىۋالغان ھېلىقى ئىككى دانە يامبۇ ئاۋۋالقى ئورنىدا شۇ پېتى تۇرغان. ئۇ بۇنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلاھى بۇتى ئالدىدا تىزلىنىپ، بېشىنى ھەدەپ يەرگە ئۇرۇپ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. بۇ چاغدا ئىلاھىي بۇت كۈلۈپ قويغان. بۇ ئىشىڭغا، بۇنىڭدىن كېيىن مۇقەددەس نەرسىلەرنى يەنە ئوغرىلاشقا رۇخسەت قىلمايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگىنى ئىكەن. بۇنىڭدىن ئۇ تولىمۇ خۇشال بوپتىكەن.

نۇر - چۆچەكلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى، بىز شەھەرلەرنىڭ قانداقلارچە گۇمران بولۇپ كەتكەنلىكىگە دائىر ھېكايىلەر بولۇپ، ئۇنى ئادەتتە، شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ گۇناھىغا بېرىلگەن بىر خىل جازا دېيىشىدىكەن. مىلادى 16 - ئەسىردە، مۇسۇلمان تارىخشۇناس مىرزا-ھەيدەر (Mirza Haidar) لوپنۇر كۆلى بويىدىكى شەھەر كاتاك (Katak) نىڭ قانداقلارچە مۇشۇنداق تەقدىرگە ئۇچراپ گۇمران بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ چاغدا ئىسلام دىنى ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بولغان بىرلا كىشى بىلەن بىرلا مەزىن ئىسلام دىنىغا تەقۋادار بولغاچقا، قۇيۇنداك كېلىۋاتقان كۆچمە قۇمنىڭ بېسىۋې-لىشىدىن ساقلىنىپ قالغان. ھېلىقى مەزىن نامازشامدىغا ئەزان توۋلا-ۋاتقان چاغدا، ئاسماندىن قۇم يېغىشقا باشلىغان. مەسچىتنى بادىغا پۈ-تۈن شەھەر ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئارىلىقتا ئاستا - ئاستا كۆزدىن غايىپ بولغان. نېمە قىلارىنى بىلمەي ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن بۇ مەزىن پەشتاق ئۈستىدىن پەسكە قارىغاندا، تۆت ئەتراپتىكى يەرلەر-نىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئۆرلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەزان توۋلاشنى تېزلا ئاياغلاشتۇرۇپ، ئۆزىدىن پەقەت بىر قانچە ئىنگلىزچىسى يىراقلىقتىكى قۇم ئۈستىگە سەكرەپ چۈشۈۋالغان. دەردىن بىلەن ھېلىقى ئىلىم ئەھلى «غەزەپكە كەلگەن ئاللادىن يىراقتا تۇرۇش ئەڭ ياخشى چارە» دەپ قاراپ، ئۇچقاندەك قېچىشقا باشلىغان. مىرزا-ھەيدەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «كاتاك دېگەن بۇ شەھەر مۇنداق قىلىپ تا ھازىرغىچىلىك قۇمنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتماقتا».

مۇشۇنداق گۇناھكار جايلار توغرىسىدىكى بەزى ھېكايىلەرنىڭ تارقالغان ۋاقتى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتتىنمۇ بالدۇرراق بولۇپ، ئۇ چاغدا بۇددا دىنى يىپەك يولى بويلىرىدا يەنىلا كەڭ تار-قىلىپ يۈرۈۋاتاتتى. مىلادى VII ئەسىردە، ئۇلۇغ مۇقەددەس جاي ئېكسپېدىتورى، بۇددا دىنى راھىبى شۈەنزاڭ (كېيىنچە سىرسىدىن ئۇنى ھۆرمەتلەپ «بۇددا قانۇنىنى قوغدىغۇچى دانىشمەن راھىب» دەپ

ئاتىغان) يەنە بىر شەھەرنىڭ ھېكايىسى ئۈستىدە توختالغان. ئۇ بولسىمۇ ئۇزۇنلاردىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى، بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا سەل قارىغانلىقتىن، نەتىجىدە ھېلىقى شەھەرلىنى قۇم - بوران كۆمۈپ تاشلىغانىكەن. شۈەنزاڭ مۇنداق دەيدۇ: ناھايىتى كۈچلۈك بىر بوران گۈركىرەپ چىقىپتۇ، «يەتتىنچى كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈپ دەل كېچە بىلەن كۈندۈز ئالمىشىدىغان چاغدا ئاسماندىن قۇم توپا يېغىشقا باشلىدى.» ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا خو - لو - لوكيە (Ho - lo - lo kia) دەپ ئاتىلىدىغان بۇ شەھەر غايەت زور قۇم دۆۋىسىنىڭ ئاستىدا قالدى. شۈەنزاڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى شۇنداقلا يىراق يەردە ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان كىشىلەر بۇ قۇم دۆۋىسىنى كولاپ، ئۇ يەرگە كۆمۈلۈپ قالغان گۆھەرلەرنى ئەكەتىشكە بىر قانچە قېتىم تەمشەلدى. بىراق كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىشى بىلەنلا، تۇساتتىن قاتتىق بوران چىقىپ، ئۇلارنى قاپقارا تۈتەك قاپلىۋالىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ غايىپ بولىدۇ.» ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، تەكلىماكان قۇملۇقىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن شەھەرلەرنىڭ سانى تەخمىنەن 300 ئەتراپىدا بارىكەن.

ئەمما يېقىنراق بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھىنى شۈەنزاڭ دېگەن ھېلىقى «قاتتىق بوران» ياكى قۇملۇق توغرىسىدىكى باشقا ۋەھىمىلەر بىلەنلا قورقىتالمايدۇ. ئۇ كۆمۈلگەن شەھەرلەردىن گۆھەر قېزىۋېلىشقا قەتئىي بەل باغلايدۇ. ئۇلۇغ ئاسىياشۇناس ۋە ساياھەتچى نېي ئىلىياس 1895 -يىلى ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە. بۇ ئىشلارنى تەسۋىرلەپ كېلىپ ئۇنى «قەدىمكى زاماندىكى كونا ئىزلارنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە، پىلانلىق تۈردە قازغانلىق» دېگەن. ئۇ قېتىمقىسىدا موغۇلىستان دۆلىتى — قەشقەرنىڭ زالىم قەبىلە باشلىقى مىرزا ئابابەكرى (Ney Elias؛ Mirza Aba Bakr) ئۇ يەرنى ئۆزىنىڭ قۇللىرىغا قازدۇرۇپتىكەن. (ئۇمۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى يامان ئاقىۋەتكە قالغان — ئۇ ئۇيقۇدا ياتقان چېغىدا، ئۇنىڭ بېشى كېسىۋېتىلگەنىكەن). ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردە.

ياشىغان مىرزا ھەيدەر بۇ قەلئە باشلىقىنىڭ خوتەن رايونىدا كۆزگە ئورۇ-
لغانلىقىغا دائىر جەريانلارنى ناھايىتى جانلىق بايان قىلىپ بەرگەن.
ئېلىياس ئۆز ئەسىرىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىغا يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆ-
زىدە مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ: «شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى.
ئۆزىنىڭ قىممىتى بار ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قېزىپ چىقىرىل-
دى، ئەمما، مەدەنىيەت يادىكارلىق قىممىتىگە ئىگە نۇرغۇن ئەسەرلەر
بۇزۇۋېتىلدى. شۇڭلاشقا، كەلگۈسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەدەنىيەت جە-
ھەتتە خېلى دەرىجىدە تەربىيە كۆرگەن ئېكسپېدىتورلار بۇ خارابىزار-
لىقلارغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
يەنە ئۇلار ئۆزلىرى تۆلىگەن بەدەلنىڭ پايدا زىيىنىنى قاپلىيالمايدىغان-
لىقىنى سەزگەن چېغىدا، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاچكۆزلۈكى ۋە قارا نى-
يەتچىلىكىنىڭ ئۆزلىرىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغانلىقىدىن مىڭ مەرتەم
ئەپسۇسلانماي تۇرالمايدۇ.»

يۇقىرىدىكى بۇ گەپلەر پەقەت ستەين قار - مۇزلار يولنى توسۇپ
تۇرغان قاراقۇرۇم تېغىدىن ئۆتۈپ، تەكلىماكانغا قاراپ يولغا چىقىش-
تىن بەش يىللا بۇرۇن يېزىلغان. بۇ قېتىمقىسى ئۇنىڭ بۇ رايوندا ئېلىپ
بارغان ئۈچ قېتىملىق چوڭ ئوغرىلىقلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى قېتىمى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى ئېلىيا-
سنىڭ ھېلىقى سۆزلىرىنى ناھايىتى ئېنىق رەت قىلدى. بۇ نۇقتىنى ئېلىياس
ھەرگىز بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ 1897 - يىلى ئۆلگەن. ئۇ چاغدا ستەيىن
تېخى ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى پىلانلاش بىلەن
بەند بولۇۋاتاتتى.

ئېلىياس ياشىغان دەۋرلەردە، گەرچە بىرەر ياۋروپالىق ئېكسپې-
دىتور قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بۇ شەھەرلەرنىڭ ئىچىدىكى ھەر قاندا-
يىرىنى تېخى قېزىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن غەرب ئىلىم ئەھلىلىرى
بىر قانچە يىللاردىن بۇيان ئىزچىل تۈردە، ئەھۋال تارقىلىپ بۇرگەدر
سۆز - چۆچەكلەردىكىدەك بولمىسا كېرەك، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇش
ئېھتىماللىقى يېقىن دەپ قارىساقتا، بۇ ھەقتىكى تىزىنجى ئىشەنچلىك ئىس-

ياتتى 1865 - يىلى شۇ يەرلىك بىر ساياھەتچى تەمىنلىگەنىدى. ئۇ كىشى ھىندىستاننىڭ مۇھەممەد. ئى. ھەمىد (Mohamed - i - Hameed) ئىسىملىك بىر ياللانما خىزمەتچىسى بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە ھۆكۈمەتنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، تەكلىماكاندىكى بەزى بوستانلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىشتەك مەخپىي ۋەزىپىسى ئورۇنداش ئۈچۈن، قارا قۇرۇم ئارقىلىق تەكلىماكانغا بارىدۇ. ئۇ چاغدا كىشىلەر بۇ رايوننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. نېمە ئۈچۈن، ئۇ يەرگە بۇ ئادەمنى ئەۋەتىدۇ؟ دېمەك، سەۋەبى كالكۇتتا ۋە لوندون دائىرىلىرى ئەگەر روسىيە بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىدىن ئىبارەت بۇ قالاق، ساقچى ئەسكەر قىلىنمىغان يەرگە ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتكەندە (ھەتتا ئۇنى باشقۇرۇپ ياساندۇرغان ھالەتتىمۇ) مەيلى سىياسىي جەھەتتە ياكى شەخسنىڭ بىخەتەرلىكى جەھەتتە بولسۇن، ئىنتايىن خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار چاررۇسىيىنىڭ ھىندىستانغا تەھدىت سېلىشىدىن ئىنچىكە تۇردە ئەندىشە قىلىپ كېلىۋاتاتتى ھەمدە بۇ يەردىكى ھەر قايسى يوللارنىڭ ئېنىق، توغرا ئۆلچەنگەن خاتىرىسىنى ئىگىلەشكە تولىمۇ ئالدىراپ تۇراتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئادەم تۇرمايدىغان بۇ رايوننى كېسىپ ئۆتىدىغان ھېلىقى يوللاردىن، تاجاۋۇزچى ئارمىيىنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشى ئېھتىمالىغا ناھايىتى يېقىن ئىدى.

XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا، ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستاننىڭ ھەممە يېرىدىن باشقا ھەر قايسى جايلارنىڭ خەرىتىسىنى سىزىشقا مەسئۇل بولغان ھىندىستان كارتوگراف ئىدارىسىدىكى كاپىتان G·T مونتگومېرى ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئەپلىك چارىسى — ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى يەرلىك خىزمەتچىلەردىن پايدىلىنىشنى ئويلاپ تاپىدۇ. ئۇ 1866 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى لوندوندىكى خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىدە ئۆزىنىڭ بىر دوكلاتىنى ئوقۇيدۇ. ئۇ بۇ دوكلاتتا يېزىلغان تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىزاھلىغان چېغىدا، ئاڭلىغۇچىلارغا مۇنداق دېيدۇ: مەن لاداق (Ladakh) تا تۇرغان چېغىمدا ھىندىستانلىقلارنىڭ لاداق بىلەن يەكەن ئارىلىقىدا ئەركىن بېرىپ - كېلىپ تۇرۇ-

ۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلغانىدىم. مەن بىزنىڭدىن ئىزلاردىن پايدىلىنىپ ئۆلچەش ئېلىپ بېرىش مۇمكىنلىكىنى سېزىۋالدىم. ئەگەر ناھايىتى رېۋەك، چاققان بىر ھىندىستانلىقنى تاپالىساقلا، ئۇ ئاز ساندىكى كىچىك تېپلىق ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ئاۋارلارنىڭ ئارىلىرىغا قىستۇرۇپ، بېرايىرىغا ئەكىرىۋالالايدۇ. مېنىڭچە ئۇ دۇشمۇ ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن، جۇغراپىيە جەھەتتە ناھايىتى چوڭ تۆھپە يارىتالىشى مۇمكىن.»

پەنجاپنىڭ مۇئاۋىن باش ۋالىيسى راسخوت بېرىشكە ھەمدە پەقەت بىرلا ھىندىستانلىقتىن تەشكىللەنگەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى قۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىغا كىرگۈزۈشكە قوشۇلدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىملىق يول ئۆلچەش تەجرىبىسىگە ئىگە ياللانما خىزمەتچى مۇھەممەت.ئى.خەممد بۇ ئىشقا تاللىنىدۇ. ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەشق ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئاشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئالاھىدە لايىھىلەنگەن مەخپىي ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ، يەكەنگە ماڭماقچى بولىدۇ. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئادەتتە ئۆلچەش ئېلىپ بېرىشقا ئىشلىتىلىدىغان پىرىزما شەكىلدىكى كومپاس جازىسىنىڭ ئورنىغا ھىمالايا ساياھەتچىلىرى دائىم بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان. ئۈچىغا تۆمۈر قوزۇق بېكىتىلگەن ئادەتتىكى ھاسىدىن بىرنى تەييارلاپ بېرىدۇ. ئەمما بۇ ھاسىنىڭ ئۈچى ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان ھاسىغا قارىغاندا سەل - پەل چوڭراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئۈچى ياپىلاق قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كومپاس بېكىتىلگەنىكەن. مېنگودارى بىزنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇشۇنداق ۋاسىتىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، كۆزىتىش ۋەزىپىسىنى ھېچقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىماي، پۈختا، ئىشەنچلىك ھالدا توگۈشلۈق ئورۇنداپ كەتكىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاسانلىقچە گۇمان پەيدا قىلمايدۇ.» بۇ ياللانما خىزمەتچى يەنە كېچىسى بولۇك ئۆلچەش ئەسۋابىنى كۆرۈشتە زۆرۈر بولغان، قەلەيلەنگەن تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك تىپتىكى قول چىرىغى. قايناش تېرمومېتىرى (ئېگىزلىكنى ئۆلچەيدىغان) ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر دانە مىس چەينەك ۋە بىر دانە قا-

را چىراغىنىمۇ سالە ئېلىپ مېڭىشقا تەييارلاندى. بۇ نەرسىلەر ئەڭ كىچىك تېپىلىدىغان قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇچاش ئېلىپ بېرىش خۇددى بۇ ياللانما خىزمەتچى ۋە ئۇنىڭ جاسۇس خىجابىنلىرى يېشىشىنى بىلگەندەك، مېنگومارى ئېيتقان ھېلىقى يولدا گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىپ بولۇپ تۇرىدىغان قىرغىز كۆچمەن مىللىتىنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىش دىن قالىقتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ ئېيتقان «ھېلىقى يول» لاداقتىن چىقىپ قاراقورۇمدىن ئۆتۈپ، جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ يەكەن دېگەن يې- رىگە بېرىشتا ماڭىدىغان يول بولۇپ ئاپئاق ئۇستىخانلار بىلەن زىننەت- لەنگەن ھېلىقى قورقۇنچلۇق يولدۇر.

مىلادى 1863 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مۇھەممەت ئى. خەمىد كەشمىردىن ئايرىلىپ، ئەنگلىيە تەسىر دائىرىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قا- ۋۇل بازىسى بولغان لاداققا يېتىپ باردى. ئۇ ترانسپورت ئەترىتىنى باشلاپ مېنگومارى «دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز داۋان» دەپ تەرىپلىگەن يەرلەردىن ئۆتتى ۋە ئۈچ يېرىم ئايدىن كېيىن يەكەنگە يېتىپ باردى. ئۇ بۇ يەردە ئالتە ئاي تۇختايدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ بارلىق ۋاقتى ھېلى ، ئۆلچەش ئەسۋابلىرىدىن پايدىلىنىپ، مېنگومارى ئۈچۈن مەخپىي ئۆلچەر، ئېلىپ بېرىش خىزمىتىگە سەرپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ كۆرگەن ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلەپ ماڭىدۇ. كېيىنچە 1864 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۇنىڭ بىر مۇسۇلمان دوستى ئۇنى ئاگاھ- لاندۇرۇپ، شۇ جايدىكى جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى ھەمدە بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ياللانما خىزمەتچى بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالىدىغان ئۈسكۈنىلىرىنى ئالدىدا ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ھېچ كىشىگە تۇيدۇرمايلا يەكەندىن تىكىۋېتىدۇ-دە قاراقورۇم ئېغىزلىرىدىن ئۆتۈپ، لاداققا قايتىپ كېلىدۇ.

ئېھتىمال يول ئازابىدىن بولسا كېرەك، بۇ ياللانما خىزمەتچى بىلەن ئۇنىڭ يەنە بىر ھەمراھى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كېسەل بو- لۇپ ئالىدۇ ھەمدە ئۆز يۇرتىغا كېلەي دەپ قالغان پەيتتە، ئۇلارنىڭ ھەر

ئىككىسى ئۆلىدۇ. باشقا كىشىلەر ئۇلارغا جۇڭگو ئالاھىدە خىزمەتچىلىرىنىڭ زەھەرلەش قولى تېگىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ قارىغان. لېكىن شۇ جايدا مۇشۇ رايوندا ئۆلچەش ئېلىپ بېرىۋاتقان مېنگومارىنىڭ بىر خىزمەتداشى، غەيرىي ھەربىي ياردەمچى ۋىلىيام جونسوننىڭ تەكشۈرۈشىچە، ئۇلارنى جۇڭگولۇقلارنىڭ قەست قىلمىغانلىقى ئەڭ ئاخىرى ئىسپاتلانغان. بۇ ياللانما خىزمەتچىنىڭ سېتىپ خەجلىگۈدەك بەزى نەرسىلىرى گەرچە غايىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ مەخپىي بۇرچىنى ئادا قىلىش جەريانىدا باشتىن - ئاياغ ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ساقلاپ كەلگەن ھېلىقى قىممەتلىك يازما خاتىرىلەر جونسونغا ئۇچرىغان، ئۇ ئۇنى مېنگومارىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

ھىندىستان كارتوگرافىيە ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلىدىغىنى يالغۇز بۇ ياللانما خىزمەتچىنىڭ ئاشۇ رايوندىكى روسىيىلىكلەرنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا بەرگەن كۆرسىتىش دوكلاتىلا ئەمەس، ئۇلار يەنە ئۇنىڭ خاتىرىسىدە يېزىلغان ئاشۇ رايوننىڭ يەر شەكلى توغرىسىدىكى ئاخباراتلارغىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. شۇڭا، مېنگومارى ئۇنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى بەكمۇ قوزغايدىغان بىر پارچە خاتىرىنىڭ بارلىقىنى تاسادىپىي بايقىغان. بۇ خاتىرىدە بۇرۇن كىشىلەر پۈتۈنلەي ئويدۇرما دەپ قاراپ كەلگەن بىر رىۋايەتنىڭ راست ئىكەنلىكى ئىشەنچلىك مەنبەگە ئاساسەن تۇنجى قېتىم ئىسپاتلانغان.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، ئۇ بايان قىلغان تەپسىلاتلارنى ئانچە تولۇق دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما بۇ ياللانما خىزمەتچى ھەرگىزمۇ ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ئەمەس. «بۇ ئۆلكىنىڭ قەدىمكى پايتەختى خوتەن ناھايىتى بالدۇرقى چاغلاردا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن.» بۇ مېنگومارى دوكلات بەرگەندە نەقىل كەلتۈرگەن ياللانما خىزمەتچىنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىكە يېزىلغان سۆز. شۇڭا، شۇ يەردىكى ئاھالىلەر تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، قۇم بورىنى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بەزى قەدىمكى ئۆيلەر يەنە كۆرۈنۈپ قالغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە «ئۇلار يەنە دائىم دېگۈدەك كۆمۈلۈپ قالغان

قۇرغۇزۇن نەرسىلەرنى قۇم ئاستىدىن قېزىپ چىققان.» بۇ ياللانما خىزمەتچى بۇنىڭغا قاراپ، «ئۇ چاغدا قۇم بورىنىنىڭ چوقۇم ناھايىتى تۇساتتىنلا يېپىپ كەلگەنلىكىنى، ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى يۆتكەشكە ئۈلگۈرەلمەي قېلىشىپلا ... بۇ شەھەرنىڭ قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغان، ئۇ بۇنى ھەرگىزمۇ قانداقتۇر تەقدىرنىڭ جازاسى، بىباھا گەۋھەررەي، پاناھىغا ئالغۇچى ئەۋلىيارەي دېگەنگە ئوخشاش ئادەتتىكى مۇبالىغە سۆزلىرى بىلەن تەرىپلەپ ئولتۇرمىغان. ئۇنىڭ بايان قىلغىنى گەرچە چالا-بۇلا ئاڭلىۋالغان نەرسىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئاڭلىماققا ئاز-تولا راستەك تۇيۇلىدۇ.

ئۆلچەش خادىمى ۋىلىيام جونسون ياۋۇز قىرغىزلارنىڭ ئېغىر زىيانكەشلىككە تۇنجى قېتىم ئۇچرىغان ھەمدە ھىندىستان زېمىنىدىن تەكلىماكانغا بارغان ياۋروپالىق جاھان كەزگۈچىدۇر. پەقەت بىر يىل ئىلگىرىلا ئۇ مۇھەممەت ئى. خەمىدنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گەرچە ۋاقىت ناھايىتى قىس بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خوتەنگە يېقىن بىر جايدىكى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر شەھەرنى ھەقىقەتەن زىيارەت قىلغان. ئۇ ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەن چېغىدا، قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن يەنە باشقا شەھەرلەرنىڭ بارلىقىغا ھەقىقەتەن ئىشەنگەن. بىر كۈنى ئۇ دەل شىنجاڭنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تۇسالغۇ — كۇئېنلۇن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچىنىڭ خەرىتىسىنى ئۆلچەش-سىزىش بىلەن بەند بولۇۋاتقان چېغىدا، كۈتمىگەن يەردىن، جۇڭگونىڭ تۈركىستانىغا كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. بۇ سىرلىق تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قىياپىتىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، جاپا-مۇشەققەت، خەۋپ-خەتەردىن قورقمايدىغان تاغقا چىققۇچى جونسون ھىندىستان كارتوگرافى ئىدارىسى E_{61}، E_{58}، E_{57} دەپ نام بەرگەن ئۈچ چوققىغا چىقىدۇ. «ئەمما مەن كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ كەلگەن مۇھىم خوتەن شەھەرلىرى ئىچىدىكى ھەر قانداق بىر شەھەرنى ئاخىر كۆرەلمەي قالدىم» دەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ كېيىنچە لوندوندىكى خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىگە يازغان دوكلاتىدا ئېيتىلغان سۆز. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە

يەنە لاداققا قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇ لاداققا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان بىر ئىش ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. «ئۇ بولسىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىق بىر كىشى خوتەننىڭ بىتتىرشارخانى يازغان بىر پارچە خەتنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ خەتتە مېنى ئۇلارنىڭ زېمىنىغا بېرىشقا تەكلىپ قىلىنغانىكەن.» ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىقى خەت ئەكەلگەن كىشى ئۇنىڭغا، خان سىزنىڭ ئۆتكەن پەسلىدە ئۇ يەرگە بارغانلىقىڭىزدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سىزنى خوتەننى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەنىدى، لېكىن ئۇلار سىزنى ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ، دېگەن.

جونسون ھىندىستان چېگرىسىنىڭ سىرتىدا سىياسىي جەھەتتە ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان مۇنداق بىر ساياھەتنى قىلىش ئۈچۈن، كالكۇتتىدىكى ئەنگلىيە ئورگانلىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش لازىملىقىنى تولۇق چۈشىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ بۇ خىل ئىلتىماسقا جاۋاب ئېلىش ئۈچۈن كەم دېگەندە بىر قانچە ھەپتە كېتىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭغا «بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىش ئېھتىماللىقىنىڭ چوڭلۇقىنىمۇ تولۇق چۈشىنەتتى. خان ئۇنىڭغا يازغان قىسقا خېتىدە، جونسون قاچان لاداققا قايتىشنى خالىسا، شۇ ھامان ئۇنىڭ قايتىشىغا يول قويىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ كاپالەت بەرگەنىدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇ دۆلەتنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانىنى چۈشىنىدىغان شۇ يەردىكى سودىگەرلەرمۇ بۇ ھەقتە جونسونغا كاپالەت بېرىدۇ. جونسون كېيىنچە ئۆز قارارى ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن چېغىدىمۇ خاننىڭ تەكلىپىنى كىشىلەرگە تېخى تونۇلمىغان بۇ رايوندا بەلگىلەنگەن قىممەتكە ئىگە ئاخباراتلارنى بولۇپمۇ روسىيىلىكلەرنىڭ بۇ رايوندا ئېلىپ بارغان ھەر خىل پائالىيەتلىرىگە دائىر ئاخباراتلارنى توپلاشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇ خوتەنلىك ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا، بۇرۇن ئادەم مېڭىپ باقمىغان خەتەرلىك ئېغىزلاردىن ئۆتۈپ، خوتەنگە ساق - سالامەت يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەردە ئۇ خان ئۆزى تۇرۇۋاتقان قەدىمكى پايتەختىدىكى چوڭكو

قەلئەسىنىڭ ئىچىدە ھوزۇرلىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ. شۇ كۈنلەردە، سى-
نى 80گە تولغان بۇ ھۆكۈمران، كۈندە دېگۈدەك ئۇنى ھوزۇر قىلىپ تۇرىدۇ.
جۇڭسۇن بۇ خان توغرىسىدا توختالغان چېغىدا مۇنداق دېگەن، ئاڭلى-
شىمچە، بۇنىڭ ئاچچىقى ناھايىتى يامانىكەن، مەمۇرىي ئىشلارنىمۇ ئىنى-
تايىن قاتتىق باشقۇرىدىكەن. شۇڭا مەن ئۇنىڭ شۇ چاغدا ماڭا ئىنتايىن
سىپايە مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ لەۋزىدە تۇرىدىغان ئادەم-
لىكىنى ئېتىراپ قىلىشىم لازىم. لېكىن مەن ئۇ يەردە تۆت كۈن تۇر-
غاندىن كېيىن، ئۇ ئاۋۋالقى سۆزىدىن يېنىۋېلىپ، مېنىڭ ئۇ يەردىن
ئايرىلىشىمغا رۇخسەت قىلمىدى: «تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر» دې-
گەنگە ياتىدىغان ئالىقى ئېنىق تۇرغان بۇ قىلىقىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى-
نىڭ ئاشكارىلىنىشى كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئىنتايىن غەش قىلىدۇ. چۈنكى
خان جۇڭسۇننى گەرچە ئالىي مېھمان سۈپىتىدە كۈتۈۋالغان بولسىمۇ،
ئەمما ئۇنىڭ مەقسىتى جۇڭسۇننى گۆرۈگە ئېلىش ئارقىلىق ئۇ ئىنتا-
يىن قورقىدىغان روسىيىلىكلەرنى چەكلەش ئۈچۈن ئەنگلىيە ھۆكۈ-
مىتىنى ئۆزىگە ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ بېرىشكە ۋە ئۇرۇمچى قورال-
ياراق بىلەن تەمىنلەشكە مەجبۇرلاش ئىكەن. جۇڭسۇننىڭ ئېيتقىنى بويىچە
بولغاندىمۇ «ئۇ چاغدا روسىيىلىكلەر يەكەنگە ۋە خوتەنگە كۈنسېرى
قىستاپ كېلىۋاتاتتى.»

جۇڭسۇن خوتەندە تۇرغان مەزگىلىدە بىر ئامال قىلىپ سىياسىي
ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ئاخباراتلارنى كۆپلەپ توپلايدۇ. بەختكە قارشى
يېرىم يولدا ئۆلۈپ كەتكەن ھېلىقى مۇھەممەت ئى. ئەمىن ئېرىشكەن
قۇمغا كۆمۈلگەن شەھەر توغرىسىدىكى ماتېرىياللاردىن باشقا، ئۇ قېتىم
ئۇ يەنە بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان قوشۇمچە ماتېرىياللارنى قولغا چۈشۈرىدۇ.
جۇڭسۇننىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئېرچىننىڭ شەرقىي شىمالىغا
تەخمىنەن ئالتە ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەردە تەكلىماكاننىڭ چۆلىك
قۇملۇقى بار بولۇپ، ئۇ يەردىكى كۆچمە قۇملار ھەممىنى بېسىپ چۈشى-
دىغان غايەت زور قۇم دولقۇنىنى شەكىللەندۈرۈپ كۈچ بىلەن تۇرىدىكەن.
ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدا 360 شەھەرنى 24 سائەت ئىچىدىلا

قوزغىلىپ، ئايىغى قىلىنىدىكەن». ئۇ خوتەندىكى ۋاقتىدا، «شىنجاڭ يەر-
دىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇزۇن زامانلار بولغان تاختا چايلاركەن دەپ
تونۇلغان» زور تۈركىيەدىكى تاختا چايلار قىزغىنا كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر
شەھەردىن قېزىۋېلىنغانىكەن. ئۇنىمۇ بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭدىن بىرنى
قولغا چۈشۈرۈۋاپتۇ. بۇ خىل چايغا گەرچە ناھايىتى ئۇزاق زامان
بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىز شۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا يەنىلا ئىنن-
تايىن قارشى ئېلىنىپتۇ. بولۇپمۇ جۇڭگودىن كەلتۈرۈلگەن تاختا چايلار
ئۇ يەردە ئاللىقاچان تۈگەپ قالغان چاغلاردا تېخىمۇ شۇنداق بولۇپتۇ.
ئۇ يەنە خارابىلىكلەردىن ئېغىرلىقى تۆت بالىڭ كېلىدىغان ئالتۇن پۇللار
ۋە باشقا ئۇرغۇن بايلىقلارنىڭ قېزىۋېلىنغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەت-
لەرنىمۇ ئاڭلىغانىكەن. جۇنسۇننىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ. ھايىم
بولغان بۇ شەھەرلەرنىڭ ئورنىنى«پەقەت ئۆزى باي بولۇۋېلىش ئۈچۈنلا
مەخپىيەتلىكىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئاز ساندىكى كىشىلەر»لا بىلىدۇ.
شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ «يورۇڭقاش» (Urankash) يېنىدىكى بىر قەدىمكى
شەھەرنىڭ كونا ئىزىغا بېرىپ» سەيلە قىلغانلىقىنى، «كىسەك چاينىڭ
دەل شۇ يەردىن قېزىۋېلىنغانلىقىنى (بۇ شۇنداقلا دەپ قويغان گەپتۇر،
بەلكىم — بىرگە ئۇقتۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ)، بىراق جۇنسۇن بولسا كە-
چىپ ئۆلچەش خادىمى، ئۇ ھەرگىزمۇ مەدەنىيەت يادىكارلىق بىلەن شۇ-
غۇللىنىدىغان ئادەم ئەمەس. شۇڭا ئۇ بىزلى باشقا نەرسە بىلەن ئەمەس،
پەقەت كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان بەزىبىر ماتېرىياللار بىلەنلا
تەمىنلەيدۇ.

ئەڭ ئاخىر ئۇ خاننىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، خوتەندىن ئايرىلىپ
دۆلىتىگە قايتىدۇ. خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى گەرچە
ئۇنىڭ سەپىرىنى چوڭ بىر غەلىبە دەپ تەنتەنە قىلىشقان بولسىمۇ،
لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھىندىستان كارتوگراف ئىدارىسى ئۇنىڭغا
يۇقىرىنىڭ تەستىقىسىز، ئۆز ئىختىيارىچە خوتەنگە كىرگەن دېگەن گۇناھنى
ئارتىپ، ئۇنى رەسمىي ئەيىبلەيدۇ. جۇنسۇن ئۆزىنىڭ خورلۇققا قالغان-
لىقىنى ھېس قىلىدۇ - دە، ئۆز ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا سوراپ، بۇرۇنقى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ مائاش بىلەن لاداقنىڭ باش ۋالىيسى بولىدۇ. بىر قانچە يىلدىن كېيىن، ئۇ ئاخىرى بېرىپ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈچىلەر-نىڭ پىچىقىنىڭ قۇربانى بولۇپ قالىدۇ.

تەكلىماكان قۇملۇقىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن نۇرغۇن شەھەرلەر توغرىسىدىكى كىتابسىمان سۆزلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئەمەسلىكى ھازىر بارغانسېرى ئىسپاتلانماقتا. شۇنداقتىمۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بۇ رايونغا نىسبەتەن ھەمىشە قاتتىق قىزىقىۋاتىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت ئۆلۈك ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بۇ جاينىڭ ئىلىم - پەن جەھەتتە پەيدا قىلىدىغان قىزىقىشى؛ پەقەت جۇغراپىيە ئىلمى، يەرشەكلى ئىلمى ۋە ستراتېگىيە ئىلمى قاتارلىق جەھەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، ياۋروپا ئارخېئولوگلىرى پۈتۈن كۈچىنى گرېتسىيە، پاكىستان، مېسوپوتامىيە ۋە مىسىر قاتارلىق قەدىمكى زاماننىڭ كونا ئىزلىرىغا قاراتماقتا. ئۇلار ئۇ يەرلەردە كىشىلەر ھەيران قالغۇدەك كەشپىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە. ئىككىنچىدىن، يوقىلىپ كەتكەن بۇددا دىنى دۇنياسىنىڭ كۇئېنلۇن تېغىنىڭ باشقا بىر تەرىپىدىكى سىرسىز رايونغا بېرىپ قالغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ. ئەگەر بىرەرسىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقتى دېگەندىمۇ، ئۇ يەردىكى ھەر قانداق بىر خارابىلىكنى ئىسلام دۇنياسىغا تەئەللۇق دەپ تونۇيدۇ. ئۈچىنچىدىن، خۇددى كىشىلەر خەۋەر تاپقاندەك، بۇ رايوننىڭ ئەتراپىدىكى ھەر قايسى جايلاردا ئىنتايىن زور قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ - خەتەر تولۇپ ياتاتتى. چۈنكى ياۋروپالىق بىر قانچە ساياھەتچى دەل شۇ رايونغا بېرىشتا ئۆتىدىغان قاقاس - چۆللۈك ۋە زېرىكىشلىك مۇھىم ئۆتكەللەردە ئىنتايىن يامان ئاقىۋەتكە قالغانىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، بىر ئادەمنى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئاستىدا قانداقتۇر بىر نەرسە يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولسا كېرەك، دەيدىغان ئاشۇنداق بىر خىل ئىدىيە ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. ئۇ ئادەم دەل پەنجابنىڭ خېلى ئۇزۇن ستاژغا ئىگە مەمۇرىي ئىشلار خىزمەتچىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلە-

ـسى بويىچە نوپۇزلۇق كىشى سىر داۋگلاس فورسىت (Sir Douglas Forsyth) ئىدى. 1870 - يىلى يەنى جۇنۇن يول ئىچىش سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن، دوگلاس فورسىت ياقۇپ بەگ (Yakub Beg) بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش مەقسىتىدە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ يەكەنگە باردۇ. بۇ بەگ ئاجايىپ قابىلىيەتلىك شەرق تەۋەككۈلچىسى بولۇپ، ئۇ 1866 - يىلى جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ئىدارە قىلغان. شۇنداقلا روسىيىنىڭ تاجاۋۇزىنى توسىيالايدىغان بىردىنبىر ئادەم دەپ تونۇلغانىدى. دوگلاس فورسىت ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، چۈنكى ياقۇپ بەگ ئۇ چاغدا ئۆز پايتەختىدىن كېتىپ قالغان. شۇنداقلا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنىڭ ھىچانداق بىر ئالامىتى كۆرۈلمىگەنىكەن. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن. دوگلاس فورسىت ئىزىنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا يەنە بىر قېتىم ئەۋەتىلىدۇ. بۇ قېتىم دوگلاس فورسىت خېلىلا چوڭ بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ ماڭىدۇ ھەمدە خېلىلا چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ئۆلچەش خادىملىقىدىن باش ۋالى بولۇپ قالغان ھېلىقى كونا دوستى جۇنسۇنىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ - دە، ئۇنىڭ ترانسپورت ئەترىتى شۇنىڭ ياردىمى ئارقىلىق خەتەرلىك قاراقۇرۇم تېغىدىن ساق - سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، لوندوندىكى خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىگە يازغان دوكلاتىدا، ئۆزىنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى ئۆلۈك شەھەرلەرگە ئىنتايىن قىزىقىپ قېلىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ دوكلاتىدا «چۆل - جەزىرىدىكى چوڭ قۇملۇققا دەپنە قىلىنغان شەھەر» دەپ ماۋزۇ قويۇلغانىكەن (ئۇ چاغدا تەكلىماكاننى بىلىدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئىككى قۇملۇقنى تەسۋىرلەشتە ئوخشاشلا «چۆل - جەزىرە» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئىشلىتىلەتتى).

دوگلاس فورسىت دوكلاتىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىككىنچى قېتىم بۇيرۇققا بىنائەن قەشقەرگە بارغان چېغىمىزدا، بىرنىڭ دىققىتىمىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان نۇرغۇن قىزىقارلىق شەيئىلەر ئارىسىدا، جىمىزنى ئوخشاشلا قىزىقتۇرغان نەرسە شۇ بولدىكى، بىز چۆل - جەزىرە

قىزىلقۇملىرىدىكى ئاقار قۇمنى ۋە بوزۇلغان زامانىدا قىزىلقۇمدا دەپمىنە قىلىنىپ كەتكەن، لېكىن ھازىر يەنە تەدرىجىي قېزىپ چىقىرىلىۋاتقان قورغۇن قەدىمىي شەھەرلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدۇق.» ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «1870 - يىلى مەن بىرىنچى قېتىم يەكەنگە بارغان ۋاقتىمدا كۆپ ماتېرىيال توپلىيالمىدىم... ئەمما 1873 - يىلى ئىككىنچى قېتىم زىيارەتكە بارغان ۋاقتىمدا، مەن تېخىمۇ كۆپ تەكشۈرۈش - زىيارەت ئېلىپ بېرىشقا بەل باغلىدىم. مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن نەشىردىن چىققان كىتاب - ژۇرناللار ئىچىدىن ئېرىشىش ئېھتىمالى بولغان ماتېرىياللارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە رەتلەپ ۋە سېلىشتۇرۇپ چىقتىم.»

ئۇ چاغدا ئۇ ئۇ يەرلەردە خۇددى جونسۇن كۆرگەنگە ئوخشاش «كوفىراپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆكىرىپ پاختىلىشىپ قالغان قارا كېسەك چايلارنىڭ بازارلاردا سېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، بەزىلەر ئۇنىڭغا بۇ نەرسىلەرنىڭ خوتەن ئەتراپىدىن قېزىۋېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. دوگلاس فورسىت بۇ سىرلىق شەھەرلەرنىڭ بىرەرسىنى ئۆزى بېرىپ ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە تاپقىلى بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش قارارىغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردىكى مۇسۇلمان دائىرىلىرى ئۇنىڭ خوتەنگە بېرىپ زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنگومارىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىگە ھەمراھ بولۇۋاتقان ئىككى نەپەر يەرلىك «تالىپ»نى خوتەن ئەتراپىدىكى ھېلىقى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن شەھەرلەر بار يەرگە بېرىپ، قېزىشقا بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قېزىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى خوتەننىڭ شەرق تەرىپىدىكى كېرىيىگە يېقىن بىر جايدا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن شەھەردىن تېپىلغان ئىككى دانە كىچىك ئىلاھ بۇتىنى ئېلىپ كېلىدۇ. دوگلاس فورسىتنىڭ ئېنىقلاپ كۆرۈشىچە، ئۇنىڭ بىرى بۇددا بۇتى ئىكەن، يەنە بىرى، لايدىن ياسالغان مايمۇن ئىلاھىنىڭ بۇتى ئىكەن. ئۇ بىزگە مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: «يېڭىلا قېزىۋېلىنغان بۇ ئىككى نەرسىنىڭ

بىر نىلە «تالىپ»نىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى، تەلىيىمىزنىڭ ئىنتايىن ئوڭدىن
كەلگەنلىكىدىن بولدى، چۈنكى ئەگەر بۇنى بۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى
تۇرىدىغان مۇھەممەتنىڭ ئىخلاسمەن مۇخلىسلىرى كۆرۈپ قالىدىغان بول-
سا، بۇ نەرسىلەر ناھايىتى تېزلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ كەتكەن بولاتتى.»
يەنە بىرەيلەننىڭ ئەكەلگىنى «بىر قانچە ئالتۇن ئۈزۈك ۋە بۇرۇن ھال-
قا... يەنە بەزىبىر مېتال پۇللار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كىشىنىڭ دىق-
قىتىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى بىر دانە تۆمۈر يارماق ئىدى، ئۇ مىلادى-
دىن بۇرۇن I ئەسىردىكى باكتېرىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى گرېك پادىشا-
ھى ھېرما ئېيۇس (Hermaeus) دەۋرىدىكى نەرسىلەرگە بەكمۇ ئوخ-
شايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بىر قانچە دانە ئالتۇن يارماقلار ئايرىم - ئايرىم
ھالدا رىم پادىشاھى كونستانس II (Constans II) ۋە پوگناتۇس
(Pognatus)، جۇستىنۇس (Justinus)، ئانتىماچۇس (Antimachus)
تېئودوسىيۇس (Theodosius) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى نەر-
سىلەر ئىكەن.» دوگلاس فورست ھېلىقى دوكلاتنىڭ ئاخىرىدا
ئىزاھات بېرىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام ئەھلىلىرى ئىلاھ بۇتلىرىنىڭ
ياسالغان ۋاقتىنى تەخمىنەن مىلادى X ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە،
دەپ ئايدىڭلاشتۇرۇشتى.» شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىزىدىنە بۇ كونا ئىزنىڭ
قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان ۋاقتى بىزنىڭدىن 800 يىل بۇرۇن بولسا كېرەك،
دېگەن مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇنىڭ ئىككى «تالىپ» ئىزنىڭغا يەنە خوتەن رايونىدا باشقا قە-
دىمىي يادىكارلىقلارنىڭمۇ قېزىپ چىقىرىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ
ئىچىدە كىلىنغا سىمۋول قىلىنغان ئالتۇندىن ياسالغان بىر
زىننەت بۇيۇمىنىڭ بارلىقىنى. ئېغىرلىقى 16 باڭ كېلىدىغان
ئالتۇندىن ياسالغان بىر گۈل تەشنىكىنىڭمۇ بارلىقىنى دوكلات قىلغان.
ئەمما بۇ تارقىلىپ يۈرگەن بىرگەپ ئىدى. لېكىن ھېلىقى بۇددا بۇتى،
مايمۇن ئىلاھى بۇتى ۋە ھېلىقى يارماقلار بولسا، كۆز بىلەن كۆرگەن
ھەقىقىي نەرسىلەر، شۇڭلاقلا تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ غايىپ بولغان
دۇنيادىن تېپىلىپ، ياۋروپالىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن بىرىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇرغۇم قەدىمىي يادىكارلىقلار ئىدى. بۇ قەدىمىي يادىكارلىقلارنىڭ ئۆزىدىن ئۆتقاندا، ئۇلار يېقىن ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى جەھەتتە، كىچىككىنە بىر نامايەندە بولۇپ قالغۇسى - خالاس.

بىر - ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە، شىمالدىن كەلگەن روسىيىلىك ساياھەتچىلەرمۇ تەكلىماكان بويلىرىدا خارابىلىككە ئايلانغان شەھەرلەرنىڭ تېپىلغانلىقىنى دوكلات قىلىشقان. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى بوتانىك، زوئولوگ، كارتوگراف ۋە گېئولوگ كارتوگرافلار بولۇپ، ھەممىسىنىڭلا جىددىي ۋەزىپىسى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇ يەردە توختاپ، قېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرلا ئادەم يەنى رۇس مىللىتىدىن بولغان ئۇلۇغ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتورى پولكوۋنىك نىكولاي پرىژېۋالسكىي (Colonel Nikolai Prejevalsky) 1877-1876 - يىللىرى، لوپنۇر كۆلىنى تەكشۈرگەن ۋاقتىدا ھەممىدە كېيىنچە بۇ رايوندا كۆپ قېتىم ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ياكى ئۇزاق ۋاقىت تاشلىنىپ قالغان شەھەرلەرنىڭ ھەر خىل كونا ئىزلىرىنى ئۇچراتقان. مىلادى 1879 - يىلى روسىيىلىك بوتانىك ئالبېرت رېگېل (Albert Regel) جۇڭگونىڭ چېگرا قاراۋۇللىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندىن كېيىن، تۇرپانغا يېقىن بىر يەردە ناھايىتى چوڭ بىر شەھەر خارابىسىنى ئۇچراتقان. كېيىن ئېنىقلىنىشىچە، بۇ خارابىلىك قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى قاراغوجا ئىكەن. ئۇنىڭ دوكلات قىلىشىچە، ئۇ ئۇ يەردە بۇددادىنىي مۇخلىسلىرى چوقۇنىدىغان بۇتنى ئۇچراتقان. ئەمما جۇڭگو دائىرىلىرى ئۇنى ئۆز دۆلىتىگە قايتىشقا قىستىغانلىقتىن، ئۇ ھەقتە چۈشەنچە ئىزدىنىشكە ۋاقىت چىقىرالمىغان، شۇ يىلى ۋېنگرىيىلىك بىر گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيگە يېتىپ كەلگەن. ئەمما ئۇلار مەدەنىيەت يادىكارلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولمىغاچقا، ئۇ يەردىن تېزلا باشقا يەرگە كېتىپ قالغان.

جۇڭگو تۈركىستانىغا بارغان تۇنجى ساياھەتچى دەر قاچان

ئىسمى فرانسىس ھاسبىن بولسا كېرەك (ئۇ ئۇ چاغدا كاپىتان ئىدى). ئۇنىڭ-
دا، ئۆزى قول سالمايلا تۇرۇپ قىزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىستىكى
پەيدا بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «چولاق قىزىل قۇلاقنىڭ يۈرىكىدە» دېگەن
كىتابىدا (بۇنىڭدا ئۇنىڭ 1887 - يىلى پولكوۋنىڭ ماك بىل بىلەن
چولاق قىزىل قۇلاق جەڭگىۋىسىنى كېسىپ ئۆتۈش سۈرئىتى بويىچە مۇسابىقە-
لەشكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ) مۇنۇلارنى يازىدۇ، ئۇ ئەنگلىيىگە بېرىش
ئارزۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان لامەيتىزرھوراخان
ئىسىملىك بىر كىشىنى ياللىۋالدى. رەھمەتۇللاخان ئۆز مەقسىتىگە
يېتىش ئۈچۈن ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئاق تۆگىدىن بىر توپ ئېلىپ
لوندونغا باراقچى بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالدى.
كېيىنچە ئۇ ئالكۇتتىدىكى ھايۋاناتلار باغچىسىنى زىيارەت قىلدى، شۇ-
نىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ غەلىتە ھايۋانلارغا تولىمۇ
قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى. بىز ئۇنى تۆگىلەرنى لوندونغا ئاپارسا
ناھايىتى زور زىلزىلە پەيدا قىلالايدىغانلىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشەندۈ-
رىدۇ. ئەمما ھاسبىن ئۇنىڭغا باشقا بىر مەسلىھەتنى بېرىدۇ.

ئۇ ئۇنىڭغا، ئەگەر ئۇ بۇ دۆلەتتىكى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ھېي-
لىتى قەدىمىي شەھەرلەر ئىچىدىن قەدىمكى زاماننىڭ زىننەت بۇيۇملىرى-
نى ۋە كىتابلىرىنى تاپالىسا، ئۇ چاغدا لوندونغا بارغاندا ناھايىتى
كۆپ پۇلغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئايرىلىدىغان
چاغدا، ھاسبىن ئۇنى قوللاش يۈزىسىدىن ئەنگلىيە مۇزېيىنىڭ ۋە كال-
كۇتتا ھەمدە بومبايدىكى مۇزېيلارنىڭ باشلىقلىرىغا قارىتىپ ئۇنىڭغا
ئالاھىدە تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بېرىدۇ.

ئارخېئولوگلار گەرچە ھاسبىننىڭ شۇ چاغدا بەرگەن مەسلىھەتىدىن
تا ھازىرغىچىلىك نەپرەتلىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ
مەسلىھەتى بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى قەدىمكى كىتابلار ھەققىدە بەرگەن
مەسلىھەتى ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئەنگە دانا پىكرىنى ئوتتۇرىغا
قويالايدىغانلىقىنى نامايان قىلماقتا. ئۇنىڭغا بۇ خىل ئوينىڭ نەدىن
كەلگەنلىكىنى ھەقىقەتەنمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ خىيال-

لى داكىلىمىق بوۋېر (Bower) قول يازمىلىرى تېپىلىشىدىن
توپتوغرا ئۈچ يىل بۇرۇنقى ۋاقىت ئىچىدە پەيدا بولغانىدى. بۇ قول يازمى-
نىڭ تېپىلىشى پۈتۈن ھىندىستاننىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىنى زىلزى-
لىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. چۈنكى ئۇنىڭ تېپىلىشى، جوڭگونىڭ يىراق
بىر يېرىدە كىشىلەر ئۇنتۇپ كەتكەن لېكىن كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى كۈتۈپ
تۇرۇۋاتقان بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بەرگەنىدى.

ئۈچىنچى باب

قەدىمىلىك قول يازمىلارنى تالىشىش جېڭى

قارىغاندا، ھاسىپنىڭ يول باشلىغۇچىسى لامەيتۇرھۇراخان ياكى ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالمىغان، ياكى بولمىسا باشقا يەرنى خاتا كولاپ قويغان. چۈنكى تەكلىماكاننىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئارخېـ ئولوگىيە خاتىرىلىرىدە شۇ يەرلىك گۆھەر ئىزلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى ئالاھىدە قېزىلىملارنىڭ چىققان ئورنىنى خاتىرىلىگەن چاغدا بىر- بىرلەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا دەل مۇشۇ يول باشلىغۇچىنىڭ ئىسـ مى كۆرۈلمەيتتى. تەخمىنەن 50 يىللاردىن كېيىن (ئۇ چاغدا ھاسىپ ئاقساقال ئەربابلاردىن بولۇپ قالغانىدى) ھاسىپ يېزىقچىلىق ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقىتتا، ئەينى يىللاردا يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇش خېتىنىڭ پەقەتلا ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. بۇنىڭ سە- ۋەبى ئۇ رايوندا جاننىڭ ئەتىۋارى يوق بولغاچقا، ھېلىقى كىشى ئاشۇ بىر لەۋچە پارچە تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئىشلىتىشكە ئۈلگۈرەلمەي تۇرۇپلا ئۇ ئالەمگە يول ئالغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئەمما مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، پەقەت بىر - ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدىلا، ماھىر گۆھەر ئىزلىگۈچىلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز قېزىشتۇرۇشىغا ئەگىشىپ، دىق- قەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ناھايىتى تېزلا تېپىلدى. بۇ قېتىم قاقاس چۆللۈكتىكى قۇملۇقلاردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە، بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىـ غان بىر خىل يېزىقتا يېزىلغان قول يازما ھۆججەتلەر بار ئىدى.

دەسلەپكى مەزگىللەردە تېپىلغان بىر نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن تېپىلغان بىر تۈركۈمى (بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم نەرسىلەر ئىكەنلىكى

كېيىن ئېنىقلاندىكى، 1889 - يىلى شۇ يەردىكى
بىر توپ گۆھەر ئوغرىلىغۇچىلار قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ
شىمالىي يولىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە، كۇچاغا يېقىن بىر
جايدىكى گۇمبەز شەكىللىك سىرلىق ئېگىز مۇنار ئىچىنى قېزىپ كۆرمەكچى بول-
غاندا، ئۇلارغا تۇساتتىن ئۇچراپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ يەردىكىلەر تاشلى-
نىپ قالغان بۇ مۇنارنىڭ ئىچىدە، قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ساقلىنىۋات-
قانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بۇ گۆھەر ئوغرىلىرى بىر مۇنار (بۇ بەلكىم بۇددا دىنىغا تەۋە قە-
دىمكى ھىندى مۇنارى ياكى بولمىسا تەبەررۇكلانغان بولۇشى مۇمكىن) نىڭ
ئىچىدە ناھايىتى چوڭ بىر ئېغىزلىق ئۆڭكۈرنىڭ بارلىقىنى، ئۆڭكۈرنىڭ ئوتتۇرى-
سىدا زور مىقداردىكى قەدىمكى زامان قەغەز پارچىلىرىنىڭ دۆۋىلەنگەنلىك
تىزىلغانلىقىنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزى قاراڭغۇدا بىر نەرسىلەرنى پەرق
ئېتەلەيدىغان ھالغا كەلگەن چاغدا، بىر دانە كالىنى يۈز ئىچىگە ئالغان
بىر قانچە ھايۋانلارنىڭ قۇرۇپ كەتكەن جەسىتىنىڭ شۇ يەردە خۇددى
ئۇ نەرسىلەرنى قوغداۋاتقاندەك تىزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئەمما ئۇ مىدىرلىتىپ
قويغان ھامان يەرگە ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. تامغا يېزىلغان خەتنى ئۇلار زادى-
لا كۆرۈپ باقمىغان سىرلىق يېزىقتا يېزىلغان بولغاچقا، مەنىسىنى بىلەل-
مەيدۇ. گەرچە ئۇلار ئەسلىدە تاپماقچى بولغان قىممەتلىك نەرسىلەرنى تا-
پالمىغىنى ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى
قەغەز پارچىلىرىنى سېۋەتكە قاچىلاپ، شۇ يەرلىك بىر مۇسۇلمان ئۆلىما-
نىڭ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. بۇ ئۆلىما كىشى ھاجى
بولۇپ، (مەككىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىپ كەلگەن ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرى
ھاجى دەپ ئاتىلىدۇ) ئۇنىڭ ئىسمى گۇللان كودىي ئىكەن. ئۇ ئىككى
كۈن تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى خەتنىڭ بىرسىنىمۇ تونۇيالمايدۇ. شۇن-
داق بولسىمۇ ئۇ ئۇنىڭدىن ئازراق سېتىۋالىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، لېيتې-
نانت بوۋېر ئىسىملىك (يەنى كېيىنچە مايورلۇققا كۆتۈرۈلگەن سىر ھامىل-
تون) ھىندىستان قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئاخبارات ئەمەلدارى شوتلان-
دىيىلىك ياش بىر ئېكىسپېدىتورنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئىزدەپ

يۈرەتتى. ئۆلگۈچى ئاتاقلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتورى ئاندرېۋ دالگ-
لېيش (Andrew Dalgleish) ئىدى. ئۇ يول ئۈستىدىكى بىر قاتىلنى
ئېغىردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغدا. يەكەندىن كېلىۋاتقان دورت مۇھەم-
مەدى ئىسىملىك تەمەل كەلگەن ئافغانىستانلىق بىر ئادەم سەۋەبسى-
ئېنىق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىدۇ. كېيىن
ئۇنى چېپىپ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا لېيتېنانت بوۋېر (1940-يىلى ئۆل-
گەن) دەل مۇشۇ رايوندا ئوۋچىلار ئەترىتى دېگەن نام بىلەن ئۆزىنى
نىقابلاپ. مەخپىي ئۆلچەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. ئۇ ھىندىس-
تان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قاتىلنى ئىزدەپ تېپىش ۋە ئۇنى قولغا ئېلىش تە-
رىپىدىكى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا. مەخپىي
ئاخبارات تەشكىلاتىدىن بەرگىنى قۇرسىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ
تۆر ئۆزچىنى ئافغانىستان، جۇڭگو ۋە روسىيىگىچە
ئۇزارتتى (ئەڭ ئاخىرىدا دوننىڭ ئىككى ئاخباراتچىسى قاتىلنى قىرغا-
شىپ سەمەرقەنتكىچە بارىدۇ ھەمدە ئۇ يەردىكى بىر بازاردا ئۇنىڭ بىلەن
يۈزمۇ-يۈز ئۇچرىشىپ قالىدۇ) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا. بوۋېرنىڭ ئۆزىمۇ
قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ قاتىلنى ئىزدەپ كېتىۋېرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ
ئاخىر تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىق كۇچاغا يېتىپ كېلىدۇ.
ئۇ بۇيەردە گوللان كودېيى ھاجىنىڭ قوليازما ھۆججەتلەردىن ئازراق
سېتىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن. قىيىن دەرەخنىڭ قوۋزاقلىرىغا
يېزىلغان بۇ قوليازما ھۆججەتتىن 51 بەت سېتىۋالىدۇ ھەمدە ئۇنى كال-
كۇتتىدىكى بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ-
غا يېزىلغان يېزىقنى باشتا ھېچكىم تونۇيالمايدۇ. كېيىنچە ئەنگلىيە-
گېرمانىيە شەرقشۇناسى دوكتور ئاۋگۇستۇس رۇدولف ھورنلې
(Augstus Rudolf Hoernle) ئۇنى تونۇۋالىدۇ. براخمى ھەر-
پى بىلەن يېزىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى بۇ قوليازمىلار بىر-بىرى-
گە پەقەتلا ئوخشىمايدىغان يەنە ھەل ئۇسلۇبىدا يېزىلغان شۇنداقلا تولۇق
بولمىغان قوليازما بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ كۆپ قىسمى تىبابەتچى-
لىك ۋە پېرسخونلۇققا دائىر نەرسىلەر ئىكەن. ئۇنىڭ يېزىلغان ۋاقتى تەخ-

مەسەن مىلادى 7 ئەسىر ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىزنى ھىندىستان-
نىڭ بۇددا دىنىي راھىبلىرىنىڭ يازغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يې-
قىن ئىكەن. بۇ دۇنيا بويىچە ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئەڭ قەدىمكى قول ياز-
ما ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ھىندىستاندىن تېپىلغان ھەرقانداق
نەرسىدىنمۇ قەدىمكى نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پەقەت ھاۋاكىلىماتىدىن
ئېيتقاندا مىسىر بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان تەك-
لىماكاندىن ئىبارەت بۇ ئىنتايىن قۇرغاق زېمىندا تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا
ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كېلەلىگەن.

دوكتور ھورنلېنىڭ بىز نەرسىلەرنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ناھا-
يىتى ئوبدان خۇلاسىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بوۋېرنىڭ ئورنىكمانىنى
قولغا چۈشۈرۈشى شۇنىداقلا ئورنىكمانىڭ كالكۇتتىدا ئاشكارا
تارقىتىلىشى شەرقىي تۈركىستانغا قارىتىلغان ئارخېئولوگىيىلىك
ئىزدىنىش جەھەتتە پۈتۈنلەي زامانىۋىلاشقان بىرھەرىكەتنى باشلىۋەت-
تى.» يەنە بىر ئالىم خانلىق ئاسىيائىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلىدا
ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە كۆپتۈرۈلگەن تەلەپپۇز بىلەن لېيتېنانت
بوۋېرنىڭ قول يازمىنى قولغا چۈشۈرۈشى ۋە ھورنلېنىڭ
قوليازمىنى ئېلان قىلىشى «ئىلمىي - پەن ياۋروپاسىنى بىزرايوندىكى
قەدىمكى يادىكارلىقلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قوغلىشىش» ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلدى، دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، گوللان كودېي ھاجىنىڭ كۆھەر
ئوۋلىغۇچىلار قولىدىن ئالغان كۆچا قول يازما ئورنىكمانىلىرىمۇ
ئەگرى - توقاي يوللار ئارقىلىق ھورنلېنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ.
بىزۋېر ھاجىنىڭ قولىدىكى قول يازمىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ھاجى
قولىدا ئېشىپ قالغان قول يازمىنىڭ ھەننىۋاسىنى يەكەندىكى ئىنىسىگە
بېرىۋېتىدۇ. ئىككىنچى يىلى ئۇنىڭ ئىنىسى قاراقۇرۇم تېغىدىن ئۆتۈپ
بۇ نەرسىلەرنى لى شەھىرىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرى ئۇ يەر-
دىكى ۋېيبەي ئىسىملىك مۇراۋىيا دىنىي مەزھىپىدىكى بىر مۇخلىسىنىڭ
قولىغا چۈشىدۇ. ئۇ ئادەم بۇ نەرسىلەرنى يەنە ھورنلېغا ئۆتكۈزۈپ بې-
رىدۇ، ھاجىنىڭ ئىنىسى ئۇنىڭ يەنە ئېشىپ قالغان قىسمىنى ھىندىس-

تالىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە تۆت يىلدىن ئار-
تۇق ۋاقىت قويۇپ قويىدۇ. ئۇ ھىندىستانغا ئىككىنچى قېتىم زىيارەتكە
بارغان چېغىدا، بۇ قول يازمىلارنى قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېلىپ، شۇ يەر-
دىكى ئەنگلىيە ۋەكىلى گېئورگى ماكارتنىي (George Macartney) غا
تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ماكارتنىي ئۇزنى يەنە بىر قېتىم قاراقۇرۇمدىن ئۆتكۈ-
زۈپ — بۇ ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئۆتۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ — ھىن-
دىستاندىكى شىملاغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بۇ يەردە ئۇ نەرسىلەر يەنە ھورنلې-
نىڭ قولىغا چۈشكىلەپ كېلىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مىلادى 1896-
يىلى يەنى تاشلىۋېتىلگەن ھىندى مۇنارىدىن قول يازمىلار تېپىلىپ يەتتە
يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھاجى ئەسلىدە سېتىۋالغان ئۈچ تۈركۈم قول يازما
ئورگىنال — ھازىرقى ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇلارنى بوۋېر، ۋېبېر ۋە ماكا-
رتنىي قول يازما ئورگىناللىرى دەپ ئاتىشىدۇ — ئاخىرى يەنە بىر يەرگە
جەم بولىدۇ.

بىراق ھاجى سېتىۋالغان قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھىندى
مۇنارىدىكى باشقا قول يازمىلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولۇپ كەت-
كەندۇ؟ ئۇنىڭ جاۋابى، ئۇنىڭ قېپقالغان قىسمىنى، بىر قانچە يىلدىن كې-
يىن، قەدىمكى يادىكارلىقلارنى توپلاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كې-
لىۋاتقان روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى نىكولاي پېتروۋس-
كىي (Nikolai Petrovsky) سېتىۋالىدۇ. ئۇ تاكى 1903 - يىلى
پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر يىپەك يولىدا قولغا چۈشۈرگەن قول يازما
ئورگىنال ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى پېتروبورگدىكى ئىلىم
ئەھلىلىرىگە توختىماي ئەۋەتىپ بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى مەدە-
نىيەت يادىكارلىقلىرىنى لېنىنگرادتىكى بىر مۇزېيدا ھازىرمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

ھورنلې پېتروۋىسكىينىڭ پۈتۈنلەي شۇ يەردىكى سودىگەرلەرنىڭ
قولى ئارقىلىق، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلاش پائالىيىتىنى مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھىندىستان
ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا ئەۋەتكەن ۋەكىللىرىنىڭ قەدىمكى
يادىكارلىقلارنى سېتىۋېلىش ئىشىغا ئاكتىپ ياردەم بېرىشىنى كۈچەپ تەشەب-

بۆزمىس قىلىندۇ. نەتىجىدە، مىيرزىگاۋ جىرجىت، چىپچىۇر، لاداق شەھىرى، كىلاس ۋە مەشئەت قاتارلىق جايلاردىكى سىياسىي ۋەكالەتچىلەر — قەشقەردىكى ماكارتىنىيمۇ شۇنىڭ ئىچىدە — مىلادى 1893 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ، قەدىمكى يادىكارلىقلارنى توپلاشقا دىققەت قىلىشقا باشلايدۇ. شۇندىقلا ئۇنىڭدىن ھەقىقەتەنمۇ ئاز - تولا توپلايدۇ ھەمدە ئۇنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كالكۇتتىدىكى ھورنلېغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ھورنلى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلىقىمىز ئۈچۈن ھازىر زور مىقداردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى يادىكارلىقلىرىغا ئېرىشەلىدۇق، شۇنىڭ بىلەن كۆلىمى خېلىلا چوڭ بولغان ئەنگلىيە توپلاش - ساقلاش ئورنى شەكىللەندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنىڭدا ساقلىنىدىغان بۇيۇملار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، دېگەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ يەنە ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەن مۇشۇ ھەرىكەتنى قوزغىغۇچى كىشى بولالىغانلىقىم ئۈچۈن چەكسىز مەمنۇنلۇق ھېس قىلىمەن.» ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇ خىل مەمنۇنلۇق كەيپىياتى ئۇزۇنغا بارمايلا غايىپ بولىدۇ.

ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيا قول يازما ئورىگىناللىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۈستىدىكى رىقابەت ھەرگىزمۇ ئەنگلىيە ۋە روسىيەدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى دۆلەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. مىلادى 1890 - يىلى يەنى بوۋېرنىڭ قول يازما ئورىگىناللىرى ھورنلېنىڭ قولىغا يېتىپ كەلگەن يىلى ئىككى فرانسىيىلىك — بىرى دۇترېئويىل دې رېنس (Dutreuil de Rhins) ئىسىملىك خەرىتىشۇناس، يەنە بىرى فېرناند گرېنارد (Fernand Grenard) ئىسىملىك شەرقشۇناس — فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، جۇڭگو تۈركىستانىغا ۋە شىراڭغا بارىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرماقچى بولىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇلار كىشى ئاڭلىسا چۆچۈپ كەتكۈدەك جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى دۇترېئويىلنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە ئىشنى ئاياغلاشتۇرىدۇ. بۇ ئىككى ئېكسپېدىتسىيە

ئاساسلىقى خەرىتە سىزىش ۋە باشقا ئىلىم - پەن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئەمما ئۇلارمۇ بىر ئامال قىلىپ ساپالدىن ياسالغان قوش لوكىلىق بىر دانە تۆگە ھەيكىلى بىلەن ساپالدىن ياسالغان، پۈتۈنلەي ساقال - بۇرۇت بىلەن تولغان ئادەم بېشىنىڭ ھەيكىلىنى ئۆلەگىدىن باشقا يەنە بەزى بىر مۇھىم قولىيازما ئورىگىناللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى بىر قەدىمكى يادىكارلىقلارنى توپلايدۇ. قەدىمكى ھىندىستان يېزىقىدا ئاق قېيىن پوپۇرىقىغا يېزىلغان بۇ قولىيازمىلار ۋاقىت جەھەتتە پەقەت بوۋېرنىڭ قولىيازما ئورىگىنالىدىن سەل لا كېيىن يېزىلغانىكەن. ئەمما فىرناند گرېنارد ئۇنى بوۋېر ئېرىشكەن قولىيازمىدىنمۇ بەك ئىلگىرى يېزىلغان دەپ قارايدۇ. كېيىن پارىژدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇنىڭ بۇددا دىنى كىلاسسىك ئەسىرى «ئەمىر - مەرۇپ دەستۇرى»نىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان.

مىلادى 1893 - يىلى 6 - ئايدا ئۇلار شىنجاڭدىكى دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان قەبىلىلەرنىڭ پىستورما زەربىسىگە ئۇچرىغان چاغدا، بۇ قولىيازما ئورىگىنالىمۇ باشقا نەرسىلەر بىلەن بىللە پۈتۈنلەي يىتتۈرۈپ قويۇشقا تاسلا قالىدۇ. شۇ چاغدىكى ئېتىشىشتا دۈترېئۇيىل دې رىنىسنىڭ ئاشقازىنى ئېغىر يارىلىنىدۇ. فىرناند گرېنارد ئۆزىنىڭ يارىلانغان بۇ رەھبىرى ئۈچۈن بىر دانە ئاسلىكا قۇراشتۇرماقچى بولۇۋاتقان چاغدا، ھېلىقى كىشىلەر ئۆلەر ھالىتىدە ياتقان بۇ ئادەمنى بۇلاپ كېتىپ، يەتتە ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى بىر دەرياغا تاشلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇلار يەنە بۇ ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ شەيئىلىرىنىمۇ بۇلاپ كېتىدۇ. ئۇلار ئولجىلارنى بۆلۈشۈپ بولۇپ، دالا خاتىرىسى، پىلىيونكا، ئەسۋاب - سايمان ۋە قەدىمكى يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋېتىدۇ. فىرناند گرېنارد مىڭ تەسلىكتە جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى جۈملىدىن بۇ قولىيازما ئورىگىنالىنىمۇ تېپىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېيىنچە بۇ تىراگېدىيەنىڭ پەيدا بولۇشىغا، ئۇلارنىڭ شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويغانلىقى سەۋەب بولغانىدىكەن

جىنايەت بىلەن شىكايەتكە ئۇچرايدۇ. شۇندىن كېيىن، بۇ قول يازمىنى پارىژدا تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ تولۇق ئەمەسلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بىر ئورگىنالنىڭ باشقا بەزىبىر كەم بەتلىرى ئۇزۇن ئۆتمەي سىن پېتېربورگدا پەيدا بولىدۇ. بۇنى پېتروۋىسكى توپلىغان بولۇپ، ئەمما ئۇنىڭ بۇنى قانداق قولغا چۈشۈرگەنلىكى، كىمدىن ئالغانلىقى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس.

ھورنلې مىلادى 1899 - يىلىغا كەلگەندە كالكۇتتىدىكى ئەنگلىيە توپلاش - ساقلاش ئورنىغا ناھايىتى كۆپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توپلاندى، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئورۇننىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە بىر پارچە دوكلات ئېلان قىلماقچى بولىدۇ. «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى يادىكارلىقلىرىنى توپلاشقا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» ماۋزۇلۇق بۇ دوكلاتنىڭ بىرىنچى قىسمى «بېنگال ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى»نىڭ كۆپەيتىلگەن سانىدا ئېلان قىلىنىدۇ. ھورنلې بۇ دوكلاتتا، ئۇ بۇندىن توققۇز يىل بۇرۇن بوۋېرنىڭ قول يازما ئورگىناللىرىنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن تاپشۇرۇۋالغان ھەر بىر تۈركۈم قول يازمىلارنى ۋە باشقا قەدىمكى يادىكارلىقلارنى ئۇنى تاپشۇرۇۋالغان ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بىر - بىرلەپ كۆڭۈل قويۇپ جەدۋەللەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھورنلېنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما ئورگىناللارنىڭ ۋە ياغاچ باسمىدا بېسىلغان كىتابلارنىڭ بەزىلىرى بۇرۇن زادىلا ئۇچرىتىپ باقمىغان يېزىقتا، لېكىن بۇرۇن ئۇچرىتىپ كېلىۋاتقان يازمىچە شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، بۇلارنى ھورنلې ۋە باشقا تىلشۇناسلار پەرقلەندۈرۈپ چىقىدۇ ھەمدە ئۇنى يېزىقى غايىب بولۇپ كەتكەن دىنىي كىلاسسىك ئەسەرلەر قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. لېكىن ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇنىڭ يەنە بەزىلىرىنى زادىلا پەرقلەندۈرەلمەيدۇ ھەتتا ئۇنىڭ قايسى خىلدىكى يازمىچە شەكىلدە يېزىلغانلىقىنىمۇ بىلەلمەيدۇ. ھورنلې ۋە باشقا شەرقشۇناسلار گەرچە ئۇنى ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت تەتقىق قىلىپ، ئۇنى چۈ-

شەلدۇرۇپ بېقىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭدىن ھېچقانـ
داق نەتىجە چىقىرالمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھورنلىنىڭ قەشقەر، لاداق شەھىرى، ۋە باشقا جايلاردىكى ۋەكالەتچىلىرى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقـ لار بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ۋە گۆھەر ئوۋلىغۇچىلارـ نىڭ قولىدىن سېتىۋالغان ئەڭ يېڭى نەرسىلەرنى ھورنلېغا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئەۋەتىپ بېرىپ تۇرىدۇ. ھورنلې ئۆزىنىڭ دوكلاتىدا بۇ قېتىم تاپشۇرۇۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېپىپ مىسال قىـ لىپ، ئۇنىڭ «ماكارتنىي ئەپەندى خوتەندىن ۋە تەكلىماكاندىن قولغا چۈـ شۈرگەن خىلمۇ ـ خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىككەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە: (1) 13 پارچە كىتاب؛ (2) ساپال قاچىلار؛ (3) يارماق پۇللار؛ (4) باشقا بۇيۇملار بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يەتتە پارچە كىتاب بىلەن باشقا قەدىمكى يادىكارلىقلارنى 95 روپىيە خەجلەپ سېتىۋالغانلىقىنى، قالغان ئالتە پارچە كىتابنى شۇ يەرلىك سودىگەر بادرۇدىن (Badrudin)- دىن سېتىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭغا جەمئىي 150 روپىيە خەجلىگەنلىكىنى، بۇ بۇيۇملارنى 1879-يىلى 11 - ئاينىڭ بېشىدا تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى تىلـ غا ئېلىپ ئۆتىدۇ. ئۇ ئۆزىنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان ئادەملەر ئىچىدە قەشقەردىكى ماكارتنىي ھەممىدىن بەك ماخـ تايدۇ. ئۇ بۇ نۇقتىنى تىلغا ئالغان چېغىدا چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ. ماكارتنىي يىپەك يولىدىكى بەزى كونا ئىزلارغا ئەڭ يېقىن يەردە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلاش جەـ ھەتتە تۆھپىسى ئەڭ چوڭ ئىدى.» ھورنلې بىر ھۆكۈمەت خىزمەتچى خاـ دىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن چۈشىنىشكە بولمايدىغان مەغرۇر قىياپەتتە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ نەرسىلەرنى دائىم دېگۈدەك پەقەت كىچىككىنە بەدەل تۆلەش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرۈۋالغىلى بولاتتى.»

ھورنلې دوكلاتىدا مۇنداق دەيدۇ، بۇ تېپىلمىلارنىڭ كۆپىنچىسى خوتەن ئەتراپىدىكى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن خارابىلىكلەردىن كەلگەن. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خوتەندىن بەش ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

150 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەرگىچە بولغان ئارىلىقتا مۇشۇنداق خارابىلىكتىن 15 ى بار دەپ قارايدىكەن. گەرچە ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەر پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسىنىلا ئىسپاتلىيالىغان بولسىمۇ، ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «قالغانلىرىنى بىز پەقەت شەيەرلىك گۆھەر ئوۋلىغۇچىلارنىڭ تونۇشتۇرغانلىرىدىنلا ئاڭلىغانىدۇق.» ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق ئادەم خوتەندىكى ئىسلام ئاخۇن (Islam Akhn) بولۇپ، بۇ، ئىسمىنى ھورنلې ناھايىتى ئېنىق ئېسىدە تۇتۇۋالغانىكەن.

ئىسلام ئاخۇن ئۆزىنىڭ تەكلىماكانغا قانداق قىلىپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ گۆھەر ئىزدىگەنلىكىنى ھەدەپ داۋراڭ سېلىپ، ئاجايىپ سىرلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىدۇ. ماكارتنېيمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئەينەن خاتىرىلىۋالىدۇ ھەمدە ئۇنى ئۇنىڭ تېپىۋالغان نەرسىلىرى بىلەن بىللە ھورنلېغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. پىداكارلىق روھىغا باي بۇ يەرلىك گۆھەر ئىزدىگۈچىنىڭ ماكارتنېيدىن سىرت يەنە باشقا خېرىدارلىرىمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ تاپقان نەرسىلىرى مىلادى 1895 - يىلىدىن 1898 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، لوندون، پارىژ ۋە سېنت پېتېربورگ قاتارلىق ھەر قايسى جايلاردىكى مۇزېيلارغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرىدۇ. ئۇ يەرلەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇرۇن زادىلا ئۇچرىتىپ باقمىغان يېزىقتا يېزىلغان بەزى قول يازما ئورىگىناللارنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنەلمەي ئىچى تىت - تىت بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ.

ھورنلې ئېلان قىلغان ئىسلام ئاخۇننىڭ تېپىلمىلىرى توغرىسىدىكى بىر تېپىك خەۋەردە، بۇ گۆھەر ئىزدىگۈچىنىڭ يېرىمى قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان بىر قەدىمكى ئۆينى ئۇچراتقانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ھورنلې ئۇ خەۋەرىدە بىزگە مۇنۇلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ: «ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاپقىلى بولمىغانلىقتىن، ئۇلار يەر ئۈستىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر تامدىن تۆشۈك ئاچىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام ئاخۇننىڭ تۇقتاش (Takhdash) ئىسىملىك بىر ھەمراھى شۇ تۆشۈكتىن ئۆمىلەپ ئۆيگە كىرىدۇ - دە، ئۇنىڭ

كېچىككەندە بىر ئېغىزلىق ئۆي ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئۆينىڭ ئىچىگە قۇم تو-
لۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە باشنى كۆتۈرۈپ تۇرغىلىمۇ بولمايدى-
غانلىقىنى بايقايدۇ. توقتاش قۇم كولاش جەريانىدا ئۇ يەردىن بەزى كى-
تابلارنى تېپىۋالىدۇ. ئۇ يەردە يەنە نۇرغۇن باشقا كىتابلارمۇ بار بولۇپ،
ئۇلار چىرىپ كەتكەنىكەن، قول بىلەنلا تۇتۇپ قويسا پارچىلىنىپ كېتەت-
دىكەن.» ئىسلام ئاخۇن ئېھتىمال ماكارتنىي ئوتتۇرىغا قويغان، ئاڭلىماققا
قالاقلا مىخ سانچىغانىدەك ئاڭلىنىدىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگەن چې-
غىدا چۈشەندۈرۈپ «ئۆزىنىڭ ئۆلگۈدەك قورقىدانلىقىنى، ئۆيىگە كىرىپ
ئۇنىڭ ئىچىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى» ئېيتىپ
بېرىدۇ.

ھورنلې ئىسلام ئاخۇننىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇن-
دىن كېيىن گۈمەنىي ئوۋلىغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە گەپ - سۆزگە
دىققەت قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئۆزىگىمۇ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.
ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «تەبىئىكى، بۇ خەۋەرنىڭ ئىچىدە پەقەت ئۇنىڭ بىر
قىسمىغىلا ئىشىنىشكە بولىدۇ.» ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق
دەيدۇ: «ئەمما شۇ يەردە تارقىلىپ يۈرگەن ھەرخىل گەپلەرنىڭ ھەممىسى-
نىلا قىلچىمۇ ئاساسسىز دېگىلىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن ئالايلۇق، ئوخشاش
بىر يەرنىڭ ئارىلىقى توغرىسىدا ھازىر ئۆلچەنگەن سان بىلەن شۇ يەردى-
كى كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن سان ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق
پەرقى يوق ئىدى.» ئۇ ئارىلىق جەھەتتە ئۆزى بايقىغان ئوخشاشمىغان
كۆز قاراشلار ھەققىدە داۋاملىق چۈشەندۈرۈش بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:
«قەشقەردىكى گېرىنسىيىلىك پاستىر بېكرەيىندىڭ ماڭا ئېيتىپ
بېرىشىچە، تۈركىستاندىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئارىلىق ھېسابلاش
توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ئىنتايىن ئىشەنچسىز ئىكەن.»

ئىسلام ئاخۇننىڭ ماكاناغا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ تەكلىماكاندا
قاراكۆل مازار(Quarā Qöl Mazār)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا بەرى
بىر خارابىلىكلەرنىمۇ ئۇچرىتىپتىكەن. ئۇ بۇ خارابىلىكلەر ئىچىدىن بەزى-
بىر قول يازما ئورىگىناللار ۋە ياغاچ باسمىدا بېسىلغان كىتابلارنى تېپى-

ۋاپتىكەن. ئۇ قاراكۆلمازار دېگەن يەردە يەنە تەخمىنەن ئون ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى غايەت زور قەبرىستانلىقنىڭ تاشلىنىپ قۇرغانلىقىنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قاپتىكەن. ھورنلې ئۇنى بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ قەبرىلىرى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يەنە ياۋاقۇم (Yābū Qūm) دېگەن يەردىكى بىر كونا كۆۋدىسەي ئىچىدىكى ئۈستىخانلار ئارىسىدىن يەنە بەزىبىر ئورىگىناللارنى تېپىۋاپتىكەن. بېكىرەيىند ھورنلېغا «ياۋاقۇم» دېگەن سۆز ئاۋادا «تاي - تەخەيلەرنى ئۇچرۇپ كېتىدىغان قۇم» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولسا، ئۇنداقتا، بىر ترالىپورت ئەترىتىنىڭ بۇ يەردە تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ، دەپبەرگەن. ئىسلام ئاخۇن دوكلات قىلغان ئۇچىنچى خارابىلىكنىڭ ئىسمى قارا يانتاق (Qarā Yantāq) بولۇپ، ئۇ يەردە بىر ئادەمنىڭ قىزرۇق ئۈستىخىنى ئاستىدا بىر خالتا ئورىگىناللىنىڭ نۇرغانلىقىنى ئۇچراتقان.

ھورنلې گەرچە بۇ كونا ئىزلارنىڭ ئىسلام ئاخۇننىڭ تېپىلمىلىرى چىققان ھەقىقىي جاي ئەمەسلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن (چۈنكى ئۇ بۇ گۆھەر ئىزلىگۈچىلەر بىرەر جايدا بىرەر كىتاب ئامبىرىنى ئۇچراتقان ۋە ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاۋاتقان بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلاتتى) دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىنتايىن قەدىمكى نەرسىلەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇ تەكلىماكاندىكى قۇرغاق ھاۋا كىلىماتىنىڭ تەبىئىي «چىرىشتىن ساقلىغۇچى» دورا لىق رولى ئۈستىدە توختالغىنىدا، سۆزىنى تولۇقلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنگلىيىنىڭ توپلاش - ساقلاش ئورنىدىكى بۇ قول يازما ئورىگىناللار ۋە ياغاچ باسما كىتابلارنىڭ ھەممىسى ۋاقتى ئىنتايىن ئۇزاق بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.»

گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ھورنلې ئەنگلىيىنىڭ توپلاش - ساقلاش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان ئورىگىناللار ۋە ياغاچ باسما كىتابلار ئارىسىغا ياسالما بۇيۇملارنىڭ ئارىلىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە توختالماي قالغان ئەمەس. ماھىيەتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ دوكلا-

تىدا كىشىنى ھالاك - تالاك قالدۇرىدىغان مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر رى-
ۋايەتنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. لېكىن ئۇ بۇ نۇقتىنى زادىلا ئېتىراپ
قىلمايدۇ. ئۇ دوكلاتىنىڭ ھەقىقىي مەسىلە دېگەن قىسمىدا مۇنداق دەي-
دۇ: «ھەر مىقداردىكى ياغاچ باسما كىتابلار ۋە بۇ قول يازما ئورىگىناللار-
نىڭ سىرلىقلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ياسالما بۇيۇملار توغرىسىدىكى گۇ-
مانلار دەرھاللا ئادەمنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالىدۇ. مەنمۇ خوتەن كىتابلى-
رىنى ئەڭ دەسلەپتە ئۇچراتقان ۋاقتىمدا ئاشۇنداق گۇماندا بولغانىدىم.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە مۇزېيىدىكى بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ
ۋە باشقا مۇتەخەسسىسلەرنىڭمۇ ئاشۇنداق گۇماندا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەت-
تىم.» ئۇ دوكلاتىنى يېزىشتىن ئىلگىرى، شۈبھىسىزلىك پاستىر بېكرەي-
مىدنىڭ ئۇنىڭغا يازغان خېتىنى نەقىل كەلتۈرگەنىدى.

بېكرەيىند خەتتە مۇنداق بايان قىلىدۇ، ئۇ ئىسلام ئاخۇندىن ئۈچ
دانە قەدىمكى كىتاب (ئىسلام ئاخۇن ئۇنى ئىچى كاۋاك بىر دەرەخنىڭ
تۈۋىدىن كولىۋالغان دەيدۇ) نى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شۇ يەر-
لىك بىر خىزمەتچىسى ئۇنىڭغا: «ئەپەندىم، مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قو-
ياي، بۇ كىتابلار قەدىمىي كىتابتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇنداق ئەمەس-
تەك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قانداق ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانلىقىنى سىزگە دەپ
بېرەي. مەن خوتەندە تۇرغان ۋاقتىمدا دائىم مۇشۇنداق بىر كەسىپ بى-
لەن شۇغۇللىنىشنى ئۈمىد قىلىپلا يۈرەتتىم، ئەمما ئۇلار بۇنى مېنىڭدىن
يوشۇراتتى، كىتابقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھېچقانداقىدىن خەۋىرىم
يوق ئىدى. ئاخىرى مەن ئاپام بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. ئاپام ماڭا، مەن
بىلەن ياخشى ئۆتىشىدىغان ھېلىقى بالىنى يەنە مۇشۇ كەسىپتىكىلەرنىڭ
كاتتىبېشىنىڭ بالىسىنى تاپساڭ. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەخپىيەت-
لىكنى تىلىك - تىڭلاپ بىلىۋالالايسەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى
ئۇنىڭدىن بۇ كىتابلارنى قانداق تاپتىڭلار؟ دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا بىزلەر-
نىڭ ئۇنىڭ دادىسى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن يىپ رەخت بويايدىغان
ۋە ئۇنىڭغا گۈل باسىدىغان بىر ئادەم ياغاچتىن ياساپ بەرگەن باسما
ئاۋاق ئارقىلىق بېسىپ چىقىرىلغانلىقىنى، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيت-

تىپ بەردى.» دېگەن.

بېكرەيىند خۇددى هورنلنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئالدىنئالا سەزگەندەك، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا مۇنداق دەيدۇ: «هازىر مەسىلە ناھايىتى روشەنكى، خىزمەتچىنىڭ بۇ گەپلىرى قىزغانچۇقلۇق تۇيغۇسىدىن ئېيتىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەن بۇ كىتابلارنى بۇرۇنقىدىن قارىغاندا تېخىمۇ زور پەيەن كۆز قارىشى بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرۈش قارارىغا كەلدىم.» شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى گۇمانلاندۇرغان بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا باشلايدۇ. مەسىلەن ئالايلۇق، ئۇ ئىسلام ئاخۇندىن يېقىندا سېتىۋالغان كىتابلارنىڭ قارىماققا، مەلۇم دەرىجىدە يېڭى ۋە قاتتىقىراق تۇرغانلىقىغا؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭدا ئادەتتە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان كىتابلاردىكىدەك سۈركەلگەن ياكى يىرتىلغان ئىزلارنىڭ يوقلۇقىغا سەپسالىدۇ. ئۇ يەنە بۇ كىتابلارنىڭ قەغىزىنىڭ مۇشۇ چاغدا خوتەندە باسالغان قەغەز بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىگە، «گەرچە ئۇ قەغەزلەر بىر تەرەپ قىلىشتىن ئۆتكۈزۈلگەن (ئوتقا قاقلاپ ئىسلانغان) بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ناھايىتى چىداملىق، ساپلاق تۇرغانلىقىغا» دىققەت قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئىلگىرىلىگەن هالدا مۇنۇلارنى كۆرسىتىدۇ: «كىتابنىڭ قىرغاقلىرى يەنىلا شۇنداق راۋۇرۇس بولۇپ، ئادەتتە ئۇچرايدىغان قەدىمكى كىتابلارنىڭ قىرغاقلىرىدەك، ھەدەپلا يېرىقىرىغا كۆتۈرۈلۈۋالغان ياكى كەمتۈك بولۇپ قالغان ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە. كىتابنىڭ قىرغاقلىرىنى كەسكەن چاغدا قەستەن ئۇنى قەدىمكى كونا كىتابلارنىڭ شەكلىگە ئوخشىتىپ كەسكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنىلا يېقىندا كەسكەندىكىدەك ئىزلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.»

ئەمما هورنلې ئىككى تەرەپتىكى دەلىل - ئىسپاتلارنى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، بېكرەيىندنىڭ كۆز قارىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى، كەم دېگەندە ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. هازىر ئۇنىڭ دوكلاتىنى قايتا ئوقۇيدىغان بولساق، بۇ ئالاھىدە كىتابلار ۋە قوليازمىلارنىڭ ئۇنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن پۈتۈنلەي ھەقىقىي، ئىشەنچلىك چىقتانـ

لىتىپ كىشىلەرنى ئىشەندۈرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ دېگەن مۇنداق بىر بېـ كۈنىنى چىقارماي تۇرالمايمىز. ئۇزۇنغا بۇ تېپىشماق بىلەن قىزىلباش ئۇرۇپ نىماق مۇكلۇدىنى ئىنكار قىلىپ تۇرالايتى. ئۇ قەدىمكى تۇرۇپ خاتا تەرەپكە مېڭىپ قالىدۇ. ئەمما يامىنى شۇكى، ئۇ كۆزەرگە تەۋەلىكتىچىلەر ئىلگىرى تېپىپ ئالـغان ھەقىقىي قەدىمكى ياغاچ باسمىلار ئىكەنلىكىگە ھەقىقەتەن ئۆز رازىـلىقى بىلەن ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بەزىدە مۇشۇ ياغاچ باسـمىلاردىن پايدىلىنىپ قەدىمكى كىتابلارنى كۆپەيتىپ باسقىلى بولىدىـغانلىقىغىمۇ ئىشىنىدۇ.

ئۇنىڭ كۆز قارىشى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەپ يا-زىدۇ: «ئومۇمەن ئېيتقاندا، مېنىڭ چىقارغان يەكۈنۈم، ھازىر مېنىڭ قو-لۇمدا تۇرۇۋاتقان ماتېرىياللارغا، ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئۇرۇنغا ئالىلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي بۇيۇملار، شۇنداقلا تېپىلىش - ساقلىنىش ئۇرنىدا ساق-لىنىۋاتقان ياغاچ باسما كىتابلارنىڭ. ئەگەر ھەممىسىنى دېمىگەندىمۇ ئۇنىڭ كۆپ قىسمى ئوخشاشلا ھەقىقىي تەدرىجىي يادىكارلىقلار. ئەگەر ئۇنىڭ بەزىلىرى ياساما بۇيۇملار دېيىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇلار ھەقىقىي بۇ-يۇملارنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرىدۇر...»

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، باشقا بەزىبىر مۇھىم تېپىلمىلار (بۇلارنىڭ ھەممىسىگە شەك كەلتۈرگىلى بولمايتتى) مۇ چۆل - جەزىرە — تەكلىماـكان رايونىدا ئارقىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئەھمىـيەتكە ئىگە بولغىنى، روسىيىلىك ئىلىم ئەھلى دىمىترى كلېمېنتس (Dmitri Klementz) ئېرىشكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدۇر. ئۇ مىـلادى 1898 - يىلى سىن پېتېربورگ پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تاپشۇـرۇقى بىلەن چۆل - جەزىرە بويىدىكى تۇرپان ۋادىسىغا كېلىپ، روسىيـلىك ساياھەتچىلەر دوكلات قىلغان ئۇيەردىكى بەزىبىر قەدىمكى ۋە سىرـلىق خارابىلەرنى مەخسۇس تەكشۈردى. بۇ چېگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا نوقۇل ھالدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان تۇنجى ئېكسپېدىتـسىيە ئەترىتى ئىدى. دىمىترى كلېمېنتس بۇ خارابىلىكلەرنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى (ئۇنىڭ بەزىلىرىنى تېخى رەسىمگىمۇ

قارىتىۋالدۇ) ئىسپاتلىغىنىدىن سىرت، يەنە نۇرغۇن قول يازما ئورىگىناللارنى ۋە بۇددىزم تام سۈرەتلىرىدىكى پارچىلىرىنى بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. خۇددى بىز ھازىرلا مۇزاكىرە قىلماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىمىزدەك، ئۇلار بىر ئوتتۇقى قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ئىچىدە بۇ رايونغا قارىتىلغان ئارخې ئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاخىرقى ھالدا سەنئەت تارىخىدا غايەت زور بىر تىراگېدىيە نى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

بىراق، كلېمېنتسنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن يىپەك يولىدا ئۇزۇندىن بېرى يوقىلىپ كەتكەن سىرنى يەشكەن بىرىنچى كىشى ئۇ ئەمەس. چۈنكى، تەكلىماكانغا يىراق شەھەرلەردە ئېسىل گۈزەللەر تولۇپ ياتىدۇ، دېگەن رىۋايەتنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرۈشكە بەل باغلىغان، كۆزگە كۆرۈنگەن يەنە بىر شەخس ئاللىقاچان پامىر تېغىدىن ئۆتۈپ، شەرققە قاراپ يول ئېچىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىرىپ بولغانىدى،

تۆتىنچى باب

يول ئاچقۇچى ئاۋانگارت سۋېن ھېدىن

ياش، تېخى نامى چىقمىغان شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن دېگەن بۇ كارامەت شەخس خۇددى ئاقار يۇلتۇزدەك ئوتتۇرا ئاسىيا ئاسمىنىدا پەيدا بولىدۇ. كۆزىگە ئەينەك تاقىۋالغان، بەزىدە خۇددى ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالىدىغاندەك خەۋپكە دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان، مەخسىزم مىجەز، جۈزئى كىچىك كەلگەن بۇ ئادەم ئاخىرى دۇنيا بويىچە داڭلىق ئېكسپېدىتورلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئىللىق چىرايىدا قەيسەر ئىرادە ۋە پەلەككە يەتكەن غەيرەت - جاسارەت جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قارىشىغا ئىش قىلىدىغان ئادەم ئەمەسلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالىغىلى بولاتتى. ئۇ كەسكىن، ئەستايىدىل ئىش قىلىدىغان رەھبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە خىزمەتتە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، ئىشنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىدىغان، قىلچىمۇ يۈز - خاتىرە قىلمايدىغان بىر ئادەم ئىدى. شۇڭا، بەزىبىر ئادەملەر شۇ سەۋەبتىن جىمىدىن ئايرىلغانىدى. خۇددى ئۆزىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇ ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشتىن قورقاتتى، «قايتىدىن تۇتاشتۇرغىلى بولمايدىغان ئۆمۈر ئۇچقۇنلىرىنى ئۆچۈرۈپ قويۇشتىن قورقاتتى.» ئۇ يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا كارامەت مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنىن، ئۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن پانۇس ئېسىپ تەلپەر تارتقان، ئۇنىڭغا ئىنتايىن يۇقىرى شان - شەرەپلەرنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە خان - پادىشاھ لەشكەربېشى، ۋەزىرلەرنىڭ نام ئابرۇيى بار مەنسەپدارلارنىڭ تونۇل قىلىشىغا ۋە ماختىنىشىغا سازاۋەر بولغانىدى، ئەنگىلىيە ئۇنىڭغا «سىر» دېپ نام بەرگەن، كىچىك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە نوسنورن داشۆبەرى ئۇنىڭغا دوكتور ئىلمىي ئۇنۋانى بەرگەنئىدى. خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇنىڭغا كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ئالتۇن مېدالدىن ئىككىنى تەقدىم قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى — بەزىلىرى ئومۇمىيلا ئوقۇرۇش خاراكتېرىنى ئالغان، يەنە بەزىلىرى ئىلمىي خاراكتېرىنى ئالغان — ناھايىتى كۆپ بولۇپ 50 تومغا يېقىن باراتتى، ھەممە ئۇلار 30 خىل يېزىققا تەرجىمە قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ شەخسىي ئاغىنىلىرى چار پادىشاھى، ئېنگلىس پادىشاھى، شىۋىتسىيە پادىشاھى، گېرمانىيە مارشالى ھىندېنبورگ، ئەنگلىيە مارشالى شۇنداقلا سىياسىئونى چېرچىلغا ۋە سىياسىئونى سىر گۆرەنسوۋاق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئوقۇغۇچىلار ۋە ئامان كۆرۈشكۈچىلەر كېيىنكى نەسلى مۇتەئەسسىپلىرى ئۇنىڭ تەۋەككۈلچىلىكىدە يېتىلدىغان ئىش ئىزلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ؛ مايىمەتچىلەر ئۇنىڭ تەڭداشسىز چىدامچانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. گېئوگرافلار ئۇنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئەدەب بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ 1952 - يىلى 87 ياشقا كىرىپ ئۆلگەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بىر ئادەم بولۇپ قالدى. پۈتۈن جۇغراپىيانى ئايلىنىپ يۈرىدىغان بۇ شانلىق ئاقسا-يىلتىز ئۇزۇن يوللۇق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاخىرقى ئىز - دېرەكسىز غايىپ بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن تېخى كىشىلەرنىڭ تىل - ھاقارىتىگە قالدى؛ يەنە كېلىپ ئۇنى تىللىغانلارنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇرۇن ئۇنى ماختىغان كىشىلەر تەشكىل قىلدى.

ھازىر ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىشىنى پەيدا قىلغان سەۋەبنى ئەسلىيەلەيدىغانلاردىن ھېچقانچە قالمىدى. بەختكە قىيقانىدا، ئۇ كەچۈرگۈسىز ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ — ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ بەزىبىر دوستلىرى شۇنداق ھېسابلايدۇ — ئۇ ئىككى قېتىم زوراۋانلىق سىياسىتىنىڭ قايناممىغا كىرىپ كېتىدۇ ھەمدە ھەر قېتىمدىلا خاتا تەرەپتە تۇرۇپ قالىدۇ. كۈچلۈك ئېتىقادقا ئىگە سۇۋېن ھېدىن شۇنچىۋالا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى نابۇت قىلىشتىن باش تارتماي، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھەر ئىككىسى-

ھېندىلا قەتئىي تۈردە گېرمانىيىنى ياقىلاش مەيدانىدا تۇردى. ئۇنىڭغا
ھېرىم يەھۇدى نەسلىگە تەۋەلىكىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا،
ئۇنىڭ گېرمانىيىنى ياقىلاش مەيدانىدا تۇرغانلىقىنى ئازابلىنارلىق قال-
لاش دېيىشكە بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن بەزى كىشىلەر نۇرغۇن كىتابلىرىنى
يېزىپ ئۇنى ھاقارەتلىگەنىدى. مىلادى 1916 - يىلى ئۇ «گېرمانىيىدىكى
شىۋىتسىيىلىك كىشى» ناملىق بىر كىتابتا ئىنتايىن قاتتىق مەسخىرە
قىلىندى. كېيىنكى يىلى ئەنگلىيىدە نەشر قىلىنغان يەنە بىر كىتابنىڭ
ئاخىرىدا: «سۋېن ھېدىن، سىز ئىنسان تەبىئىتىنى ئىنكار قىلغانىدىڭىز.
بۈگۈن شىۋىتسىيە خەلقىنىڭمۇ سىزنى ئىنكار قىلىدىغان نۆۋىتى كېلىپ قال-
دى. بىز سىزنى تونۇمايمىز. سىزنىڭ ئۇتۇقلىرىڭىزنىڭ بىزگە نېمە پايدىسى
بار؟ سىز شىزاڭ ۋە جۇڭگونى تېپىپسىز، بىز ئۇنىڭغا ئازراقمۇ قىزىقمايـ
مىز.» دەپ يېزىلدى.
شۇنداقتىمۇ، بىر ئېكسپېدىتور نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، سۋېن
ھېدىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايتتى. پەقەت ئۇنىڭ
تۈزگەن خەرىتىلىرىگە قاراپلا ھۆكۈم قىلغاندىمۇ، ئۇ ئىنتايىن كۆزگە
كۆرۈنەرلىك شەخس بولۇشقا ھەقلىق ئىدى. ھازىر سىزنىي ھەمراھىنىڭ
ئاسىيانى ئۆلچەش ئەترىتىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. مىلادى
1890 - يىلى فرانسىس ھاسبىن قەشقەردە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن.
ئۇ چاغدا ئۇنىڭ تېخى داڭقى چىقمىغانىدى. ئەمما ھاسبىن ئۇنىڭ روھـ
دىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ۋە مۇنداق دېگەن: «مەن شۇنى ھېس قىلدىمـ
كى، ئۇنىڭدا ئېكسپېدىتورلارنىڭ ھەقىقىي ئالاھىدىلىكى بار ئىكەن.
يەنى ئۇ قاۋۇل، مۇلايىم، چىنىققان، سوغۇققان ھەم قەتئىي نىيەتلىك...
كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ تىل قابىلىيىتىگە (سۋېن ھېدىن يەتتە خىل تىلنى
راۋان سۆزلىيەلەيتتى)، ئۇنىڭ تەبىئىي پەن بىلىملىرىگە ۋە سەنئەت
ماھارىتىگە مېنىڭ ھەسىتىم كېلىدۇ. قارىغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ شىمالىي
تەرەپتىكى ئەجدادلىرىنىڭ تەمكىن، ئېغىر - بېسىق ۋە قەيسەر، ئۆزىگە
ئىشىنىدىغان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن تاشقىرى
يەنە ئىلىم - پەن ساياھەتچىلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق شەرتلەرنى

تولۇق ھازىرلاپ، ئۇ يەنە سۋېن ھېدىن تۇنجى قېتىم قەشقەرگە زىيارەتكە بارغان ۋاقىتتا پېتروۋسكىي ۋە ماكارتنىي بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە مۇشۇ رايوندىكى بارلىق ساياھەتچىلەر قىزغىن سۆيىدىغان ئاتاقلىق فىنلاندىيىلىك خىرىستىئان دىنىي مۇخلىسى ھىندپرويكىس پوپ بىلەن كۆرۈشىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى پەقەت دەسلەپكى قەدەمدىكى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، تۆت يىلدىن كېيىن، يەنى ئۇ 29 ياشقا كىرگەن يىلى بۇ يەرگە بىر قېتىم كېلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىن ئۆتۈپ، مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان بىر قاتار ساياھەت ئىشلىرىنى باشلىۋېتىدۇ - دە، ئۇنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 40 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ بۇ قېتىم كىشىلەرنىڭ زېمىستان قىش پەسلىدە يەر شارىدىكى ئەڭ ئېگىز، تار ئېغىز — تاغدۇمباش (Taghdumbash) دىن ئۆتۈش تولىمۇ خەتەرلىك دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماي، ئاخىر پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئاڭلىغان كىشى چۆچۈپ كېتەتتى. تېرمومېتىر ئىچىدىكى سىماب توڭلاپ قالغان تېمپېراتۇرا بىر كېچىدىلا نۆلدىن تۆۋەن 33 گرادۇسقا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ يالغۇز ئېگىز تاغ كېچىلىكىگە پىيادە بولۇپلا قالماستىن، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولغاچقا، بىر مەھەل كۆرۈش سېزىمىنى يوقىتىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ تاغدىن چۈشۈپ قەشقەرگە بارىدىغان يول ئۈستىدە، كۆزىنى تېڭىۋېلىپ، ئۆزىنى باشقىلارغا يېتىلىتىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

خوددى داسىبىنلىك كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، سۋېن ھېدىن ئىلىم - پەن ساھەسىدە ئېكسپېدىتور بولۇشقا تامامەن لاياقەتلىك ئىدى. ئۇ 21 ياش ۋاقتىدىلا، پېرسىيە ۋە رۇس ئوتتۇرا ئاسىياسىنى كېزىپ ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى ساياھىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يەنە شۋېتسىيىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزى ئۆمۈرلۈك ئىشىم ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر دەپ ھېسابلىغان ماھارەتلەرنى ئۆگىنىش قارار-

رىغا كېلىدۇ - ۋە، ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇشقا باشلايدۇ.
ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۇ گېئولوگىيە، فىزىكا ۋە زوئولوگىيە پەنلىرىنى
ئۆگىنىدۇ. ئۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەنە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتى-
غا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر ئاسىيا گېئوگرافى
بارون ۋون رىكتوفېن (Ber›nvon Richthofen) نىڭ يېتەكچىلىكىدە،
تەبىئىي جۇغراپىيە ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
باشقا داڭلىق پروفېسسورلاردىن تارىخ - جۇغراپىيە بىلەن قەدىمكى
زامان بىئولوگىيەسىنى ئۆگىنىدۇ. مىلادى 18 0 - يىلى ئۇ ئۆگىنىشنى
توختىتىپ ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ساياھىتىنى باشلاپ، قەشقەر-
گە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇ ھاسىيېن بىلەن تونۇشىدۇ. قايتىپ بار-
غاندىن كېيىن ئۇ يەنە بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ رىچخوفىننىڭ دەر-
سىنى ئاڭلايدۇ.

كېيىنچە خەتەرلىك يامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ ئوتتۇ-
را ئاسىيا رايونىدا ئۈچ قېتىم ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ باردى. بىرىنچى
قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەنى مىلادى 1895 - يىلى 2 - ئايدا
ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيەسى ئۇنىڭ ئىزدىنى باس-
قۇچى ئاتاقلىق سەرئاۋرېل ستېيىنگە. تەكلىماكان قۇملۇقىغا بارغاندا،
يالغۇز ئۇنىڭ قىرغاقلىرىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولۇپلا قال-
ماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشى — گەرچە ئۇ ئىنتا-
يىن خەتەرلىك بولسىمۇ — تامامەن مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ
بەردى. كېيىن ئۇ شۇ يىلى 12 - ئايدا ۋە 1899 - يىلى 9 - ئايدا
تەكلىماكانغا قىلغان ئىككى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدە ئارخېئولو-
گىيە جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە زور مىقداردىكى مەدەنىيەت يا-
دىكارلىقلارنى تېپىپ چىقىدۇ.

بۇ رايونغا كەلگەن باشقا زىيارەتچىلەرگە ئوخشاش، سۋېن ھېدىن-
مۇ غايىپ بولغان شەھەرلەر توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى خېلى كۆپ ئاڭ-
لايدۇ. مەسىلەن ئالايلۇق، تەكلىماكاننىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان شە-
ھەرلەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئاجايىپ ئېسىل گۆھەرلەرنىڭ بارلىقى؛ يەنە

ئالايلىزىق، ئۇ يەرگە بېرىپ گۆھەر تېپىپ باي بولماقچى بولغان نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدا پەقەت تىرىك قايتىپ كەلگەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئۇ يەردىكى مۇھاپىزەت ئىشىغا مەسئۇل جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئۇلارنىڭ گۆھەر ئوغرىلاش قەستىنى قانداق بەربات قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئاڭلىسا كىشىنىڭ قورقۇنچى كېلىدىغان ھېكايىلەرنى سۆزلەپ يۈرگەنلىكى ۋەھاكازالار، بەزى كىشىلەر، سۋېن ھېدىنغا يەنە خوتەندىن قايتىپ كەلگەن بىر ئادەمنى خېلى تەلەيلىك ئادەم دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى، ئۇ ئەسلىدە بوينىغىچە قەرزگە بوغۇلغان ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇ يەرگە جېنىدىن ئادا - جۇدا بولۇش ئۈچۈن بارغانلىقىنى، كۈتۈلمىگەندە، ئۇنىڭغا ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن لىق تولغان بىر ئورۇننىڭ ئۇچراپ قالغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىردەمدىلا چوڭ بىر بايغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

سۋېن ھېدىن بۇ رىۋايەتلەرگە مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ ھەمدە بۇ رىۋايەتلەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە راستلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. شۇڭا ئۇ تېخى سىرى ئېچىلمىغان بۇ رايوننى ئۆگىنىش ۋە چارلاشتىن ئىبارەت بۇ جىددىي خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا، ئاشۇنداق بىرەر شەھەرنى تېپىپ چىقىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ دېڭىز - ئوكيانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ قۇملۇقنىڭ ئۇنىڭغا قىلىۋاتقان ئىلتىجاسىغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن ناھايىتى يىراقتىكى، ئوپئوچۇق سىزىقنىڭ بويىدىكى ھەيۋەت ۋە كۆركەم كەلگەن يۇمىلاق قۇم دۆڭلىرىگە ئىزچىل تۇردە زېرىكمەستىن دىققەت قىلىپ كەلمەكتىمەن. ئۇلارغا يىراق يەردە، خۇددى قەبرىستانلىقلاردىكىدەك جىمجىتلىق ئىچىدە تېخى سىرى ئېچىلمىغان... بىر پارچە يەر سوزۇلۇپ ياتماقتا. ئۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم بارغان ئادەم مەن بولۇپ قالىمەن.»

سۋېن ھېدىن تەكلىماكانغا بىرىنچى قېتىم ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىمى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ مىلادى 1895 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17-كۈنى يەنى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى قەشقەردىن ئايرىلىپ، يەكەن دەرياسى بويىدىكى مەكىت (Merket)كە قاراپ

يول ئالدۇ. ئۇ ئاياق ترانسپورت ئەترەت باشلىقى مەكتەپكە تۆگە ۋە تەكلىماكاندا بىرقانچە يول يۈرۈشتە يەتكۈدەك يېمەكلىك سىڭدۈرۈلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ بىرى بۇ رايوننى پىششىق بىلىدىكەن. ٥ - ئاينىڭ ١٥ - كۈنى ئۇلار سەككىز تۆگە، ئىككى ئايشاركا ھەممە ئۈچ قوي، ئون مىكسيان ۋە بىر خوراز قاچىلانغان ھەربىكەنجان يېمەكلىكنىڭ ئىشكاپىنى ئېلىپ سەپەرگە ئاتلاندى. سۋېن ھېدىن بۇ ئىشتىن كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز مېنىڭ ئاسىيادىكى سەپەرلىرىم ئىچىدە ئەڭ. ئەڭ جاپالىق بىر سەپەر بولدى.» ئۇنىڭ مەقسىتى تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈپ، يەكەن بىلەن خوتەن دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى غەربىي جەنۇب بۆلۈكىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن شىمالغا كىرىش ئىدى. بۇ بىر توپ ئادەم ۋە ھايۋانلار مەكىتتىن ئايرىلىپ قىزىلقۇمغا يۈرۈش قىلغان چاغدا، كەنتتىكىلەر باشلىرىنى چايقاشقان شۇنداقلا «ئۇلار مۇشۇ كەتكىنىچە مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەيدۇ» دېيىشكەنىكەن.

15 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قورقۇنچلۇق بىر بالايىئاپەت پەيدا بولدى، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ئاران ئىككى كۈنگە يەتكۈدەكلا قالدى. بۇ ئەھۋال سۋېن ھېدىننى گاڭگىرىتىپ، ساراسىمىگە چۈشۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئادەملىرىگە تۆگىگە بېرىپ ئەكەلگەن سۇ تۇڭلىرىنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قۇدۇقنىڭ سۈيى بىلەن خوتەنگە بارغۇچە بولغان ئون كۈنلۈك يولغا يەتكۈدەك قىلىپ تولدۇرۇۋېلىشنى تاپىلايدۇ. شۇڭا سۋېن ھېدىن بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە تەكشۈرۈپ كۆرمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنىدۇ. ئۇنىڭ يول باشلىغۇچىسى ئىككى كۈن ئىچىدە چوقۇم خوتەن دەرياسىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، دەپ قەسەم قىلىدۇ. ئەمما سۋېن ھېدىن ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇ كېيىنچە شۇ چاغدا بىر مەسىلىنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، كەينىمىزگە يانساق بوپتىكەن دەيدۇ ۋە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن ترانسپورت ئەترىتى قۇتۇلۇپ قالمىشى مۇمكىن شۇنداقلا ھاياتلىق جەھەتتىمۇ زىيان بولماسلىقى مۇمكىن دەپ مۆلچەرلىدىم. شۇڭا مەن كەينىمگە يانمىدىم. ھەربىر ئادەمنىڭ سۇ نورمىسىنى زور دەرىجىدە كېمەيتكەندىن كېيىن،

تۆگىلەرگە بىر تېمىمۇ سۇ قالدۇرمىغان ئەھۋال ئاستىدا. داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش قارارىغا كەلدىم.»

شۇ كۈنى كېچىدە، ئۇلار سۇ ئىزدەش ئۈچۈن شام يورۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇ يەردە بىر قانچە سائەت يەر قېزىپ، بىر تېمىمۇ سۇ تاپالمايدۇ. ئىككىنچى كۈنى سۋېن ھېدىن ئاغرىپ قالغان ئىككى تۆگىنى ۋە زۆرۈر بولمىغان يۈك-تاقلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋېتىدۇ. بۇ چاغدا ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئۈمىد پەيدا بولىدۇ. ئەمما بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا بۇلۇتلار يوقاپ، تۇمانلار تارقاپ ھاۋا ئېچىلىپ كېتىدۇ. بۇ ئۇلارنى يەنە ئۈمىدسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا گۈركىرەپ چىققان بوران ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بۇ ترانسپورت ئەترىتىگە ھۇجۇم باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كومپاس-ستريلكىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. يەنە بىر تۆگىمۇ ئارقىدا قېلىپ ئۇمۇ ئۆلىدۇ. بۇ چاغدا سۋېن ھېدىننىڭ ئادەملىرى يولچىنىڭ ئۇلارنىڭ ھايات-ماماتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان سۇنى ئوغرىلىقچە ئىچىۋېلىپ بىرەر تېمىمۇ قويمىغانلىقىنى سېزىپ قالىدۇ. ئەگەر سۋېن ھېدىن ئارا تۇرمىغان بولسا، باشقىلار ئۇنى بۇ خىل ۋاپاسىزلىق قىلمىشى ئۈچۈن شۇ ھامان ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇرغان سۋېن ھېدىن بۇنىڭ بەلكىم ئۇ يازغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سەپەر خاتىرىسى بولۇپ قېلىشىدىن تولىمۇ ئەندىشە قىلىدۇ ھەمدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۆگىلەر ۋە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قاتتىق چارچاپ ھالىدىن كەتتى. ئاللا بىزنى پاناھىدا ساقلىغاي.» شۇنىڭدىن كېيىن توپتوغرا بەش كۈن ئۆتىدۇ، ئۇلاردا پەقەت ئىككى كىشىگە يەتكۈدەكلا سۇ قالىدۇ.

4-ئاينىڭ 1-كۈنى، سۇ پۈتۈنلەي تۈگەپ قاق بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈمىدسىزلىككە چۆمگەن سۋېن ھېدىن گاز ئۇچاقتىكى ئىسپىرت ئارقىلىق ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشقا تەمشىلىدۇ. ئەمما ئۇ شۇ ھامان ئۆزىنىڭ قىمىرلىماس بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىدۇ. ئۇ پەقەت «باشقىلار دەريا بويىغا يېتىپ بارالىغان بولسا، ئاندىن ئۇلار قايتىپ

كېلىپ مېنى قوتقۇزغان بولسا، دېگەن ئۈمىدتىمۇ بولىدۇ. شۇڭا باشقى-
لار ئۆزىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، جەسۇرلۇق بىلەن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرى-
لەيدۇ. لېكىن بىر دەمدىن كېيىن ئۇ شۇنچىكى ماغدۇرىغا كېلىپ قالغاندەك
بولىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ قىزىلقۇمدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزىنى بويلاپ بە-
غىرلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ ۋە ئاخىرى ئۇلارغا يېتىشىۋالىدۇ. ئۇلار
ئىلاجىسىز توختاپ قالغان يەرگە كېلىپ ئۇلار بىلەن يەنە ئۇچرىشىدۇ. بۇ
چاغدا ھېچكىمنىڭ ئالدىغا بىر قەدەم سىلجىغۇدەك مادارى قالمايدۇ.
سۇۋېن ھېدىن كېيىنكى چاغلاردا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇ مېنىڭ ئاسمى-
يادا ئۇزۇباق - بۇيىلارغا قاتراپ يۈرۈش جەريانىدا دۇچ كەلگەن ئەڭ
پاجىئەلىك مىنۇتلار ئىدى».

بۇ چىدا، ھېلىقى تۆت ئادەمنىڭ بىرى سىزىمىنى يوقىتىدۇ. قال-
غانلىرى ئۇسسۇزلۇقتا چىداپ تۇرالماي، بىللە ئېلىپ يۈرۈۋاتقان ھې-
لەتى خورازنى بوغۇزلاپ ئۇنىڭ قېنىنى ئىچىدۇ. ئارقىدىن قوينىمۇ بو-
غۇزلايدۇ. ئەمما سۇۋېن ھېدىن ئۇيۇشۇپ قالغان بۇ قاننى زادىلا ئىچە-
لىگىلى بولمايدىغانلىقىنى سېزىۋالىدۇ. قالغان ئىككى ئادەم تۆگىنىڭ
سۈيدۈكىنى ئىچىپ باقىدۇ، لېكىن ئۇيالمىغان يەردىن ئۇنىڭ ھەممىسى
يېنىپ چىقىدۇ.

سۇۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ ئورۇقلاپ كەتكەن چىرايىنىڭ ھەمراھلى-
رىغا قاتتىق تەسىر بېرىپ قويۇشىدىن قورقۇپ كۆڭلى بۇزۇلىدۇ-دە، ئەڭ
ئاخىرقى پەيتىنى توپلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش قارارىغا كې-
لىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ كىچىككىنە ئىنجىل كىتابىدىن باشقا ھەممە نەرسىلە-
رىنى ھەتتا ئۆزى بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان كىچىك دورا ساندۇقىنىمۇ
تاشلىۋېتىدۇ. دەريا بويىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ۋىمدىسىزلىك ئىچىدە
يەنە بىر قېتىم تىرىشىپ كۆرمەكچى بولىدۇ. ئۇ ئىككى ئادەمنى باشلاپ،
ئېغىرچە ھايات تۇرۇۋاتقان بەش تۆگىنى يېتىلەپ، ئۆلەي دەپ قالغان
ئىككى ھەمراھى (ئۇنىڭ بىرى سۇنى ئوغرىلىقچە ئىچىۋالغان يولچى)نى
تاشلاپ قويۇپ، كۈن پاتاي دېگەندە يەنە يولغا چىقىدۇ. ئۇلار يولغا
چىقىشنىڭ ئالدىدا يولچى سۇۋېن ھېدىنغا: «ئەپەندىم، ماڭا سۇ بېرىڭ،

بىر تىنچىق بولسىمۇ: مەيلى!» دېگەن ئاخىرقى سۆزىنى ئېيتتى. ئەمە-
ئۇلاردا بىر تېمىمۇ سۇ قالمىغانىدى. كېچىدە يەنە بىر تۆگىمىز ئۆلدى. ئۇ-
ئۆلۈمنىڭ كەينىدىنلا، سۇېن ھېدىننىڭ ئىككى ھەمراھىنىڭ بىرى بولغان
قېۋا ئېكسپورت مەترىتىنىڭ جاشلىقى، ئىسلام دىنىي مۇخلىسى بەكرىسىمۇ
ئۆزىنىڭ ئادىلا ماشىنچىلىكى قالمىغانلىقىنى ئېيتتى. قىلچىلىكمۇ ئويلى-
مىغان ئىمكانىيەتتىن قانمىغان ئاشۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا بۇ ئادەمنىمۇ
تاشلاپ قويدى. ئېشىپ قالغان تۆگە ۋە باشقا نەرسىلەرنىمۇ ئۇ ئادەم
بىلەن بىللە تاشلىۋەتتى. سۇېن ھېدىن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر
ھەمراھى ھاشىم بىلەن بىرگە كېچىسى يەرگە يامىشىپ، ئالغا قاراپ
ئۆمىلەپ ماڭدى. كۈندۈزى بولسا قۇمنى كولاپ ئورەك ئېچىپ شىنىڭ
ئىچىدە ياتتى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، بۇ ئۇلار سەھرادىن ئايرىلىپ قالغان 5 -
كۈنى بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە ئادەمنىڭ ئىزى بارلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم-
لەندى. ئاخىرى ئۇلار جاننى قۇتقۇزىدىغان خوتەن دەرياسىغا چىقىۋال-
دى. لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
يېقىن كېلىپ قالغانلىقىغا ئىشەنمىدى. لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ ئىزلىرىنىڭ
ئىزى ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرى ئايلىنىپ ماڭغاندا قالدۇرغان ئىز
ئىكەنلىكىنى دەرھاللا بايقىۋالدى. سۇېن ھېدىن كېيىن بۇ ئەھۋاللار-
نى ئەسكە ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ھاشىم
ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ تىلى ئاقىرىپ
ھەم ئىششىپ كەتكەن، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كەتكەن، ئىككى مەڭزى
ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن. كۆزى نۇرسىزلىنىپ قېتىپلا قالغان بولۇپ، ھا-
زىرلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى.» ئەمما كۈن چىققان چاغدا
ئۇلار كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى يىراق ئۇپۇق-
سىزىقىدا ياپيېشىل بىر بەلباغ كۆرۈندى.

«ئورمان!»، «خوتەن دەرياسى!» «سۇ!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى خۇشال-
لىقىدىن سۇېن ھېدىن. چۈشتىن ئاۋۋالقى سائەت بەش يېرىمدا ئۇلار
دەرەخ بار يەرگە يېتىپ باردى. ئەمما ئۈچ سائەت ئۆتكەندىن كېيىنمۇ
دەريا بويىغا يەنىلا يېتىپ بارالمايدۇ. ئۇ ئىككىيلەن ماغدۇرسىزلىق ۋە

ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەستىدىن يەنە ھالىدىن كېتىپ قالدى. كەچكىرگەندە مۆھسىن ھېدىين سەل - پەل ھاردۇق چىقىپ قانغاندەك بولدى - دە، شۇ ئۆرى يالغۇز دەرەخزارلىقتىن ئۆتۈپ دەريا بويىغا ئۆمىلەپ باردى. ئەمما ئۇ دەريانىڭ پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىشىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. بۇ چاغدا ئۇ قاتتىق ئۈزۈك بىمەراپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇ ئەگەر ھۆشۇ چاغدا ئۇخلاپ قالمىغاندا بولسا شۇ يەردە تۆلۈپ تۈگىشىدىغانلىقىنى يادىغا كەلتۈرىدۇ - دە، ئۆزىنى دەريا ئىزىنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئۆمىلەشكە مەجبۇرلاپ يەنە بىر ئىنگلىز مىلى يول باسىدۇ.

تۇساتتىن ئۇنىڭغا سۇ قۇشلىرىنىڭ قانات قاققانلىقىغا ئوخشايدىغان بىر خىل ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. خۇددى ئۇ «ئاسىياغا ساياھەت» دېگەن كىتابىدا يازغىنىدەك: «شۇ ئەسنادا مەن ھايت - ھۇيت دېگەننىڭ ئارىلىقىدا، ئاستى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، سۈپسۈزۈك مۈزدەك سۇ چىقىپ تۇرغان بىر كۆلچەكنىڭ يېنىدا پەيدا بولدۇم. تېپىدىگەن گۈزەل سۇ! ھەي، ئۇ ئاللانىڭ ئۇنى مۆجىزىسىدىن قۇتقۇزۇۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ خۇددى قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن كىشىدەك، كىچىك سۇقاچىسىغا سۇنى تولدۇرۇپ ئېلىپ غۇتۇلداپ ئىچىۋېرىدۇ. «مەن ئىچتىم، ئىچتىم، يەنە ئىچتىم، توختىماي ئىچتىم... بەدىنىمدىكى ھەر بىر تەر تۆشۈكچىلىرى ۋە توقۇلمىلار ماڭا جان بەرگەن بۇ سۇيۇقلۇقنى خۇددى خەيمىيەن سىز سۈمۈرگەندەك توختىماي سۈمۈرەتتى، ئۇنىڭ ۋە قېنىمغا تۆۋۈنلەپ كەتكەن تومۇرى نورماللىشىشقا باشلايدۇ. قۇرۇپ كەتكەن قاقشال ئوخشىشىپ قالغان بارماقلىرىم كۆپۈشۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى، ئاپتاپتا قۇرۇپ كەتكەن تېرىلىرىمنىڭ نەملىكى ۋە ئېلاستىكلىقىمۇ ئەسلىگە كېلىۋاتاتتى...»

مۆھسىن ھېدىين ئۇسسۇزلۇقى قانغاندىن كېيىن قۇرۇپ كەتكەن دەريا بويىدا ئۆلەر ھالەتتە ياتقان ھاشىمنى ئەسكە ئالىدۇ - دە، ئىچىگە سۇ توشقۇزۇلغان ئىككى دانە ئۆتۈكنى ئېلىپ، ئاي يورۇقىدا دەلدەڭشىپ ماڭغان پېتى ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاچ، ئۇنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. ئاخىر تاڭ ئاتاي دېگەن چاغدا ئۇنى تاپىدۇ. قارىسا ئۇ يۈزىلا بۇزۇق—

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نى جايىدىلا ياتاتتى. ھاشىم ئۇنى كۆرۈپ: «مەن ئۆلمىدىغان بىرلىدۇم» دەپ پىچىرلايدۇ. سۈپەن ھېدىن سۇ تولدۇرۇلغان بىر دانە ئۆتۈكنى ئۇنىڭ ئاغزىغا ئېقىن ئەكىلىدۇ. ئۇ ئۇنى بىر تىنىق بىلەنلا غورتۇلدىتىپ ئىچىپ بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇلاپلا يەنە بىر ئۆتۈكتىكى سۇنىمۇ ئىچىپ بولىدۇ. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇلار يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پادىچىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، تولۇپ تاشقان خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئىسلام دىنىي مۇخلىسى بەكرىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىدىن. شۇنداقلا ئۇنىڭمۇ پادىچىغا ئۇچراپ قېلىپ قۇتۇلۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بەكرى سۈپەن ھېدىننىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ: «مەن ئەمەدى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇق دەپ ئويلاپتىكەنمەن» دەيدۇ ۋە سۈپەن ھېدىننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگىمۇ شۇنداق يېزىلىدۇ. ئۇندىن باشقىرى سۈپەن ھېدىننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى. خەرىتىلىرى، پۇل - پۇچەكلىرى ۋە ئىككى دانە مىلتىقى ئارتىلغان ھېلىقى تۆگىمۇ ھايات قالىدۇ. ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قالغان نەرسىلىرى يوقىلىپ كېتىدۇ. قالغان ئىككى ئادەمنىڭ پەقەتلا ئىز - دېرىكىنى ئالالمايدۇ. سۈپەن ھېدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىغا نەپەقە بېرىدۇ. شۇ چاغدا، بەختىگە يارىشا ھايات قالغان بۇ ئۈچ كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قەشقەرگە قايتماقتىن باشقا ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالمايدۇ. ئۇلار ئاخىرى 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ، سۈپەن ھېدىن يوقىلىپ كەتكەن شەھەرلەرنى تېپىش ئىستىكىگە يېتەلمەيلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنتايىن ئاچچىق ساۋاققا ئىگە بولىدۇ. لېكىن بۇ ئۇنىڭ تەكلىماكاننىڭ سىرىنى ئېچىش ئىرادىسىنى ھەرگىزمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ. ئۇ دەرھال خەت ئاپارغۇچىنى روسىيەنىڭ پوچتا - تېلېگراف پونكىتىغا بېرىپ تېلېگرامما بېرىشكە بۇيرۇپ، ئۆزىگە قېزدىن يېڭى بىر يۈرۈش ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ئەۋەتىپ بېرىش ھەققىدە دۆلەت ئىچىگە ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ.

سۈپەن ھېدىن تەكلىماكاندا يوقىلىپ كەتكەن شەھەرلەر ئۈستىدە ئىزدەنگۈچى تۇنجى ياۋروپالىق بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ-

رۇنىقىغا قارىغاندا تېخىمۇ زور غەيرەتكە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىلادى 1895 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەردىن يەنە بىر قېتىم يولغا چىقىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ ساداقەتمەن، ئەنئەنىچىلىك ئىسلام دىنىي مۇخلىسى بەكرى بىلەن (ھايات قالغان يەنە بىر ئادەم ھاشىم ئۇ چاغدا روسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ كېتىدۇ) يېڭىدىن قوشۇلغان ئۈچ ئادەمنى ئېلىپ، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى قۇملۇقلارنىڭ غەربىي قىرغىقىنى بويلاپ مېڭىپ، خوتەنگە بارىدىغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 ئىنگلىزمىلى كېلىدىغان يولنى 21 كۈندىلا بېسىپ بولىدۇ. سۋېن ھېدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر ئۇششاق بۇيۇملارنى مۇشۇ يەردىكى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ قولىدىن ئېلىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇنى ئۇنىڭغا پېتروۋسكىي ئېيتىپ بەرگەن. چۈنكى پېتروۋسكىي ئىزچىل تۈردە خوتەندىن قەشقەرگە كەلگەن سودىگەرلەردىن بۇنداق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ كەلگەنىدى. ھەر يىلى ياز پەسلىدە، ئېگىز تاغلاردىكى قارلار ئېرىشكە باشلىغان چاغدا، بۇ رايوندا شەكىللەنگەن غايەت زور كەلكۈن سۇلىرى بەزىبىر قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى توپىلارنىڭ ئاستىدىن ئېقىتىپ چىقىراتتى ھەمدە ئۇنى شۇ يەردىكى كىشىلەر يىغىۋالاتتى.

سۋېن ھېدىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى قىلچىلىكمۇ قىممىتى يوق نەرسىلەر ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇلار ھەمىشە بۇ نەرسىلەرنى ئويۇنچۇق ئورنىدا بالىلارغا بېرىۋېتەتتى.» شۇ يەرلىك ئادەملەر سۋېن ھېدىننى ئۆزلىرى ھېلىقى نەرسىلەرنى تېپىۋالغان يەرگە باشلاپ بارىدۇ. ئۇ يەر خوتەننىڭ غەرب تەرىپىدىكى «بوراسان» (Borasan) دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى كەنت ئىدى. ئۇ دەل بىرىنچى ئاي مەزگىلى بولۇپ، «پەسىل خاراكتېرلىك قەدىمكى يادىكارلىقلارنى ئوۋلاش ئىشى ئاياغلاشقانىدى...» دەپ چۈشەندۈرىدۇ سۋېن ھېدىن. «چۈنكى ئۇلار ئالتۇن ۋە باشقا ئېسىل گۆھەرلەرنى يىغىۋېلىش يىلىدا بىر كېلىدىغان پەيتنى ھەرگىز ئاسانلىقچە قولدىن بەرمەيتتى.» شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بەزىبىر ئۇششاق نەر-

سەلەرنى ئۆزى ئىزدەپ تېپىۋالىدۇ. ھەممە شۇ يەردىكى كۆزەر ئىزدىگۈچىلەردىن قولىيازما قوبۇلىنالىدۇ. بۇل - يېقىنقى شۇنداقلا تەخمىنەن 500 ئەتراپىدىكى ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. سۋېن ھېدىن گەرچە ئارخېئولوگ بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئاددىي قېزىلمىلار ئۇنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا بولغان ئىشتىياقلىق قىزىقىشىنى قوزغايدۇ ھەمدە ھازىر ستوكھولمدىكى «سۋېن ھېدىن فوندى» جەمئىيىتىگە تەۋەلىكى بولغان غايەت چوڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلاش - ساقلاش ئورنى ئۈچۈن ئۇل ھازىرلايدۇ. ئۇ بىر ۋاسان (ئۇنىڭ مۇشۇ رايوننىڭ پايتەختى كېرىيە ئىكەنلىكى كېيىن ئىسپاتلىنىدۇ) دىن ئەكەلگەن ئېسىل گۈزەللەر ئىچىدە ساپالدىن ياسالغان بىزەكلەر - ئاياللار ۋە تۆگىلەرنىڭ كىچىك ھەيكەللىرى، شۇنداقلا يەنە بۇرۇنقى زامانلاردا غەربتىن كەلگەن ئاھالىلەر ۋە ساياھەتچىلەر بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان مەلۇم ساندىكى قەدىمكى يادىكارلىقلار بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكى مىستىن ياسالغان بىر كرېست ئىدى. بۇ يەر گەرچە قۇملۇقنىڭ بىر چېتى بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ بىرقانچە ئەسىردىن بېرى كەلكۈن بېسىپ كېتىش ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش نەتىجىسىدە يوقىلىپ كەتكەن قەدىمكى شەھەرنىڭ كونا ئىزى ئىكەنلىكىگە قىلچىمۇ شەك كەلتۈرگىلى بولمايتتى.

سۋېن ھېدىن يەنە قۇملۇق مەركىزىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە ھەممىسى دېڭىزدەك قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن سىرلىق بىر شەھەرنىڭ بارلىقىدىن بوستانلىقتىكى ئاھالىلەر ئۇنى پەقەت تەكلىماكان دەپ ئاددىيلا ئاتايدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇ ئاڭلاشلارغا قارىغاندا يولنى بىلىدۇ دەپ تونۇلغان شۇ يەرلىك يول باشلىغۇچىنىڭ ھەمراھلىقىدا كېرىيە دەرياسى يۆنىلىشىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ دەل قىش ئوتتۇرىسى بولغاچقا، ئۇلار تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن بولغان ھاۋا كىلىماتى ئىچىدە ئون كۈن يول مېڭىپ، ئاخىر رىۋايەتتە ئېيتىلغان خارابىلىككە يېتىپ بارىدۇ. دەسلەپتە ئۇلار پەقەت قۇم دۆۋىلىرى ئوتتۇرىسىدا تىكلىنىپ تۇرغان ياغاچ تۈۋرۈكلەرنى ياكى بىرقانچە كونا ئاملارنىلا ئۇچرىتىدۇ. كېيىن،

مۇنەۋۋەرلىكىنى ماڭ - ئاق قالدۇرغىنى شۇكى، ئۇ بىر پارچە قەغەزدا ناھا-
يىتى ئىنچىكە قىلىپ سىزىلغان بىر قانچە بۇدساتتىۋا ئىمالىك ۋە بۇددا بۇتخا-
نىلىق رەسىمى تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ - دە، ئۆزىنىڭ بۇ قاقاس چۆللۈكتە
ئۇزاق ھەركەتلىك يوقاپ كەتكەن بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ كونا ئىزلىرىنى
تۇساتتىن ئۇچراتقانلىقىنى دەرھال تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ غاشىن ۋە يېپەك
يولىدىكى باشقا جۇڭگولۇق ساياھەتچىلەر جانلىق
تەسۋىرلەپ ئۆتكەن مەدەنىيەتنىڭ دەل ئۆزى ئىدى،
بۇ يالغۇز ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى تارىخى خاتىرىلىرىنىڭ تەۋرا ئىكەنلىكىنى
ئىسپاتلاپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھازىرقى بوستانلىق-
لاردىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان يىراق تەكلىماكان دې-
گەن يەردە بەزى بىر شەھەرلەرنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋا-
يەتلەرنىڭمۇ ئاساسى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

ئۇ ئەتراپىدىكى بۇ قاقاس خارابىلىككە — ئۆزىنىڭ «ئاسىياغا
ساياھەت» دېگەن كىتابىدا ئىككىنچى گۇناھكارىيەر دەپ ئاتىغان جاي-
غا — كۆزىنى ئۆرتكىنىدە، گەرچە ئۇ بۇ يەرنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقى-
نى تېخى بىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ يەرنىڭ چەكسىز مۇھىملى-
قىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ بۇ يەردە گەرچە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت تۇرغان،
شۇنداقلا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر قانچە يەرنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن بول-
سىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەم بۇجەھەتتە بىلىمى ۋە ۋاقتى يوقلۇقىنى،
ھەم ئىلمىي ئۇسۇلدا قېزىش ئېلىپ بارىدىغان ئۈسكۈنىسى يوقلۇقىنى
چوڭقۇر چۈشىنەتتى. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ «مېنىڭ جاھان
كېزىش يولىدىكى كەچۈرمىشلىرىم» دېگەن كىتابىدا بۇنى چۈشەندۈرۈپ
مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىلمىي تەتقىقات ئىشىنى مۇتەخەسسىسلەرگە قالدۇ-
رۇپ قويدۇم. كەلگۈسى بىر قانچە يىل ئىچىدە ئۇلارمۇ بۇ يەرلەرگە كېلىپ
قېزىش بىلەن شۇغۇللانغۇسى. مەن شۇنچىۋالا مۇھىم ئۇتۇققا ئېرىشتىم.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەن يەنە قىزىلقۇمنىڭ مەركىزىدە ئارخېئولوگىيە
مۇتەخەسسىسلىرى ئۈچۈن يېڭى بىر مەيدان ئېچىپ بەردىم. مەن ئۈچۈن
قىيىتقاندا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئىدى.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ قېزىش بىلەن شۇغۇللانغان جەرياندا، يالغۇز قەدىمكى زاماندىكى ئۆيلەرنى ئۇچرىتىپلا قالماستىن، گۈللۈكلەر ۋە ئاق تېرەكلىك يوللارنىڭ كونا ئىزلىرىنىمۇ ئۇچراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا قارا ئۆرۈك دەرىخى ۋە ئۆرۈك دەرىخىنىڭ قالدۇقلىرىنىمۇ ئۇچراتتى. بىر قانچە ئېگىز ئۆيلەردىن ئۇلار ئېگىزلىكى سەككىز ئىنگلىز سۆكى كېلىدىغان گېپستىن ياسالغان ئادەم ھەيكەللىرىنىمۇ كولاپ چىقتى. بۇ ھەيكەللەرنىڭ كەينى يابىلاق بولۇپ، ئۇنىڭ زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە تامغا مىخلاپ قويۇلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئۇلار يەنە چوڭ-كىچىكلىكى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىچىلىك كېلىدىغان، گېپستىن ياسالغان بىر ئادەم يۈزىنى تېپىۋالدى. بىر ئىمارەت دۇۋۇلىرى (ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغانلار ئۇنى بۇتخانا دېيىشىدۇ) ئىچىدىن ناھايىتى نېپىز كېسىملەرلى كېيىۋالغان ئاياللارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، تام سۈرەتلىرىنى ئۇچراتتىدۇ. ئۇ سۈرەت بەئەينى قويۇپ قويغاندەك ئىنتايىن گۈزەل كۆرۈنەتتى. سۋېن ھېدىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇلارنىڭ قاپقارا چاچلىرى بېشىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە قاراكاللەك بولۇپ تۈرۈلۈپ تۇراتتى، قاشلىرى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن ئىدى، پېشانىسىدە بىردىن مەڭ بار ئىدى. ئۇ ھازىرقى ھىندى دىنىي ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئوخشىشىپ قالاتتى.»

سۋېن ھېدىن سەنئەت جەھەتتىكى تارىخشۇناس ئەمەس، ئارخېئولوگمۇ ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچراتقان ھەيكەل ۋە رەسىملەرنى كۆزىتىش جەھەتتە ئىپادىلەنگەن يۈكسەك دەرىجىدىكى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ. مەسىلەن ئالايلۇق، ئۇ ئۇنىڭ ئىچىدە قايسىلىرىنىڭ ھىندىستاننىڭ، قايسىلىرىنىڭ گرېتسىيىنىڭ، قايسىلىرىنىڭ پېرسىيىنىڭ ياكى گاندارانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق پەرق ئېتەلەيدۇ. ئاۋرېل ستەيىن كېيىنچە ئىجاد قىلغان «ھەربىي رايون سەنئىتى» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئۇچاغدا كىشىلەر تېخى بىلمەيتتى. سۋېن ھېدىن ئۆزى ئەكەتەلمىگۈدەكلا نەرسىلەرنى ئەكەتمىدىغان چاغدا، قۇرۇق قۇملۇق ئارىسىدا قېزىش ئېلىپ بېرىشنىڭ نەقەدەر قىيىن-

لىقىنى تولۇپ يېتىدۇ. «سەن قۇدۇقنى تېخى ئەمدىلا كولاپ چىقارساڭ، ئۇ يەنە كەينىڭگە يېنىپ بېرىپ سەن كولىغان ئورەكنى تۇشقۇزۇپ قوياتتى.» ھۆكۈما شۇ بۇ يەردىن ئايرىلىپ، شەرقتىكى ئۇ خەرىتىدە سىزماقچى بولغان جاي — كېرىيە دەرياسىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە شىمالغا مېڭىپ قۇملۇققا كىرمەكچى بولىدۇ.

ئۇ بۇ دەرياغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، يېقىن ئەتراپتا شۇ يەر-لىك كىشىلەر «قارا دۆڭ» (Karadong) دەپ ئاتايدىغان، قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن يەنە بىر شەھەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇ ئالدىنقىسىغا قارىغاندا كىچىكرەك ئىدى. ئەمما قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن قەدىمكى ماتې-رىياللار ئالدىنقىسى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇندىن باشقا، ئۇ يەنە بۇ يەردىكى تام سۈرەتلىرىنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتىمۇ ئالدىنقى شەھەردىكى تام سۈرەتلىرىگە ئوخشاشلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ داۋاملىق شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، تاكى دەريا سۈيى قۇمنىڭ ئاستىغا كىرىپ يوقاپ كېتىدىغان يەرگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ يەردىن يەنە داۋاملىق شىمالغا يۈ-رۈپ، خەتەرلىك ۋە قورقۇنچلۇق تەكلىماكاندىن ئۆتۈپ، ئاندىن خوتەنگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ يول بويى ئوخشاشلا يەنە جۇغراپىيە ۋە زوئولوگىيە جەھەت-تىكى مۇھىم بايقاشلارغا ئېرىشىدۇ. ئۇ خوتەندە بىر ئاي ۋاقىت ئاجرىتىپ خەرىتە سىزىش ۋە خاتىرە يېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، باشقا بىر مۇھىم يىراق سەپەرگە يەنە بىر قېتىم ئاتلىنىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئالدىنقى بىر يىلى ئۆزىنىڭ پالاكەت باسقان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يېتىپ بارالماي قالغان شىمالىنىڭ بىر قىسىم سىرلىق رايونلىرىنى تەك-شۈرۈشكە بارىدۇ. ئۇ بېيجىڭغا يول ئېلىپ ۋە سىبىرىيىنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ تۆمۈر يول ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا شۋېتسىيىگە قايتىپ كەلگەن چېغىدا، ئۆزىنىڭ پۈتۈن يەر شارىغا داڭقى كەتكەن ئېكسپېدىتسىيىچى بولۇپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ.

ھېرىپ-چارچاشنى بىلمەيدىغان بۇ شۋېتسىيىلىكنىڭ مىلادى 1899-يىلى 9-ئايدا ئىككىنچى قېتىم تەكلىماكانغا كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ

جىبىر ئۇۋاتقاندا قەدىمكى زامان جۇڭگوسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە شەھىرى روئرەننى تاپقانلىقى، ئارخېئولوگىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ بىر قىممىتىنى ھېسابلىنىدۇ. كېيىن ئۇ بۇ خارابىلىكتىن زور مىقداردىكى ٣ ـ ئەسىرنىڭ مۇھىم قول يازما ئورىگىناللىرىنى يۆتكەپ كەتتى. بۇ ئىشقا جۇڭگونىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى چىداپ تۇرالمايدۇ. شۇ چاغدا سۋېن ھېدىن ئەگەر چۈشۈرۈپ قويغان بىر دانە تۆمۈر گۈرجەكنى ئىزدەپ يۈرمىگەن بولسا، جۇڭگو تارىخچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم بولغان بۇ كونا ئىزنى ھەرگىزمۇ ئۇچرىتالمىغان بولاتتى. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا بۇ كونا ئىز پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارخېئولوگلىرىنىڭ ئىزدەپ تېپىشىغا ۋە قېزىشىغا قېپقالغان بولاتتى.

بۇ قېتىم سۋېن ھېدىن شۋېتسىيە پادىشاھى ئوسكار (Oscar) ۋە مىليونېر ئېممانۇئېل نوبېل (Emmanuel Nobel) نىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ئاستىدا، يەنە بىر قېتىم ياۋروپادىن ئايرىلىپ، قەشقەرگە باردى. بۇ يەردە ئۇ كونا دوستلىرى پېتروۋسكىي، ماكارتنىي ۋە ھېندىرويكس بىلەن يەنە بىر يەرگە جەم بولۇپ مۇڭدىشىپ كەتتى. ٩ ـ ئاينىڭ ٢ ـ كۈنى ئىسلام دىنىي مۇخلىسى بەكرى بىلەن بىرگە — بۇ چاغدا ئۇ شۋېتسىيە پادىشاھى تەقدىم قىلغان ئالتۇن مېدالنى كۆكسىگە مەغرۇرلانە تاقىۋالغانىدى — يەكەن دەرياسى بويىدىكى لايلىق (Lailik) قا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ئۇلارنىڭ كىچىك كېمىگە ئولتۇرۇپ تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈپ، يىراقتا سەپەر قىلىدىغان مەشھۇر بىر تەۋەككۈلچىلىكنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ئىدى. سۋېن ھېدىننىڭ مەقسىتى ئاۋۋال يەكەن دەرياسىنى ئۆلچەش ۋە ئۇنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىش، ئۇندىن كېيىن بۇ دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى بولغان تارىم دەرياسىنى ئۆلچەش ھەم ئۇنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىش ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى، بۇ قۇملۇقنىڭ مەركىزىدىكى تۇزلۇق كۆلگە يەنى تارىم دەرياسى قۇيۇلىدىغان لوپنۇر كۆلىگە يېتىپ بېرىش ئىدى. چۈنكى بۇ كۆلنىڭ ئورنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۆتكىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئاساسلىقى جۇغراپىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنـ

نىپ كېلىۋاتقان سۋېن ھېدىن بۇلاق سىرىنى ئېچىشقا بەل باغلىغانىـ
دى (بۇ خىزمەتكە ئۇ 35 يىل ۋاقىت سەرپ قىلغاندا ئاندىن ئەڭ ئاخىر-
قى يەكۈننى چىقىرالايتتى).

باشتا ئۇ شۇ يەردە ياسالغان بىر كىچىك كېمىنى سېتىۋالدى. ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە كېمىدە سەككىز كۈن تۇرمۇش كەچۈردى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئۇلار يەنە دەريا ئېقىنىنىڭ تار يەرلىرىنى ۋە تېيىز يەرلىرىنى ئۆلچەشتە ھەمدە يول ئۈستىدە بىللە ئېلىپ ماڭىدىغان تىرىك توخۇ ۋە سەدي - ئۆكتاتلارنى ساقلاشتا ئىشلىتىش ئۈچۈن كىچىك بىر سالنى ياساپ چىقتى. ئەڭ ئاخىرىدا توختام تۈزۈش ئارقىلىق بەش نەپەر سۇچىنى ياللىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۇ ئۈستىدىكى يىراق سەپەرگە ئاتلىنىپ كېتىدۇ.

سۋېن ھېدىن قارا بوران، لايداڭلىق، قاينام ھەمدە تۇساتتىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن دەل - دەرەخلەرنىڭ دەريا ئېقىمىنى توسۇۋېلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، پەيدا بولىدىغان خەۋپ - خەتەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دۇشۇندۇق جەمجەت، سۇلغۇن شارائىتتا يول يۈرۈشنىڭ كىشىگە ئۆزگىچە لەززەت بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بەزىدە تېز ئېقىن بۇ ئىككى كىچىك كېمىنى ئىنتايىن خەتەرلىك بۇرۇڭىتقا بىلەن سۈرگىتىپ ئېقىتىپ كېتەتتى، ئۇلار ھەر قېتىم دەريا قىرغىقىغا ئۇسۇۋالاي دەپ قالغاندا، سۇچىلار دەرھال ئۆزلىرىنى خادىلار بىلەن كېمىنى قىرغاقتىن قاچۇرۇپ تۇراتتى. بەزىدە ئۇلار يەلكەننى چىقىرىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى. يەنە بەزى چاغلاردا سۋېن ھېدىن ئۇلارنىڭ ئىچ پۇشقىنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، فاتېفونىنى ئېچىپ، شۋېتسىيىنىڭ دۆلەت شېئىرىنى قويۇپ بېرەتتى. قۇملۇقنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا مۇزىكا ياڭرىتىلىدىغان بۇ خىل ئەھۋال بۇنىڭدىن ئىلگىرى تەكلىماكاندا زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. شىنجاڭلاشقا بۇ ئەھۋال ئاندا - ساندا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پادىچىلارنىڭ ۋە ترانسپورت ئەترەتلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ ۋە ئۇلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

سۋېن ھېدىن كۈندۈزى تىنىم تاپماي ئۆلچەش خىزمىتى بىلەن

مەشغۇل بولىدۇ. چۈنكى ئەڭ ئاخىرقى ئۆلچەش خىمزە ستى ئايانلاشقان بەت سانى 100 گە يېتىدىغان بۇ خەرىتىدە - جەدۋەللەر توپلىمىدا ئۆلچەش نەتىجىسى يېزىلمىغان ئاق بەتلەرنى قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايتتى. ئۇلار كېچىلىرى ئىچىك كىيىپ، قىرغاققا باغلاپ قو- يىدۇ. زىمىستان قىشنىڭ بارغانسىرى يېقىنلاپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلار مۇنداق بىر ئىشتىن ئەندىشە قىلىپ تۇراتتى، ئۇ دولىمۇ دەريا سۈيى مۇز تۇتۇپ قالىدىغان بولسا، ئۆز خىزمىتىنى كېلەر يىلى ئەتىيازغىچە توختىتىپ تۇرۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۇلار قورقۇپ تۇرغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. يەنى ئۇلار لايىلىقتىن يولغا چىقىپ ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى نىشانىغا تەخمىنەن 140 ئىنگىلىز مىلى قالغان يەرگە كەلگەندە، دەريا سۈيى مۇز تۇتۇپ كەتكەن بولغاچقا. داۋاملىق ئالغا بېسىشقا ئامالسىز قالدى. سۈيىن ھېدىن باھار كېلىپ مۇز ئېرىگەنگە قەدەر مۇشۇ يەردە قېلىش قارا- رىغا كەلدى. ئۇ مۇشۇ مەزگىلدە، قورۇقلۇقتا مېنىش چارىسىنى قوللىنىپ، بۇ رايوندا بىر قاتار قىزىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ چېدىر ئۆيى يوق ئىدى. كېچىلىك تېمپېراتۇرا بەزىدە نۆلدىن تۆۋەن 22 گرادۇس- قا چۈشۈپ كېتەتتى، شۇنداقلا يەنە ئۈزلۈكسىز قار يېغىپ تۇراتتى. ئۇلار قاتتىق مۇز پارچىلىرىنى ئېرىتىشتىن ھاسىل بولغان سۇنى ئىچەتتى. ھا- ۋانىڭ سوغۇقلۇقىدىن ھەتتا سۈيىن ھېدىننىڭ گاگىسىنىڭ سىياھىمۇ توڭ- لاپ قالدى. شۇڭا ئۇ گاگىسىنى تاشلاپ قويۇپ، قېرىنداش ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇلار قۇملۇقتا 20 كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، جەنۇبىي يېڭى يولىدىكى چاقىلىق بوستانلىقىغا يېتىپ باردى، ئۇندىن كېيىن يەنە شەر- قىي شىمالغا بۇرۇلۇپ، تەكلىماكاننىڭ ئەڭ شەرق تەرىپىدىكى لوپنۇر قۇملۇقىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. يەنە 22 كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار تۇساتتىن بىر خىل غەلىتە مەنزىرىنى — قۇرۇپ يىقىلىپ كەتكەن بىر قانچە قەدىمكى كونا ياغاچ ئۆيلەرنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن سەككىز- توققۇز ئىنگىلىز چىسى كېلىدىغان قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە خۇددى تۇت

ئەتراپى يەرگە تەگمەي، بوشلۇقتا تۇرۇۋاتقاندەكلا تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. بۇ روشەنكى بىر قانچە ئەسىردىن بۇيانقى بوران-چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ئاقىۋەت ئىدى. ئۇلار ئاختۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ قەدىمكى پۇللىرىدىن بىر قانچىسىنى، بىر قانچە پالتىنى ۋە بىر قانچە ئادەم ھەيكەللىرىنى تېپىۋالدى. سۋېن ھېدىن بىر ئادەمنى بۇ نەرسىلەرنى دەرھال ئىككى تۆگىگە ئارتىپ، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ تارىم دەريا بويىدىكى قونالغۇ جايىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئەۋەتتى. ئاۋادا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىلەن بىخودلۇق قىلىپ قويىدىغان بولسىدى، ئۇ ئىشمۇ شۇ يەردىلا ئاخىرلاشقان بولاتتى. چۈنكى سۋېن ھېدىن تېز سۈرئەتتە ئالغا ئىلگىرىلەپ، تارىمنى ئۈلچەش خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ شىزاڭغا كىرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا لاساغا بېرىش مەقسىتىگە يېتەكچى بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ياز پەسلى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، ئۇلار ئىچىدىغان سۇدىنمۇ قىسلىشقا باشلىغانىدى.

ئۇلار بىر قانچە سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن، قارىماققا سۇ چىقىش ئېھتىمالى بارىدەك كۆرۈنگەن بىر يەرگە يېتىپ كېلىدۇ-دە، ئۇيەرنى كولىماقچى بولىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بىردىنبىر تۆمۈر گۈرجىكىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى سېزىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، ئۆزىنىڭ بىخودلۇقىدىن ئۇنى قەدىمكى ئۆينىڭ يېنىدا ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېتىرا قىلىدۇ. سۋېن ھېدىن ئۇ ئادەمنى ئاتلىق بېرىپ، گۈرجەكنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرىدۇ. ئۇ ئادەم گۈرجەكنى تېپىپ قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ يول ئۈستىدە قۇم بارخانلىرىغا ئۇچراپ قېلىپ يولدىن ئېزىپ كەتكەنلىكىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ تۇساتتىن بىر قانچە يەردە ئۇلارغا ئۇچرىمىغان خارابىلىكلەرنى ئۇچرىتىپ قالغانلىقىنى، يەنە بىر قانچە ياغاچقا ئويۇلغان گۈزەل نەقىشلەرنىڭ قۇمنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. سۋېن ھېدىن ئۇنىڭغا يەنە بىر قانچە ئادەمنى قوشۇپ، ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. سۋېن ھېدىن ياغاچقا ئويۇلغان بۇ نەقىشلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ، ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىپ كېتىمەن» ـ دە، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ قولىدىن چۈشۈرمەي كۆرۈشكە باشلايدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن ئۇ يەرگە قايتماقچى بولدۇم. ئەمما بۇ قېتىمقى ئەخمەقانە خىيال ـ ھە؟ چۈنكى بىزدە پەقەت ئىككى كۈنگە يەتكۈدەكلا سۇ قالغانىدى.» ئۇ كېيىنكى يىلى قىشتا شۇ يەرگە يەنە بىر كېلىپ خارابىلىكتىكى ئېھتىمالنى ئۈزۈل ـ كېسىل قېزىپ كۆرۈش قارارىغا كېلىدۇ.

بۇ كۆلنىڭكىدەك دەريا ئېقىمىنى ئۆلچەپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم قۇملۇقتىن ئۆتۈپ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ؛ ھاۋا تۇزتۇقلا تۇرىدىغان ئېگىز تاغلاردىكى مۇشۇ ئېغىزلاردىن ئېتىپ ئۆتۈپ شىمالغا كىرىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە تۇرغان ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بولغاچقا، بايان قىلغۇدەك بىر نەرسە چىقمايدۇ. سۇۋېن ھېدىننىڭ بىر ئادىمى، ئون ئېتى ۋە ئۈچ تۆگىسى يوقاپ كەتكەندىن كېيىن (يەنە بىر ئادەم ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئىككى پۇتىدىن ئايرىلىدۇ)، ئۇ شىمالدىن ئايرىلىپ، نوپۇزلۇق قۇملۇقتىكى سىرلىق كونا ئىزغا يەنە قايتىپ بېرىشنى قارار قىلىدۇ. ئۇ يەرگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ كونا ئىزنى قېزىشنىڭ تەپسىلىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئادەملىرى ئارىسىدا كىمنىڭكى بىرىنچى بولۇپ «ئىنسانلارنىڭ ھەر قانداق شەكىلدىكى قول يازما ئۇرنىكىنى تېپىپ چىقالىسا ئۇنىڭغا مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلاردىن بىرى ھىندى يېزىقى ئويۇلغان بىر تال ياغاچ پارچىسىنى تېپىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەر بىر ئېغىزلىق ئۆينى داۋاملىق قېزىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە بىر ئادەم ئۈستىدە جۇڭگو يېزىقى بار بىر پارچە قەغەزنى تېپىپ كېلىدۇ. شۇندىن كېيىن، جۇڭگو يېزىقى يېزىلغان قەغەز پۈتۈكلەردىن جەمئىي 36 پارچىسى قېزىپ چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 120 پارچە تارشا پۈتۈك ۋە بىر دانە ئەدىيالنىڭ قالدۇق پارچىلىرى تېپىلىدۇ. بۇ ئەدىيال پارچىلىرىنىڭ رەڭگى ئوچۇق بولۇپ، شۇنىڭدەك ۋە ئاي شەكىللىك نۇسخا چۈشۈرۈلگەنلىكەن، قول يازمىلارنىڭ

ئەمەلدە بۇ يەرنىڭ زەرەلىنىش كونا ئىزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت تېپىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قول يازمىلار ئىلىم ئەھلىلىرىنى چېكىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بۇ شەھەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان يېزىلىق ھەم مۇكەممەل رەسىملەر بىلەن ئەمىنلەيدۇ. ئەسلىدە جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرىسىنى ۋە يىپەك يولىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىنى قوغداش مەقسىتىدە قۇرۇلغان بۇ شەھەر مىلادى IV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ياۋايى ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. 1226 - يىلى ماركوپولو بۇ يەردىن ئۆتكەندە، بىر مەھەل مەشھۇرىي ئىماپارات، بۇتخانا، دوختۇرخانا ۋە مەكتەپ تەسىس قىلىنغان مۇشۇنداق غايەت چوڭ ھەم كۆللەنگەن بىر جەمئىيەتنىڭ ئۇنىڭ ئېيتقىدەك گاھ كۆرۈنۈپ گاھ غايىپ بولىدىغان لوپنۇر قۇملۇقىنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ كەتكىنىگە مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى.

سۇۋېن ھېدىن قېزىپ چىققان زور مىقداردىكى تارىشا پۈتۈك ۋە قەغەز پۈتۈكلەردىن قارىغاندا، شۇ چاغدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئوششاق تەرەپلەر بىزنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىمىزغا ئاساسەن ئوخشىشىپ قالاتتى. بۇ قېزىلمىلارغا شۇ چاغدىكى تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى خاتىرىلەنگەنىدى. ئاشۇ ياغاچ پۈتۈك ياكى قەغەز پۈتۈكلەردە باج ئوغرىلىغانلارغا بېرىلىدىغان جازادىن تارتىپ تاكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆچۈرۈپ قايتا يازغان توققۇزنى توققۇزغا كۆپەيتسە قانچە بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئاشۇنداق مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەنىدى. ئۇلار بىر ئۆيدىكى قومنى تازىلاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ ئوپئوچۇق تۇرغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇ ھەقتە سۇۋېن ھېدىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ چوقۇم بۇندىن بىر مىڭ بەش يۈز يىل بۇرۇن بۇ قەدىمكى شەھەردىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئائىلە ئۆيىدىن كېتىپ قالغان چاغدا ئاچقان ئىشىك بولسا كېرەك.»

ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەيدىغان بۇ شۋېتسىيىلىكنىڭ بۇ قېتىم كىرورەندە تاپقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئۇنىڭ بۇنىڭدىن بالدۇر-

راق سىرلىق تەكلىماكاندا تاپقانلىرىنى قوشقاندا، ئۇلى ئەللا نەتىجە
لەرگە ھەممەلەپ ئېرىشتى دېيىشكە بولاتتى. ئۇ بۇ يەردە يەتتە كۈن
قېزىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، بۇددا دىنى مۇخلىسى سىياقىدا ياسى-
نىپ جەنۇبقا يۈرۈپ، شىمالغا يەنە بىر قېتىم كىرىپ باقماقچى بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەكلىماكاندىكى يەنە بىر چېچەكچى،
باشقا بىر ياۋروپالىق سايامەتچى مارك ئاۋرېل ستەيىننىڭ يېپەك يولىدا ئۆزىنىڭ
ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى ئۈچ قېتىملىق غايەت زور بۇلاڭچىلىقىنىڭ بى-
رىنچى قېتىملىقىنى باشلىۋەتتى. بۇ ئادەمنىڭ سۈپەن ھېدىندىن قەيسەر
ئىرادىلىك ئىدى. ئۇنىڭ 16 يىل داۋاملاشقان ئېكسپېدىتسىيىسى جۇڭگو
ئوتتۇرا ئاسىياسىنىڭ زور تۈركۈمدىكى بەدىئىي ئەسەرلەر قول يازمىلىرىنى
توشۇپ كېتىش بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇنىڭ
بىلەن بىرەر مۇزېينى تولدۇرۇۋەتكىلى بولاتتى. شۇڭا جۇڭگولۇقلار ئۇنى
بەكمۇ تىللايدۇ ۋە كۆزىنىڭ قىرىنى ئالمايدۇ. جۇڭگولۇقلار تا بۈگۈن-
گىچىلىك ئۇنى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى ئوغرىلاپ كەتكەن
ياۋروپالىقلار ئىچىدىكى باش جىنايەتچى دەپ تونۇپ كەلمەكتە.

بەشىنچى باب

گۆھەر ئوغرىلىغۇچى پەۋقۇلئاددە ئەلچى — ستەين

يەنە بىر مەشھۇر قەدىمكى يادىكارلىقلار قازغۇچىسى سىر لېئونارد ۋۇللېي ئەپەندى (Sir Leonard Woolley) جۇڭگو تۈركىستانىدا 25 مىڭ ئىنگلىز مىلى يول باسقان سىر ستەيننىڭ ھېلىقى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى «قەدىمكى دۇنياغا قارىتا ئەڭ دادىللىق ۋە ئەڭ قاراملىق بىلەن تېز سۈرئەتتە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى» دەيدۇ. كۆزگە كۆرۈنگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھەتچىسى ۋە تارىخشۇناس، پرو-فېسسور ئوۋېن لاتتىمور (Owen Lattimore)مۇ ستەيننى «ئۆز زامانى-داشلىرى ئىچىدە ئېكسپېدىتورلۇقنى، ئارخېئولوگلۇقنى ۋە گېئوگرافلىقنى ئۆزىدە مەركەزلەشتۈرگەن، ھەر تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە ئەڭ ئۇلۇغ بىر شەخس» دەپ ئاتايدۇ.

كەسپداشلىرىنىڭ ئۇنى ئاشۇنداق ماختاشقا پاكىت - ئاساسى بار ئىدى. ئەمما ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك سۈپەت سۆزلىرىنى ئىشلىتىشتە يەنىلا ئېھتىياتچان پوزىتسىيە قوللانغىنىمىز تۈزۈك. مەسىلەن ئالايلۇق، بىر يازغۇچى ستەيننى «ماركوپولودىن كېيىنكى ئەڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئېكسپې-دىتور» دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇنداق دېيىش سۋېن ھېدىننىڭ مۇۋەپپەقىيەت-لىرىنى چۈكۈرگەنلىك بولىدۇ. سۋېن ھېدىننىڭ بىرقانچە قېتىملىق سا-ياھەتلىرىنى — ئاساسلىقى ئارخېئولوگىيىگە ئالاقىدار بولغان ساياھەت-لىرىنى — بىز ئالدىنقى بابتا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. سۋېن ھېدىن-نىڭ شىزاڭغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ جۇغراپىيە جەھەتتىكى ئەھ-

ھېيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ھەقىقەتەن تېخىمۇ ئۇلۇغ ئېكسپېدىتور بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇلار ئىككىسى ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشقاندىن ھەممە پەقەت تەكلىماكان ئەتراپىدىلا قېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىدىن كىشىلەرنى مەنسىتمىگەندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ يەنە ئورغۇن تەرەپلەردە ئوخشاشلىقى بار. ستەيننىمۇ سۋېن ھېدىنگە ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىش جەھەتتە تۆھپە يارىتالىغانلىقى ئۈچۈن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «سېر» مەرتىۋىسىنى بەردى، ئوكسفورد ۋە كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئۇنىڭغا پەخرىي دوكتور دېگەن ئىلمىي ئۇنۋاننى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئەنگلىيە خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۇ ئېرىشكەن ئۆمۈرلۈك شان - شەرەپلەرنىڭ بىر قىسمىنىلا ئىگىلەيتتى: ئۇلار ئىككىسىلا تەن قۇرۇلما جەھەتتە جۈشى كىچىك ھەم پىختا، (ستەيننىڭ ئېگىزلىكى ئاران 5.4 ئىنگلىز چىسى كېلىدۇ) بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا بويتاق، ھەر ئىككىسىلا ساياھەت توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان ھەمدە 80 ياشتىن ئاشقىچە ياشىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ ئىككىسى ياش جەھەتتە پەقەت ئۈچ ياشلا پەرق قىلاتتى، ستەيننىڭ يېشى سەل چوڭراق ئىدى.

شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تۈپكى بىر پەرق مەۋجۇت. ستەين شانلىق بىر شەرقشۇناس بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بەزىبىر نەزەرىيىلىرىنى يەنى جۇڭگونىڭ يىراق بىر جايىدىكى يەرنىڭ ئاستىغا زادى نېمىلەر كۆمۈلگەن؟ دېگەن مۇنۇ مەسىلىگە ئائىت نەزەرىيىلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئېكسپېدىتسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ «ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى ئېكسپېدىتور»دۇر. ئەمما گېئوگراف ۋە خەزىنە ئىزدەش كەسپى بويىچە يۇقىرى دەرىجىدە تەربىيە كۆرگەن سۋېن ھېدىن بولسا، نوقۇل ھالدىكى ئېكسپېدىتوردۇر. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ روسىيىلىك ئۇلۇغ ئاسىيا ساياھەتچىسى پرژېۋالسكى (Prejevalsky) بىلەن تېخىمۇ ئوخشاشلىق تەرىپى بار. لېكىن تارىخ جەھەتتىكى ئېكسپېدىتور دەپ قارال-

شان ستەيىنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرى ئۇزۇناق رەقىبلىرى-
نىڭ ئۇتۇقلىرىغا قارىغاندا تولىمۇ زور بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەن ئوتتۇرا
ئاسىيا ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى گىگانت ئادەم ئىدى.

ئۇ مىلادى 1862 - يىلى بۇداپېشتتىكى بىر يەھۇدى ئائىلىسىدە
دۇنياغا كەلدى. ئۇ خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى قوبۇل قىلدى،
چۈنكى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۇنى
شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي كەيپىيات ئىچىدە پارلاق ئىستىقبالغا، مۇرادىغا
يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. ئىزنىڭ
تەرجىمىھال يازغۇچىسى جېننېتتى مىرسكىي (Jeannette Mirsky) نىڭ
ئۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ستەيىننىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قارىشىچە، خرىس-
تىئان دىنىغا كىرگەندە، يەھۇدىلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى ئاچىدىغان
بىر ئاچقۇچقا ھەمدە... تاشقى دۇنيانىڭ بايلىقلىرىغا يېقىنلىشىش پۇرسىتىگە
ئېرىشكىلى بولاتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويغىنى يوق،
گەرچە ئۇلار ئۇنىڭ ئاشۇ بايلىقلارغا قوشقان تەڭداشسىز تۆھپىسىنى كۆ-
رەلىگەنگە قەدەر ياشىيالمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆزىنىڭ ئېتىقا-
دىدا قەتئىي چىڭ تۇردى. ئۇ 1943 - يىلى ئافغانىستاندا (شۇ يىلى
ئۇ 81 ياشقا كىرگەن بولۇپ، شۇ يەردىن يولغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئاسىيا سەپىرىنى باشلىماقچى بولغانىدى)
ئۆلەي دەپ قالغان چېغىدىمۇ ئەنگلىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن
دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ قويۇشىنى تەلەپ قىلدى.

ستەيىن مەكتەپكە كىرگەن ۋاقتىدىن تارتىپ تا ئۆلگەنگە قەدەر
ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇزۇن
مۇساپىلىك سەياھىتىنىڭ كويىدىلا يۈردى. ئۇ ھاياتىدىكى ۋاقتىنىڭ
ناھايىتى كۆپ قىسمىنى دېگۈدەك گرېتسىيىلىكلەرنىڭ شۇنداقلا ئۇلار-
نىڭ سەنئىتى ۋە ئىلىملىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشتە
بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلغان جەڭ مەي-
دانلىرىنى ئېنىقلاشقا سەرپ قىلدى. كېيىنچە، ئۇ قاراقۇرۇم ئېغىزلىرى-
دىن ئۆتۈپ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شەرقىي قىسمىنى بويلاپ مېڭىپ،

گرېك سەنئىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىدۇ. ستەيىننىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋالقى ۋېنگرىيىلىك شەرقشۇناس كوما دې كوروس (Csoma de Koros) ۋە ئارمىنيۇس ۋامبېرى (Arminius Vambery) گە ئوخشاش، ۋېنگرىيىلىكلەر ھونلارنىڭ پۇشتى دېگەن بۇ خىل قەدىمكى زامان مۇئتىقادىنىڭ جەلپ قىلىشى ئارقىسىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن بولىشى كېرەك. روشەنكى، ئۇ بۇ ئەلكى ئۇلۇغ ساياھەتچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇلاردىن ئىلھام ئالغان.

ئۇ ۋېينا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن رېيىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا شەرق تىلى ئۆگەنگەن ھەمدە 21 ياشقا كىرگەن يىلى توبىنگېن (Tübingen) دە پەلسەپە بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىگە كېلىدۇ. ئاخىرى، ئەنگلىيە ئۇ تاللىۋالغان دۆلەت بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋە يېڭلۇن مۇزېيىدا كلاسسىك ئەسەرلەرنى، شەرق ئارخېئولوگىيىسى ۋە شەرق تىلشۇناسلىقىنى ئۆگىنىدۇ. ئەمما ئۇ خەنزۇچىنى ئۆگەنمەيدۇ — بۇ ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق خەزىنىسىدىكى ئىنتايىن چوڭ بىر كەمتۈك جاي ھېسابلىنىدۇ — بۇ ئۇنىڭ 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، دۇنخۇاڭ يېنىدىكى سىڭئۆيدە ناھايىتى چوڭ زىيان تارتىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئۇ ئەنگلىيىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ھەمىشە دېگۈدەك بەرىبىر تاسادىپىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى يېرىم يولدا توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەسىلەن ئائىلىۋى، بىر قېتىم ئۇ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىپ، ۋېنگرىيە ئارمىيىسىدە بىر يىل ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش جەريانىدا دالا گېئودېزىيىسى كەسپىنى ئۆگىنىدۇ. بۇ خىل ماھارەتنىڭ ئۇنىڭ داڭ چىقىرىشىغا سەۋەبچى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېخنىكىچە ئۆلچەنمەي كەلگەن بۇ رايوندا خىزمەت قىلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تولىمۇ ئەسقاتقانلىقى كېيىنكى چاغلاردا ئىسپاتلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن (ئۇ تۇغۇلغان چاغدا ئۇنىڭ ئانىسى 45 ياشتا ئىدى) ئۇ ۋېنگرىيىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ ھىندىستانغا كېلىدۇ. مىلادى 1888 - يىلى، يەنى ئۇ 26 ياشتا

كىرگەن ۋاقتىدا. ھىندىستاننىڭ لاھور دېگەن يېرىدە ماڭارىپ خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ. بۇ يەردە ئۇ رۇديارد كىپلىڭ (Rudyard Kipling) بىلەن دوست بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئادەم «غەلىتە ئۆي» يەنى «كىم» رومانىدا تىلغا ئېلىنغان ھىندىستان بىلەن گاندارانىڭ ئۈچمەس سەنئەت بويۇملىرىنى يىغىپ ساقلايدىغان ھېلىقى مۇزېينىڭ باشلىقى ئىدى. ستەيىن ئۇنىڭدىن شۇ چاغدىكى داڭلىق ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزىم سەنئىتىنى ۋە ھىندى ھەيكەللىرىنى سىزىش ئۇسۇللىرىنى خېلى كۆپ ئۆگىنىۋالىدۇ. ئۇ لاھوردىن تارتىپ بىزنىڭدىن ئىلگىرى ياۋروپالىقلار تېخى بېرىپ باقمىغان يەرگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قەدىمكى يادىكارلىقلارنى كۆزلەپ ئوغرىلاش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ جازا يۈرۈشى خاراكتېرىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە ئەگىشىپ ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا كەلگەن چاغدا سىرنىق بونېر (Buner) ھەققىدە ئارخېئولوگىيىلىك تېز تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ.

ستەيىن تۇرمۇشتا ئىنتايىن يەككە - يېگانە ھالدا چۈشۈپ قالىدۇ، ھەتتا يەنە بىر يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ۋاقىت ئىچىدە بىرەر ياۋروپالىقنىمۇ ئۇچرىتالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ دوستلىرى بىلەن ئىزچىل تۈردە خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ. بۇ خەتلەر تەبىئىكى ئىنتايىن يىراق يوللارنى بېسىپ يېتىپ باراتتى ياكى يېتىپ كېلەتتى، ئۇ ھەمىشە كېچىسى چېدىرىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ ناھايىتى ئاجىز شام يورۇقىدا خەت يازاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنى شۇ يەردىكى پوچتالىيونلار قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپ، ئېگىز تاغلاردىن ئېشىپ بېرىپ پوچتىغا سىپۆيەتتى. ئەمما مەيلى ئۇ قۇملۇقتا پۈتۈن بىر كۈن خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دالا خاتىرىسىنى يېزىشتا بولسۇن ياكى كېيىنكى چاغلاردا كەشمىردە ئۆزىنىڭ زېرىكىشلىك چېدىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسى ھەققىدىكى ئۈچمەس ئەسەرلىرىنى يېزىشتا تەييارلىق قىلىشتا بولسۇن، ئۇ ھامان خىزمەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ تاكى مىلادى 1900 - يىلى 5 - ئايدا، يەنى

37 ياشتا كەلگەن ۋاقتىدا ئاندىن قاراقۇرۇم تېغىدىن ئۆتۈپ تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرىدىغان تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلايدۇ. ستەيىن بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت داۋام قىلغان تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىدە يەنىلا رەسمىي دۆلەت تەۋەلىكى يوق بىر كىشى ئىدى. چۈنكى ئۇ ۋېنگرىيە دۆلەت تەۋەلىكىدىن ئاللىقاچان ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە پاسپورتىغا تېخى ئېرىشەلمىگەنىدى (ئۇ ئەڭ ئاخىر 1904-يىلغا كەلگەندە ئاندىن يېڭى پۇقرا سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ). بۇ چاغدا ئۇ روسىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنىڭ بۇ رايونغا بېرىشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇدەك، سۋېن ھېدىنمۇ بۇ رايونغا بارماقچى ئىكەن ۋەھاكازا دېگەن سۆز-چۆچەكلەرنى ئاڭلايدۇ-دە، مۇددەتتىن بۇرۇن يولغا چىقماقچى بولىدۇ. ئەمما سىياسىي جەھەتتە سەزگۈر بولغان بۇ رايونغا كىرىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشقا، ئۇندىن تاشقىرى يەنە جۇڭگولۇقلارنى بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىگە ماقۇل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا قارارلىق بىلەن قىلىنىدىغان بۇ ساياھەتنى ئاخىرى ئۇ رۇخسەت سوراپ، ئۆزى راسخوت تۆلەپ ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئۇ ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە سۇنغان قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بىر پارچە ئىلتىماسنامىدا ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھەممىگە ئايان بولغان تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ھازىرقى خوتەننىڭ تەۋەسى قەدىمكى بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ دەرگىزى بولۇپتىكەن. ناھايىتى روشەنكى بۇ خىل مەدەنىيەت ھىندىستاندىن كەلگەن ھەمدە ئۇ ھىندىستانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.» ئۇ تەكلىماكان قۇملۇقىدىن چىققان بەزىبىر قول يازما ئورگىنال ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مىسال كەلتۈرگەن چاغدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ يەردىكى گۆھەر ئوۋلىغۇچىلار ئويناشقاندەك ئىزدەش جەريانىدا شۇنچىۋالا كۆپ نەرسىلەرنى تېپىپ چىقتى. ئۇنداقتا، ئەگەر بىرەر ياۋروپالىق ئارخېئولوگ يىپەك يولىدا سىستېمىلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدىغانلا بولسا، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى چوقۇم تېپىپ چىقالايدۇ.»

ستەيىننىڭ ئېكسپېدىتسىيە پىلانى دوكتور رودولف ھورنلېنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىدۇ، ئۇ كالكۇتتىنىڭ ھوقۇقدارلار كاللىكى ئىچىدىكى نوپۇزلۇق بىر ئەرباب ئىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى تەۋەككۇلچىلىكنى قوللايدىغانلىقىنى سالدۇرۇپ يازغان بىرپارچە خېتىدە ئۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن كۈچلۈك دەلىللەپ مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئەنگلىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىگە تەئەللۇق..» ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئەسلىدە ئۆزىمىزگە تەئەللۇق بولغان شان - شەرەپكە باشقىلارنىڭ ئىگە بولۇۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز.» ئەگەر ئۇ بۇ قېتىمقى يىراق سەپەر پەيدا قىلىدىغان ئاقىۋەتنى ئالدىنئالا مۆلچەرلىمىگەن بولسىدى، ئۇ ئۇنداق تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدىكى باي ئەلپازدا ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولاتتى.

ستەيىن ھورنلېنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن سىرت تەلىيىگە يارىشا يەنە ھىندىستاندا ھەممىدىن بەك ھوقۇقى باركىشى ھېسابلىنىدىغان يېڭى گوبېرناتورنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىدۇ. مىلادى 1899 - يىلى 4 - ئايدا، يېڭى گوبېرناتور كورزون پەنجابنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن ۋاقىتتا، ستەيىن ئۇنى لاھور مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇشقا تەكلىملەيدۇ. ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا، ستەيىن ئۇنىڭغا گاندارا سەنئىتىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ قاراقۇرۇم يەر ئاستىدا نېمە بارلىقى توغرىسىدا ئۇزۇندىن بېرى يېشەلمەي كېلىۋاتقان سىرنى يېشىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە بارماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئېپىنى تېپىپ ئۇنىڭغا ئېيتىدۇ. شۇ چاغدا يېشى ئەمدىلا 40 قا كەلگەن كورزون ئۆزىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە بىر كىتاب يېزىپ بولغانىدى. گەرچە روسىيە ئۇ يەردە بۇ رايونغا چىشىنى بىلەپ تۇرۇۋاتقان ھەمدە ستەيىننىڭ سۆزلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئەلچىسىگە ستەيىننىڭ قاراقۇرۇمدىن جۇڭگو تۈركىستانىغا كىرىشى ئۈچۈن جۇڭگو دائىرىلىرىدىن بىر پاسپورت ھەل قىلىشنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ پاسپورت ھىندىستان دائىرىلىرىنىڭ يىراق سەپەر توغرىسىدىكى تەس

تەقدىرنامىسى بىلەن بىرگە دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى. جۇڭگو ئۆز ئالاقە-
سىدە شۇ يەردىكى ئىش بېجىرگۈچى ئامبالغا ستېيىننى ئوبدان مۇھاپىزەت
قىلىش، ئەڭ مۇھىمى ھەممىلا يەردە ئۇنىڭغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بې-
رىش، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە چەكلىمە قويماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق بەردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ستېيىن ئۆزىنىڭ سەپىرى ئۈچۈن بارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە كىرىشتى. ئۇ چاغدا سۋېن ھېدىننىڭ ئۆزىنىڭ تەكلىماكاندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىش جەريانىنى بايان قىلىپ يازغان «ئاسىياغا ساياھەت» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابى تېخى يېڭىلا نەشىردىن چىققانىدى. ستېيىن بۇ كىتابتىن نۇرغۇن پايدىلىق بىلىملەرگە بولۇپمۇ تەكلىماكان قۇملۇقىدا سەپەر قىلغان كىشىلەر ئۇچرايدىغان بەزىبىر پەۋقۇلئاددە مەسىلىلەر توغ-رىسىدىكى بىلىملەرگە ئىگە بولدى. ئۇ سۋېن ھېدىن تەكلىماكاندا يو-قۇتۇرغان جانغا زامىن بولغىلى تاس قالغان ۋەقەلەر ئارقىلىق، يىراق قۇملۇقتىكى كونا ئىزلارنى تەكشۈرۈش ۋە قېزىشقا ئىمكان بېرىدىغان بىردىنبىر پەيت — قىش پەسلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. چۈنكى بىز خىز-مەتلى ئادەم چىدىغۇسىز تومۇز ئىسسىق بولىدىغان ياز پەسلىدە ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن سوغۇق شارائىتتىلا ئىشلىگىلى بولاتتى. ئۇ چېدىرنى ئىسسىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شىمالىي قۇتۇپ ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئىشلەتكەن ستومبىت يىموفىي ئوچىقىدىن بىرنى سېتىۋالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە قاتتىق سوغۇققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كىچىك چې-دىرىنى قېلىن رەخت بىلەن ئەستەرلەپ چىقتى (شۇنداق قىلغان ھالەتتىمۇ خۇددى سۋېن ھېدىن دۇچ كەلگەندىكىدەك، كاگېبىنىڭ سىياسى دائىم دېگۈدەك توڭلاپ قالاتتى). شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ ئۇخلىغاندا ۋە يولغا چىققاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن قېلىن تېرە كىيىملەرنىمۇ ئېلىۋالدى. لېكىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئون يىلدا ئاران بىر قېتىم يامغۇر ياغىدىغان بۇ قۇملۇقتا سۇ مەسىلىسى ئەڭ چوڭ مەسىلە ئىدى. ئۇ ئادەم يالاپ، قەلەي-لەنگەن تۆنىكىدىن ئالاھىدە سۇ ساندۇقى ياساتتى، ئۇنىڭ ھەر بىرىگە 17 جالۇن سۇ سىغىدىغان بولۇپ، بۇ قوش لوكىلىق بىر تۆگىنىڭ قۇمە

ئۇلاغنى ئېلىپ ماڭالايدىغان ئەڭ يۇقىرى يۈك چەكلىمىسىگە بارا تۇر دېيەلەت-تى. ئەمما ئىمپېراتورلار ئۆلۈدىن قورقۇنلىدىپ كەتكەن چاغلاردا يەنىلا مۇز پارچىلىرىنىڭ يارىدىمىگە يۆلىنىشكە توغرا كېلەتتى.

ستەين دەرھال يولغا چىقىپ كەشمىردىكى سىرىناگار دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 10 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىز بولغان موخاندمارگ (Mohand - Marg) يايلىقىغا چېدىر قۇرىدۇ. بۇ يەر ئۇنىڭ ئۆيى بولۇپ قالىدۇ. كېيىن كېلىپ - كېتىپ دېگەندەك بۇ يەردە ناھايىتى كۆپ يىل تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ يەر ئۇنىڭ بىر قانچە قېتىملىق يىراق سەپەردە يولغا چىقىدىغان جاي بولۇپ قالىدۇ. ئۇ يەردە تۆت ئادەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئېكسپېدىتسىيە خىزمىتىگە قاتىنىشىشقا تەييارلىنىدۇ. ئۇلار: كوركالىق ئۆلچەش خادىمى لەمسىن، ئۇنى ھىندىستان كارتوگراف ئىدارىسى ستەيننىڭ خەرىتە سىزىش خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتكەن؛ ستەيننىڭ خىزمەتكارى بىلەن ئاشپەزى ئىرو ھەلمۇۋە سادىق ئاخۇن (Sadak Akhun): لەمسىن بىلەن ئوخشاش ئۇزدىيەنى ئۇستىگە ئالغان چېكشۋانتوسىن؛ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەزاسى «داشۆ» ئىسىملىك بىر كىچىك ئىت بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تۆت قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىدە ئۇدا مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بىرىنچى ئىتى ئىدى.

بىر ئايدىن كېيىن، يەنى مىلادى 1900 - يىلى 5 - ئاينىڭ 31-كۈنى بۇ كوللېكتىپ سىرىناگاردىن ئايرىلىپ، ئەگرى - توقاي يوللارنى باسىدىغان ئەمما تىنچ - ئامان ئۆتىدىغان سەككىز ھەپتىلىك جاپالىق سەپىرىنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇلار قارا قۇرۇمدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە يېتىپ بارىدۇ. ستەين چىنار باغ دېگەن يەردە ياز پەسلىنىڭ قالغان كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ يەر گېئورگى ماكارتنېي ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ھۆكۈمەت سالدۇرۇپ بەرگەن ناھايىتى ئازادە ئولتۇراق جايى ئىدى. ماكارتنېي ئارقا كۆرۈنۈشى ناھايىتى مۇرەككەپ بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى شوتلاندىيەلىك سىر ھاليىد ماكارتنېي دېگەن ئادەم. ئاپىسى جۇڭگولۇق ئىدى (ماكانا ئاپىسىنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىنى ھېچكىمگە دېمەيدۇ ھەتتا

ئۇنىڭ بالىلىرىمۇ دېمەيدۇ. 1945 - يىلى ئۇ ئۆلگەن چاغدا ۋىتامىن كۆرۈشكۈچىلەر كېيىنكى يەرگە بېسىلغان قايغۇلۇق ئېلاندىمۇ ئۇنىڭ جۇڭگولۇق ئاپىسى تىلغا ئېلىنمايدۇ). ئۇ ئەنگلىيىنىڭ يىراق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاخبارات پونكىتىنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئۇ، ئۇ يەردە 23 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلدى. گېئوگرافىيلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەر يەر شارىدا دېڭىزدىن ئەڭ يىراق شەھەر ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ستەيىننىڭ قىزىقىدىغان نەرسىلىرى، نۇرغۇن تەرەپلەردە ئوخشىشىپ كېتەتتى، شۇڭا ئۇلار چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىدۇ. ستەيىن يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا يەنە ئۇلار بىلەن بىرگە تۈرماقچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قىزغىن سەمىمىي مېھماندوستلۇقى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەممە ساياھەتچى قەشقەردىكى ئەنگلىيە باش كونسۇلخانىسىنى بىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا بەخت تىلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئومۇمەن جۇڭگو تۈركىستاندا تەلەي سىناپ باقماقچى بولغانلى-ى ياۋروپالىقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ باياشات قورۇ ۋە قىزغىن سەمىمىي ۋتۇۋېلىش مەركىزى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.» مانا بۇ پولكوۋنىك رېيك-لى سكېرگىنىڭ 1933 - يىلى ماكارتنىي ئائىلىسى چىنار باغدا ياراتقان ھەمدە ئۇنىڭ ئىز باسارلىرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاشۇنداق ئېسىل ئەنئەنىنى تەرىپلىگەن چاغدا قىلغان سۆزى ئىدى. بۇخىل ئەنئەنە تاكى ئەنگلىيە ئاسىيانىڭ ئەڭ يىراق چېتىدىكى بۇ كىچىك بۆلىكىنى XX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا ئەڭ ئاخىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەرگەن ۋاقىتتا ئاندىن ئاخىرلاشقانىدى.

سىركوۋسېن گەرچە ستەيىن ئۈچۈن جۇڭگو پاسپورتىنى قولغا كەلتۈرۈپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە سەزگۈر بولغان، ئۈچ جاھانگىرلىك كىرەلىشىپ تۇرغان بۇ رايوندا ئىشلىمەكچى بولغان خىزمىتى روسىيىنىڭ باش كونسۇلى پېتروۋسكىي ماكارتنىينىڭ سىياسىي ئاخبارات ۋە قەدىمكى يادىكارلىق جەھەتتىكى ئاساسلىق دۈشمىنى)نىڭ خىلمۇ - خىل پائالىيەتلىرى تۈپەيلىدىن ھەرگىزمۇ بىر يولىلا ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمەيدۇ. پېتروۋسكىي ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، ستەيىن قورقۇم-

سىراپ تۇرۇۋاتقان شۇ يەردىكى جۇڭگو دائىرىلىرىگە ۋەسىيەتىن نىقابلان-
غان ئارخېئولوگ، ئۇ ماھىيەتتە ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسى ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش
ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان گەپلەرنى دەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ستەيىن
ۋە ئۇنىڭ ترانسپورت ئەترىتى تەكلىماكاننىڭ ئوتتىدىكى قىزىقىي يېنىشتا
باشلىغان چاغدا، يەنىلا قەشقەردىن ئايرىلىپ، تەكشۈرمەكچى بولغان
قەدىمكى يىپەك يولىدىكى بىرىنچى بوستانلىق خوتەنگە باردى. چۈنكى
ئەنگلىيىنىڭ توپلاش - ساقلاش ئورنىدىكى ئاساسلىق قەدىمكى كىتاب-
لارنى بەرگەن كىشى ئىسلام ئاخۇن (كېيىن ئۇنىڭ پېتروۋسكىيغىمۇ قە-
دىمكى كىتابلارنى بەرگەنلىكى سېزىلگەن) نىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ قە-
دىمكى كىتابلىرى خوتەن شەھىرىدىن تېپىلغانىكەن. شۇنداقلا ئۇ ھەر
دائىم موشۇ رايوننىڭ ئەتراپىدىكى قۇملۇقلارنىڭ ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ
كىرىپ، قېزىش بىلەن شۇغۇللىناتتىكەن. گەرچە ستەيىننىڭ دوستى
ھورنلې بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەقىقىي قەدىمكى كىتابلار دەپ ئويلىغان
بولسىمۇ، لېكىن ستەيىن ئۇنىڭدىن چوڭقۇر گۇمانلىناتتى. ئۇنىڭ جۇڭ-
گو تۈركىستانىنى زىيارەت قىلىشتىكى ئاساسلىق بىر مەقسىتى، بۇ گۆھەر
ئىزدىگۈچىلەرنىڭ دەپ يۈرگەن گەپلىرىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچ-
سىز ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شۇ يەرنىڭ راز-
ۋېتچىكلارنى ئىسلام ئاخۇننىڭ «ناتونۇش قول يازما تۈركىستانى»نىڭ نۇس-
خىسىدىن تېخىمۇ كۆپ تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام
ئاخۇن ماكارتنېيغا تەسۋىرلەپ بەرگەن، كېيىنچە ھورنلېينىڭ دوكلاتىغا
كىرگۈزۈلگەن بەزىبىر كونا ئىزلارنى ئۆزى بىۋاستە بېرىپ تەكشۈردى.
ئۇ يەنە سۋېن ھېدىن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن خوتەننىڭ شەرقىي
شىمالىدىكى ھېلىقى سىرلىق شەھەر «تەكلىماكان»نى زىيارەت قىلىپ
باقماقچى ھەمدە ئۇ يەردە تېخىمۇ ئۈزۈل - كېسىل قېزىش ئېلىپ
بارماقچى بولىدۇ. ئۇ بۇ بوستانلىقتىكى شەھەرلەرنى
تەكشۈرۈپ زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭمۇ
بەزىبىر كونا ئىزلارنى يېڭىدىن ئۇچرىتىپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بو-
لۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا، خەرىتىلەردىكى نۇرغۇن بوشلۇقلارنى

تولدۇرۇشقا ئامالسىزلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن. ئۇ لەسسىنى بىلەن بىرگە، تەك-
شىلىكنى ئۆلچەش ئەسۋابى بىلەن ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكنى ئۆلچەش ئەس-
ۋابىدىن پايدىلىنىپ، ئۆلچەش ئېلىپ بېرىشنىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاخى-
رىدا ئۇ يەنە 7 - ئەسىردىكى مۇقەددەس جايغا تاۋاپ قىلغۇچى شۈەن-
زاڭنىڭ ھىندىستاندىن دۆلىتىگە قايتىدىغان چاغدا يىپەك يولىنىڭ جە-
نۇبىي يولىنى دېيىلىپ قالدۇرغان ئىزلىرىنى قوغلىشىپ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئىرىس-
تىبەتتا ئوتتۇراتقان چاغلىرىدا چوقۇنىدىغان قەھرىمان شەخس شۈەنزاڭنى
بايان قىلىپ ئۇنىڭ بىزدە دىنىي مۇقەددەس جاينىڭ بەزى كونا ئىزلى-
رىنى تېپىپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ستەيىن كەشقەردىن يولغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تەكلىماكان
توغرىسىدا قىسقىچە تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ. ئۇ كەنتنىڭ كىشىلەرنىڭ
قۇملىقنىڭ شەرقىدە كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر شەھەر بار دېگەن دوكلاتىنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ترانسپورت ئەترى-
تىنىڭ يولىنى ئۆزگەرتىدۇ ھەمدە بۇ كوللېكتىپتىكى باشقا بىر قانچىلەنى
ئۇ يەرگە بېرىشتا ئالدىن ئەۋەتىدۇ. ئەمما ئۇ ئۇيەرنى زادىلا تاپالمايدۇ.
چۈنكى ئۇ يەردىكىلەر ئېيتىپ بەرگەن ھېلىقى كونا ئىزنىڭ ئورنى ئىنى-
تايىن مۇجمەل ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ستەيىن بۇ يەرنى تەكشۈرۈشتىن ۋاز
كېچىپ، باشقا كونا ئىزلارنى تېپىش ئۈچۈن، باشقا يىققا قاراپ مېڭىپ
كېتىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە بايان قىلىنغان «قۇمغا كۆمۈلۈپ قال-
غان خوتەن خارابىلىكى» دېگەن كىتابتا، ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگونىڭ غا-
يەت زور قۇملۇقىدىكى سىرلىق قېتىملىق سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىچە
تەسۋىرلەپ ئۆتىدۇ. كېيىن ئۇ ئۆزىگە تونۇش بولغان بۇ قۇملۇق بىلەن
30 يىلدىن كۆپرەك ھەپىلىشىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر قۇم دېڭىزى جە-
نۇبتىكى ئىنتايىن يىراق يەرلەرگىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئۇنىڭ دولقۇن-
سىمان كەتكەن قۇم دۆڭلىرى قارىماققا دېڭىز - ئوكيانلارغا ئىنتايىن
ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ قۇم دۆڭلىرى بارغانسېرى ئېگىزلەپ بارغانلىقتىن
ئۇنىڭغا يامىشىپ چىقىشمۇ بارغانسېرى قىيىنغا توختايتتى ... تۈل-

يارلاش تۈۋىدىكى يېزىشاق قەدىمى چوڭقۇر يېتىشىپ كېتەتتى. ھەر 30 - 40
قەدەم يۇقىرى ئۆرلىگىنىمىزچە، چىمىلداپ تەرچىقىپ، ھېرىپ ھالىمىزدىن كېتىپ
قالاتتى. ئۇلار تەخمىنەن بەش ئىنگلىز مىللىق ئۇزۇنلۇقتىكى قۇم دۆۋىلىرىنى
ئىرىشىپ - تىرمىشىپ بېسىپ ئۆتۈپ، بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا كەلگەندە بۇ
كوللېكتىپنىڭ ئاساسىي قىسمى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇ قۇدۇقنى كۈنسېرى
قىستاپ كېلىۋاتقان قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن،
بىرۋۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغاچتىن كىچىك بىر ئۆي ياساپ قويغانىكەن؛
بىراق قۇم يۈزىدىن ئالتە قەدەملا چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇق سۈيى ھەم
ئاچچىق، ھەم تۇزلۇق بولغاچقا ئۇنى زادىلا ئىچكىلى بولمايتتى.

بۇرۇنقى ترانسپورت ئەترەتلىرىنىڭ ھىندىستان ۋە ئافغانىستانغا
بېرىشتا ماڭىدىغان يولى يىپەك يولىدىكى ئاساسلىق ئۆتەڭ يەكەنگە كەل-
گەندە بىر مەركەزلىشىمىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندى بۇ قېتىم ستەيىن
بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئىككى تۆگىسى ۋە ئىككى ئېتىنىڭ پۈتۈن بە-
دىنىگە جاراھەت ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. بۇنىڭدىن ستەيىن ئىنت-
تايىن تىت - تىت بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بېشى قاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە،
مۇشۇ يەردە تاپشۇرۇۋېلىشقا ئەۋەتىپ بېرىلىدىغان پۇلمۇ ئۆز ۋاقتىدا يې-
تىپ كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ بىر خەۋەرچىنى يەنە 240 ئىنگلىز مىلى يول
بېسىپ قەشقەرگە قايتىپ بېرىپ پۇل جايلاپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. يەنە
بىر تەرەپتىن ئات - تۆگىلىرىنى داۋالايدۇ. شۇ سەۋەبتىن يەكەندە بىر
ھەپتە تۇرۇپ قالىدۇ، لېكىن ئۇ ئات - تۆگىلەرنىڭ كېسەل بولۇپ قالغان-
لىقى توغرىسىدىكى ئەھۋالنى ئۆزىگە ۋاقتىدا ئۇقتۇرماي، جاراھەتنى
ئېغىرلاشتۇرۇپ قويغانلىقى ھەممىدىن بەك جىلە بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇ
ئەينەن قىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ قېتىمقى سەۋەق مېنىڭ قەلبىمگە چوڭ-
قۇر ئورناپ كەتكەنلىكتىن، زادىلا ئېسىمدىن چىقمىدى. شۇندىن باشلاپ،
ھايۋانلارنى كۈندە بىر قېتىم دېگۈدەك تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان بولدۇم.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈك توشۇشتا مەسئۇل بولغان ھېلىقى ئادەم-
لەرگىمۇ، ۋاقتىنچە ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ئۇلاغلارنىڭ ئورنىغا قاتناش
قورالى ياللاش ئۈچۈن خەجلەنگەن پۇلنى ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىدىن

توختىۋالىدىغانلىقىمنى ئېنىق ئۇقتۇرۇپ قويدۇم.

جۇڭگونىڭ يەنە تۆرت شۆلۇق ئىش بېجىرگۈچى ئەمەلدارى ستەيىننى قىزغىن كۈتۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆزلىرى ئولتۇرىدىغان شىۋېيزاڭغا نىسبەتەن ئورتاق قىزىقىش بارلىقىنى ناھايىتى تېزلا سېزىۋالدى. ئىش بېجىرگۈچى ئەمەلدار يېڭى كەلگەن دوستىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن 16 يۈرۈش سەيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر جۈزىلىق زىياپەت تەييارلايدۇ، زىياپەتنىڭ ۋاقتى ئۈچ سائەت داۋام قىلىدۇ. ستەيىن چوكا ئىشلىتىپ ئادەتلەنمىگەچكە، كىشىلەر ئۇنىڭغا تولىمۇ قاملاشمىغان بىر ۋىلكا تەييارلاپ بېرىدۇ. زىياپەت داۋامىدا كىشىلەر ئۇنىڭدىن بۇ يەردىن ئىككى مىڭ ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى بېيجىڭدا يۈز بەرگەن يېقىنقى قوزغىلىڭى توغرىسىدىكى يېڭى خەۋەرلەرنى تىڭ - تىڭلايدۇ. ئۇ ئىش بېجىرگۈچى ئەمەلدارغا ۋە باشقا مېھمانلارغا چەت ئەل ئەلچىلىرىگە تىنچ - ئامانلىقتىن باشقا ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ چاغدا ستەيىن ئۇلارنىڭ بۇ گەپكە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. ئۇلارمۇ ئۇنىڭ شەرق ئەللىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئادىتىنى دوراپ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان خەۋەرلەرنى ئەڭ ياخشىسى ئېيتمىغان ياخشى، دەپ بىلىپ يېقىنتىن توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمەيۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇمۇ ئوخشاشلا، ئۇلارنىڭ ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى بولماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى ئىكەنلىكىنىمۇ ناھايىتى ئېنىق بىلىپ تۇراتتى.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ تۆگە ۋە ئېتىغا چىققان جاراھەتلەر ساقىيىپ بولدى. شۇنداق قىلىپ، ستەيىننىڭ كونىلىكتىكى يىپەك يولىنى بويلاپ يەنە داۋاملىق شەرققە يۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇلار ئېگىز تاغلاردىكى قارلار ۋە مۇز پارچىلىرىنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان سۇلار بىلەن سۇغىرىلغان بوستانلىقلارنىڭ ئەتراپىدىكى مۇنبەت رايونلار ۋە ئۆزلەشتۈرۈلگەن رايونلاردا ماڭغاندىن سىرت، ئۇلارنىڭ قالغان مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقتى گىياھ ئۈنمەيدىغان قۇملۇقلاردا مېڭىش بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇلار بىر قانچە

ئەسىردىن بۇيان بەختسىزلىكتە ئۇچراپ كەلگەن تۇرغۇن ساياھەتچى-
لەردەك. كېچىسى سەپەر قىلغان ياكى قۇم كۆچكەن چاغلاردا ئىشالىدىن
ئېرىپ ھارۋا سولمىرىنى، تاپالماي قالغىنىمىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يولنىڭ
بەزى قىسىملىرىغا ياغاچتىن بىرلا كۆرسەتكۈچ ئورنىتىپ قويۇلغانلىقىنى
بايقايدۇ. ئۇلارنىڭ سول تەرىپىدە، قۇم چاڭ - تۇرانلىرى ئىچىدە، چېپ
تىگە كۆز يەتمەيدىغان تەكلىماكان پەيدا بولىدۇ؛ ئوڭ تەرەپتە ئىنتايىن
يىراق يەردە، شىنجاڭنىڭ شىمالىي تەرىپىنى توسۇپ تۇرغان، ئاپئاق قار-
لار بىلەن قاپلانغان غايەت زور تاغ تىزمىلىرى بۇلۇتلارغا تاقىشىپ تۇر-
ىدۇ. ئۇ تارىخىي خاتىرىلەر ھەمدە ئۆزىدىن بۇرۇن بۇ يەرگە كەلگەن
كىشىلەر بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن ئالدىنئالا خەۋەر تاپقان بول-
غاچقا، بۇ يەردە سەپەر قىلىشتا قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كې-
لىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان تولۇق مۆلچەرلىگەنىدى. شۇڭا ئۇ بىر - بىر
ئاپئاپقا ۋە توپىلاڭ يوللارغا ئۇچرىغاندىمۇ ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك
ھېس قىلمايدۇ.

ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن ھەممىلا يەردە ھايۋانلارنىڭ
قۇرۇپ كەتكەن ئۆلۈكىنى ۋە ئاپئاق ئۇستىخانلارنى ئۇچراتقىلى بولى-
دىغان بۇ يولنى پىيادە ياكى ئۇلاغ مىنىپ بېسىپ ئۆتكىنىمدە، بۇرۇنقى
ساياھەتچىلەرنىڭمۇ چوقۇم سۇسىز قاقاس، ئادەمزات كۆرۈنمەيدىغان مۇشۇ
يولدا تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ئىختىيارسىز
ھالدا خىيالىمغا كەلتۈردۈم. شۇنىڭدەك دۆلىتىمگە قايتىش سەپىرىدە مۇشۇ
يەردىن ئۆتكەندە بۇ يولنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلىگەنىدى. ئۇنىڭ
كەينىدىن ناھايىتى يىراقتىكى جۇڭگوغا بارغان ماركوپولو ۋە ئوتتۇرا
ئەسىردىكى بەزىبىر ئىسمى نامەلۇم ساياھەتچىلەرمۇ مۇشۇ يولدا ماڭغانى-
دى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ساياھەتنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتە تاھازىر-
غىچىلىك ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان...»

ئۇلار كىچىككىنە مىسلىلەنجا (چۇۋۇلۇپ كەتكەن لاي
ئۆيلەر) بىلەن ھاجى بولەنجا (يول بويىدىكى يەنە بىر تايىنى يوق
ئۆتەڭ)دىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار دەريا سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يەنە بىر بوستانلىق گۇما (Cuma) نىڭ مەزمەن باغ - ۋارانلىرىغا ۋە ئېتىزلىقلىرىغا كىرىپ كېلىدۇ. گۇما بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى شەرق-قە 100 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بىيەردە بىر قۇملۇق بولۇپ، ئىسلام ئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ نۇرغۇن قەدىمكى كىتابلار ۋە قوليازما ئۆرنەك-نىلىرىنى تېپىۋالغان سىرلىق خارابىلىك دەل شۇ يەردە ئىكەن. مانا مۇشۇ يەردە، ستەيىن ھەقىقەتەنمۇ زادى كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپات-لاپ بېقىش. ئۆزى بىلەن ھورنلې ئوتتۇرىسىدا زادى كىمنىڭ ھەق، كىم-نىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. كېيىن ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «دەل مۇشۇ گۇما دېگەن يەردە مەن شۇ يەردىكى كىشىلەرنى بىۋاسىتە زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، ھېلىقى گۆھەر ئوۋلىغۇچىلار ئېيتقان سۆزلەرنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىنى سىناپ كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىدىم.» ئۇ تۇپتوغرا بىر كۈن ۋاقىتنى مۇشۇ ھەقتىكى تەكشۈرۈشكە سەرپ قىلىدۇ.

ئۇ ئالدى بىلەن شۇ يەرلىك ياشىغان كىشىلەردىن ۋە يەرلىك ئەمەلدارلاردىن گۇما ئەتراپىدىكى قۇملۇقلارنىڭ ئارىسىدىن قەدىمكى كىتابلارنىڭ تېپىلغانلىقى، توغرىسىدىكى ئىشلارنى بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقىنى سوراپ كۆرىدۇ. ئەمما بۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلىدىغان ئادەم چىقمايدۇ. ئۇلار ھورنلې ئېلان قىلغان ئىسلام ئاخۇننىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ كونا ئىزلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن يەرلەردىن پەقەت ئىككىلا يەرنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى يەر گۇمىغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ستەيىن دەرھال ئاتقا مىنىپ ئۇ يەرگە تەكشۈرگىلى بارىدۇ. «مەن ئاتقا مىندىم. بۇ ئىشقا قىزىققان بىر بۆلۈم يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ نەۋكەرلىرى كەينىمدىن ئەگەشتى، بىز شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. بىردەمدىلا گۇمانىڭ شىمال تەرىپىنى قورشاپ تۇرغان، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 30 - 20 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بىر كۆچمە قۇم دۆۋىسىگە يېتىپ كەلدۇق.» دەپ يازىدۇ خاتىرىسىگە ستەيىن. ئىز يەنە ئۈچ ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن ھورنلې قارا كۆل

مازار دەپ ئاتىغان يەرگە كېلىدۇ. ئىسلام ئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە قارىغاندا ئۇ بۇ يەردە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئون ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان غايەت زور كونا قەبرىستانلىقنىڭ سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى ئۇچرىتىپتىكەن. ستەيننىڭ بۇ يەردىن تاپالىغان بارلىق نەرسىسى پەقەت ياۋا ئۆت-چۆپ-لەر بىلەن قاپلانغان تۈزلۈك بۇ كۆلچەكلىك بىلەن بىر كىچىك قۇم دۆڭ-دىنلا ئىبارەت بولدى. دۆڭنىڭ ئۈستىگە بىرقانچە تال ياغاچ قاداقلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا پارچە - پۇرات لاتىلار ئېسىپ قويۇلغان، بۇ ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ بەندىلەرنىڭ خاتىرجەم ياتىدىغان جايى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ قويۇلغانىكەن. ئىسلام ئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كەلگە كەتكەن قەبرىستانلىقتا، قەدىمكى زامان ئويما مەتبەلىرىنى تېپىپتىكەن. ئەمما مەن ھېچ نەرسە تاپالمىدىم. دەپ خاتىرە يازىدۇ، ستەيىن. يەنە ئۈچ ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار قارا تاغ ئاغزى (Karatagh - aghzi) دېگەن بوستانلىققا يېتىپ كېلىدۇ. ئىسلام ئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىدا تاشلىنىپ كەتكەن بەزى كونا ئىزلار بار ئىكەن. ئۇ يەردە ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن قەدىمكى كىتاب-لارنى ۋە باشقا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان غەلىتە نەرسىلەرنى قېزىپ چىقىپتىكەن. ستەيىن شۇ يەردىكى ئاھالىلەردىن بۇ ئىشنى تەپسىلىي سو-رۇشتۇرۇپ كۆرسە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنداق كونا ئىزنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمىز، ئۇ يەردە بىرەر نەرسىنىڭ تېپىلغانلىقىنى تېخى-مۇ ئاڭلاپ باقماپتىكەنمىز، دېيىشىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەنلا ھېلىقى كىتاب-لارنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايتتى. ئەم-ما بۇ خوتەننى بازا قىلغان گۆھەر ئوۋلىغۇچىلارنىڭ يالغان گەپ قىلى-دىغانلىقلاردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئۆز-لىرى تېپىۋالغان قەدىمكى نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىي مەنبەسىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئاشۇنداق بەزىبىر كونا ئىزلارنى قەستەن ئويدۇرۇپ چىقىرىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن بولسىمۇ، ھورنلېمۇ ئىسلام ئاخۇن قەدىمكى زامان كىتاب ئىسكىلاتىدىن سىرنى ئۇچراتقان بولسا كېرەك. ئەمما ئۇ كىتاب ئىسكىلاتىنىڭ قەيەردىلىكىنى مەخپىي تۇ-

تۇرۇپ. باشقىلارغا بىلدۈرمەسلىكنى نىيەتلىگەن بولسا كېرەك، دېگەنىدى.
ستەيىن رىيارتىنى ۋاقىتىنچە ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە

گۇمىدىن خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى ۋە شەرققە قاراپ يەنە بەش كۈن يول ماڭدى. بۇ جەرياندا ئۇ كۆپ قېتىم شەرقىي يولدىن ئايرىلىپ، ھەر خىل مەنبەلەردىن ئاڭلىغان ئاشۇ كونا ئىزلارنى تەكشۈرۈپ كۆردى. ئەمما تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى. بىر مەھەل گۈلەپ - ياشنىغان يېزا - كەنتلەرنىڭ بۇ كونا ئىزى بىرقانچە ئەسىردىن بۇيانقى قۇم - بورانلارنىڭ زەربىسى تۈپەيلىدىن پاك - پاكىز يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ساپال قاچىلارنىڭ پارچىلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە تېپىلمايدۇ. ئۇ ئىسلام ئاخۇننىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىنغان بىر - ئىككى كونا ئىزنى تەكشۈرۈپ كۆردى. لېكىن ئۇ شۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ يەردە قولyazما ئۇرگىنالار ۋە كىتابلارنى ساقلاپ قالالايدىغان ھەر قانداق بىر ئىمكانىيەت مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كىشىلەردە بىر مەھەل روناق تاپقان ئەمما كېيىن يەنە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئاختىلامىغا ۋە ئىنتايىن قاقاس چۆلگە ئايلىنىپ كەتكەن ئاشۇ يېزا - كەنتلەرنىڭ كونا ئىزىدا ناھايىتى ئازساندىكى قەدىمكى بۇيۇملار يەنە ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدىغان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر خىل مەپتۇنلۇق كەيپىيات ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى.»

ستەيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا داڭقى كەتكەن قاشتېشى بۇيۇملىرى ۋە گىلەم ئىشلەپچىقىرىدىغان جاي — خوتەن بوستانلىقىغا يېقىنلاشقان چېغىدا شۇ يېزىنىڭ تىلىدا ئالغان مۇنداق بىر ئاجايىپ رىۋايەتنى ئەسكە ئالىدۇ: مىلادى VII ئەسىرنىڭ بۇ ساياھەتچىسى شەھەر بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تەخمىنەن 30 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بىر يەردە «بىر - بىرىگە تۇتاشقان كىچىك تاغلارنىڭ سوزۇلۇپ ياتقانلىقى»غا دىققەت قىلىدۇ. شۇ يەرلىك كىشىلەر ئۇنىڭغا بۇ تاغلارنى ئەللاھ چاشقانلىرى پەيدا قىلغانلىقىنى بىر چاشقان پادىشاھى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بۇ ئۇششاق

جانىۋارلارنى شۇ يەرلىك كىشىلەر مۇھاپىزەت قىلغانلىقىنى ۋە باققانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئېيتىشلارىغا قارىغاندا، بۇلارنىڭ سەۋەبى مۇچاشقاقلار ئۇلارغا چېقىلمىغان ھوللار قوشۇنىنىڭ تېرىدىن ياسالغان ئات جابدۇقلىرىنى ۋە دوبۇلغا - سازۇتلىرىنى قىيىپ تاشلاپ، خوتەندىكى بۇددا دىنىي ئاھالىلىرىنى قوغلىغۇزۇپ قويغان ئىكەن. ستەين گەرچە بۇ قىيىنچى جانىۋارلارنىڭ ھېچقانداق بىر ئىزىنى ئۇچراتمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ شۇ يەردىكى ئىسلامسەن مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا بىر ئىلاھ جانىۋارلىرىغا دان بەرگەنلىكىدە يەلى مىچىتلاردىكى ئەچچە مىڭلىغان كەپتەرلەرنى بېقىۋاتقانلىقىغا تولىمۇ قىزىقىپ قالغانىكەن. ستەين مۇنداق دەيدۇ: «ئەتىمۇ موقەددەس جايدىكى دۇكانلاردىن بىر ئەچچە تاغار قوناق سېتىۋېلىپ، ئۇچۇپ يۈرگەن بۇ كەپتەرلەرگە چېچىپ بەردىم».

ستەين ۋە ئۇنىڭ ترانسپورت ئەترىتى كېلىمكى تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان قارىقاش (Kara - Kash) دەرياسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن قىنىدىن ئۆتۈپ، خوتەن شەھىرىگە كىرىدۇ. ئۇ ساختا بۇيۇم ياسايدىغان ھېيلىگەر كىشىلەرنىڭ ئىزى ئۈچۈن يەنە ساختا بۇيۇم ياساشقا كىرىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇزىنىڭ بۇيەرگە كەلگەنلىكىنى شۇ يەردىكى گۆھەر ئىزدىگۈچىلەرگە بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىدۇ. لېكىن ئۇ بۇيەرگە كېلىپلا شەھەردىكى «يېرىم كەسپىي خاراكتېرلىك گۆھەر ئىزدىگۈچى قېرىنداشلار جەمئىيىتى» ئىچىدىن دەرھال كىچىك بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رازۋېتكا ئىشلىرىغا سالىدۇ. كىشىلەر ئۇلارغا بۇرابوننىڭ سىرىنى ئۈزلۈكسىز ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، خېلى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇڭا ئۇ مەنشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆئېنلۈندىن ئىمارەت سىرى ئېچىلمىغان بۇ رايوننىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىش ۋە خوتەننىڭ ھەقىقىي ئورنىنى تېزىبى قىبنىم توغرا ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن، لەمسىن بىلەن بىللە ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ، تۆلپار ئېتىغا مىنىپ يولغا چىقىدۇ.

بىر كۈنى كەچتە، ستەين ئۆزىنىڭ چېدىرى تۈزىشلۇق تاغ قاپتى

قىيىن بىر قانچە يىلنىڭ ئىلگىرىسى پەستە قالغان تەكلىماكاندا ئاي يورۇقىدا نەزەر سېلىپ قارىدىم. ئاي شۇ چاغدا گۈزەللە-رىنى ئىسىنىكىلىك تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق ئەسلىتەتتى. ۋاشۇ بىيابان تۈزلەڭلىكتە مەن خۇددى ئايىمىم ئاستىدا ئولتۇرغان بىر غايەت زور شەھەردىكى مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان چىراغ يورۇقلىرىغا دىققەت بىلەن نەزەر سېلىۋاتقاندەك تۇراتتىم. بۇ لەددىمۇ ھەم ھاياتلىق يوق، ھەم ئىنسانىيەت يوق قۇرغۇنچىلىق بىر قىزىلقۇم بولسىمۇ؟ مەن ئىم-شىنى مەيتىن قىلىدىغان مۇنداق گۈزەل مەنزىرىنى قايتا كۆرۈشۈم مەڭگۈ مۈمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم.

چېدىر ئىچىدە سوغۇقتىن تىترەپ ئولتۇرۇپ، يىراقتىكى دوستلىرىمغا ئۇلارنىڭ روژدېستۋو بايرىمىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ خېلى بۇرۇنلا يېزىشقا تېگىشلىك بولغان خەتلەرنى ئالدىراپ يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا، تەكلىماكاننىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن پەقەتلا نېرى كەتمىدى. مەن ئاددىيلا تاماقلانغاندىن كېيىن، ئايىمىم ئاستىدا تۇرغان بۇ سىرلىق شەھەرگە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم نەزەر سېلىپ چىقتىم - دە، چېدىرغا كىرىپ ئۇيقۇغا كەتتىم.

ئۇ كۈنى نەچچە كۈنلۈك ئۆلچەش خىزمىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئىنسانىيەتنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بۇ ئېگىزلىكتىن پەسكە كۆچۈپ چۈشتۇق. بۇ يەر توغرىسىدا بۇ مۇنداق دېيىلدۇ: «ئۇيەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ئىنتايىن قاقاس بولغانلىقتىن، تارىختا نۇر ئىزىنى قالدۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بەرمەيدىكەن.» بۇ كەتكەن بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە، تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر قۇملۇقتىن تېپىپ چىققان ھەر خىل - ھەر باشقا نەرسىلەر خوتەندە ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ستەين پەقەت خوتەندە ئەڭ داڭلىق گۆھەر ئىزدىگۈچى دەپ سانالغان ئىسلام ئاخۇننىڭلا ئۆزى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلمەيۋاتقانلىقىغا نارازىلىق بىلەن دىققەت قىلماقتا ئىدى. شۇنداق، ئۇ ھەقىقەتەن بۇ شەھەردىن ناھايىتى تېزلا كېتىپ قاپتۇ. ئەمما، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قولىدىن چىققان بىر قەدىمكى كىتاب ستەيننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ستەين بۇ كى-

تاپىش مۇ بىلان سىناپ كۆرمەكچى بولىدۇ - دە، ئەم قىلىنغان بارمىقىنى ئۇنىڭغا يېقىن تەككۈزۈشى بىلەنلا، كىتابنىڭ ۋاقتى ئۆتۈش يېزىقى بۇزۇلەي يوقىلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ستەيىننىڭ يۈكسەك دەرىجىدە چېنىقىپ پىشقان بىر جۈپ كۆزى ئۇنىڭ كالگۈرتىدىكى ھۆرلىپنىڭ تۇرپلاش - سانلاش ئۇرنىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى كىتابلارغا بەكمۇ ئوخشىشىدىغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ.

ئۇ يەردە ئاھايىتى ئۇلۇغ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېپىۋالغان تۇردى (Turdi) ئىسىملىك بىر گۆھەر ئىزدىگۈچى بار بولۇپ، ستەيىن تەكلىماكاننى پىششىق بىلىدىغان بۇ ئادەمگە ئىنتايىن قىزىقىپ قالىدۇ. ئۇ 30 يىلدىن بېرى بۇ كونا ئىزلارنى قېزىپ ئالتۇن ئىزدەپلا يۈرگەنىكەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ دادىسىمۇ مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپتىكەن. ئۇ ئۈستىدە ھىندى براخمى يېزىقى بار بىرقانچە پارچە تام سۈرەتلىرىنى ئاچقىدۇ، ئۇنىڭ بەزىلىرىنىڭ بويدا دىنىي ھەيكەللىرىگە ئوخشىشىپ قالىدىغان، كۆلرەڭ لايدىن ياسالغان ھەيكەل پارچىلىرى ۋە قەدىمكى زاماندىكى بىر پارچە قەغەز پۈتۈك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەت ئۇسلۇبىدا تارتىپ - تارتىپ يېزىلغان براخمى يېزىقى بارلىقى بىر قاراش بىلەنلا ئاھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ستەيىن بۇ «خەۋىرشكەللەرنى» قەيەردىن تاپقانلىقىنى تەپسىلىي سورۇشتۇرغان چاغدا، تۇردى ئۇنى خوتەننىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى تەكلىماكاننىڭ يىراق بىر يېرىدىن تاپقانلىقىنى، ئۇ يەرگە توققۇزكۈن ياكى ئون كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بۇ پېشقەدەم گۆھەر ئىزدىگۈچى گەرچە ئۇ يەرنى دەندان ئۆيلۈك ياكى «دىيل چىشى ئۆيى» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەسۋىرىدىن بۇ يەرنىڭ چوقۇم سۋېن ھېدىن بارغان «تەكلىماكان» دېگەن جاي ئىكەنلىكىگە ستەيىن ئىشەنچ باغلايدۇ. ئۇ يەنە سۋېن ھېدىن ئۇ يەردە ئاران بىر كۈنلا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇ ئىزدەپ يۈرگەن بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ غايىب بولۇپ كەتكەن ئىزلىرىنى تېپىۋال

خانىكەن. مەن بىر ئارخېئولوگ بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇ يەردە بىر قىب-
تىم جەسەدى ۋە ئەستايىدىل قېزىش ئېلىپ بارمىغان بولسام، خېلى زور
ئۆلۈمگە ئېرىشەلمىگۈدەكمەن! دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم - دە،
بۇ بىپايان چۆللۈككە ھوجۇم قىلىشتا دەمدان ئۆيلۈكنى تۇنجى نىشان
قىلىپ، تـ-ۋارىغا كېتەلمىدىم. بۇ دەل جۇڭگونى ئىمپېرىيەسىنىڭ تارىخىدا
ئاق قېلىشۇالقان بىر باب ئىدى. شۇڭا ئۇ تەكلىماكاندا بىر قىسمىنى ئۆز-
كۆرۈپ، ئۇچۇن جەسەدىنى تەييارلىق كۆرۈشكە باشلايدۇ.

ئالتىنچى باب

ستەيىننىڭ ئارام بايلىققا ئېرىشىشى

ئۇلار 11 كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۆيلىرى تۈزۈلۈپ چېچىپ
چىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشىمايدىغان دەشتى ئۆيلۈككە يېت-
ىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى ئالتە كۈندە مۇزلاپ قالغان تەكلىما-
كاننىڭ ئۈستىدە ماڭىدۇ. كۈندۈزى تېمپېراتۇرا پەقەتلا نۆلدىن ئاشماي-
دۇ، كېچىسى بولسا بەزىدە نۆلدىن تۆۋەن ئون گرادۇسقا چۈشۈپ قالىدۇ.
ئوت قالغان چېدىر ئىچىدىمۇ سىماب تۈۋرۈكى نۆلدىن تۆۋەن گرادۇسقا
چۈشۈپ قالغان چاغدا، ستەيىن خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇشتا مۇمكىن بول-
مايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇخلاشمۇ بىر مەسىلە بولۇپ
قالاتتى. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئويغىنىپ قارىسام، يوتقان نەپەسلەن-
گەندە چىققان ئىسسىق تىنىق تۈپەيلىدىن توڭلاپ قېتىشىۋاپتۇ. بۇ خىل
ئەھۋال كىشىنى ھەقىقەتەن بىئارام قىلىپ قويىدىكەن.» ئۇ ئاخىر بول-
ماي مۇنداق بىر ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ: بېشىنى چوۋا بىلەن ئوراپ، چو-
ۋىنىڭ يېقىدىن لەپەس ئالىدۇ.

تەكلىماكان بويىدىكى نەڭ ئاخىرقى بىر بوستانلىق ئاتبېشى
(Atbashi) كەنتىگە كەلگەندە ئۇ 30 مەدىكارنى ياللىۋالىدۇ ھەمدە
ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جوتۇ تەييارلاتقۇزىدۇ. ئۇلار قۇملۇققا كى-
رىشتە قارامىلىق قىلىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئالۋاستىدىن ئىنتا-
يىن قورقىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىنى چۈشىنىشكە بولات-
تى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشلىقلىرىنىڭ بېسىم ئىشلىتىشى، پۇلنىڭ تى-
زىقتۇرۇشى ۋە ستەيىن باشلاپ كەلگەن تۇردىنىڭ ھەم باشقا ئىككى نە-
پەر تەجرىبىگە باي ماھىرنىڭ قۇملۇقنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا قايتا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايتا كېيىن بولۇشى نەتىجىسىدە ئاۋۇالقى خىيالىدىن يانمىدۇ. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ستەيىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە شۇ يەردە سېتىۋالغىلى بولىدىغان ئەڭ قېلىن ئىشلىق كىيىمدىن بىردىن تارقىتىپ بېرىدۇ.

ترانسپورت ئەترىتى قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى، ئادەم ۋە تۆگىلەرنىڭ تاپىنى يۇمشاق قۇمغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىشقا، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جىسمانىي كۈچ جەھەتتىكى سەرپىياتى كۆپىيىپ، قەدىمى ئاستىلاشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ئەھۋال ئۈستىگە ئېغىر يۈك ئارتىلغان بۇ قوشۇننىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار سائىتىگە ئاران بىر يېرىم ئىنگلىز مىلىلا يول ماڭالايدۇ، كۈنلۈك ماڭغان يولى ئون ئىنگلىز مىلىدىن ئاشىدىغان چاغلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. رۇۋدېستۋو بايرىمىغا بىر ھەپتە قالغاندا ئۇلار ئاخىر ھالاكەت ۋە قاقاسلىققا تولغان ئالاھىدە «مۇھىت» ئىچىدىكى دەندان ئۆيلۈككە يېتىپ كېلىدۇ. ستەيىن بىر قاراش بىلەنلا گۆھەر ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئۇ يەرگە ئاللىقاچان كېلىپ بولغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ. ھەممىلا يەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى (ئۇنىڭ مۆلچەرىچە، سوۋېن ھېدىنمۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ پېشقان قاقباش بولغانلىقى ئۈچۈن گەرچە شۇنداق دەپ ئېنىق ئېيتمىغان بولسىمۇ)، تۇردى ئۆزى ئۈمىد قىلىپ كەلگەن نەرسە — ئالتۇننى ئىزدەش ئۈمىدىدىن تېخى يانمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۇ يەرگە كۆپ قېتىم كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئادەملەر ستەيىننىڭ قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كىچىككىنە قېزىش ئەترىتىنىڭ ئاللا تاشلىۋەتكەن مۇشۇنداق بىر يەردە بىر - ئىككى كۈندىن ئارتۇق تۇرالىغۇدەك ماددىي كۈچى ۋە جىسمانىي كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. ئۇلار پەقەت يەر يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىچىنىلا ئۆزى خالىغانچە كولاپ بېقىپ، قۇم دۆڭلىرىنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان كونا ئىزلارغا زادىلا چېقىلمايدۇ. تۇردى بۇ يەردە ستەيىنگە تېخىمۇ بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىماي كەلگەن ئىمارەت دۆۋىلىرى-

لى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، مىزشۇناس ئۆزىدىنلا تۇردىنىڭ بۇ كونا ئىزلارنى خۇددى بەش قولدەك بىلىدىغانلىقى كۆرۈلۈپلا تۇرىدۇ. بۇ نۇقتا ئىمتا-ھىن قىممەتلىك ئىدى.

ستەيىن گەرچە ئۇنىڭ ئادەملىرى ساماھيىتى قىلىن كېيىنكەن بول-سىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىمپېراتورا سۈلادىن تۆۋەنلەپ كېتىدىغان كېچىلەردە توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىشىدىن توڭلىمۇ ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ يەنە ئەترابلاردىن ئوت قالاش ئۈچۈن ئوتۇن ئىزدەشكە ئادەم ئەۋەتەتتى. نە-تىجىگە يارىشا، ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى بىر باغدىن ئازراق ياغاچ تېپە-ۋالىدۇ. بۇ ياغاچلار ئەسلىدە بۇ خارابىلىكتە بىر مەھەل گۈل - چېچەك-تەك ئېچىلىپ تۇرىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخ - غوللىرى بولۇپ، ئارىلىقتا نەچچە يۈز يىللىق ئۇزاق دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ھازىر ھېچ نەرسىگە يارىمايدىغان قاقشالغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ چېدىرنى قىزىتىپ بولغاندىن كېيىن، تۆگىلەرنى بۇ يەردىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقتىكى كېرىيە دەرياسى بويىغا ئەۋەتىۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇ يەر-دە تۆگىلەر يەيدىغان ئوت - چۆپ بار بولۇپ، ئۇلارنى بېقىپ سەمرىت-كەنلى، شۇنىڭ بىلەن كېيىنچە داۋاملىق يول يۈرۈشكە تەييارلىق قىلىۋال-غىلى بولاتتى.

ۋاقىت ئىمتايىن قىممەتلىك بولغاچقا، ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەندىلا قېزىشنى باشلىۋېتىدۇ. بۇ ستەيىن كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل تۈردە كۈتۈپ ۋە پىلانلاپ كېلىۋاتقان بىر پەيت ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى، بىلىـمى ۋە ماھارىتى بۇ يەردە — ئۇنىڭ تەكلىماكاندىكى بىرىنچى كونا ئىزى دەندان ئۆيلۈكتە سىناققا دۇچ كېلىۋاتاتتى. دەسلەپتە ئۇ ئۆز چېدىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى پاكار، كىچىككىنە تۆت چاسا كەلگەن ئىمارەتنىڭ قالدۇق قىسمىدا ئۆز خىزمىتىنى باشلىۋېتىدۇ. بۇ يەرنى بۇنىڭدىن خېلىلا بۇرۇن تۇردى قېزىپ باققانىكەن. ئۇ ستەيىنگە بۇ بىر بۇتنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەمما ستەيىننىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنى ھەرگىزمۇ بىرىنچى قېتىم ئۇچراتقان بۇ ئىمارەت دۆۋىسى ئىچىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېپىش بولماستىن، بەلكى بۇ ئىما-

دەتخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ۋە قۇرۇلمىسى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقىش ئىدى.

ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ ئاپتورى جىنتىي مىرىسكى بۇنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «دەندان ئۆيلۈك بىر دەرسخانا بولۇپ، ئۇ يەردە ستەيىن قۇمدا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى زامان ئىبادەتخانىسى ۋە ئۆيلەر توغرىسىدىكى ئاساسىي سىلسىلەرنى يەنى ئۇنىڭ تورىنى لايىھەلەش، شۇنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈش ۋە رەڭگە تولدۇرۇش سەنئىتىگە دائىر بىلىملەرنى ۋە بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ تاۋاپ قىلىش رەسمىيەتلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ ئۆگەنگەندۇ. شۇندىن باشقا ئۇ يەنە بۇ كولدا ئىزنى تەجرىبىخانىدا قىلىش ئارقىلىق، سۇغا ئوخشاش ئېقىپ تۇرىدىغان قوملارنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ كەتكەن خارابىلەرنى قېزىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقماقچى بولىدۇ. چۈنكى سۇغا ئوخشاش ئېقىپ تۇرىدىغان بۇ قوملارنىڭ ئېقىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى، قازغۇچى كىشى قۇمنى ئەمدىلا كولاپ چىقىشىغا ئۇ يەنە كەينىگە يېنىپ كېتەتتى. ستەيىن بۇ جەھەتلەردە ئۈلگە قىلغۇدەك بىرەر مىسالغا ئىگە ئەمەس ئىدى، تەربىيە كۆرۈپ چېنىققان ئەمگەك كۈچىگە شۇنداقلا ئارخېئولوگىيە جەھەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار، مەقسەت ۋە ئۇسۇل... ھەققىدىكى بىلىملەرگىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى ئاساندىن قىيىنغا ئۆتۈش، ئۇ ئۆزى تاپالايمەن دەپ ئويلىغان نەرسىلەردىن تارتىپ ئۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان نەرسىلەرنى تېپىشقا ئۆتۈشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇ ھەم ئېھتىياتچان بولۇش، پەخەس بولۇش، ھەم سىناپ كۆرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.

ئۇ بۇ يەرنى قازغان چاغدا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىبادەتخانا ئىلگىرى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ بىرىنچى كۈندىكى قېزىش جەريانىدا ئۇلار قەدىمكى زامان بۇددا دىنىغا ئائىت تام سۈرەتلىرىدىن ۋە ئۈستىگە كۈلرەڭ لاي سۈرتۈلگەن قاپارتما ھەيكەللەردىن خېلى نۇرغۇن تېپىۋالىدۇ. ئۇلار بىر بۇيۇمنى ئېلىپ مې-

كېمىشتىن ئەلكەمىزى ئۆزنى ئاۋۋالقى ئورنىدا تۇرغۇزۇپ ھەم بىلەن رەسىمگە تارتىۋالدى ۋە ئۇنىڭ چىققان يېرىنى ئاغاقچە تەپسىلىي يېزىپ ئۇزىنىڭغا ئېسىپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ جەمئىي 150 پارچە مەدەنىيەت يادىكار- لىقلىرىنى جاپا - مۇشەققەتلىك ۋە خەۋپ - خەتەرلىك ئۇزۇن يوللار- دىن ئۆتكۈزۈپ ئەنگلىيە مۇزېيىغا ئەۋەتىۋېتىدۇ. ئەتىسى ستەين خىر- مەت ئورنىنى يەنە يوقلىدى، قۇدۇقنىڭ ئاستىدا سەككىز ئىنگىلىز چېسى چوڭقۇرلۇقتا تۇرغان بىر تۈپ ئىمارەت دېۋارلىرىنى قېزىشتا كۆرىشىدۇ. ئۇ بۇ يەردىمۇ بەزىبىر تام سۈرەتلىرىنى تېپىپ چىقىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئاسان پارچىلىنىپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئەكېتىشكە ئامالسىز قالىدۇ. بىراق، شۇ يەرگە كەلگۈچە، كېچىككىنە بىر قەغەز پارچىسىدىن باشقا، ھېچقانداق قول يازما ئورىگىنالىنى تاپالمايدۇ. ئەپ- سۇسكى، ستەين تېپىۋېلىشنى ئەمەس، ئەڭ ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسە دەل ئاشۇ يېزىقى بار قول يازمىلار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ سۈيىن ھېدىنگە ئوخ- شاش، بىرىنچى بولۇپ بىر نۇسخا قول يازما تېپىۋالغان كىشىگە ئىناق كۆرسىتىش ئىنئام قىلىشنى قارار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر سائەتكە يەت- مىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا، ناھايىتى ھاياجان بىلەن «خەتى — تۈركچە مەنىسى «ھۆججەت» دېگەن سۆز — دېپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ.

بۇ قول يازما ئېللىپس شەكلىدىكى قەدىمكى قەغەز پۈتۈك ئىدى. ئۇنىڭغا ھىندى تىلىدىن باشقا بىر خىل تىلدا خەت يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا ئىككە ھىندى قول يازما ئورىگىناللى شەك- لىدىكى بىر ۋاراق يەككە بەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ شەكىلدىكى ئورىگىناللار شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرگۈزۈلگەن يەككە بەتلەرنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بوغمىلاق تۆشۈك ئېچىپ، يىپ بىلەن چې- تىپ قويۇلاتتى. شۇندىن باشلاپ قول يازما ئورىگىناللار ئۈزلۈكسىز تۈردە تېپىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىنىڭ ئەمىر - مەرۇپلىرىغا ئائىت سانسكرىت يېزىقىدىكى دەستۇرلار بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى 5- ئەسىر- دىن 6 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقلاردا يېزىلغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ستەين ئۆزلىرى قېزىۋاتقان بۇ ئىمارەتنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى

بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل بىر كۇتۇپخانىنىڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالىمىز.

كىشىگە چۈشىنىكسىز بولغىنى شۇكى، بۇ قول يازما ئورىگىناللار قانداق قىلىپ ئۇ يەردىكى باشقا نەرسىلەردىن قارىغاندا ئاشخانا قىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ئېغىزلىق ئۆيگە قويۇپ قويۇلـدۇ ھەمدە ئۇ ئەسلىدىكى پولدىن بىر قانچە ئىنگلىز چىسى ئېگىز-لىكتىكى يۇمشاق قۇمنىڭ ئاستىدىن تېپىلىدۇ؟ بۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ بىردىنبىر مۇمكىنچىلىكى شۇكى، ئۇلار چوقۇم ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆي — كىچىك بىر ئىبادەتخانىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن تۆۋەن قەۋەتتىكى ئاشخانا قىلىنغان ئۆينىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئىمارەت-نىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىنىڭ خىلمۇ-خىل ئىزلىرى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان-قى قۇم-بورانلارنىڭ زەربىسى تۈپەيلىدىن ئاللىقاچان توپىغا ئاي-لىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

مىلادى 1900 - يىلى روزدېستۋو بايرىمىدا، ئۇ ئۆز چېدىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يېرىم ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەردە، ئۇنىڭ بىرسال ئىبادەتخانا ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇرغان ئەمما ئىچىگە قۇم تولۇپ كەتكەن بىر توپ ئىمارەت دۆۋىسى ئىچىدە ئۆز خىزمىتىنى باشلىدى. بۇ يەردە گەرچە گۆھەر ئىزدىگۈچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ كەت-كەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىزلار كۆرۈنۈپ تۇرغان بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ بىۋاسىتە سېزىمى ئۇنىڭغا ئەگەر بۇ يەرنى تەپسىلىي قازىدى-غان بولسا يەنىلا مۇھىم كەشپىياتقا ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بار ئى-كەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئىشنىڭ نەتىجىسىمۇ دەل شۇنداق بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن ئېرىشكىنى ياغاچ تاختىغا سىزىلغان ئىككى پارچە رەسىم بولۇپ، بىر قانچە ئايدىن كېيىن، ئەنگلىيە مۇزېيى ئۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭراق بىرىنىڭ ئۈستىدىكى قۇم-توپىلارنى ھەم بى-لەن چىقىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئوبرازى سىزىلغان-لىقى، ئەمما ئۇنىڭ بېشى خاننىڭ تاجىسىنى كىيگەن چاشقاننىڭ بېشى قىلىپ

سىزىلغانلىقى ھەممە ئۇنىڭ ئىككى كۆتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان قىلىپ سىزىلغانلىقى بىلىنىدۇ. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇنىڭغا سىزىلغىنى خوتەننى قوزغۇلدۇرۇپ قويغان ئىسلامى چاشقانلارنىڭ پادىشاھى ئىدى.

ئۇنىڭ قېزىپ چىققان ئىككىنچى ئەرسىسى ئىككى پارچە قەغەز پۈتۈك بولۇپ، ستەين ئۇنىڭغا يېزىلغان يېزىقنىڭ ئۇ دوكتور ھورنلې ساقلاۋاتقان بۇيۇملار ئارىسىدا كۆرگەن بىراخمى يېزىقىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل تېز يازما نۇسخىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ. ئۇلار قۇرۇق قۇملارنىڭ ئارىسىدىن شۇنىڭغا ئوخشايدىغان قەغەز پارچىلىرىدىن يەنە بىر مۇنچىسىنى ناھايىتى تېزلا قېزىپ چىقىرىدۇ. ستەين يۆرلىشىپ كەتكەن بۇ ھۆججەتلەرنى سوغۇقتا قېتىشىپ قالغان قوللىرى بىلەن ئېچىپ كۆرۈپ بىرەر قۇر تەكشۈرۈپ چىقىدۇ - دە، ئۇنىڭ كالكۇتتىدىكى توپلاش - ساقلاش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قول يازمىلارنىڭ بىر خىلى بىلەن روشەن باغلىنىشلىقى بارلىقىنى بايقايدۇ. كېيىن دوكتور ھورنلېمۇ بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ستەين كالكۇتتىدىكى تولاش - ساقلاش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقىنى تۇردىنىڭ دەندان ئۆيلۇ-تىن بۇرۇنقى يىللاردا تېپىۋالغانلىرى بولسا كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ. كېيىن ئۇ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن بۇ چۈرۈك، نېپىز قەغەزلەرنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ VIII ئەسىردىكى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ بەزىبىر مۆھۈر خەتلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە قەغەز ئېلىش ھۆججىتى ۋە قوبۇل قىلىش - يۆتكەش بۇيرۇقىنىڭمۇ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ.

ئۇ روژدېستۋو بايرىمى كۈنىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك مۇرغۇن قېزىلمىلارغا ئېرىشىدۇ، جۇڭگو يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ تېپىلىشى شۇلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. كېيىن ماكارتنىي ئۇنى تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ - دە، ئۇنىڭ بىر ئېشەكنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە يېزىلغان ئىلتىماسنامە ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ ئېشەك ئىككى ئادەمگە ئىجارە بېرىلگەن بولۇپ، گەرچە 18 ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ،

ئۆزلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، قايتۇرۇپ بەرمەكتە يوق، ئۇلاردىن ئەنە شۇنچە ئۇلارنىڭ قورقمىسىز كۆرۈنسىمۇ كەتكەن، ئەمما مۇھىمى شۇكى، ئىلتىماسنامىدە ۋاقىت — چوڭ تارىخىنىڭ 16 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى — دەپ ناھايىتى ئېنىق ۋە توغرا يېزىلغاندەكەن. ئۇ شۇ چاغدىكى مىلادى 781 - يىلى * ئىكەن. ئىلتىماسنامىدىكى بۇ ئىسمىغا كەلسەك، ئۇنى كىشىلەر ھەر خىل قايۇشتا ئوقۇش ئېھتىمالى بار ئىكەن. ئەمما شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭدا ئېيتىلغىنى دەندان ئۆيلۈكنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاتىلىشى ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسىم بىلەن يېزىلغان مۇشۇ خىلدىكى باشقا ھۆججەتلەر ئالىملارغا كالكۇتتىغا يەتكۈزۈلۈپ بولۇپتىكەن. ئۇ نەرسىلەرنىڭ تۆردىنىڭ قېزىپ چىقارغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. چۈنكى ئۇ بىر قانچە يىللار ئىلگىرى ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ئۆستەڭگە خەنزۇچە خەت يېزىلغان، قارىماققا ھازىرقىغا ئوخشايمۇ ئوخشىمىغان نەرسىلەرنى تېپىۋالغانلىقىنى، ئۇنى شۇ چاغلاردا خوتەندىكى بىر سودىگەرگە سېتىپ بەرگەنلىكىنى تا ھازىرغىچىلىك ئېسىدە ناھايىتى ئوچۇق ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ.

روزىبىتۇ بايرىمى كۈنى ئەگەر تۆردى بولمىغان بولسا، ستەيىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق تەۋەككۈلچىلىكى تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ كۈنى قاش قارايغان چاغدا، ستەيىن ئۆزىنىڭ مەدىكارلىرى بىلەن بىرگە چېدىرغا پىيادە قايتىپتۇ. ئۇ بىر قىزىم دۆڭنىڭ قىرغىقىغا كەلگەندە، بىردانە جىڭگو تەڭگىسىنى تېپىۋالدى. تۆردىنىڭ ئېيتىشىچە ئويۇلغان ۋاقتىغا قارىسا، ئۇ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1200 يىل بۇرۇنقى قەدىمكى پۇل ئىكەن. ئۇ چاغدا ئۇ چېدىرغا قايتىشىنى ئۇنتۇپ، ئۇ يەردىن تېخىمۇ كۆپرەك قەدىمكى پۇل تېپىۋېلىش ئۈمىدىدە ئىزدەشكە كىرىشىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇزاپ كېتىپ قالدى. كېيىن ئۇ شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ: «بىردەمدىن كېيىن مەن قاپقاراڭغۇلۇق

* مىلادى 781 - يىلى دېگىنىمىز تاڭ دېزۇڭنىڭ يېڭىچە سىياسەتنى يولغا قويغان ئىككىنچى يىلى ئىدى.

كېچىدە چېدىرغا قايتىپ كېتىۋېتىپ يولدىن ئادىشىپ قالدىم. كېيىن مەن پاكار قىزىل دۆڭلەرنىڭ ئارىسىدا يۈزتۈمەنى سۆرەپ تەخمىنەن بىر ئىنگىلىز مىلى كەلگۈدەك يول بېسىپمۇ يەنىلا چېدىرنى تاپالمىدىم. ئۇ يەردە ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى، ماڭا يول كۆرسەتكۈچ بولغۇدەك ھېچقانداق بىرەر بەلگىمۇ كۆرۈنمەيتتى.» بۇ چاغدا ئۇ قاراڭغۇ كېچىدە يولدىن ئادىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ يەردە مۇزلاپ ئۆلۈپ قېلىش خەۋپى-نىڭ تامامەن مەۋجۇتلۇقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزىدۇ-دە، ئۆزىنىڭ ئىزىنى قوغلىيالىغۇدەك ئىمكانىيىتى بار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەرھال كەينىگە يېنىپ مېڭىشقا باشلايدۇ. ئۇ تۇساتتىنلا ئۆزىنىڭ چېدىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى خېلىلا يىراق بىر يەردە قۇمنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈ-نۈپ قالغان، بۇندىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى ئۇ ئۆزى بىر قېتىم كۆرگەن قەدىمكى تامنىڭ كونا ئىزىنى تونۇپ قالىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «مەن بۇ كونا تام ئىزىنىڭ ئورنىنى ئېسىمگە كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ئوڭغا بۇرۇلۇپ، مەن بىلىدىغان، ئاساسلىقى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان قىزىل دۆڭلەرنىڭ چوققىلىرىدىن ھاسىل بولغان لىنىيىنى بويلاپ، تاكى مېنىڭ ئادەملىرىمنىڭ مەن چاقىرغان ئاۋازغا جاۋاب قايتۇرغان ئاۋازى ئاڭلانغانغا قەدەر ئاستا-ئاستا ئالغا سىلجىشقا باشلىدىم.» تۇردى ئۆزىنىڭ ئايىپ بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئىنتايىن خاتىرجەمسىزلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىككى ئادەمنى بىر گۇرۇپپا قى-لىپ، ئەترەتتىكى ئادەملەرنى بىر نەچچە گۇرۇپپىغا ئايرىپ، ستەيننى ئىزدەشكە ئەۋەتىدۇ. «بۇ قېتىمقى كىچىككىنە ھادىسىدىن كېيىن، ئۆزۈ-منىڭ چېدىرىمغا قايتىپ كېلەلىگىنىمدە ھەمدە ئىسسىق چاي ئىچەلىگىنىمدە ئۈچۈن مەن ھەسسىلەپ خۇشال بولدۇم.» ستەين كۆڭلىنىڭ ئارام تاپقانلى-قىنى ۋە ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى ناھايىتى ئەدەپلىك قىلىپ شۇنداق دەپ يازىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئۇ ئالدىنقى كېچىسى ئۆزىنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇر-غان ھېلىقى ئىمارەت دۆۋىلىرىنى قېزىشقا باشلايدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن قۇمنى تازىلاپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغان 1 - ئىمارەت كىچىككىنە بىر

بۇتخانىدا بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ يەردە قول يازما ئورنىدىكىلارنىڭ پارچىلىرىنى تېپىۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كىشىنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدىغان، نۇرغۇن تام سىزمىلىرى ۋە رەسىم سىزىلغان تاختايلارنى تېپىۋالىدۇ. ئۇلار 2 - ئىمارەتنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى بىر ئۆيدىن قېزىۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلار قۇرۇق قۇملارنىڭ ئارىسىدىن بىر ئورۇننى كولاپ تاپىدۇ، ئۇنىڭ ئىچى ناھايىتى رەتلىك خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلغان قولىيازمىلارغا لىق تولغان ئىكەن، ئۇنىڭ بىر قىسمى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى نەم ھاۋانىڭ تەسىرىدە سېسىپ كېتىپتۇ. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ شە-ھەرنىڭ سۇ مەنبەئى ئەڭ ئاخىر قۇرۇپ تۈگەشتىن ئىلگىرى، بۇ نەرسى-لەر چوقۇم ئۆينىڭ ئىچىدىكى زەي يەرلەردىن چىققان نەم ھاۋانىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ قالغانلىرى بەختكە يارىشا يەنىلا ناھايىتى ئوبدان ساقلىنىپ قاپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىنى شۇ چاغدىكى ئىككى نەپەر خەنزۇشۇناس ئېدۇۋارد چاۋانىز (Edouard Chavannes) بىلەن سېر روبېرت داۋگلاس (Sir Robert Douglas) خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى پارچىسى خۇسۇسىيلارنىڭ قەرز ئېلىش ھۆججىتى، بىرى پۇل قەرز ئالغان، يەنە بىرى ئاشلىق ئۆتنە ئالغان بولۇپ، يېزىق جەھەتتىن قارىغاندا ئۇنى خۇگو ئىبادەتخانىسىنىڭ چىن يىڭ ئىسىملىك بىر راھىبى يېزىپتىكەن، ئۇنىڭغا يەنە ئۆتنە بەرگۈچى ئادەمنىڭ ۋە بورۇن بولغۇچىنىڭ ئىسمى يېزىلغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئۆيى، مال - مۈلكى ۋە ئات - ئۇلاغلىرىنى گۆرۈ ئورنىدا تۇتۇپ تۇرۇشقىمۇ رازى ئىكەنلىكى ئىمزاھات سۈپىتىدە قوشۇمچە قىلىنغانىكەن. بۇ ئىككى پارچە ھۆججەتكە يېزىلغان يىل نامى ئوخشاش بولۇپ، ھەر ئىككىسىدىلا «782 - يىلى» دەپ يېزىلغانىكەن.

خۇددى ستەيىننىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ جۇڭگوچە ئىسمىدىن («خۇگو» دېگەن سۆز دۆلەتنى قوغداش دېگەن مە-نىدە) ۋە 3 - ھۆججەتتە خاتىرىلەنگەن راھىبنىڭ جۇڭگوچە ئىسىم فاس-

ئەسىدىن قارىغاندا، «بۇ ئىبادەتخانىنىڭ قايسى دۆلەتكە تەۋە ئىكەنلى-
كىنى بىر قارابلا بىلىۋالغىلى بولمىدۇ.» لېكىن ئۇ بۇنىڭغا ئۇلاپلا مۇن-
داق بىر جۈملە سۆزنى قوشۇمچە قىلىپ قويىدۇ: «ئەمما ئۆتنە بەرگۈچى
ۋە بورۇن بولغۇچى كىشىنىڭ ئىسمىدىن قارىغاندا، بۇ ئىبادەتخانىنى
قوللىغۇچى ۋە ئۇنىڭغا مەبلەغ ياردەم قىلغۇچى كىشىلەر ھەرگىزمۇ خەن-
زۇلار ئەمەس. بۇنىسى ناھايىتى ئېنىق.» سىتەيىنگە نىسبەتەن ئېيتقان-
دا بۇ ھۆججەتلەرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭدا بەزىبىر ئۇششاق - چۈششەك
پارچە - پۇرات ئىشلارنىڭ خاتىرىلەنگەنلىكىدە ئىدى. ئۇ مۇنداق دەپ
چۈشەندۈرىدۇ: «خاراكتېرجەھەتتە زادىلا مۇھىم ھېسابلانمايدىغان، ئۆل-
چىمى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىمۇ زور ئەھمىيىتى بولمىغان بۇ ھۆججەتلەرنىڭ
يۇقىرىقى ئىمارەت دۆۋىسى ئەڭ ئاخىرى تاشلىنىپ قېلىشتىن بۇرۇنقى
ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇتلەق مۇم-
كىن ئەمەس.» ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىگە 732 - يىلدىن 788 - يىلى-
چە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن دەندان ئۆ-
يلۈكنىڭ تەخمىنەن VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئاندىن قۇم-
غا كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى مۆلچەرلىۋېلىشقا بولىدۇ.

بىر توپ ھۆججەت تېپىۋالغان ھېلىقى ئۇرەك جايلاشقان ئىمارەت-
نىڭ ئىچىدىن ستەيىن يەنە ناھايىتى چىرايلىق رەسىم سىزىلغان ئۈچ
پارچە تاختاينى تېپىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بىرىگە بىر ئادەم ئاتقا مىنىپ تۇر-
غان، يەنە بىر ئادەم قوش لوكىلىق تۆگىگە مىنىپ تۇرغان بىر كۆرۈنۈش
سىزىلغانىكەن. ئۇ ئۇلىنىڭ ئۈستىدىكى قۇم - توپىلارنى سۈرتىۋەتكەن-
دىن كېيىن، ئۇنىڭ سەنئەت تارىخىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى دەرھاللا
تونۇپ قالىدۇ. دەرۋەقە، ئۇ ئۇزۇندىن بېرى ئىزدەپ يۈرگەن، ئۇنىڭ نە-
زەرىيىسىنىڭ توغرىلىقىنى ئەڭ ئوچۇق ئىسپاتلىيالايدىغان بىر ئىسپات
ئىدى. ئۇنىڭدىكى رەسىم سىزىش ئۇسۇلى ۋە رەسىم قۇرۇلمىسى يالغۇز
يىپەك يولىدىكى سەنئەتكارلارنىڭ 7 - ئەسىردە ناھايىتى يۇقىرى سەۋى-
يىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ھىندىستان،
پېرسىيە ۋە جۇڭگونىڭ تەسىرىنى ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ بىر - بىرى-

گە «ئارىلا شتۇرغان» بۇ خىل سىزىش ئۇسلۇبى غەربىي رايون سەلتەنەت-
نىڭ، قانداق قىلىپ ئاستا - ئاستا شەرققە كۆچۈش داۋامىدا تەدرىجىي
شەكىللىنىپ چىققانلىقىغا دائىر تەتقىقاتنى ئىنتايىن ياخشى رەسىم ئۆل-
گىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ستەين ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن بۇ رەسىمنى تەسۋىرلىگەندە
مۇنداق يازىدۇ: «ئاتقا مىنگەن ياش باتۇرلىك چىرايىدا جۇڭگو - ھىن-
دىستان - ئىككى دۆلەت ئادەملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى،
ئۇنىڭ قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرى باش ئۈستىدە يۆگەكلىك تۇراتتى...
ئۈزەڭگىگە دەسسەپ تۇرغان پۇتىغا كىگەن چەملىك ئۇزۇن قارا ئۆتۈك
كىيگەن بولۇپ، ئۇ جۇڭگو تۈركىستانىدىكى بايلارنىڭ ھازىرمۇ كىيە-
ۋاتقان ئۆتۈكلىرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى... بېلىگە تۆپنۇز ئۇزۇن
پىچاق ئېسىلغان بولۇپ، پىچاقنىڭ شەكلى قارىماققا بۇرۇنقى يىللاردا
شەرقتىكى پارسلار ۋە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكىلەر ئىشلىتىدىغان
پىچاقلارغا بەكمۇ ئوخشايتتى.» ئۇ ئات جابدۇقلىرى ۋە بېزەكلىرى ئۈست-
تىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «مىلادى VIII ئەسىردىكى تۈركىستاندا
ۋە تا ھازىرغىچە كېلىۋاتقان ئات بېزەكلىرى ئىچىدە، بۇ رەسىمدە سىزىل-
غانلىكىدىنمۇ ئارتۇق ئەينەن سىزىلغانلىرىنى تاپقىلى بولمايتتى.»

ستەين دەندان ئۆيلۈكتە تېزغان ئۈچ ھەپتىگە يېقىن ۋاقىت
ئىچىدە جەمئىي 14 پەردىكى ئىمارەت دۆۋىسىنى قېزىپ چىقىدۇ. ئۇ ھەر
پەردىنىڭ ئورنىنىمۇ تەپسىلىي تەكشۈرىدۇ ھەمدە بۇ پەردىكى غايىبانە تۈس
ئالغان گۈلباغلارنى ۋە ئاق تېرەكلىك ئورمان يوللىرىنى كۆزىتىدۇ. بۇ
دەرەخلەرنىڭ قۇرۇپ يېرىلىپ كەتكەن غوللىرى، يېرىسىغا كەلگىچە قۇمغا
كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى، بۇ پەردە قەدىمكى زاماندىكى سۇغىرىش ئېرىقلىرى-
نىڭ ئىزى ھەممىلا پەردە دېگۈدەك ئۇچرايتتىلى بولاتتى، «ئېرىقلارنىڭ
شەكلىمۇ ھازىر جۇڭگودا ئىشلىتىۋاتقان شەكىلگە ئوخشاپ كېتەت-
تى.» ئۇ بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ دەندان ئۆيلۈك ھەرگىزمۇ تۇيۇقسىز
كەلگەن چوڭ بالايىئاپەت تۈپەيلىدىن تاشلىۋېتىلگەن ئەمەس، دەپ
يەكۈن چىقىرىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىپ مۇنداق ئىككى خىل ئىھ-

ئىمالنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ؛ بىرىنچى خىلى، سىياسىي جەھەتتىكى داۋال-
غۇش، تۈپەيلىدىن، ئاممىۋى سۈرگۈنلۈش سىستېمىسى تاشلىنىپ قالغان بو-
لۇشى مۇمكىن — ئەگەر ئۇ بولمىسا، تۇرمۇش كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەستەك،
ئەلۋەتتە. يەنە بىر خىلى، كۆپ يىللاردىن بۇيان سۇ مەنبەئى قۇرۇپ
كەتكەچكە ئاھالىلەرگە بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىشتىن باشقا يول قالمىغان
بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان چاغدا يەنە مۇن-
داق دەيدۇ: ئارخېئولوگىيە جەھەتتە ئېرىشكەن بارلىق دەلىل - ئىسپات-
لاردىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر مەھەل گۈللەپ - ياشنىغان
بۇ ترانسپورت ئەترەتلىرى شەھەرنىڭ قانداقتۇر شۇ يەرلەردە تارقىلىپ
يۈرگەن مەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغىنىدەك، سەدوم (Sodom) شەھىرى
بىلەن گومورا (Comorrah) شەھەرىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش تەقدىر-
گە دۇچ كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن تاشلىنىپ كەتكەن * بولماستىن، بەلكى
پەيدىنپەي زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مىلادى 1901 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ستەيىن مەدىكارلى-
رىنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن،
لىقىرلىق قاچىلانغان ئېسىل گۆھەرلىرىنى ئېلىپ
قىزىلتۇقلاردىن ئۆتۈپ، شەرقتىكى كېرىيە دەرياسىغا قاراپ ماڭدۇ
ۋە ئۇ يەردىن سۇ ئېقىنىغا قارشى ئېكىپ كېرىيە بوستانلىقىغا يېتىپ
بارغاچقا بولدى. ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بېرى تەكلىماكاندىكى دەندان ئۆي-
لۈكتىن كۈتكەن ئۈممىدى ئاخىرى رېئاللىققا ئايلاندى. ئۇ مۇنداق دەپ
يازىدۇ: مەن ئۈچ ھەپتە ئىشلىگەن ھېلىقى جىمجىتلىققا چۆمگەن قۇم
دۆڭلىرى بىلەن خوشلاشقان چېغىمدا، ناھايىتى مۇرەككەپ ھېسسىيات
ئىچىدە قالدىم. بۇ قۇم دۆڭلىرى ساقلاپ قالغان كۆپلىگەن ئاجايىپ
غارايىباتلار ئىچىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى قېزىپ چىقتىم، ئۇلار بۇ جەھەت-
تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ كۆپىنچىلىرىگە جاۋاب بېرەلەيدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەن بۇ ئېگىز - پەس قۇم دۆۋىلىرىدە كۆپ قېتىم

* سەدوم بىلەن گومورا دېگەن ئىككى شەھەر ئىنجىلدا ئېيتىلغان شەھەر
بولۇپ، گۇناھ تولغان جاي دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ھېچكىم جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ھېلىقىدەك بىر خىللا تۇرىدىغان مەنزىرىسىنى ياقتۇرۇپ قالدىم، مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇنقى مەلۇم يىلنىڭ مابەينىدە، دەندان ئۆيلۈك سۈرلۈك جىمجىتلىقتا چۆمگەن ۋە ئۇزۇنغىچە ئىز-دېرىكىنى قىلىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى: مەن كەتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۇزۇن-تىنىمسىز ئۇخلىۋەرگۈسى، ئۇلار دەريا ئېقىنىغا يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، بىر قاتار قۇم تاغلىرىنى بېسىپ ئۆتۈشىگە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 150 ئىنگلىز چىسىغا يېتەتتى، ئەڭ ئاخىرى ئۇلار مۇزلىرى يارقىراپ تۇرغان كېرىيە دەرياسىغا يېتىپ كېلىدۇ ھەمدە ئۇ يەردىن جەنۇبقا قايرىلىپ، بىر قەدەر زامانىۋىلاشقان كېرىيە بوستانلىقىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇ يەردە ستەيىن شۇنىڭغا يېقىن يەردىكى باشقا خارابىلەرنىمۇ بىلىپ باقماقچى بولىدۇ.

ئۆزىنىڭ زېھنى كۈچىنى ۋە ۋاقتىنى ئۆمۈر بويى بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسىگە ئاتا قىلىش كويىدا يۈرگەن ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ستەيىننىڭ قەدىمكى ئاسارە-ئەتىقىلەرنى تەكشۈرگەندە بىر يەرنى كولاپ بولۇپلا تېزدىن باشقا بىر يەرگە يۆتكىلىدىغان بۇنداق ئۇسۇلىنى چۈشىنىش ھەقىقەتەن قىيىنغا توختايتتى، ئەمما ئەستە چىڭ ساقلاشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئۇ ياشاۋاتقان ئاشۇ يىللاردا، ئىلىم-پەن جەھەتتىكى ئارخېئولوگىيە ئىلمى يەنىلا كۆدەك ھالىتىدە تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەنلا قالماي، شەرت-شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولغان مۇشۇنداق بىر رايوندا قېزىش ئېلىپ بېرىشتا، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى بولاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋاقتى ئۇلار ئېلىپ يۈرگەن ئوزۇقلۇقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇراتتى. تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، ستەيىندە گېرمانىيە ئارخېئولوگى شلىمان (Schlimann)غا ئوخشاش غايەت زور شەخسىي بايلىقنى ئۆزىگە ئارقا تېرەك قىلىدىغان ئىمكانىيەت يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ بيۇروكراتلارنىڭ چاڭگىلىدىن ناھايىتى تەسلىكتە چىقىرىۋالغان ئازغىنە پۇلنى ئۆزىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسى ئۈچۈن خىراجەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قايتىپ بارغان ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى يىراق سەپەرنىڭ ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۇنۇمى بولمىغان قۇرۇق

ئاۋارىگەرچىلىك ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ يەنە كېلىپ خىزمەتتىكى ئادەم بولغاچقا بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىغا قايتىپ بېرىشى شەرت ئىدى. شۇڭا ۋاقىت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. پەقەت مەسىلىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېنىق چۈشەندۈرەلىگەن ھەمدە تەكلىماكاندا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك نەرسىلەرنى تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىزھار قىلالىغان چاغدىلا ئاندىن ئۇ كەلگۈسىدىكى ئېكسپېدىتسىيىسىدە قوللاشقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىدىن ئۈمىد كۈتەلەيتتى.

بۇ ساياھەتچىلەر ئەترىتى كېرىيىدە بەش كۈن توختايدۇ، بۇ يەردە ستەيننىڭ ئىتى «داشۇ» شۇ يەردىكى ئىتلارنىڭ رەقىبىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ستەيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ بىزگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بەردى. ئۇ ئىزچىل تۈردە ئۆزىنىڭ مەردانىلىك قىلىقلىرى ۋە پوزىتسىيىسى ئارقىلىق كەنتتىكى چوڭ ئىتلارغا خىرىس قىلاتتى، بىز بولساق ئۇنى چوڭ ئىتلارنىڭ زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ساقلاپ قېلىشقا تىرىشاتتۇق.» ئۇلار يېتىپ كېلىپ ئىككىنچى كۈنى ستەيىن شۇ يەردىكىلەرنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق نىيە (قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئىككىنچى چوڭ بوستانلىق)نىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قۇملۇقتا كۆكۈم - تالقان بولۇپ كەتكەن يەنە بىر شەھەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇنى بىر ياشانغان كىشى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تەخمىنەن ئون يىل بۇرۇن ئۇ يېرىمى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بۇ قەدىمىي خارابىلىكنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتىكەن.

1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ستەيىن نىيىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بازار سىرتىغا چىقىپ ئىككىنچى ئىنگلىز مىلى يول ماڭا - ماڭمايلا بىز شىمالىي تەرەپتىكى چوڭ قۇملۇقنىڭ چېتىدىكى قۇم دۆۋىلىرىگە يېتىپ كەلدۇق» قەدىمكى زاماندىكى بوستانلىقلارنىڭ بىرى بولغان نىيىدە ئۇلار بۇ يەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە تەخمىنەن 70 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەردىكى ئۇزۇن يىللىق قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى تەكشۈرۈشكە بارماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئۇبىرۋۇنىڭ ئۇ يەر

ھەقىقەتەن مۆجىزات دېگەننى تومۇراتتىن ئاڭلاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەترىتى-دىكى بىر ئادەم كەنتتىكى بىر ئادەم بىلەن پاراڭلاشقان چاغدا، ئۇ ئادەم ئۆزى ساقلاپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئۇستىگە خەت ئويۇلغان ئىككى پارچە تاش پۈتۈكنى ئاشۇ قەدىمىي شەھەردىن تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئارقىلىق ئۇ مەڭگۈدىكى خەتنىڭ قاروشتى (Kharoshthi) يېزىقى* بىلەن يېزىلغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى بىر قانچە ئەسىردە ھىندىستاننىڭ ئەڭ غەربىي شىمال قىسمىدا ئىشلىتىلگەن بىر خىل قەدىمكى يېزىقنىڭ يازمىچە نۇسخىسى ئىدى. يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەم بۇ ئىككى نەرسىنى راستىنلا ئۇزاقى يىلى ئۇ يەردە گۆھەر قازغان ۋاقتىدا، ئۆرۈلۈپ كەتكەن بىر ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئىچىدىن تېپىۋالغانلىقىنى، ئۇچاغدا ئۇ مۇنداق تاش پۈتۈكتىن بىر قانچە پارچى-نى تېپىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ بەزىلىرىنى جۈملىدىن ستەيننىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا بەرگەن ئىككى پارچىسىنىمۇ تاشلىۋەتكەنلىكىنى، كېيىن ئۇنىڭ بىر قانچىسىنى يەنە قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، قالغانلىرىنى بالىلارغا ئو-يۇنچۇق قىلىپ بېرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ستەيىن تاشلىۋېتىلگەن بۇ ئىككى پارچە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى يول بويىدىن قايتا ئىزدەپ تې-پىپ كەلگەن ھېلىقى كىشىگە ناھايىتى كۆپ ھەق بېرىدۇ. بۇ نەرسىنى ھەم-مىدىن بۇرۇن تېپىۋالغان ئىبراھىم ئىسىملىك بۇ ئادەم بۇنچىۋالا كۆپ ئىنئامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ھەسرەتلىنىدۇ. ئەمما ستەيىن ئۇنى يول باشلىغۇچى قىلماقچى بولىدۇ ھەمدە ئەگەر ئۇلارنى ئۇ ئىلگىرى ياغاچ تاختىنى تېپىۋالغان جايغا باشلاپ بارالىسا، ئۇنىڭغا ناھايىتى نۇرغۇن مۇكاپات بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ستەيىن يەنە ئۆز ئادەملىرىگە، بۇ ئادەم پىكرىدىن يېنىۋېلىپ، يەنە

---

* قاروشتى يېزىقى (Kharoshthi)؛ شەنزۇتىل سىستېمىسىدىكى ئالىمبا تى-لىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سۈرىيە، پەلەستىن، مېسوپوتامىيە ئەلىمغا ئەدرىجىي ئۆزگىرىپ كەتكەن. شۇ چاغدىن باشلاپ XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا ئىشلىتىلىپ كەلگەن.

ئېلىپ قېچىپ كەتمىسۇن، ئۇلارغا يېقىندىن دىققەت قىلىڭلار، دەپ تاپىلايدۇ. ئۇلارنىڭمۇ بۇ بايلىق كانىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇيەرلىك ئۇلارغا ئېيتىپ بەرمەسلىك ئېھتىماللىقى بار ئىدى. ستەين بۇنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىنتايىن ئۆگۈل بولۇۋاتقان تارىشا پۈتۈكنىڭ قىممىتىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى ... كېيىنچە ئۇ شۇچاغدا ئاشۇ تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى قېزىپ چىقىرىپ ئېلىپ كەتمىگىنىگە ئىنتايىن پۇشايمان قىلغانلىقىنى كۆرۈندۈقتى.»

موز توڭلىغان نىيە دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنلىگە قاراپ بەش كۈن ماڭغاندىن، كېيىن ئاق قار بىلەن قاپلانغان، پارقىراپ كۆزنى چاقنىتىدىغان كۈنلۈن تېغى ئۇلارنىڭ كەينىدىكى ناھايىتى يىراق يەرلەردە قالدى. بۇ ئەتراپتىكە ئالدى بىلەن قارىماققا دەندان ئۆيلۈكتىكى ھېلىقى پىنھان ئىمارەت ۋەيرانىلىرىدىن چوڭ پەرقلەنمەيدىغان يەككە - يېگانە ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ خارابىسى كۆرۈنىدۇ. ستەين بۇ خارابىلىكتە(يەنى ئۇ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان نىيە ئىدى، گەرچە ئۇ ھازىرقى نىيە ئىسىملىك شەھەر بازىرىنىڭ شىمالىدىكى يىراق بىر يەردە بولسىمۇ) ئۇچراتقان ناھايىتى ئېسىل نەقىشلەنگەن تارىشا پۈتۈكلەردىكى بەزىبىر ئالامەتلىكلەرگە قاراپ، ئۇنىڭ ئۆتكەن قېتىم كۆرگەن ھېلىقى خارابىلىكتىكىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا ئاڭقىرىۋالىدۇ. ئۇ تارىشا پۈتۈكنى ئۇچراتقان ھېلىقى ئۆيدىن دەسلەپكى مەزگىلدىكى گاندارا تەسىرلىرىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

بىرىنچى كۈن كەچ بولغان چاغدا، ستەين ئىبراھىمنىڭ ئۇلارنى باشقا يەرگە باشلاپ كەلمىگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇلار بىر ئېغىزلىق ئۆيدىنلا ئۈستىگە خەت نەقىشلەنگەن 85 پارچە تارىشا پۈتۈك تېپىۋالىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا، قۇملارنى تازىلاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، باشقا ئۆيلەردىن تېخىمۇ كۆپ تارىشا پۈتۈكلەرنى تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ناھايىتى ياخشى ساقلانغانىكەن. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ياغاچتىن ياسالغانىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا قەغەز جۇڭگودىن (قەغەز جۇڭگودا مىلادى 105 - يىلى

www.uyghurkitap.com

كېيىن قېزىلغان) تۈركىستانغا تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئىكەن. بۇ تارىشا پۈت-تۈكلەرنىڭ كۆپىنچىلىرى قوزۇق شەكلىدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 15 – 7 ئىنگلىز سۇئىچى كېلىدىكەن، ئۇلار يىپ بىلەن جۈپ قىلىپ بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچى تەرىپىگە قاپقارا سىيا بىلەن قاروشتى يېزىقىدا يېزىلغان خەتلەر، خۇددى هازىرلا يېزىلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قارىماققا هازىرقى زامانىمىزنىڭ كونۇپېرتلىرىغا بەكمۇ ئوخشايتتى، سىرتقى يۈزىگە پەقەت ئاددىغىنە بىر قۇر خەت يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئىسمى، فامىلىسى ۋە ئادرېسى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. يەنە بەزىبىر تارىشا پۈتۈكلەردە بولسا ساپال توپىسى بىلەن پېچەتلەنگەن ئىزلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇنىڭغا ئالاقىدار سىرلارنى كېيىنچە تەتقىق قىلايلى. ستەيىن شۇ كۈنى كەچتە ئۆزىنىڭ چېدىرىدا بۇ خىل سىرلىق ئۈججەتتىن بىر قانچىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، بۇنەرسىلەرنىڭ هىندىستاننىڭ بۇرۇنقى يىللاردىكى پراكرىت (prakrit) تىلىدا يېزىلغان هۆكۈمەت بۇيرۇقى ياكى خەت - ئالاقىلىرى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا يېزىلغىنى قاروشتى يېزىقىنىڭ يازمىچە نۇسخىسى ئىكەن.

ستەيىن ئەمدى دىققەت - ئېتىبارىنى ئۇلار بۇيەرگە يېتىپ كەلگەندە ئەڭ ئاۋۋال ئۇچرىغان ھېلىقى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە قارىتىدۇ. شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە، ئۇنىڭ ئادەم كۈچى جەھەتتە يېقىن ئەترابتىكى كەنتلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن مەدىكارلىرى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىن مەلۇم ساندىكى قەدىمىي يادىكارلىقلارنى جۈملىدىن ئىنتايىن چىرايلىق نەقىشلەنگەن بىر دانە ئورۇندۇقنى كولاپ چىقىرىدۇ. ئۇنى ئەنگلىيە موزېيىدا هازىرمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يەردىن ۋە باشقا ئۆيەلەردىن تېپىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە قەدىمكى زامانىنىڭ بىر دانە تاختا موشۇكى، بىر دانە ئۆتۈك قېلىپى، چىدامىلىق ھاساكىتارنىڭ بىر قىسمى، كېرىلگەن بىر ئوقيا، نەقىشلەنگەن يەنە بىر ئورۇندۇق، ئۇستىمىدىكى گېئومېترىيەلىك شەكىلگە رەڭگى ناھايىتى باب كەلگەن بىر پارچە گىلەم ھەمدە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تۈرگۈن سايمان-جابدۇقلار بار ئىدى. شۇلاشقا

خۇددى دەندان ئۆيلۈكتە تېپىلغان نەرسىلەرگە ئوخشاش، ستەيننىڭ تاپ قىنى ئۆزىنىڭ قىممىتى بار نەرسىلەر ئەمەس بەلكى، تارىخىي قىممىتى بار نەرسىلەر ئىدى. قارىغاندا بۇيەر قالدۇقتۇر تاسادىپىي ئاپەت تۈپەيلىدىن خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن بولماستىن. بەلكى پەيدىنپەي خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىممىتى بار نەرسىلىرىنى يۆتكەپ كېتىشكە يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتالىغانىكەن. روشەنكى شۇ يەرلىك گۆھەر ئوۋلىغۇچىلار بۇنداق ئىمكانىيەتنىڭ بولۇشىنى ھەر- گىزمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بولۇپ، ئۇلار ئىزچىل تۈردە بۇ خارابىلىق ئىچىدىن تۇساتتىن تاشلاپ كېتىلگەن ئالتۇن ياكى باشقا قىممەتلىك بار نەرسىلەرنى ئىزدىلىش كويىدىلا يۈرگەنىدى.

يەككە - يېگانە تۇرغان ھېلىقى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە قېزىش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان چاغدا، ستەين تۇساتتىنلا ئۆزىنىڭ دەل قەدىمكى بىر باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۆيەردە قۇرۇلۇقتىن سەككىز - ئون ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە كۆرۈنۈپ قالغان قۇرۇپ كەتكەن بىر قانچە ئەسىر بولغان ئاق تېرەك غوللىرى، ئوتتۇ رىسىدىكى پىيادىلەر يوللىرى ۋە كىچىك سەھنىلەرنى ھازىرمۇ كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «مەن ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇ بىلەن. ئۆزۈمنى خۇددى ۋاقىت كۆز قارىشىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويغان ھالەتتە. ئىككى تەرىپى بۈك - باراقسانلىققا تولغان يېزا يوللىرىدا كېتىپ بار- غاندەك ھېس قىلاتتىم. بۇ خىل تار يول XVII ئەسىردىن بۇرۇنقى يوللار- دىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى. قۇم قازغۇچىلار قۇمنىڭ ئاستىدىن ئاق تېرەك غوللىرىدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ، جۈملىدىن ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل، ئۈرۈك ۋە ئۈجمە دە- رىخىنىڭ قالدۇق غوللىرىنى قېزىپ چىقىرىشتى. بۇ دەرەخلەرنى ئۇلار ئۆز مەھەللىلىرىدە بار دەرەخلەرگە بىر - بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ تونۇپ چىقىشتى.»

ئۇنىڭ كەينىدىنلا، ستەين ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ئۇلاش چېدىرى- نىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئىككى ئىنگلىز لى كېلىدىغان يەرگە يۆتك-

چېكىدۇ. چۈنكى ئۇ يەردە خارابىلىككە ئايلانغان ئالتىدىن كۆپ ئىمارەت دۆۋىلىرىنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق كېلىدىغان يەر يۈزىگە يۇلمەلاق شەكىلدە چايلاشقانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئۇ قۇم كۆمۈۋەتكەن بىر خارابىلىكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، تارىشا پۈتۈكنىڭ چېچىلىپ ياتقانلىقىنى، تۇلۇق ئۈستىگە تۈزۈلگەن خەتلەرنىڭ ئاپتاپتا رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇ بۇ يەرنى قازىدۇ ھەمدە بىردەمدىلا ئۈستىدە خەنزۇچە خەت بار بىر ياغاچ پارچىسىنى قېزىپ چىقىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قېزىۋاتقىنى قەدىمكى زاماندىكى بىر ئەخلەت دۆۋىسى ئىكەنلىكىنى دەماللا سېزىۋالىدۇ. ستەيىن كېيىنچە مۇنداق يازىدۇ: «توپتوغرا ئۈچ كۈنلۈك قېزىش جەريانىدا مەن سېسىق گاز پۇرىقى بىلەن نەپەسلەندىم. بۇ گاز پۇراقلىرى شۇنچە كۆپ ئەسىرلەر ئۆتكەن بولسىمۇ يەنىلا كىشىنىڭ بۇرنىنى ئېچىشتۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەن يەنە نۇرغۇنلىغان قەدىمكى زامان مىكرو ئورگانىزملىرىنى يۇتۇۋالدىم. تەلىيىمگە يارىشا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىر ئۆلۈك نەرسىلەرگە ئايلىنىپ بولۇپتىكەن.» گەرچە ئاشۇ زەي ئورەككە تاشلانغانلارنىڭ ھەممىسى ساپال پارچىلىرى، ئەسكى لاتىلار، شال پالىقى، خۇرۇم پارچىلىرى ۋە باشقا پۇرىقى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئانچە بەك ئېلىشتۇرمايدىغان بەزىبىر كېرەكسىز نەرسىلەر بولسىمۇ ئەمما ئۇ يەنىلا ئۈستىدە خەت بار تارىشا پۈتۈكلەرنى ئارقا - ئارقىدىن تېپىۋالىدۇ.

ستەيىن بارماقلىرىنىڭ سوغۇقتىن ئۈيۈشۈپ قېلىۋاتقىنىغا ۋە سوغۇق شامال ئۈچرىتىپ كېلىۋاتقان سېسىقچىلىققا قارىماي ھەر بىر قاتلام قۇم تۈپىدىن قېزىپ چىقىرىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ تەپسىلىي خاتىرىلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ سانى ئالاھەزەل 200 پارچىغا يېتىدۇ. گەرچە بۇ كىشىنى تولىمۇ بىزار قىلىدىغان بىر خىزمەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنىڭ يىلنامە جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىش مەقسىتىدە ئۆلىمەكتىكى يېزىقنىڭ مەزمۇنىنى تەرجىمە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. ئۇ تارىشا پۈتۈكلەردىن باشقا يەنە ئىككى يەردىن پۈكلەن-

گەن خۇرۇم ئۈستىگە يېزىلغان خاروشتى يېزىقىدىكى بىر ھۆججەتنى
تېپىۋالدى. ئۇ بۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان شەكىلدىكى ئالاقىلەر ئىكەنلى-
كىنى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىسىدە چېسلانىڭ ئېنىق يېزىلغانلىقىنى
ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈۋالدى، ئەمما كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى،
ئۇلارغا پەقەت ئاي بىلەن كۈنلا يېزىلغان بولۇپ، يىلنامىسى يېزىلمى-
غانىكەن.

يەنە مەلۇم ساندىكى تارىشا پۈتۈكلەرگە خۇددى ئۇنىڭ بىرىنچى
كۈنى تېپىۋالغانلىرىغا ئوخشاش، ساپال توپىسىدىن پېچەت سىلىنغانىكەن.
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچىسىنى پاكىز تازىلاپ چىققاندىن كېيىن، ستەين
ئۇلارغا دەل گرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئەقىل - پاراسەت ئىلاھى ئاسىنە-
نىڭ باش ئىلاھ زېۋسنىڭ قالقىنىنى تۇتقان ھالدا چېقىلىۋاتقان چاق-
ماقنىڭ ئارىسىدا تۇرغان ئوبرازى سىزىلغانلىقىنى ناھايىتى ھەيرانلىق
بىلەن تونۇۋالدى. باشقا پېچەتلەردىمۇ ئوخشاشلا گرېك ئەپسانىلىرىدىكى
ئىلاھلارنىڭ، جۈملىدىن بىرى ئۆرە تۇرغان، بىرى ئولتۇرغان ھالەتتىكى
ئاشىق ئىلاھى ئېروس بىلەن كۈچ ئىلاھى خېراكىلىسنىڭ ۋە ئەقىل - پا-
راسەت ئىلاھى ئاسىنەنىڭ ئوبرازى سىزىلغانىكەن. يەنە بەزىلىرىگە
ياۋايى ئادەملەر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ باش سۆ-
رىتى سىزىلغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى كلاسسىك ئۇسلۇب بويىچە
سىزىلغانىكەن. بۇ يەردە تېپىلغان ئەڭ كۈچلۈك ئىسپات، غەربنىڭ رەسىم
سىزىش ئۇسۇلى قانداق قىلىپ يىپەك يولىنى بويلاپ شەرققە قاراپ تە-
رەققىي قىلىپ تاكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يىراق بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە
ئىچكىرىلەپ كىرگەنلىكىگە دائىر ماددىي بۇيۇملار ئىدى. مەسىلەن،
شەرق سەنئىتى بىلەن غەرب سەنئىتىنىڭ بىرلىشىشىنىڭ سىمۋولى بولا-
لايدىغاندەك، بىر دانە ياغاچ «كونۋېرت»نىڭ ئۈستىگە ئىككى پېچەت
سىلىنىپتۇ، ئۇنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى خەنزۇچە يېزىقتىن قارىغاندا، بۇ
يەرنىڭ شەرقىدىكى ناھايىتى يىراق بىر يەر — لوپ رايونىنى باشقۇرۇش-
قا مەسئۇل بولغان جۇڭگونىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارىغا تەئەللۇق ئىكەن؛
ئادەم بېشى سىزىلغان يەنە بىرى غەربنىڭ كلاسسىك شەكىللىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىپ سۈرەتلەنگەنلىكىنى قوشۇپ كۆرۈۋالغىلى بولىدىكەن.

ئىلىم ئەھلىلىرى تا ھازىرغىچىلىك تەتقىق قىلىۋاتقان، قوشنا كۆمۈلۈپ كەتكەن بۇ بىر تۈركۈم مەزمۇنى مول ھۆججەتلەر يەرلىك ئەمەلدارلارغا ۋە ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىملارغا ئەۋەتىلگەن دوكىلات ۋە بۇيرۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە شىكايەتنامە، چاقىرىق قەغىزى، قانۇنغا بويسۇنۇش ياكى قولغا ئېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق، ئالۋاڭغا بارىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكى، ھېسابات دەپتىرى ھەمدە ئۆلۈپ تۈگىگەنلىكىگە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بۇ جەمئىيەتكە ئالاقىدار كۈندىلىك ئىشلار قاتارلىق مەزمۇنلار بار. ستەيىننىڭ مۆلچەرىچە، مۇشۇ ھۆججەتلەردە ئىشلىتىلگەن تىللار قاروشتى يېزىقىنىڭ يازمىچە نۇسخىسى بىلەن يېزىلغان بۇرۇنقى يىللاردىكى پراكرىت تىلى بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئالاقىدار بولغان بۇرۇنقى مەزگىللىدىكى بۇنداق ھۆججەتلەر ھىندىستاندا تا ھازىرغىچىلىك تېپىلغان ئەمەس، ئۇلار تاپقان قېزىلمىلار شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدە ئېيتىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىزاڭنىڭ مۇقەددەس كىتابىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان مۇشۇ يەرگە مۇناسىۋەتلىك گەپ - سۆزلەرنىڭ يەنى خوتەن رايونى خىرىستىئان دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى تەخمىنەن ئىككى ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە تاشىلا (Taxila) ھازىرقى پاكىستاننىڭ تەۋەلىكىدىن كىرگەن ھىندىلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، دېگەن سۆزنىڭ راستلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسپاتلايدۇ. ئۇلار تېپىۋالغان نۇرغۇن پۇللار كېيىنكى خەن سۇلالىسى — مىلادى 220 - يىلى گۇمران بولغان — دەۋرىدە قويۇلغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار يەنە چېسلاسى ئېنىق قىلىپ يېزىلغان مىلادى 269 - يىلىغا توغرا كېلىدىغان بىر پارچە ھۆججەتنى تېپىۋالدى. ئۇ دەل جىگۇۋدى «غەربىي رايون»غا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋر ئىدى. ستەيىن يۇقىرىقىلاردىن بۇ يەر مۇشۇ دەۋردىن كېيىن ئۇزۇنغا قالمايلا خانىۋەيران بولغانىكەن، دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە غايەت زور پاراكەندىچىلىك جۇڭگونىڭ ھوقۇقىنى بۇ جايلاردىن كەينىگە چېكىنىشكە

مەجبۇر قىلغان، مادا بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ يەرلىك ئەڭ ئاخىرىدا تاشلى-
نىپ قېلىشىنى ئاشۇ پاراكەندىچىلىك بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك
ھالدا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە سەۋەبچى بولغان.

گەرچە بۇ يەردە ئۆزىنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرەلمەيدىغان
يەنە نۇرغۇن ئىمارەت دۆۋىلىرى بولسىمۇ، ستەيىن ۋە ئۇنىڭ ھەمكارلى-
رى تەكلىماكاننىڭ زىمىستان سوغۇقلىرىدا ئۇدا 16 كۈن قېزىش ئىشى
بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، ھېرىپ - چارچاپ ھالىدىن كېتىپ قالغا-
نىدى. شۇڭا، قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان. تېخى تېپىلمىغان
ئىمارەت دۆۋىلىرىنى ئىزدەپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى
ھېچ نەرسە تاپالماي، قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدۇ. ستەيىنمۇ بۇنىڭدىن
قىلچىلىك ھەيران قالمايدۇ. «چۈنكى ئۇلارنىڭ مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ
تۇرغان ئاساسلىرى»نى ئۇ بەش قولدەك چۈشىنىپ تۇراتتى. ئەمما ئ
بوران قۇم پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ
يەنە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان پەيتنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس
قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ نىيىدە يېپەك يولىدىكى تېخىمۇ يىراق بىر يەردە يەنە
بىر خارابىلىكنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا بۇ سىنا-
گۆھەرلەرنى ئېلىپ مەملىكىتىگە قايتىشتىن ئىلگىرى، ئۇ يەرنىمۇ ئىز-
دەپ باقماقچى بولىدۇ.

2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۇ نىيە خارابىلىكىدىن ئايرىلىپ، قۇملۇق-
لاردىن ئۆتۈپ، شەرق تەرەپتىكى ئاندىر دەرياسىغا قاراپ يول ئالىدۇ.
بۇ قار - مۇزلارنى مەنبە قىلغان، قۇرۇق تەكلىماكانغا قويۇلىدىغان يەنە
بىر ئېقىن ئىدى. ئۇلار بارماقچى بولغان بۇ جاي، ئاڭلاشلارغا قارىغان-
دا مۇشۇ دەريانىڭ ناھايىتى يىراق يەردىكى بويىدا ئىكەن. بىر ھەپتى-
دىن كېيىن، ئۇ مۇز تۇتقان بۇ ئېقىننى كېسىپ ئۆتىدۇ - دە، ستەيىننىڭ
كۆز ئالدىدا ئۇ ئىنتايىن تونۇش بولغان — رەتلىك تىزىلغان قەدىمى
ياغاچ تۈۋرۈكلەر، قۇملۇقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان — بىر مەنزىرە پەيدا
بولىدۇ. ئۇلار بۇ يەككە - يېگانە قاقاس - چۆلدە باياشات بىر جەمئىيەتنىڭ
بىر مەھەل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا

خەندى. ئۇلاردىن باشقا، خارابىلاشقان ئىمارەت دۆۋىلىرىنى ئېگىزلىكى تەخمىنەن 77 ئىنگلىز چىسى. ئاستىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 30 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان غايەت چوڭ بىر كېسەك تام ئوراپ تۇراتتى. ئۇ تامنىڭ ئەڭ ئۈستىدە خىشتىن ياسالغان توسما تاملار نەق كۆتۈرۈپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تامنىڭ ئېگىزلىكىگە يەنە بەش ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان ئېگىزلىك قوشۇلغانىدى. بۇلۇڭ مۇداپىئە ئۈچۈن ياسالغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئۇنداقتا، كىمدىن مۇداپىئە كۆرمەكچى؟ ستەيىن دەل مۇشۇ مەسىلىنى ئويلىنىۋاتقان چېغىدا، ئۇلارنىڭ قېزىش ئىشچىلىرى تەخمىنەن 120 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى نىيەدىن يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار بۇ قېتىممۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش، ئىنچىكە ھېسابلاش ئارقىلىق كۆڭلىگە پۈككەن ھەقىقىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ستەيىنمۇ دەرھال خىزمەتكە ئاتلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. شۇندىن كېيىنكى يەتتە كۈن ئىچىدە ئۇلار قېزىش ئىشى بىلەن جىددىي مەشغۇل بولىدۇ. تاڭ سەھەردىن باشلاپ كەچ كىرگىچە شۇنداقلا جىددىي ياققان ئوتنىڭ يورۇقىدىن پايدىلىنىپ تا تۈن كېچىگىچە ئىشلەيدۇ.

ئۇلار بۇ قەدىمكى توسما تامنىڭ ئىچىگە جايلاشقان بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ قالدۇقلىرىنى قېزىپ چىقىرىشقا ئىككى كۈنگە يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ. ستەيىن بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان، چوڭلۇقى ھايات ئادەمنىڭكىدەك كېلىدىغان كۇلرەڭ ھەيكەل پارچىلىرى ئۈستىدىكى يېزىقنىڭ كېيىن كەلگەن ئىلىم ئەھلىلىرى ئېتىراپ قىلغان، كىشىلەر بىلمىدىغان شىزاڭ يېزىقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى نۇسخىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. كېيىنچە لوندوندا تەپسىلىي تەتقىقلاپ كۆرۈش ئارقىلىق، چەدىلىق سېرىق قەغەزگە يېزىلغان بۇ يېزىقنىڭ بۇددا دىنىنىڭ ئايەتلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇ يەنە قوشنا تاملاردا ئوخشاشلا يەنە زاكىرۇ يېزىقى بىلەن سەت يېزىلغان خەتلەرنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى ناھايىتى پەم بىلەن ۋەسىكە تارتىۋالىدۇ.

خەنزۇچە خەت ئويۇلغان يەنە بىر ھۆججەت كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭدا 719 - يىلى بىر خەنزۇ ئەمەلدارنىڭ بۇ يەردىكى زە-

بارتى خاتىرىلەنگەنىكەن. ئەمما ئۇنىڭدىن ٧٥ يىل كېيىنكى زامانى
شۇەنزاڭ بۇ يەردىكى نون كۆللۈك پەنپادە ستىپىرىسىدا. ئاسمۇزا چار
بەرلى ئۇيىراتمىغانلىقىنى دوكلات قىلغانىدى. شۇەنزاڭ ستەين ھازىر
قېزىش ئېلىپ بېرىۋاتقان يەرلى (ھازىرقى گاندىرلى) كەرىپلەپ كېلىچە
بۇ يەردە خارابىلىككە ئايلانغان بىر كەنت بار دېگەنىدى. ستەين بۇ
جەرلى ئىنقىلاش ئۇچرىدى، بىز خارابىلىكنى كېيىنچە زىيارەت قىلدۇق.
ئۇنىڭ قەدىمكى زامانىدىكى بىر ئەخلەت دۆۋىسى ئىچىدىن تېپىۋالغان
دەلىل-ئىسپاتلىرى بىر قانچە ئەسىر خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن ئاتا-
دىرنىڭ شۇەنزاڭ كەتكەندىن كېيىن يەنە خەنزۇلار تەرىپىدىن بېسىۋې-
لىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ يەرنىڭ تۆت ئەتراپىنى توسما تام
بىلەن قورشاپ قويۇشنىڭ مەقسىتى، روشەنكى ئۇرۇشخۇمار زاڭزۇلۇقلار-
نى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى. توسما تام ئىچىدە
تېپىلغان زاڭزۇلارنىڭ ئاشۇ قوپال يېزىقلىرى جۇڭگو تارىخىدا
ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياۋۇز زاڭزۇلار خەنزۇلارنى ئاخىر بۇ يەردە
قوغلىۋەتتى، دەپ خاتىرىلەنگەن ۋەقەنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ستەين ئۆزىنىڭ يىپەك يولىدا قىلغان تۇنجى سەپىرىنىڭ ئەڭ
شەرق تەرەپتىكى نۇقتىسى ئاندىرغا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزى
تېپىۋالغان ۋە ئۆگىنىۋالغان نەرسىلەردىن ھەددىدىن ئارتۇق قانائەت-
لىنىدۇ-دە، ئەمدى دۆلىتىگە قاراپ يول ئالىدىغان پەيتنىڭ يېتىپ
كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ھەرگىز ئالدىراپ كەتمەيدۇ، ئۇ
ئەسلىدە زىيارەت قىلماقچى بولغان بىر قانچە يەردىكى خارابىلىكلەرنى
دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە زىيارەت قىلىپ ئۆتمەكچى بولىدۇ. كېرىيىگە
كەلگەندە، ئۇ ستەين قۇملۇقتىكى شەھەرلەرنى زىيارەت قىلىپ ئالغا-
قانداقتۇر بىر نەرسىلەرنى تېپىۋاپتۇدەك، «ستەين تۆگىلەرگە لىقمۇ-
لىق قاچىلانغان ئالتۇن ۋە باشقا قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ دۆلىتى-
گە كېتىۋاتقۇدەك» دېگەندەك پىتنە-ئىغۋالارنىڭ بوستانلىقلار ئارا
يامراپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ستەين بەختىگە يارىشا شۇ يەردە
تۇرۇشلۇق جۇڭگونىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىنى ئۆزىنىڭ دېگەنلىرى

ئىچىدە تەۋسىكى زاۋالدىكى قاروشتى يېزىقىدا يېزىلغان بەزىبىر ھۆججەتلەردىن باشقا نەرسىنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەندۈرەلەيدۇ.

ئۆزىنىڭ يەنە بىر نىشانى قارادۆڭ ئىسىملىك گۈمران بولغان بىر شەھەر ئىدى. بۇ شەھەر تەكلىماكاندا يىراق بىر يەردىكى كىرىيە دەرياسىنىڭ ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، ستەيىن بۇ يەرنى سۈيىن ھېدىن يازغان «ئاسىياغا ساياھەت» دېگەن كىتابىنى تېپىپ بۇرۇنلا بىلىۋالغانىدى. ئۇلار يول ئۈستىدە بىر مەھەل جاپالىق سەپەرنى باشتىن كەچۈرۈپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا قۇم بارخانلىرى ئۇلارنى بوزەك قىلىشقا باشلىغانىدى. يولنىڭ ئەمەللا يېرىدە قۇملار ئۆرلەپ، توپىلار تۇزۇپ تۇراتتى. كۆز ئاسراش ئەينىكى تاقىۋالغان ئادەممۇ ئۇ ھېچنەرسىگە دال بولالمايتتى. ھاۋا تۇتۇلۇپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، يولنى كۆرگىلى بولمايدىغان مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدىمۇ ستەيىن بىر تەرەپتىن بىر ئامال قىلىپ ئۆرىسىنى بوران - قۇمدىن دالدىغا ئالا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ يەرلىك يول باشلىغۇچىلارنى خارابىلىكنى ئىزدەشكە ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر يول باشلىغۇچى قەدىمكى ساپال قاچىنىڭ بىر پارچىسىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كېلىدۇ ۋە ھېلىقى خارابىلىك بۇ يەرنىڭ غەرب تەرىپىدە ئۈچ ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەردە ئىكەن، دەيدۇ. قارادۆڭ ئىسىملىك بۇ جاي ئۇلارنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. چۈنكى ستەيىن ۋە ئۇنىڭ مەدىكارلىرى گەرچە بۇ يەرنى ئۇدا ئىككى كۈن قازغان بولسىمۇ، لېكىن ئاز مىقداردىكى چىرىپ كەتكەن بۇغداي، گۈرۈچ، ئارپا ۋە كونۇپىرت يەملەشكە بولىدىغان شۇ يەرنىڭ شىلىمىدىن باشقا. قىممىتى بار نەرسىدىن بىرىنىمۇ تاپالمايدۇ. ئۇ بۇنداق مەغلۇبىيەتكە ئانچە كۆپ ئۇچراپ باقمىغانىدى. بۇ يەردىكى ئىمارەت دۆۋىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇھاپىزەت خاراكتېرىدىكى قۇملارغا كۆمۈلۈپ قېلىشتىن خېلىلا بۇرۇن، بۇ «چىرىتىش كۈچى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كۈچ تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىلگەنىكەن.

ستەيىن ئۆزىنىڭ يېپەك يولىدا بىرىنچى قېتىم قىلغان يىراق سە-

بىرىنى ئايان قىلىپ بارغان مەزمۇنى كۆرۈلگەن خوتەن خارابىلىكىدە دې-
گەن كىتابىدا، ئەگەر قارادۆڭنى بىر قەدىمىي شەھەر دېيىش تەرىپلەشكە
توغرا كەلسە، دېمەك ئۇ ئارخېئولوگلارنىڭ نەزەرىدىكى قەدىمىي شەھەر بول-
ماستىن، يەنى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىلا قەدىمىي شەھەر بولۇپ قال-
غۇدەك» دەپ يازىدۇ. بۇ سۆزلەر سۋېن ھېدىن ئاڭلىسا ئۇنىڭغا خۇددى ئۆز-
نى شۇنچىكى ئازاق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن. چۈنكى ستەيىننىڭ
قىلچىلىك ئەھمىيەت چىقمايدىغان ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىنى بىئارام قىلىدى-
غان ئۇ بىر بۇلاق بولمىغان بىسىپ قارادۆڭگە كېلىشىگە سۋېن ھېدىن سە-
ۋەبچى بولغانىدى. ئەمما ستەيىن سۋېن ھېدىنغا قانداق رەھمەت ئېيتىش
ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان چېغىدا (دەندان ئۆيلۈكتىكى ۋاقتىدىلا بۇ ھەق-
تە ئويلىنىشقا باشلىغان) ئۆزىنىڭ بايانىدىكى سۆزىنىڭ سەل-پەل قات-
تىق كېتىپ قالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويغانلىقىنى
ھېس قىلىپ قالدى-دە، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى ناھايىتى تېزلا بېسىلىدۇ.
چۈنكى بۇ يەردىكى زىياننى كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ تۇرۇۋات-
قان كېيىنكى بىر خارابىلىك — راۋاق (Rawak) تىن تولدۇرۇۋالغىلى
بولاتتى.

ئۇلار قارادۆڭدىن ماگاي دەپ تۇرغان چاغدا، خەت توشۇغۇچى
ماكارتنىينىڭ خېتىنى ئېلىپ كېلىدۇ. خەتتە ئايال پادىشاھ كورولىۋاۋى-
كتورىيەنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئۇنىڭغا قىسقىچە ئۇقتۇرۇش قىلىنغا-
نىدى. گەرچە ئۇ تېخى ئەنگلىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە رەسمىي ئۆتمىگەن
بولسىمۇ، ئۇ ھازىر ئىمپېرىيىنىڭ ئادىقى قوللىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇ
ئايال پادىشاھ كورولىۋاۋىكتورىيەنى «بىزنىڭ ئايال پادىشاھ ئالىيلىرى...
دېگىنىمىز سىرتىغا قاراپ كېتىۋېتىشنى باشلىۋەتكەندىن كېيىن، ئەنگلاندىيىنىڭ
ئەڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى» دەپ تەرىپلەيدۇ. ستەيىن سۆزىنى داۋ-
ۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى ئۆزۈمنىڭ ھې-
لىقى ئىككى نەپەر ھىندىستانلىق ھەمراھىمغا ئېيتىپ بەرسەم ئۇلارمۇ ما-
ڭا ئوخشاش، ئايال پادىشاھىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن چىن دىلىدىن ئەپسۇس
بىلدۈردى».

جوتەننىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا جايلاشقان «راۋاق» دېگەن گۈمبەزنىڭ مەنىسى «بىنا» دېگەننى بىلدۈرەتتى. ئەمما ئۇنىڭ يول باشلىغۇچىسى يىپرىس قۇمنىڭ ئاستىدا قالغان بۇ يەرلى «بىر كونا ئۆي» دەپلا ئاتاۋېرىدۇ. لېكىن ستەيىن ئۇنىڭ قۇم دۆۋىلىرى ئۈستىگە يەككە - يېگانە تىكلەنگەن غايەت زور ھىندى مۇنارى ئىكەنلىكىنى بىرقاراپلا بىلىۋالىدۇ. بۇ ستايىن ھازىرغىچىلىك ئۇچرىتىپ كەلگەن ئەڭ ھەيۋەت ياسالغان سىر ئىمارەت بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى تەخمىنەن 25 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتىكى قۇمغا چۆكۈپ كەتكەنىدى، ئەمما ئۇنىڭ قالغان قىسمى يەر ئۈستىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ يەردە شۇ يەرلىك ئالتۇن - كۈمۈش قازىدىغان كۆھەر ئىۋچىلىرى تاشلاپ كەتكەن، كولىرەڭ ھەل بېرىلگەن تاھايىتى يوغان بۇددا بۇتلىرىنىڭ باشلىرىنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى. ستەيىن بۇلارلى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالىدۇ. ئۇ بۇ يەرنىڭ تا ايەتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر خارابىلىك ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ يېش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ يەرگە ئەڭ يېقىن بىر يېزىغا بېرىپ (تەخمىنەن بىر كۈنلۈك يول) ئەمگەك ئىشچىلىرىنى تېزدىن باشلاپ كېلىشكە دەرھال ئادەم ئەۋەتىدۇ.

ئۇدا توققۇز كۈن قېزىش داۋامىدا، ستەيىن ۋە ئۇنىڭ مەدىكارلىرى قاتار - قاتار تۇرغان غايەت زور بۇددا ۋە بودساتۋا ھەيكەللىرىنى تاپىدۇ. ئۇلار قۇم دۆۋىلىرى ئىچىدىن مۇشۇنداق ھەيكەللەردىن 91 نى قېزىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە نۇرغۇنلىغان كىچىكرەك نەۋكەرلەر ھەيكەللىنى ھەمدە كىچىك تېپتىكى بەزىبىر تام سۈرەتلىرىنىمۇ قېزىپ چىقىدۇ. ستەيىننى ئەپسۇسلاندۇرغان نەرسە شۇكى، تىرىك ئادەمدىنمۇ ناھايەتى چوڭ كەلگەن بۇ ھەيكەللەرنى ئۇنىڭ ھەجمى ۋە شەرت - شارائىت تۈپەيلىدىن يۆتكەپ كەتكىلى بولمايتتى. بۇ يەردە ئالاھىدە قىلىپ ياسالغان ساندۇقنى تاپالمىغان تەقدىردىمۇ شۇنچە يوغان ھەم نەپىس ياسالغان بۇ ھەيكەللەرنى يول بويى بىخەتەر ھالدا ھىندىستانغا ياكى ياۋروپاغا ئېلىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى تەركىنەردىكى گاندارا مەدەنىيىتى بىلەن ئىسـ

تايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ستەيىن پەقەت ئۇلارنى رەسىمگە تارتىش ۋە ئۇلارنىڭ توپتوغرا ئورنىنى خاتىرىلىۋېلىش بىلەنلا قانائەتلىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ستەيىن ھەيكەلنىڭ تۆت ئەتراپىدىن مىڭ تەسلىكتە كولىۋالغان قۇملارنى ناھايىتى ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق بوزدەتسىيە بىلەن ئۆز ئورنىغا تولدۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان مۇنداق ۋەزىيەتنى ئورۇنداش بىر قېتىملىق ھەقىقىي دەپنە مۇراسىمىنى ئېسىمگە سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ قېتىمقى قايتا كۆمۈش خىزمىتى داۋامىدا مەن ئۆزۈم قېزىپ چىقارغان بۇ ھەيكەللەرنىڭ بىر قانچە ئەسىرلەردىن بېرى ئۇلارنى دەپنە قىلىپ تۇرۇۋاتقان قۇم كۆۋەنسىدىلەرنىڭ ئىچىگە يەنە يېڭىباشتىن بىر - بىرلەپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇشقا چىدىيالمايلا قالدىم». ئۇلىمائىنتايىن قاقاس بىر رايوندا تەخمىنەن 1500 يىلدىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان، كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان بۇ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ستەيىن كۆتەلەرنىڭ بىرسىدە، خوتەندە ئۆزىنىڭ بىر مۇزېيى بولۇشنى ھەمدە بۇ ھەيكەللەرنى ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى ئاستىدا توپلاش - ساقلاشنى ئۈمىد قىلغانىدى. بىراق بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ بۇ يەرگە قايتا كەلگەن چېغىدا، ئۇنى ئىنتايىن چوڭ ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈرۈپ قويغان نەرسە شۇكى، جۇڭگونىڭ بىر قەبرە ئوغرىلاش گۇرۇھى بۇ ھىندى مۇنارىنى زىيارەت قىلغان ھەمدە ئۇ يەردىكى ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسىنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتكەنىكەن. چۈنكى ئۇلار ھەيكەللەرنىڭ ئىچىگە ئېسىل گۆھەرلەر يوشۇرۇپ قويۇلغان بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىپتىكەن.

ستەيىن جۇڭگو تۈركىستانىغا قىلغان بىرىنچى قېتىملىق سەپىرىدە ئاخىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. گەرچە تېخى 4- ئاي بولسىمۇ، قۇملۇقتىكى قىزىق ئىسسىق ئۇ يەردە داۋاملىق ئىشلەشكە يول قويمايتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ تۆگىلىرى ۋە تۇلپارلىرىغا ئارتىلغان سەنئەت بۇيۇملى-

ۋەتىنى ۋە تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرى ئېلىپ ۋولگاغا قاراپ يولغا چىقىشتىن
ئىلگىرى، ئۆلۈك يەنە بىر ھۆرمەتنى ئورۇندىشى زۆرۈر ئىدى. بۇ ھەرىكەت-
نىڭ نەتىجىسى، شەرقشۇناسلار ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پاتىپاراقچىلىقنى
كەلتۈرۈپ چىقاردى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئادەم ئىنتايىن
خىجىللىقچىلىقتا قالدى. سىنەيىن قەۋملىرىنىڭ ئۆتىنىك قىرىشۋانقانلىقىغا ۋە
كىشىنى ئۈنىۋۇقتۇرۇپ قويىدىغان قوم بارخانلىرىغا پەسەنت قىلماي، جە-
نۇپقا بۇرۇلۇپ خوتەنگە يول ئالدى.

يەتتىنچى باب

ساختا قول يازمىنىڭ ئاشكارىلىنىشى

سەبىر قىسسەتىلىك گۆھەرلەرنى ئېلىپ نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراق-
لىقتىكى لوندونغا قايتىشتىن ئىلگىرى، ئىسلام ئاخۇننى ئۈزۈل - كېسىل
پاش قىلىۋېتىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ بۇ خوتەنلىك گۆھەر ئۇۋچىسىغا
«ئالدامچى» دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ قويۇشقا يەتكۈدەك دەلىل - ئىس-
پاتلارنى قولغا چۈشۈرگەنىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئېزىش جەريانىدا
ئىسلام ئاخۇننىڭكىدەك ھېلىقى «ناتونۇش يېزىق» بىلەن يېزىلغان نەر-
سىلەرنى پەقەت ئۇچراتمىغانىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ «تە-
دىمى كىتاب»لىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇنىڭ
ئالدامچى ئىكەنلىكىنى تېخى شەك كەلتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە
ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولمايتتى. بۇ يەردە بۇ مە-
سىلىنى پەقەت مۇنداق بىرلا ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلغىلى بولاتتى. يەنى
ستەين خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك. «ئىجادىيەت جەھەتتە ياۋروپا
ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىنتايىن زور دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان» بۇ
ئادەمنى ئۆزى بىۋاسىتە سوراق قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن
دوستانە ۋە بىلىملىك كەلگەن جۇڭگونىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق ئىش بې-
جىرگۈچى ئامبىلى پەن دارىننىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. «ئىس-
لام ئاخۇن جىنايى جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر ئامال قىلىپ
قېچىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن» بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ۋاقىت
ناھايىتى قىس بولغانلىقتىن، مەن بۇ ھەقتە تېز ۋە ئېھتىياتچانلىق بى-
لەن ھەرىكەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بۇ بىلىملىك ئەمەلدارنىڭ سەمىگە
سېلىپ قويۇشقا دىققەت قىلدىم.»

مىلادى 1907 - يىلى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاڭ سەھەردە، ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ئەۋەتكەن ئادەملەر يېقىن بىر مەھەللىدە تېۋىپلىق قىلىشقا تايىنىپ جان بېقىۋاتقان ئىسلام ئاخۇننى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا قولغا ئېلىنغان، بولۇپمۇ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇ ئالدىدا ماڭىدۇ، ستەيىن ئۇنىڭ تۇرغان جايىدىن ھەممىدە خوتەندىكى ئۆيىدىن تېپىلغان بىر باغلام رەڭگىلىك قەغەزلەرنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ. ستەيىن رەڭگى سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۆڭدۈرۈۋېتىلگەن بۇ قەغەزلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھازىر ئۆزىگە ناھايىتى تونۇشلۇق بولۇپ قالغان ھېلىقى ناتونۇش يېزىقلارنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئىز خىيالى بىزۇنلا پەملىگەنىدى. دەلىل-ئىسپاتلار ئېنىق تۇرسىمۇ، ئىسلام ئاخۇن يەنىلا مېنىڭدە ھېچقانداق گۇناھ يوق دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ستەيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھەدېسىلا كېيىندىن يېڭىۋالىدىغان بۇنداق ئادەمنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى. تۈپتۈغرا ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەن بۇ يەردىكى كەيپىياتنىڭ ھىندىستان سوت مەھكىمىلىرىدىكىگە تولىمۇ ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.» ئىسلام ئاخۇن ئۆزىنى مۇنداق ئاقلايدۇ: مەن بۇ قول يازمىلارنى پەقەت ماكارتنىيغا ۋە قەشقەردىكى بىر قانچە ئادەمگىلا ساتتىم. چۈنكى خوتەندىكى بەزى كىشىلەر بۇنى سېتىپ بېرىشنى ماڭا ھاۋالە قىلغان، شۇداملا ئۇلار بۇنى قۇملۇقتىن تېپىۋالدۇق دېگەن. بۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈپ كەتتى، بەزىلىرى قېچىپ كەتتى؛ ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى راست بولۇشىمۇ مۇمكىن، يالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەن ياۋروپالىقلارنىڭ بۇلاداق كىتابلارنى قولغا چۈشۈرۈشكە شۇنچىۋالا تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا كۆپرەك تېپىپ كېلىڭلار دېدىم. «ھازىر بۇ ئالدامچىلىقنىڭ جاۋابكارلىقىنىڭ ئۆزىگىلا ئارتىلىپ قېلىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى بۇزۇلماقتا — ئەگەر ئۇ راستىنلا ئالدامچىلىق بولسا.» دەپ تولۇقلايدۇ ستەيىن.

ئىسلام ئاخۇن ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىدا مۇھەممەت ئېلى بىلەن مۇھەممەت چوكىنىڭ جاۋابكارلىقى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەكەنگە ۋە ئاقسۇغا قېچىپ كەت-

ئەمەسلىكنى. ئۈچىنچى ئادەمگە كەلسەك ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىنلىقىنى ئېيتىدۇ. سەھىيە ۋە ئىسمىنىڭ قانۇنىي جەھەتتە ھەقىقەتەن كۆرۈلمىگەن كەچۈرمىشلىرىنى بىلمەيدىن ئۆتكۈزگەن ئىسلام ئاخۇن- نىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆتكۈر قويۇپ لايىھىلەپ چىققان بىر دەس- تىكى ئىكەنلىكىنى. شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ دەستىكىنى ناھايىتى قەيسەرلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مەھكەم ئۆزتۇرۇپ بىلىۋالالىغانلىقىنى سېزىۋالىدۇ. چۈنكى بىر مەھەل ئۆزىنى ماكارتنېينىڭ ۋەكالەتچىسى دەپ كېمىر پەيدا قىلىپ، مەھرالىتلارنى قاقتى - سوقتى قىلىپ كەلگەن ئىسلام ئاخۇن بۇرۇن ناز - تولا تەن جازاسىغا ئۇچرىغان ۋە زىمىندا ئېلىنغانىكەن. يەنە بىر قېتىمدا، ئۇ شۇ يەردىكى ئابرويلۇق بىر مۆتىۋەرنىڭ خېتىنى ئوغرىلاپ چىقىرىپ، پۇل - بايلىقىنى ئالداپ ئېلىۋالغانلىقى ئۈچۈن. ئۇنىڭغا جۇڭگونىڭ ئېغىر ياغاچتىن ياسالغان: قۇۋۇقى سېلىپ قويۇلغان بولغاچقا، تامىقىنى ئۆزى يېيىشكە ئامالسىز قالغانىكەن.

ستەيىن ئۆزىنىڭ ئېيتقىنىدەك «قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىق يىرىمى ئەدلىيە تۈسىنى ئالغان بۇ غەلىتە سوراقنى باشلاشتىن بۇرۇن مەن بۇ مەسىلىنى ئىش بېجىرگۈچى ئامبالنىڭ سوراقخانىسىدا سۈرۈش- تۈرمىچى ئەمەسمەن...» دەپ ئىسلام ئاخۇنغا شەخسىي كاپالەت بېرىدۇ. «چۈنكى جۇڭگونىڭ قانۇنىدىكى تەرتىپ بويىچە بولغاندا، ئۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ سۆز بىلەن قايىل قىلىشنىڭ يەنە بىر ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسى — قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىشنى قوللىنىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى مەن ئوبدان بىلەتتىم.» ستەيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇ- رۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنداق قىلىشنى مەن ئەلۋەتتە قۇۋۋەتلىمەيتتىم. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئېتىقادىنىڭمۇ مەن ئۈچۈن ھېچقانداق قىممىتى يوق ئىدى.» ئۇنداقتا ئۇ قانداق قىلغاندا ئۆزىگە كېرەكلىك ئېتىقادقا ئېرىشەلەيدۇ؟ بۇ ئىشتا ستەيىننىڭ يەنە ھورنلېنىڭ دوكلاتىدىن ئىبا- رەت ئەڭ ئاخىرقى بىر كوزىرى بار ئىدى.

ئىسلام ئاخۇن ئۆزىنى ئاقلاش داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قارىغاندا بۇ كىتابلارنىڭ كېلىش مەنبەئى دەپ تونۇلغان ھەر قانداق

بىر يەرگە بارغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ ئۇ يەردە پەقەت مېنى كىتاب بىلەن تەمىنلىگەن ھېلىقى ئۈچلا ئادەم بېرىپ باققان، ئۇ خارابىلىكلەرنىڭ ئورنىنى ۋە ئۇ يەردىن تېپىلغان نەرسىلەرنى مەن پەقەت ئەڭ ئاخىرقى سېتىۋالغۇچىلارغا تەپسىلىي ئېيتىپ بەرگەن، دەيدۇ. ماكارتنېينىڭ خاتىرىسىدە تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن ھېلىقى گۆھەر ئىزدەش سەپىرىدە ئۆزىنىڭ قانداق رول ئالغانلىقى توغرىسىدا ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيتتى ياكى ئۇنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئەمما بۇنىڭغا ئالاقىدار تەسۋىرلەرنى ھازىرقى ئۆزىنىڭ دوكلاتىدا سۆزمۇ-سۆز، جۈملىمۇ-جۈملە كۆچۈرۈپ كىرگۈزگەنىدى. شۇڭا ستەيىن بۇ دوكلاتنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئوقۇشقا كىرىشكەندە، ئىسلام ئاخۇن چۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرقانچە يىل ئىلگىرى توقۇپ چىققان ھېكايىلىرىنى بىراۋنىڭ خاتىرىلىۋېلىشىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىگە مەڭگۈلۈك كىرىپ قېلىشىنى، ئەنە كېلىپ ھازىر ئۆزىنىڭ ئۆزىگە تاقابىل تۇرىدىغانلار ئۈچۈن دەستەك بولۇپ بېرىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى.

ئەمدى ئۇ ئۆزىنى ئاقلاشقا يېتىلمىشقا باشلايدۇ. ئۇ بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنىپ، ھېلىقى ئۈچ ئادەمنىڭ بىر يەردىكى ئىسلام قەسرى ئىچىدە قەدىمىي كىتابلارنى ياساۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى سېتىپ بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ. ئەمما ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ، دەل ئۆزى يېزىپ ئويدۇرۇپ چىقارغان يالغان سۆزلىرىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدىغان ستەيىننىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرىدۇ-دە، ھەممىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئاخىرىغا كەلگەندە، ھەممە ئىشنى ئىقرار قىلىدۇ. ئۇ ستەيىنگە 1894-يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ پەقەت پۇل، تامغا ۋە باشقا بەزى قەدىمىي ئاسار-ئەتىقىلەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، بۇ نەرسىلەرنى خوتەن ئەتراپىدىكى يېزا-كەنتلەردىن قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى، ئەمما كېيىنچە ئافغانىستان سودىگەرلىرىدىن بەزى مۆتىۋەر ئەپەندىلەرنىڭ تۆردى ۋە باشقىلارنىڭ دەندان ئۆيلۈكتىن قېزىۋالغان كىتابلىرىغا ئوخشاش قەدىمىي كىتابلارنى ناھايىتى يۇقىرى باھادا سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئاڭ-

لمغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا كىرىشكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ستەيىن مۇنداق يازىدۇ: «قىيىنچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇسامۇ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي قوللۇقتىكى ھېلىقىدەك خارابىلىكنى زىيارەت قىلىدىغان ھەمدە ئۇ يەردە بىرەر نەرسىنى تېپىش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى ئاز بولغان مۇنداق بىر ئىش، پۇرسەتپەرەسلىككە ئادەتلىنىپ قالغان ئىسلام ئاخۇنىدەك مۇنداق بىر ئادەمنى ھېچقانچە جەلپ قىلالمايتتى.» شۇڭا ئۇنىڭدا قەدىمىي قول يازمىنى ئۆزى يېزىپ چىقىش ئويى پەيدا بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇ كەم دېگەندە يەنە بىر شېرىكى بىلەن بىللە، ئۆزلىرىنىڭ كىچىك زاۋۇتىدا بۇ خىل قول يازمىنى توختاۋسىز ئىشلەپچىقىرىدۇ. ماكارتنېي بىلەن پېتروۋسكىيدىن ئىبارەت بىر - بىرىگە زادىلا يول قويمايدىغان بۇ ئىككى رەقىب ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خېرىدارى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا تاقىلداپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ ماكارتنېي شۇنداق قىلىدۇ. چۈنكى كالكوتتا ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ۋەكىللىرىگە قەدىمكى كىتابلارنى ئىمكانقەدەر كۆپرەك قولغا چۈشۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئىسلام ئاخۇن بۇ ئەنگلىيىلىك كىشى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ شېرىكلىرىدىن بىرى بولغان موللا ئىبراھىم روسىيىلىكلەرنى قول يازما بىلەن تەمىنلەيدۇ. موللا ئىبراھىم رۇسچە يېزىقنى چالا - بۇلا بىلەتتى. كېيىنچە، بۇ رەزىللەر گۇرۇھى كەشىپ قىلغان ھەتتا تونۇش يېزىقنىڭ بەزىلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتە رۇسچە ھەرپكە تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى سېزىلىدۇ. ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ بىر ۋاقىتتا دىققەت قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار غارىسىغا كىرىللىك - لوكىڭ ھەرپلىرىگە ئوخشايدىغان (Cyrillic - Looking) بۇ خىل يېزىقنى يەنىلا قەدىمكى زاماندىكى ئىپتىدائىي كىرىتسىيە ھەرپى دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. ستەيىن ئىبراھىمنى ئىسلام ئاخۇن بىلەن بىر ۋاقىتتا سوراق قىلىشنى ئويلايدۇ. ئەمما ئۇ ئىسلام ئاخۇنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

لاپلا، خوتەندىن ئوغرىلىقچە ئېكىتىۋېتىدۇ.

بۇ ساختىپەزلىك تۈلىجى قېتىملىق قول يازما ئورىگىنالى مىلادى 1895-يىلى ئىشلىنىپ چىقىدۇ ۋە سېتىلىدۇ. ئىسلام ئاخۇن ستەينگە يەنە مونۇلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. دەسلەپتە ئۇ دەلدان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان براخما يېزىقىدا يېزىلغان ھەقىقىي قول يازما ئورىگىنالىنى تەقلىد قىلىپ ياساشنى سىناق قىلىشقا كىرىشىدۇ. دەرۋەقە، بۇ ئىشتا ئۇ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. چۈنكى بۇلەمغا ئوخشاش ئۆرغۇن نەرسىلەر ياۋروپادىكى چوڭ مۇزېيلاردا ساقلىنىدىغان بۇيۇملاردىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەرلەردىكى ئالىم ئەھلىلىرى ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئاڭقىرالماي ئىت - ئىت بولۇشۇپ، چوڭقۇر خىياللارغا چۆمگەنىدى. بۇ زاۋۇت ئىنتايىن روناق تاپىدۇ، شېرىكلەرنىڭ ۋەكىلىمۇ ئىشەنچكە تولىدۇ. ستەين «قۇملۇقتا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىكى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئىسلام ئاخۇن كىتابىنى ناھايىتى ئاسانلا قولدىن چىقاردىم. ئۇنى سېتىۋالغان ياۋروپالىقلاردىن بىرەرسىمۇ بۇ يېزىقنى بىلمەيدىكەن، ئۇلار قەدىمكى قول يازما يېزىقلارغا سېلىشتۇرۇپ تونۇۋالالايدىغانمۇ ئادەم يوق ئىكەن، شۇنداق بولغاندىكىن ھازىر ئۇنداق پارچە - پارچە ھەقىقىي يېزىقنى تەقلىد قىلىپ ياساپ چىقىمەن دەپ ئۆزۈمنى ئاۋارىچىلىككە سېلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى قالماپتۇ، دېگەنلەرنى ناھايىتى تېزلا خىيالىدىن ئۆتكۈزىدۇ». شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ شېرىكلىرىنىڭ ئۆزى بىلگەنچە «ناتونۇش يېزىق» كەشىپ قىلىشقا يول قويىدۇ. ستەين سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «دانا بۇ نىمە ئۈچۈن قول يازما نۇسخىلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن شۇنچە كۆپ پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئوچۇق چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. ئەنگلىيىدە ساقلىنىۋاتقان بۇيۇملار ئىچىدىكى مۇشۇ خىل ئورىگىناللارنى ئاددىيلا قىلىپ كۆرسەك. بىر ۋاقىت ئىچىدىكى ئورىگىناللار كەم دېگەندە 12 خىلدىن ئاشىدىكەن. بۇ خىلدىكى «ناتونۇش يېزىق»لى پەرقلەندۇرۇشكە ياردەملىشىدىكەن شەرقشۇناس مۇتەخەسسىسلەر ئۇلى تېخىچە تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرەلمەي، تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى.»

ئىسلام ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى بۇ خىل ساختا بۇيۇمغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرالماي قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ. چۈنكى بۇنداق نەرسىلەرنى ياساشقا ھەم ۋاقىت كۆپ كېتەتتى، ھەم ئۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئۇلار قولىدىكى بىردىنبىر ھۈنەر - سەنئەت ئىلمى — ياغاچ مەتبەدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قارارىغا كېلىدۇ. مىلادى 1896 - يىلى ئۇلارنىڭ ياغاچ مەتبەدە بېسىلغان بىرىنچى تۈركۈم كىتابى دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشى شۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇكى، ھەتتا دوكتور ھورنلېمۇ 1899 - يىلى يازغان ئىلمىي دوكلاتىدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى 45 كىتابنى تولۇق تەسۋىرلەپ ۋە بايان قىلىپ چىقىدۇ. ستەين مۇنداق يازىدۇ: «بۇ نەرسىلەرنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپلا تۇراتتى، خەتنىڭ ئۇسلۇبى جەھەتتىمۇ ئالاھىدە بىر خىل يېڭى شەكىل پەيدا بولۇپ قالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە قېلىنلىقى جەھەتتىمۇ ھەمىشە دېگۈدەك ناھايىتى كۆركەم كۆرۈنۈپ تۇراتتى.» ئىسلام ئاخۇننىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ستەين بىلمەكچى بولغان جۇڭگونىڭ يىراق بۆلۈكىدىكى بۇ غەلىتە زاۋۇتنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقى شۇنداقلا بۇ زاۋۇتتا ئىشلەنگەن بۇيۇملاردىن پايدىلىنىپ ھورنلې ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرىنى قانداق قىلىپ ئۇزاققىچە ئالداپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىدۇ. ستەين مۇنداق يازىدۇ: «ئەمەلىيەتتە، مەن قىزىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ زوق-ئىشتىياق بىلەن سۆزلەپ بەردى.» ئۇ ستەينگە يەنە مۇنۇلارنىمۇ ئېيتىپ بېرىدۇ، ئۇلار قەغەزنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە سېتىۋالىدىكەن. ئۇندىن كېيىن شۇ يەردىكى بىر خىل دەرەختە ياسالغان بوياق بىلەن ئۇ قەغەزلەرنى سېرىق ياكى سۇس قوڭۇر رەڭدە بويايدىكەن، ئۇنىڭغا قول بىلەن خەت يېزىپ ياكى خەت بېسىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئوتنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويىدىكەن. «شۇنداق قىلىپ ئىسلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ رەڭگى قەدىمكى ئاسارىئەتىقىلەرنىڭ رەڭگىگە ماسلاشتۇرۇلىدىكەن». ستەين يەنە مۇنداق

دەيدۇ: ئۇلار شۇنداق قىلىۋېتىپ، ئەزىدە دىققەتسىزلىك قىلىپ قويىدىكەن. چۈنكى مەن كالكۇتتىدىكى تۆپلاش - ساقلاش ئورنىدىكى بەزى كىتابلاردا ئوتتا سارغىيىپ كەتكەن ئالامەتلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدىم. شۇنداقتىمۇ بۇ ھورنلېنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قاپتۇ. كېيىنكى قەدەمدە ئۇلار بۇ يەككە بەتلەرنى تۈپلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئەمەلىيەت ئىسكەنلەنگەن نۇسخىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ تۈپلەش ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇلار كىتابلىرىنى تۈپلىگەندە ياۋروپانىڭ كىتاب تۈپلەش ئۇسۇلىنى شۇ پېتىچە تەقلىد قىلىپ دورىغان بولۇپمۇ كېيىنرەك چىقىرىلغان كىتابلاردا شۇنداق قىلغانىدى. نەتىجىدە ئاشۇنداق غەلىتە ھادىسىلەرمۇ ماكارتنىي، پىترووۋسكىي، گورنلې ۋە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىغان، ئۇلار ئالدانغانىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى قەشقەرگە ئايرىپ، ئۇنىڭدىن ھېچنداق گۇمانلانمايدىغان خېرىدارلارغا سېتىشتىن ئىلگىرى، بۇ ياسالما بۇيۇملارنى يەنە تەكلىماكاننىڭ قۇملۇقىدىكى ئەڭ ئوخشاش قۇملارغا سۈركەپ، ئۇلارنى قارىماققا خۇددى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن خارابىلىكتىن تېپىۋالغاندەك ھالەتكە كەلتۈرگەن. ستەين بۇ ئىشنى بايان قىلىۋېتىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۇ نەرسە داھايىتى ئېنىق ئېسىمدىكى، 1898 - يىلى ئەتىياز پەسلىدە، مەن كەشمىردىكى بىر يادىكارلىق تۈپلىغۇچىنىڭ ياغاچ مەتبەئەدە بېسىلغان ساختا بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن كېيىم چوتكىلايدىغان چوتكىدىن بىرنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇ نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ چوتكىلاپ كۆرگەنىدىم.»

ستەين ئىسلام ئاخۇنغا ھېچقانداق جازا بەرمەسلىكنى تەلەپ قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ مەسىلە تاپشۇرۇشتا راستچىل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بۇ قارارىنى ئىسلام ئاخۇنغا ئېيتىپ بېرىدۇ. ھەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ بۇ چالا ساۋات ساختىپەزلەرنى ئەيىبلەش [illegible]ن بىرگە، ساختا بۇيۇملارنى تاللىشىپ سېتىۋالغان ھېلىقى كىشىلەرنىمۇ ئەيىبلەش لازىملىقىنى ھېس قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ نەرسىلەرنى شۇنچىۋالا تەقەززالىق بىلەن، يەنە كېلىپ ئېنىق-

لاپ باقمايلا تالىشىپ سېتىۋالغانلىقى، ھېلىقى ئالدامچىلارغا نىمىشقا
ھالدا مەدەت بېرىش رولىنى ئوينىغان.» دەپ ستەيىن ھەقىقەتەن توغرا ئېيتقان
خوتەن خارابىلىكى» دېگەن كىتابىدا ھېچكىمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ...
ئەمما ئۇنىڭ ئەيىبلەۋاتقىنى روشەنكى ئۇرسۇف دوستى ماكارتنىي ...
روسىيىلىك پېتروۋسكىي ئىدى. ئۇ ھورنلې ۋە باشقا ئىنگلىز ...
نىڭ بىر ئىمپېرىيىسىدە ئەرزىمەيدىغان بۇ نەرسىلەر ئۈستىدە ...
غۇن قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى سەرپ قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا ...
گىنىدە، تۇرسۇن ھەم كۆڭلىدىن خۇشال بولدۇ. ئۇنىڭ ...
دىكى سەۋەب، ئىسلام ئاخۇن ئاخىرى بېرىپ ...
ئۆزىنى جازاسىغا تارتىلدۇ، گەرچە بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ...
پەيلىدىن بولسىمۇ.

شۇنداق قىلىپ ستەيىن بۇ دائىملىق ...
نە ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ ...
يىن ئەقىللىك، پەم - پاراسەتلىك. ...
ئادەم ئىدى.» ئۇ ئىسلام ئاخۇن كەشىپ ...
دەپ گۇمان قىلاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ...
كېلەتتى. ستەيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ...
قەلەمەن كىشى تۇردىغا ئېيتىپ بەرگەن قىزىق گەپلىرى ...
ۋېتەتتى. ئۇ تۇردىنىڭ ھۆكۈملۈقىنى ...
ئاشۇ بىر جۈملە سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن چاغلىرىدا، ئۇنىڭغا ...
ئاشۇ سۆزنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ...
غان تەلەپپۇز بىلەن قىزىقچىلىق قىلىپ، «بو فىرى پەقەت مۇشۇ گەپنىلا
قىلىشقا ئۇستا...» دەيتتى. ستەيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ،
«ئىسلام ئاخۇن ئۆز قولى بىلەن ياسىغان بۇيۇملارنىڭ سۈرەتكە ئېلىنىپ،
ھورنلېنىڭ دوكلاتىغا شۇنچە چىرايلىق قىلىپ چۈشۈرۈلگەنلىكىنى كۆ-
رىدۇ. بۇ ئۇنىڭدا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن
بىرگە، ئۇ بۇنىڭ قانداق ئىشلىنىپ چىققانلىقىنى بىلىشكە تەقەززا بو-
لىدۇ. ستەيىن سۆزىنى تولۇقلاپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇنىڭ شەھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى www.uyghurkitap.com

لىرىدە يېڭى ئاڭدا ئېچىلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىۋېلىشلارنى ناھايىتى ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدىغان ھۆنەر - تېخنىكىلارنىڭ بارلىقىنى تولۇق تونۇپ يەتكەنلىكىدىن قىلچىمۇ گۇمانلانمايمەن. ناۋادا ئۇ ئۆزىنىڭ ئېسىل ماراكەش خۇرۇمى بىلەن مۇقاۋىلاپ قويۇلغان، ياغاچ مەتبەئەدە بېسىلغان بىر بۆلۈم كلاسسىك قول يازمىلىرىنىڭ ياۋروپادىكى ناھايىتى ھەيۋەت بىر كۇتۇپخانىدا چەكسىز ھۆرمەت - ئېھتىرامغا سازاۋەر بولۇپ تۇرغىنىنى خۇددى مەن بۇنىڭدىن بىر قانچە ئاي بۇرۇن كۆرگەندەك ئۇسۇ- شاش، كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغان بولسا، ئۇ بۇنىڭدىن قانچىلىك ئىپتىخارلىق ھېس قىلغان بولاتتى-ھە؟»

ستەين بۇ ساختىپەزلەر، ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىنى ئىشلەپچى- قىرىشتا ئىشلەتكەن بەزىبىر ياغاچ ئويمىلارنى بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ساختا بۇيۇمنىڭ بىر بېتىدىكى خەت بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش خەت باسا- لايدىغان بىر پارچە باسما تاۋاقنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىشقا بەكمۇ ئالدى- رايدۇ. چۈنكى بۇ ئىسلام ئاخۇنغا ئالاقىدار ۋەقەلەرنى رەت قىلغىلى بول- مايدىغان دەلىل - ئىسپات بىلەن تەمىن ئېتەتتى. ستەين ئىسلام ئاخۇن سوراق قىلىنىۋاتقان مەزگىللەردە، ئىش بېجىرگۈچى ئامبالنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا سولاپ قويۇلغانىدى. ستەين ئۇنى سولاقتىن چىقى- رىپ ھېلىقى باسما تاۋاقلارنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. لېكىن ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن پەقەت بىر پارچىسىنىلا ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان بۇ ئىشلارنىڭ خوتەن بازىرىغا ناھايىتى تېز تارقاپ كەتكەنلىكىنى، ھازىر ھەممىلا ئادەم- نىڭ بولۇپمۇ بۇرۇن ئۆزى بىلەن بىللە يۈرگەنلەرنىڭ ئۆزىگە تەتۈر قاراپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزىدۇ. ئىككى كۈنلۈك سوراق جەريانىدا، ستەين ئىسلام ئاخۇنغا ھېچقانداق يۈز - خاتىرە قىلىپ ئولتۇرمايلا «سىز خوتەن- دىكى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان بۇ قارا تۈرۈكلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆمرىڭىزنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋېتىپسىز، بۇ تولىمۇ ئەخمەقلىق بولۇپتۇ» دەيدۇ. ئەسلىدە بۇ بىر شاڭخۇ تەرىقىسىدە دېيىلگەن گەپ ئىدى. ئەمما ئىسلام ئاخۇن بۇنى راست گەپ دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ. ستەين ئەتە ماڭىمەن دەپ تۇر-

غان كۆلى كەچتە ئىسلام ئاخۇن تۇساتتىنلا كىرىپ كېلىدۇ ۋە ئۆزىنى ياۋروپاغا بىللە ئەكېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇچاغدا ستەيىن ئۇنىڭ بۇنداق خىيالغا كېلىپ قېلىشى، ياۋروپاغا بارسام ئۆزۈمنىڭ پەزقۇلىنادە تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشتا جۇڭگو تۈركىستانىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتكە ئىگە بولالىغۇدەكمەن دەپ ئويلىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

ھازىر ستەيىن ھېلىقى زېمىستان سوغۇق پەسىللەردە، ئاشۇ قۇملۇقلاردا ئۆزى ئۈچۈن سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغان كىشىلەر بىلەن سەممىي خۇشلىشىپ خوتەندىن ئايرىلىدىغان پەيت يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ بولۇپمۇ تۇردىدىن ئايرىلىشتا پەقەتلا كۆزى قىيمايدۇ. بۇ بىرۋاي ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ خوتەن تەۋەسىدىكى ئەڭ يىراق، ئەڭ ئاخىرقى بىر مەھەللەزاۋاغا بىللە بارغانىدى. تۇردىنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە ئۇنىڭ شۇيەرلەر توغرىسىدىكى بىلىملىرى بۇ قېتىمقى غەلىبىلىك يىراق سەپەردە مۆلچەرلىگۈسىز تۆھپىلەرنى ياراتقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەندان ئۆيلۈكتە ستەيىننىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالغانمۇ شۇ كىشى دېيىشكە بولاتتى. ستەيىن ئۇنىڭغا بۇ پېشقەدەم گۆھەر ئىزدىگۈچىنىڭ قۇملۇقلاردا ئېرىشكەن ئاشۇ ناھايىتى ئازغىنە نەرسىلىرىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ تۇختايدىغان «ئېسىل گۆھەر» لەرنى ئىنئام قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ تۇردىغا شۇ يەردىن تىنچ ئىشلەيدىغان خىزمەتتىن بىرنى تېپىپ بېرىدۇ. ئۇ تۇردى ھازىر ياشىنىپ قالادى، ئۇنىڭ ئەمدى بۇرۇنقىدەك تەكلىماكان قۇملۇقلىرىدا ئالتۇن ئىزدەپ يۈرۈشكە مادارى يەتمەيدۇ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇقېتىمقى ئايرىلىشى كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى، ستەيىن بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قايتا جەم بولۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، تۇردىمۇ بۇندىن كېيىن يەنە كۆرۈشكىلى بولارمۇ دەپ، ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلغانىدى. ستەيىن كېيىنچە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز خوشلىشىشقا ئاتقان ئاشۇ مىنۇتتا، ياشىنىپ قالغان بۇگۆھەر ئىزدىگۈچىنىڭ جاپا - مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتقانلىقى دانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان مەڭزىلىرىدە ئىسسىق كۆز ياشـ

لىرى تارتىلاپ ئاقماقتا ئىدى. بۇلداق مەنزىرە كىشىنى بەكمۇ تەسىرلەندۈرەتتى.» تەربىيەتكى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇقېتىمقى خوشلىشىشنى ناھايىتى مەيۇسلۇك ھېس قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇنىدىن يەتتە ئاي بۇرۇن ئۆزى بىر قېتىم يېنىدىن ئۆتكەن، ئىملاھ كەپتىرى بېقىلىدىغان ئىبادەتخانىغا يېقىنلاپ كېلىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خىيالى ئۆزىنى بىر ئاز خۇشاللاندۇردىغان تېما — «مەن خوتەندىن ئەكەلگەن قۇش يېمىگە يۆتكىلىدۇ. ئۇنىڭ يىراق سەپەردە قازانغان غەلىبىسى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مۆلچەرىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تېخى تۇنجى قېتىملىقى ئىدى. ستەين ئىبادەتخانىدا بىردەم توختاپ. «خوتەندىن ئايرىلىدىغان چاغدا ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ھەدىيە قىلغان نەرسە سۈپىتىدە كەپتەرلەرگە نۇرغۇنلىغان تۇناق ۋە تېرىق چېچىپ بېرىدۇ.»

ستەين تۇردىدىن ئايرىلىپ 12 كۈن ئۆتكەندە قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ماكارتنېينىڭ دوستانە كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇ سەككىز ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، بىرەرمۇ ياۋروپالىقنى ئۇچراتمىغانىدى. ئۇ ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن مۇڭدىشىشنى ئويلىغان بولسىمۇ يىغىلىپ قالغان گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئۇزاققىچە تۈگىمەي قېلىپ، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ۋاقتىنى ئېلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ - دە، روسىيىنىڭ ياۋروپا - ئاسىيانى كېسىپ ئۆتىدىغان غول تۆمۈر يول لىنىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋوگزال ئاندىجىن (Andijin) ئارقىلىق لوندونغا توشۇشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، كېيىنكى ئىككى ھەپتە ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ ترانسپورت ئەترىتىنى تارقىتىشقا، تۆگىلەرنى ۋە تۇلپار ئېتىنى سېتىۋېتىپ، ئېسىل گۆھەرلەرنى باشقىدىن قاچىلاشقا سەرپ قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە، گەرچە ئۇنىڭ تۇلپار ئېتى ئۇنىڭ ئۈچۈن سەككىز ئاي ئىشلەپ ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يەنىلا ئەسلىدىكى باھاسى بويىچە سېتىۋەتكەنلىكىنى، تۆگىلىرىنىمۇ پەقەت ئەسلىدىكى باھاسىدىن تۆتتىن بىر قىسمىنى تۆۋەنلىتىپلا سېتىۋەتكەنلىكىنى ئىپتىخارلىق بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ستەين مۇنداق يازىدۇ: «ئەگەر مەن

ترانسپورت ئاترەتلىرىنىڭ روسىيىگە كۆپلەپ كىرىدىغان مەزگىلى يېتىپ كەلگۈچە ساقلاپ تۇرالىغان بولسام، تۈركىستاندىكى ترانسپورت ئۈچۈن دەسلەپتە سەرىپ قىلىنغان بارلىق چىقىمنى ھۆكۈمەتكە يەنە قايتۇرۇپ بې- رىدۇەتكەن بولاتتىم.»

ئەڭ ئاخىرى، ئۇنىڭ ھىندىستاندىن بىرىنچى قېتىم يولغا چىقىشى- دىن تارتىپ ھازىرغىچە توپتوغرا بىر يىل ۋاقىت ئۆتكەن بولۇپ، بۇ دەل ئۇنىڭ شۇ يەردىكى ساھىبخانلار بىلەن خوشلىشىپ ھەمدە ئېسىل گۆھەر- لەر لىقمۇ - لىق قاچىلانغان 12 ساندۇقنى ئېلىپ لوندۇنغا قاراپ يول- غا چىقىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالىدۇ. مىلادى 1901 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ۋە باشقا يۈك - تاقلىرىنى سەككىز تۇلپار ئاتقا ئارتىپ، قەشقەردىن يولغا چىقىپ چېگرىدىن ئۆتۈپ، ئەڭ يېقىن بىر رۇسلار مەھەللىسى -- ئوش (Osh)قا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى يەنە باشقا بىر ئازابلىق خوشلىشىشنى باش- تىن كەچۈرگەنىدى، ئۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا كۆپ يىللار ھەمراھ بولغان پىستە ئىت «داشۇ» بىلەن خوشلىشىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ لوندۇنغا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا ئۇ ئۇنى ئەمىن بىلەن بىللە ھىندىستانغا قايتۇرۇۋېتىش قارارىغا كېلىپ بولغانىدى. ستەيىن مۇنداق يازىدۇ: «مېنىڭ بۇ كىچىك ھەمراھىم ئېگىز تاغلارنىڭ ۋە قۇملۇقلارنىڭ ھەممە سىناقلىرىدىن ئۆتتى. ئەگەر ئۇنى كىشىنى چارچى- تىدىغان، بىر قانچە ھەپتە ماڭىدىغان پويىزغا ئولتۇرغۇزسام، لون- دونغا بارغاندىن كېيىنمۇ، ئايرىم تۇرغۇزۇپ كارانتىن قىلىدىغان يەرگە سولاپ قويسام تازا باغرى قاتتىقلىق قىلغان بولۇپ قالغۇدەكمەن. شۇ سەۋەبتىن، مەن شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، ئايرىلىپ كەتكەن بۇ سادىق ھەمراھىم بىلەن 11 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەچتە پەنجاپ تۆمۈر يو- لىنىڭ ئاي راۋىقىدا يەنە بىر قېتىم جەم بولۇشتىن ئىلگىرى، مەن ئۆز سەپىرىمدە ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم.» (قەشقەردىن چىقىپ قارا- قورۇمدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا بارىدىغان ئىككى ئايلىق جاپالىق مۇسابە پىستە ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۇلۇغ سەپەر بولۇپ قالىدۇ.

ستەين يەنە بىر قېتىم ھىندىستاندىن لوندونغا قاراپ ماڭىدىغان چاغدا، بۇ پىتىنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولۇپ ئۆلۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆلۈكى كەشمىردىكى ئېگىز تاغقا كۆمۈلدى. شۇڭا ستەين: «ئۇ كەشمىرنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى يانىشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتى» دەپ يازىدۇ.)

ستەين ئەنگلىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئىشلەيدىغان بىرىنچى ئىش ئىنتايىن باش قاتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. ئۇ ھازىر ئوكسفوردتا تۇرۇۋاتقان ھورنلېنى يوقلاپ كېلىشى لازىم ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر توپ چالا ساۋات سەھرالىقلارنىڭ ئۇنى ئەخمەق قىلىپ كونىدۇرلاتقانلىقىنى ئۇنىڭغا ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا توغرا كېلەتتى. ستەين بۇ ئۇلۇغ ئالىم ئەھلىنىڭ شۇ يىللىرى نەشىر قىلىنمىغانلىقى بېكىتىلگەن كالكۇتتىدىكى توپلاش - ساقلاش ورنى توغرىسىدىكى دوكلاتنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى تەييارلاۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاگاھ بولۇش توغرىسىدا بىر پارچە خەت يازغانىدى، ئەمما ھازىر ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ ئېيتىش، ئىنتايىن قولايسىز تۇيۇلاتتى. چۈنكى ئۇ ئۇنى قېزىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرغان ھەمدە ئۇنىڭغا رەسمىي ياردەم بەرگەن باشقا بىرى بولماستىن، دەل مۇشۇ ئالىم ئەھلى ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ستەين ئۇنىڭغا چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ستەين ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆز تېخىمۇ بىئەپلىك ھېس قىلىدۇ. تېخىمۇ ئېچىنىشلىق قىلىپ ئېيتقاندا، ھورنلې يالغۇز ستەيننىڭ كالكۇتتىدىكى مەزگىلدە تونۇشۇپ قالغان خۇسۇسىي دوستى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ستەيننىڭ خۇسۇسىي ئىلىم ساھەسى — ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمشۇناسلىقى — جەھەتتىمۇ ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى ئۇستازى ئىدى. ئەمدى بولسا ستەيننىڭ غەلىبىسى ھورنلېغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان بولدى. شۇڭا ٥- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئەتىگەندە، ستەين پويىزغا ئولتۇرۇپ ئوكسفوردقا قاراپ يولغا چىققىنىدا، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى غەمكىن ئىدى، دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولاتتى.

ئاۋگۇس فرېدېرىك رۇدولف خوئېرنلې (Augustus Frederic
Rudolf Hoernle) ئەنگلىيە پەيغەمبەر ئىبادەتخانىسىدىكى گېرمانىيە
قانداشلىقىدىكى بىر پاستىرنىڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادى 1841 - يىلى
ھىندىستاندا تۇغۇلغان. ئۇ ستەيندىن 21 ياش چوڭ بولۇپ، ئۇ شۋېت-
سارىيىدە ئوقۇش، پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەنگلىيىگە ساياھەتكە كېلىپ،
ئالىم ئەھلى گولدس تۇكېر (Goldstucker) نىڭ يېنىدا بىر قانچە
يىل سانسكرىت يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ. مىلادى 1865 - يىلى ئۇ يەنە
ھىندىستانغا قايتىپ كېلىپ، دەسلەپتە بېنارېس (Benares) تىكى بىر
ئىنستىتۇتتا پەلسەپە دەرسى بېرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ پۈتۈن ئۆم-
رىنى ھىندىستاننىڭ يالغۇز تىلى ۋە باشقا تىللىرىنى تەتقىق قىلىشقا،
ھەمدە ھىندىستاننىڭ قەدىمكى قوليازما نۇسخىلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە بې-
غىشلايدۇ (ئۇ جەمئىي 115 خىل كىتاب، ماقالە ۋە ئىلمىي نەزەرىيىۋى
ماقالىلەرنى جۇڭلىغان ئۇ بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان
«ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى يەرلىك تىللارنىڭ سېلىشتۇرما گراماتى-
كىسى» دېگەن بىر كىتابىنى ئېلان قىلىدۇ). كېيىن ئۇ ئەينى ۋاقىتتا-
ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستاننىڭ پايتەختى كالكۇتتىغا كۆچۈپ كې-
لىدۇ - دە، بېنگالدىكى ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىدە ھەقىقىي بىلىم - قا-
بىلىيىتى بار ھەم تەسىرى بار شەخسكە ئايلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرىدا
دەم ئېلىشقا چىقىپ ئوكسفوردتا كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا، ئىزچىل
تۈردە بۇ تەشكىلاتنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

مىلادى 1881 - يىلى ئۇ غەربىي شىمالدىكى بىر يېزىدا تېپىلغان
قەدىمكى ھىندى يېزىقىدا يېزىلغان ئورىگىناللارنىڭ يەزىپىنى قالدۇقلى-
رىغا دۇچ كەلگەن چاغدا، ئۇ تۇنجى قېتىم شەرقشۇناس ئىلىم ئەھلىلى-
رىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بۇ خىل قوليازما شۇ چاغدا
ھىندىستاندىكى تىلشۇناسلار ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭ قىزىقىش قوزغى-
ۋېتىدۇ. ئەمما ئۇنى خوئېرنلېغا كۆرسىتىشتىن بۇرۇن، ئۇنى ئوقۇيالاي-
دىغان بىرمۇ ئادەم چىقمايدۇ. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ بىلەن زامانداش بىر
كىشى مۇنداق يازىدۇ: «خوئېرنلې ئۇنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەر-

ھالى تەتقىق قىلىنىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ ھەمدە ئەۋرۇپا ئەدەبىيەتلىرىنى قوشقا كەلتۈرىدۇ. گەرچە بۇلار باش - ئايىغى يوق، قالايمىقان پارچە - پۇرات نەرسىلەر بولسىمۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل بەتتىن بىرسىمۇ يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.» ھورنلې ئۇنىڭ نامى چىقمىغان بىر ئاپتور يازغان قەدىمكى زامان ماتېماتىكىسىغا ئائىت ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئەدەبىي جەھەتتە قىممىتى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ھورنلېنىڭ ئۇلەڭغا بەرگەن چۈشەندۈرۈشىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان تالانتلىق تىلشۇناس ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئون يىلدىن كېيىن ئۇ تەبىئىي ھالدا داڭلىق ھەمدە ئىنتايىن مۇھىم بولغان بوۋېر قوليازما ئورگىنالىنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تاللىنىدۇ. ھورنلې قوليازمىلارنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ئۈچۈن، ئەنگلىيىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاسارئەتىقىلىرىنى توپلاش - ساقلاش ئورنىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشقا ئەۋەتىلىدۇ. بۇ ئىش خەلقئارادا بۇ رايوندىكى قوليازما ئورگىناللىرى ۋە باشقا ئاسارئەتىقىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تالان - تاراج قىلىش شامىلىنىڭ چىقىشىغا ۋاستىلىك ھالدا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ.

ستەين بىلەن ھورنلې ئوتتۇرىسىدا زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم بەلكىم يوقتۇر. ستەين ئۆزىنىڭ يىراق سەپەرىنى ئەسلىدە تەپسىلىي بايان قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھېلىقى «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىكى» دېگەن كىتابىدا، ئۇلارنىڭ بىر قېتىمقى ئۇچرىشىشىنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن تىلغا ئالمايلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. دەرۋەقە، بۇ ساھەدىكى كەسپداش بىلىم ئەھلىلىرى بىر - بىرى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىش ئارقىلىق بىر ئامال قىلىپ ھورنلېنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشاتتى. ھورنلېنىڭ كالكۇتتا توپلاش - ساقلاش ئورنى توغرىسىدىكى دوكلاتىنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شۇ چاغلاردىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا

ۋە كېيىنكىلەردە ستەيىن بىلىپ قالغان، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان، شۇنىڭ بىلەن ھەم كىشىلەرنى يەرگە قارىتىدىغان ھېلىقى ئىشلار توغرىسىدا ھېچ نەرسە تىلغا ئېلىنمايدۇ. ھورنلې مىلادى 1918 - يىلى 77 يېشىدا ۋاپات بولغان چاغدا، «خانلىق ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىنغان ئالتە بەتلىك ئۇزۇن مۇسىبەت خەۋىرىدىمۇ كىشىنى يەرگە قارىتىدىغان بۇ ئىش تىلغا ئېلىنمايدۇ.

بۇ ئىككىيلەن روشەنكى ناھايىتى دوستانە كەيپىيات ئىچىدە ئۇچرىشىدۇ، ستەيىن ھورنلېنىڭ ئۆيىدە بىرقانچە كۈن تۇرىدۇ. ستەيىننىڭ پاش قىلىشى بۇ ئۇلۇغ ھىندى تىلى ئالىمىنى ستەيىننىڭ ئەينى ۋاقىتتا ۋېنگرىيىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان قېرىندىشى ئېرنىستقا يازغان بىر پارچە خېتىدە بىشارەت بېرىپ قويغان چاغدىكىگە قارىغاندا تولىمۇ قاتتىق ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. ستەيىن مۇنداق يازىدۇ: «ئۇ ئىسلام ئاخۇننىڭ قەدىمىي كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن زور ئۈمىدسىزلىك ھېس قىلدى. بۇ چۈشىنىشلىك ئىدى. ئەمما مېنى رازى قىلغىنى شۇكى، ئۇ ئاخىرى سۆزىنى بېسىۋالدى. شۇ سەۋەبتىن مەن ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق بىر مەيدان دەتالاش قىلىشتىن ساقلىنىپ قالدىم.» شەك - شۈبھىسىزكى، ستەيىننىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتە قازانغان بۇ ئاجايىپ زور ئۇتۇقى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، ھورنلې ئۈچۈن ئازدۇر - كۆپتۇر تەسەللى بولىدۇ - دە، ئۇنى دىققەت - ئېتىبارىنى بەزىبىر يېڭى ئىلمىي تەتقىقاتلارغا قارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ستەيىن ئەكەلگەن قوليازمىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى ۋە باشقا جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئۇزۇن مەزگىل يوقاپ كەتكەن خوتەن تىلىنىڭ قايتا تېپىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

بىراق نۆۋەتتە ھورنلېنىڭ ئالدىدا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك يەنە مۇنداق بىر مەسىلە تۇراتتى. ئۇ 1899 - يىلى بەرگەن كالكۇتتىدىكى توپلاش-ساقلاش ئورنى توغرىسىدىكى دوكلاتىدا بۇ «قەدىمكى كىتابلار»نى يالغاندىن ياساپ چىقىش ئېھتىماللىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇلاھىزە قىلغان، لېكىن شۇنىڭ كەينىدىنلا بۇنداق ئېھتىماللىقنى كەسكىن

تۇردە ئىنكار قىلىنىۋېتىلگەنىدى. ھازىر ئۇ ئۆزىنى نومۇسىدا ئۆلمىدىغان پەرق ئېتىش جەھەتتە سادىر قىلغان بۇ خاتالىقتىن قانداق قىلغاندا قۇتۇلالايدۇ؟ ئۇ ستىيىنگە ئۆزىنىڭ ھېلىقى دوكلاتىنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە خۇپىيانە بېشارەت بېرىپ قويىدۇ. بۇ ئىش توغرىسىدا ستىيىننىڭ ئۆز قېرىندىشىغا ئىككىنچى قېتىم يازغان خېتىدىن بىلىۋالغانلىرىمىز ئەنە شۇنچىلىك، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئاقمايدىغان بۇ خىل ئۇسۇل چوقۇم ئۇنى ناھايىتى تېزلا يەنە بىر زەربىگە ئۇچرىتاتتى. بۇ دوكلات «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى»نىڭ بىر سانىغا بېسىلغان ھەممە كەڭ كۆلەمدە سېتىلغانىدى. روشەنكى، ئۇنى ئۈزۈل - كېسىل كۆيدۈرۈۋېتىش پەقەت مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئىككىنچى قىسمى توغرىسىدا ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن بولۇپ، بۇمۇ ھەل قىلىش تەس بىر مەسىلە ئىدى. ھورنلېنىڭ ئالدىدا پەقەت ئىككىلا يول بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، خاتالىقنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىش؛ يەنە بىرى، مۇجمەللەپ قىلىپ ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ كىتابخانلىرىدىن دوكلاتنىڭ بىرىنچى قىسمى بىلەن ئىككىنچى قىسمىنى بەكمۇ تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ يۈرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىش. بىراق ئۇ يەنىلا بىر ئادەمزات بولغانلىقتىن، كېيىنكى يولنى تاللىۋالىدۇ.

ئىش شۇنچىلىك ئەپچىللىك بىلەن پىششىق ئىشلەندىكى، ئۇ پەقەت 1899 - يىلىدىكى دوكلاتنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى قايتىدىن كۆرۈپ چىققان ياكى ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇغان، يەنە كېلىپ ئۇنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇۋالغان ئادەم بولمىسىلا، دوكلاتنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەخمەق قىلىنغانلىقىنى سېزىۋېلىشى ناھايىتى قىيىنغا توختايتتى. ئۇ دەسلەپتە ئۆزى ساقلاپ تۇرغان قولىيازمىلارنىڭ ۋە كىتابلارنىڭ راست، ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۆۋەتتە كىشىنى ئىنتايىن يەرگە قارىتىدىغان بۇ تەنزە ئاغدۇرۇش پاكىتلىرىغىمۇ پەسەنت قىلماي يۈرۈۋېرىدۇ. ئۇ دوكلاتنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتە ئۆتكۈزگەن خاتالىقىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قانداقتۇر دېگەن 1899 - يىلدىكى دوكلاتىنى يازغان ۋاقتىدا

دا. بالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىش مەسىلىسى يەنىلا ھەل بولماي ئېسىلىپ قالغان مەسىلە ئىدى» دەيدۇ. (قارىماققا بۇ راستتەك كۆرۈنىدۇ، گەرچە ئۇنىڭ ئاۋۋالقى چىقارغان ھۆكۈمىنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىشى ئۇنداق ئويلاردا بولمىغان بولسىمۇ) گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپتە خاتالاشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، لېكىن ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ قويۇش يۈزىسىدىن، «... دوكتور ستەين 1895 - يىلىدىن بۇيان خوتەندىن ئېلىنغان بارلىق «ناتونۇش يېزىق»تىكى ياغاچ مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ ۋە قول يازما ئورىگىناللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسلام ئاخۇننىڭ ئاز ساندىكى كىشىلەر بىلەن بىللە ئىشلەپچىقارغان ھازىرقى زامان ساختا بۇيۇملىرى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدىغان دەلىل-ئىسپاتلارنى قولغا چۈشۈرگەن» دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ بۇ ساختا بۇيۇملارنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى، كۆرۈپ باقماقچى بولغان كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى»غا رەسىم بىلەن بېسىلغان ماقالىسىنى كۆرۈپ بېقىشقا دالالەت قىلىپلا قالماستىن، روسىيىلىك ئىلىم ئەھلى دىمىترى كرەيمىس ئېلان قىلغان كىتابلارنىمۇ كۆرۈپ بېقىشقا دالالەت قىلىدۇ (بۇنداق قىلىشتا روسىيىلىكلەردۇ ماڭا ئوخشاش ئالدانغان دېگەننى بىلدۈرمەكچى بولسا كېرەك).

ئۇ ئۆزىنىڭ دوكلاتىنىڭ بىرىنچى قىسمىغا قوشۇمچە قىلىنغان روشەن قىستۇرما رەسىمنىڭ كېيىنكى مەنبەئىگە شۇنداقلا ھېلىقى ئۆلۈمتەككۈر دوكلاتقا كىرىشلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇنىڭدا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇ دوكلاتىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئاناسلىقى ئەنگلىيە توپلاش - ساقلاش ئورنىدىكى ھەقىقىي قوليازما ئورگىناللار ساپال قاچىلار ۋە ساپال ھەيكەللەرگە ئائىت چۈشەنچىلىك بولىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغانىدى.

قىسقىسى، ھورنلې ئاشۇ دەۋردە ياشىغان بولغانلىقتىن ئۇنىڭ تەلىيى ناھايىتى ئوڭدىن كېلىدۇ. ساۋادا ئۇنىڭدەك كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ئىلىم ئەھلى ھازىرقى كۈندە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چالا ساۋات دېھقان-

لىرىغا ئالدىنىپ قالمىغان بولسا، ئۇنداقتا ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن-دىلا لوندوننىڭ ھەربىي پاراخوتچىلار كىنوپچىسىدىكى ئاخباراتچىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا توپلىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا چۈشەندۈرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان بولاتتى.

شۇ چاغلاردا، ستەيىننىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىدە قولغا كەلگەن قېزىلمىلار ياۋروپادىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلار خىزمە-تى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ناھايىتى قاتتىق زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇ قېزىلمىلار دۇنيانىڭ ئارقا ھويلىسىدا، بۇندىن ئىلگىرى ھېچكىم بىلە-مەيدىغان، يۈكسەك بەدىئىلىككە ۋە ئەدەبىلىككە ئىگە بۇددىزم مەدەنىيە-تىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىزچىل تۈردە كىشىلەرنىڭ دىق-قەت - ئېتىبارىغا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتقانلىقىنى دەلىل - ئىسپاتلار بى-لەن تەمىنلەيتتى. تا ھازىرغىچىلىك، ئارخېئولوگلار پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارىنى بۇرۇندىن داڭقى چىققان قەدىمكى مىسىر خارابىلىرىنى ۋە ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان ھېلىقى خارابىلەرنى تەتقىق قىلىشقا مەركەز-لەشتۈرگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتا، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈ-رۈش ئېلىپ بېرىش تېخى يېڭى بىر تېما ئىدى. كېيىنكى يىلى ھامبورگدا ئۆتكۈزۈلگەن شەرقشۇناسلارنىڭ 13 - نۆۋەتلىك خەلقئارا يىغىنى بىر ئالاھىدە قارار ماقۇللاپ، ستەيىننىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۇلۇغ ئۇتۇقلىرىنى قۇتلۇقلايدۇ. بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەم ئىلھام، ھەم ئۇنىڭغا قويۇلغان تەلەپ ھېسابلىناتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇنىڭ ھىن-دىستان ھۆكۈمىتىدىن ئىككىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىگە رۇخسەت ۋە خىراجەت ئېلىشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ (روشەنكى، بۇ ئىش-قا خېلىمۇ - خېلى بەسكە سېلىشلار ۋە ئارقىغا سۆرەشلەردىن كېيىن ئان-دىن قوشۇلدى). لېكىن بۇ ئىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پارىژ، بېرلىن ۋە سەن پېتېربۇرگدىكى شەرقشۇناسلارنىڭمۇ بۇ يەرگە كېلىش ھەۋىسىنى قوز-غاپ قويىدۇ. بۇ يەرلەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ ئۆز ھۆكۈمەتلىرىدىن جۇڭگودىكى بۇ يىراق رايونغا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ با-رىدىغان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئەۋەتىشنى بىر مەزگىل جىد-

دى تەلەپ قىلدۇ. چۈنكى ئۇلارغا كېرەكلىك ئەسەرلەر شۇ يەردىن تېپىلاتتى.

ناھايىتى ھەيران قالارلىقى شۇكى، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي ئىككىنچى قېتىم تەكلىماكانغا بارغىنى ياۋروپادىن كەلگەن ئېكسپېدىت-سىيە ئەترىتى بولماستىن. بەلكى يېقىنراق بىر يەردىن كەلگەن بىراق سەپەر ئەترىتى بولۇپ چىقتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر مۇنتىزىم ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بولماستىن، بەلكى بۇددا راھىبلىرىدىن تەركىب تاپقان كىچىككىنە سىرتەشكىللىك كوللېكتىپ ئىدى. بۇلار 1902 - يىلى 8 - ئايدا، ياپونىيىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلدى. لېكىن تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى. ستەين تېپىپ كەلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلار گېر-مانىيىدە ئىنتايىن زور قىزىقىش پەيدا قىلدى. ستەيننىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكى ھەققىي رىقابەتچىلىرى بېرلىندىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇزېيىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇڭلاشقا، ھامبۇرگ يىغىنى ئېچى-لىپ ئىككى ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا پروفېسسور ئالبېرت گرۈنۋېدېل (Albert Grünwedel) باشچىلىقىدىكى گېرمانىيىنىڭ بىر قۇدرەتلىك ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى جۇڭگو تۈركىستانىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار-نىڭ مەقسىتى ئۇ يەرگە بېرىپ تەلەي سىناپ بېقىش ئىدى.

سەككىزىنچى باب

شىدەتلىك تالىشىش جېڭىنىڭ باشلىنىشى

مىلادى 1902 - يىلى گېرمانىيىلىكلەر بىلەن ياپونلۇقلارنىڭ ئەق مەيداندا پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، تەكلىماكان چۆل - جەزىرە قىزىلدۇقلاردىكى قەدىمكى زامان بۇددىزم گۆھەرلىرىنى تالىشىش بويىچە بىر مەيدان خەلقئارالىق جەڭ باشلىنىپ كېتىدۇ. بۇ جەڭ چارەك ئەسىرگىچە داۋاملىشىدۇ، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دۆلەتنىڭ ئارخېئولوگلىرى ئارىلىشىپ قالىدۇ. ئۇلار تالان - تاراج قىلىپ كەتكەن زور مىقداردىكى قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ياۋروپا قىتئەسى، ئامېرىكا قىتئەسى، روسىيە ۋە يىراق شەرقتىكى 30 دىن ئارتۇق مۇزېيغا مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرىغا تارقىلىپ كېتىدۇ. رىقابەت خاراكتېرىنى ئالغان بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى ئاددەتتە ئىشنى سىپايىلىق بىلەن داۋاملاشتۇراتتى (كەم دېگەندە تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتە شۇنداق). ئەمما بەزىدە، قېنى قىزىپ كېتىپ، قىلىچلىرىنى چىقىرىپ ئوقيالىرىنى كېرىشىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولۇپ قالاتتى. بىر قېتىم گېرمانىيىلىكلەر بىلەن روسىيىلىكلەر ئايرىم بىر خارابىلىكنى قېزىشقا كىم ھوقۇقلۇق دېگەن مەسىلىدە تالاش - تارتىش قىلىپ، قوراللىق توقۇنۇش پەيدا قىلىشقا تاس قالىدۇ. شۇ چاغدا كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا ھەتتا قورال كۈچى بىلەن قوغلاپ چىقىرىۋېتىمىز دەپ تەھدىتمۇ سالىدۇ.

ستەيىن بولسا بىزنىڭ ئەگىچە، ئۇلارغا ئاندا - ساندا چاقچاق قىلىپ قويۇش بىلەنلا قانائەتلەنگەن بولۇۋېلىپلا، ئۆز رىقابەتچىلىرىنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىۋالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشىنداق ئۆزگىچە قوللىنىۋاتقانلىقىنى ھەممە خۇسۇسىي خەت ئالاقىلىرىدە پۇرىتىپ قوياتتى.

بىر قېتىم ئۇ بىر دوستىغا يازغان خېتىدە: «گېرمانىيىلىكلەر ھەر دائىم بىر توپ بۆرىدەك ئوخشاش سىرتقا چىقىپ ئوۋ ئوۋلايتتى» دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ ناھايىتى كىچىك بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى (بۇنىڭدا كۆزدە تۇتقىنى قەدىمكى يادىكارلىقلار سانىنىڭ چوڭ - كىچىك-لىكى ئەمەستە) «بىر توپ بۆرە» دەپ ئاتىغانلىقى، روشەنكى كۈلكىلىك قىزىرىق گەپ ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق دېگەنلىكى، گېرمانىيىلىكلەر-نىڭ بۇ يەرلەرگە كەلگەنلىكىگە ئۆچلىكى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتەتتى. چۈنكى ئۇلىنىڭ قارىشىچە، بۇ جايىنى ئۇ بىرىنچى بولۇپ تاپقان بولغان-دىكەن، قائىدە بويىچە بۇ يەرگە قايتىلاپ كېلىشنى بىرقانچە يىلغىچە ئۇنىڭ ئۆزىلا داۋاملاشتۇرغان بولسا ياخشى بولاتتى. ئەمەلىيەتتە خارا-بىلىكلەر ناھايىتى كۆپ بولغان ھەمدە ئارخېئولوگىيە جەھەتتە تېخىچە تەكشۈرۈلمىگەن بۇ كەڭ رايون، بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى سىغدۇ-رۇپ كېتەلەيتتى. ئىش شۇنچىلىك دەرىجىدە ئايدىڭكى، دۈشمەنلىك قاراشتا تىرىشىۋاتقان ئاشۇ گۇرۇپپىلار نۇرغۇن ۋاقىتنى بىر - بىرىدىن پەخەس بولۇشقا سەرپ قىلىشىپتۇ.

مىلادى 1902 - يىلىدىن 1914 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، جۇڭگو تۈركىستانىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغىنى گېرمانىيە ئۇيۇشتۇرغان تۆت قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىنىڭ بىرىنچى قېتىملىقىغا قاتناشقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ ياۋروپالىقنىڭ ھەممىسى بېرلىن ئىنسا-نىيەت مەدەنىيىتى مۇزېيىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئىدى. بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى، ئەترەت باشلىقى پروفېسسور ئالبېرت گرۈنۋېدېل (مۇزېينىڭ ھىندىستاندىكى شۆبىسىنىڭ باشلىقى، ئۇ يەنە بۇددىزم سەنئىتى توغرىسىدا داڭلىق بىر ئەسەر يازغان). ئۇنىڭ ياردەمچىسى، ئەترەتنىڭ ئىككىنچى مەسئۇلى دوكتۇر گېئورگى ھۇت(Dr·Ceorge Huth) ئۇمۇ بىر سەنئەت تارىخشۇناسى (ئۇ ئاساسلىقى ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا تولىمۇ چارچاپ كەتكەنلىكتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ). يەنە بىرى، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، يەم - پاراسەتلىك تېئودور بارتۇس (Theo dor Bartus)

بولۇپ، ئۇ مۇزېيدا پارچە - پۇرات ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، تۆت قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىنىڭ ھەممىسىگە ئىزچىل قاتناشتى.

مۇزېينىڭ ھىندىستان شۆبىسىدىكى گرۇنۋېدېل ۋە ئۇنىڭ ئىشداشلىرى بۇرۇنقى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگو تۈركىستانىدا ئىزچىل تۈردە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچى توغرىسىدا قايتا-قايتا ئويلانغانىدى. ئۇلار خۇددى ستەيىنگە ئوخشاش، بۇ رايوندىن تېپىلغان يىپ ئۇچىغا قاراپ، بۇ يەر كلاسسىك گرېك سەنئىتى بىلەن ئاسىيا بۇددىزم سەنئىتىنىڭ قەدىمكى زامانىدىكى قوشۇلۇش نۇقتىسى بولسا كېرەك دېگەننى پەملىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئۇ يەرلەردە ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان خەۋپ - خەتەر ۋە قىيىنچىلىقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، ئۇ يەرگە بېرىشتا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. كېيىنچە ئۇلار قەيسەر سۋېن ھېدىننىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ھەمدە ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە توغرىسىدا كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. يەنە كېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ستەيىنگىمۇ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆپلەپ ئېلىپ كەلگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپىدۇ. گېرمانىيىلىكلەر شۇ چاغدا ئاندىن ئۆزلىرىنىڭمۇ غەلىتە نەرسىلەرنى ئوۋلايدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى قارارلاشتۇردى.

ئۇلار يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يولىدىكى تۇرپان ئەتراپلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ نىشانى قىلىپ تاللايدۇ. تەخمىنەن 50 يىل بۇرۇن، روسىيىنىڭ ئالىم ئەھلى كرېيمىس ئۇ يەرلەرنى زىيارەت قىلغان ھەمدە نۇرغۇن تام رەسىملىرىنى، قول يازمىلارنى ۋە ئويما مەتبەئە يېزىقلىرىنى ئېلىپ سىن پېتربۇرگقا قايتىپ كەلگەن. شۇنداقلا ئۇ يەرلەردە كەم دېگەندە 130 يەردىكى بۇددا غارلىرىدا ناھايىتى ئوبدان ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن تام سۈرەتلىرىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. گېرمانىيە-

لىكلەر ستەينگە ئوخشىمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى ئاساسەن بىر مەيدان قىمار دەپ قارايتتى. ئۇلار ئەگەر كىرەيمىسىنىڭ سۆزى ئىشەنچلىك بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا تۇرپان ئەتراپىدىكى يەرلەردىن زور مىقداردىكى قىممەتلىك گۆھەرلەرنى تاپقىلى بولىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، ئۇلار بارماقچى بولۇۋاتقان يەرلەرگە يېقىنلىشىش ستەين بارغان جەنۇبىي يولدىكى ئاشۇ يىراق خارابىلىكلەرگە يېقىنلىشىشقا قارىغاندا تولىمۇ ئاسان توختايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ يەردىكى گۆھەر ئىزدىگۈچىلەرنىڭ بۇ خارابىلىكلەرگە كەلتۈرگەن بۇزغۇنچىلىقى بىر قەدەر ئاز، ھەمدە ئۇ خارابىلىكلەر ئانچە كۆپ قېزىلمىغانىدى.

تۇرپان شەھىرى روزەنكە يېقىن يەردىكى ئىنتايىن مەخپىي بىر ئورۇننىڭ شىمالىدىكى 150 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. ئۇ يەرلەردە جۇڭگو ئۆزىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد يادرو قورالىنى سىناق قىلغان. ئۇ يەر ناھايىتى مۇنبەت بىر بوستانلىق بولۇپ، تەخمىنەن 6 مىڭ كۋادرات ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان غايەت زور تەبىئىي ئويمانلىقنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ. جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا بۇ يەر شارىدىكى قۇرۇقلۇقلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئويمان يەر ئىكەن. شەھەرنى يەر تەۋرەشتە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ كەتكەن ئۇششاق تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ: ئۇ تاغلار ھېچقانداق شاياتلىق يوق، ھېچنەرسە ئۈنمەيدىغان بىر قۇملۇقتىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدە يىل بويى قار-مۇز قاپلاپ تۇرىدىغان بوغدا تېغى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ تاغ باۋروپادىكى ھەر قانداق بىر جايدىن ئېگىز بولۇپ، تەڭرى تېغىنىڭ ئەڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغ تىزمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەنگلىيىلىك ساياھەتچى دىمىر ئېيرلىك تەيكمەن مىلادى 1935 - يىلى قىشتا قاقاس، زېرىكىشلىك ئەمما كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان بۇ يەرلەردىن ئۆتكەن چېغىدا ئامېرىكىنىڭ كولورادو دېگەن يېرىدىكى چوڭ سايلىقتا كۆرگەن مەنزىرە ئېسىگە كېلىدۇ. بۇ يەر شۇنچىلىك سوغۇق ئىدىكى،

ۋىنىڭ ساياھەت ئۆمىكى ھەر كۈنى ئەتىگەندە يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئە-
ئاۋۋال ماشىنا ماتورىنىڭ ئاستىغا ئوت قالاپ ئۇنى قىزىتىۋالمىسا، ماشىنى-
نى ھەيدىگىلى بولمايتتىكەن. ئۇ بۇنىڭ ھەققىدە ئىنتايىن خەتەرلىك بىر
چارە ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئاشۇنداق بىر يەردە بۇنىڭ ناھايىتى ئادەتتىكى-
لا بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ
ئەكسىچە، ياز كۈنلىرى بۇ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى دائىم دېگۈدەك فا-
رېنھېيت 130 گرادۇسقا چىقىپ، كىشىلەرنى مەخسۇس مۇشۇنىڭ ئۈچۈن
كولانغان يەر ئاستى ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. جۇڭگو
تۈركىستاندىن ئىمارەت بۇ قۇۋۇۋەتسىز، يامغۇر ياغمايدىغان يەردە، ھە
دىسىلا بوستانلىق مەھەللىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. يىپەك يولىنىڭ
ئومۇمىيۈزلۈك رونىق تاپقان مەزگىلىدە، بۇ يەرنىڭ ھاراق، قوغۇن- تىلۋۇز
ۋە ھۆل ئۈزۈملىرى چاڭئەندىكى پادىشاھ ئوردىسىغا ئابىغى ئۈزۈلمەي
توشۇلۇپ تۇراتتى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇنداق بىاياشاتلىق-
نىڭ سىرى ئەڭ دەسلەپتە پىرسىيىنىڭ ئەپچىل چارىسىنى ئەينەك قى-
لىش ئارقىلىق قۇرۇپ چىقىلغان سۇغىرىش سىستېمىسىدا ئىدى. بۇنىڭدا
كىشىلەر ناھايىتى چوڭقۇر قېزىلغان يەر ئاستى يولى ئارقىلىق شىمالىي
تەرەپتىكى تاغلاردىن قار سۈيىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇنى سۇ بولمىسا ھا-
يات كەچۈرگىلى بولمايدىغان ئاشۇ مەھەللىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرەتتى.

مىلدرېد كەيبول ۋە فرانسىسكا فرەنچ ئىسىملىك بۇ ئىككى ئىنپېر-
جاتۇر پاستىر XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن 30 - يىللىرىغىچە مۇشۇ
رايوندا بىر قانچە ئاي تۇرغان بولۇپ، ئۇلار يازغان «چۆل - جەزىرىدى-
كى قۇملۇق» دېگەن كىتابىدا بۇ بوستانلىقنى مۇنداق دەپ جانلىق سۈ-
رەتلەپ بېرىدۇ: ... تۇرپان خۇددى چۆل - جەزىرە ئىچىدىكى يېشىل
ئارالغا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىنى دېڭىز سۇلىرى ئەمەس بەلكى قۇم-
لۇقلار ئوراپ تۇراتتى؛ قىزىپ چاقناپ كەتكەن قۇملۇق بىلەن مۇنبەت
تېرىلغۇلار ئارىسىدىكى چەت - چېگرا خۇددى دېڭىز بويى بىلەن دېڭىز-
ئوكيان ئارىسىدىكىدەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مۇنبەتلىك دە-
رىجىسى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ساياھەتچىلەر چاقناپ كەتكەن

چۆللۈكتىن چىقىپ گۈللەپ-ياشنىغان تۇرپان بوستانلىقىغا قەدەم تەشىدا، خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالاتتى». بىراق بىر قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان، تۇرپان تەۋەسىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ھەممىسىلا ئاشۇنداق ياخشى بولۇپ كەلگەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى سانى دېگەنلىرى قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتكەن. گېرمانىيىلىكلەر 1902 - يىلىدىن 1914 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، تارقاق ھالەتتىكى بۇزخارابىلەر ئىچىدىن ناھايىتى نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ چىقىدۇ؛ كېيىن ئۇرۇش پارتلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قېزىش خىزمىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

گرۈنۋېدېل رەھبەرلىك قىلغان بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بېرلىندىن ئايرىلغان بىر يىل ئىچىدە، ئىزدىنىش ۋە قېزىشقا سەرپ قىلغان ۋاقتى بەش ئايغا يەتمەيدۇ. قالغان ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ - كېلىدىغان يولغا سەرپ قىلىدۇ. ئاساسلىقى ھەربىي قورال ياراق سودىگىرى فېترى كىلۇبېرنىڭ دەبلەغ جەھەتتىكى ياردىمىگە ئېرىشكەن بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قەدىمى يادىكارلىقلار بۇلاڭچىلىقى ئاساسي جەھەتتىن قېدىرىپ تەكشۈرۈش خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، گرۈنۋېدېلنىڭ بۇ قېتىمقى نەتىجىسىنى (46 ساندۇق) نى كېيىنكى ئۈچ قېتىمدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىگە سېلىشتۇرغاندا ھەرگىزمۇ بەك چوڭ دېگىلى بولمايتتى. ئەمما ئۇ گېرمانىيىدىكى ئاسىياشۇناسلار ئارىسىدا ئىنتايىن زور تەسىر قوزغايدۇ، ھەتتا گېرمانىيە پادىشاھىنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغايدۇ. ئۇ قولغا چۈشۈرگەن قىبزىملار بۇددىزىم تام سۈرەتلىرى، قول يازمىلىرى ۋە ھەيكەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىنىڭ غەلىبىسى ۋاقتى تېخىمۇ ئۇزۇن، قارانىيىتى تېخىمۇ چوڭ بولغان يەنە بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە لايىھىسىنى پىلانلاشنى مەقسەت قىلغان بىر كومىتېتنىڭ تەشكىللىنىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ناھايىتى كۆپ راسخوت تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭغا فېترى كىلۇبېر بىلەن گېرمانىيە پادىشاھىمۇ ئۆز نامىدىن ئىئانە بېرىدۇ. گىشورگى ھۆتىنىڭ يېرىم

يولدا ئۆلۈپ قېلىشى ۋە كىرونشۇ بەدىلىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بو-
ماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئۆتكۈنچى ياسىغۇچىتا رەھبەرلىك قىلىدىغان باشقا
بىر ئادەمنى ئىدىئالاشقا توغرا كېلىدۇ. ھېلىقى كوممۇنىست ئالبېرت فون
لېكوكنىڭ بۇنىڭغا تاللىنىۋالىدۇ. بۇ ئادەم مەيلى قايسى جەھەتتىنلا بول-
مىسۇن سۋېن ھېدىنغا ياكى ستەيىنگە ئوخشاش كارامەت يارامىلىق،
شۇلارغا ئوخشاش قەتئىي ئىرادىلىك بىر ئادەم ئىدى.

فون لېكوك مىلادى 1860 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بېر-
لىندا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ ھالقىلىق ھاراق سودىگىرى، ھوگېنو مەزھىپىدى-
كى بىر دىنىي ئېقىمنىڭ ئوغلى ئىدى. ئادەتتە كىشىلەر ئۇنى كەلگۈسىدە دادى-
سىنىڭ ئىزىدىنى باسىدۇ دەپ قارايتتى. ئەمما ئۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا
گېرمانىيىدىكى مۇسىبەت خەۋەر يازغۇچىلىرى «مەنئىي قىلىنغان ئىتتىپاق»
دەپ ئاتىغان بىر تەشكىلاتقا ئارىلىشىپ قالىدۇ. كېيىن «جىنايىتى يېپىلىك»
بىگەن گەپ بىلەن مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىنىدۇ. مەيلى ئۇنىڭ جىنايىتى-
نىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ بەربىر مەكتەپتىن قوغلىنىدۇ. ئۇنىڭ
ئەنگلىيىدىكى بىرھۆكۈمەت مەكتىپىدە تەربىيە كۆرگەن دادىسى بۇنىڭدىن
قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، كېيىن قانداق بولغانلىقى بىزگە ئانچە ئېنىق
ئەمەس. ئۇنىڭ مۇسىبەت خەۋەر يازغۇچىسىغا بۇ ئىش توغرىسىدا ناھا-
يىتى ئېھتىيات بىلەن ئازغىنە بىر نەرسە دەپ ئۆتۈپ كېتىپ تاكى ئۇ
21 ياشقا كىرگەندە ئاندىن ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى كەچۈرمىشلىرىنى يې-
زىپاشتىن تىلغا ئالىدۇ. بىراق بۇ چاغدا ئۇنىڭ دادىسى بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كېلىپ بولغاندەك قىلاتتى، چۈنكى دادىسى ئۇنى
ئائىلە سودىسى ھەققىدە تەربىيە كۆرسۇن ئۈچۈن لوندونغا، كەينىدىن
يەنە ئامېرىكىغا ئەۋەتىدۇ. ئامېرىكىدا ئۆگىنىۋاتقان مەزگىلدە ئۇ يەنە
تىبابەتچىلىك ئىلمىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ خىل ئىلىمنىڭ ئۇنىڭغا
پايدىسى بولغانلىقى، كېيىنكى چاغلاردا كۆپ قېتىم ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇ
27 ياشقا كىرگەندە گېرمانىيىگە قايتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بوۋىسى گېرمانى-
يىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دارمىستات شەھىرىدە تەسىس قىلغان ھاراق
سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان لېكوك شىركىتىگە قاتنىشىدۇ، ئەمما

ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇ يەردە ئىدى. 13 يىلدىن كېيىن ئۇ بۇ شىركەتتىن
سېتىۋېتىپ بېرلىنغا يەنە كۆچۈپ كەلدى. ئۇ ئۇ يەردىكى شەرق
تىلى مەكتىپىدە شەرق تىلى جۈملىدىن ئەرەب تىلى، تۈرك تىلى ۋە
پارس تىلى ئۆگەندى، ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئىلىم ئەھلى بىسمچېرلىدىن
مانىسكرىپت بېزىشنى ئۆگەندى. ئۇ 42 ياشقا كىرگەندە يەنى مىلادى
1902 - يىلى بېرلىن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇزېيى ھىندىستان شۆ-
بىسىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتى. دەسلەپتە ئۇ ھەق ئالمايدىغان پىدائى-
لار قاتارىدا ئىشلەيدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا گرۈنۋېدېل بېشچىلىكىدىكى
گېرمانىيىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى جۇڭگونىڭ
ئوتتۇرا ئاسىياسىغا بارىدىغان سەپەرگە ئاتلانغانىدى.

ئىككى يىلدىن كېيىن، نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلدى. ئۇنىڭ ئېكىسپې-
دىتسىيە ئەترىتى ئۇنىڭ ئۆزىنى ۋە سىئودورو باتاسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
بولۇپ، ئۇلار 1904 - يىلى 9 - ئايدا بېرلىندىن ئايرىلىپ، سىبىرىيە-
دىن ئۆتۈشتە زۆرۈر بولغان ھۆكۈمەت پاسپورتىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئال-
دى بىلەن سىن پېتېربورگنى زىيارەت قىلدى، شۇنداقلا روسىيە پەنلەر
ئاكادېمىيىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشنىمۇ ئېلىپ
ئېلىپ باردى. ئۇزاق ئۆتمەي روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىمۇ ئۆزىنىڭ
ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتىنى بۇ رايونغا ئەۋەتتى. خونلېكوك سىبىرىيىنى كېسىپ
ئۆتىدىغان چوڭ تۆمۈر يولنىڭ تېز پويىزىغا ئولتۇرۇپ ئومسكقا
بېرىپ، ئۇ يەردىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ئېرتىش دەرياسىنى بويلاپ شىمبارادى-
نىسكى شەھىرىگە بېرىشنى، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت چاقلىق چوڭ ئات ھارۋىغا
ئولتۇرۇپ باكتاي چېگرا پونكىتىغا بېرىشنى، ئۇ يەردىن داۋاملىق ئۈرۈم-
چىگە قاراپ مېڭىپ ئاخىرىدا تۇرپانغا يېتىپ بېرىشنى پىلانلايدۇ. ئەمما
ئۇلار موسكۋادا ئېغىر قىيىنچىلىققا يولۇقىدۇ. چۈنكى ئۇ يەردىكى ۋوك-
زال باشلىقى ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ئېغىر
(ئېغىرلىقى بەلگىلىمىدىن بىر توننا ئېشىپ كەتكەن)لىقىنى كۆرۈپ، بۇ-
نىڭ ئۈچۈن شىگلى ۋاگوندىن يەنە بىرنى چاتمىساق بولمايدۇ، دەپ
تۇرۇۋالدى. «جۇڭگو تۈركىستانىدا كۆمۈلۈپ ياتقان گۆھەرلەر» دېگەن

كىتابىتا مىرفون لەكوك بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى ناھايىتى قىزىق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى مېنىڭ روسىيىلىك بىلەن كېڭەشكىدەك ۋاقتىم يوق ئىدى... مەن 50 روبلىلىق قەغەز پۇلنى كەينىمگە قىلىپ تۇرغان قولۇمغا قىستۇرۇپ، ئۇنى بىزگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋاتقان كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا يۇقىرى - تۆۋەن قىلىپ ئۈچ - تۆت قېتىم يېنىك مىدىراتتىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ پۇل يوقاپ كەتتى. شۇنىڭ ئارقىدىنلا بۇ ۋوكزال باشلىقى «بولدى، بولدى. مەن چارىسىنى قىلاي» دېدى،ئۇ راستىنلا چارىسىنى قىلدى.»

ئۇلار ياپونىيە - روسىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان روسىيىلىك ئەمەلدارلار (بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلدار دېيىشكە توشىدىغانلىرىدىن پەقەت بىر قانچىسىلا بار ئىدى) لىق - لىق قاچىلانغان پويىزدا بەش كۈن قىسىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئومسكقا يېتىپ كېلىدۇ. ئېرتىش دەرياسىدا قاتنايدىغان پاراخوت ئۇلارنى شىمارادېنسكقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ يەردە ئۇلار چوڭ تېپىمكى تۆت چاقلىق ئات ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، كىشىنى زېرىكتۈرۈۋېتىدىغان سېبىرىيىدىن ئۆتۈپ جۇڭگو چېگرىسىغا كېلىدۇ. ئۇلار جۇڭگو زېمىنىدىكى بىرىنچى توختايدىغان جاي — چوقۇرچاق (Chuguchak) قا يېتىپ كەلگەندە، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق روسىيە كونسۇلى ئۇلارنى بۇ يەردە ئىچكى ئۇرۇش شىددەتلىك داۋام قىلىۋاتىدۇ، يېزىلارغا بېرىش ناھايىتى خەتەرلىك، دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇ چاغدا فون لېكوك 12 مىڭ ئالتۇن روبلىنى ئېلىپ ئۈرۈمچى (ئۇ چاغدا جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ مەركىزى ئىدى) گە ماڭغان بولۇپ، تاسادىپىي ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇ بۇ باسقۇچتىكى يولدا قولغا مىلتىق ئېلىپ، روبلىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ماڭىدۇ. ئۈرۈمچى سېسىق نامى پۇر كەتكەن، ناھايىتى پاسكىنا ۋە ۋەيرانە بىر شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇ ئادەملەر قوراي ئورغاندەك قىرىلىپ تۈگىگەن، ھەممىلا يەر قانلىق داغلار بىلەن تولغان بىر جاي ئىدى. شۇڭا ياۋروپالىق ساياھەتچىلەردىن ئۇ توغرىدا بىرەر ئېغىز ياخشى گەپ قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز

گەندى. ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ كۆرگەن ئەمەلدارلىرىڭ كەيپىچول بىلەن فرانسىسكا فرېنچ ئۇلىنىڭ «تاتىرىپ كەتكەن ياردالڭ چىراي ئادەملىرى»نى ۋە ئۇلىنىڭ «پاسكىنا كوچىلىرىنى... تىپىك ئىمارات شەھەر تۇرمۇشىنى» ئەسلەپ كېلىپ، بىز ئۇ يەردە تۇرغان چاغلاردا ئۇ يەر مەخپىي ساقچىلار بىلەن تولۇپ كېتىپتىكەن، دەيدۇ. ئۇلار «چۆل-جەزىرىدىكى قىزىللىق» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ يەردە بىر پارچە مەخپىي دوكلات ھەمىشە خېلى پۇلغا يارايدىكەن: بىر ساقچىنىڭ ئۆسۈش - ئۆسمەسلىكى يەنە كېلىپ ئۇ تەمىنلىگەن پۇلنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە باغلىق ئىكەن. شۇڭا ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ قوشنىسىغا ئىشىنىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەن.» ئۇلار سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۈرۈمچىدە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەن، بۇ شەھەردىن كېتىشنى خالىمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەن. بۇ يەردىن كېتىشنى خالايدىغان ئەمما كېتەلمەيۋاتقان ئادەملەر پەقەت ئۇلارنىڭ كېتىشىگە يول قويمىغانلىقتىنلا، ئۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇۋېرىشكە مەجبۇر بولىدىكەن...»

ئۈرۈمچى دېگەن بۇ جاينىڭ مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشتا ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش ئەنئەنىۋى ئادىتى بار ئىدى. پېتېر فلېمىڭ(Peter Fleming)-نىڭ «تاتارلاردىن كەلگەن يېڭى خەۋەر» دېگەن ماقالىسىدە بۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ ۋە مىسال كەلتۈرۈپ: «زىياپەت ئۈستىدىكى ئۆلۈم نىسبىتى كىشىنى چۆچۈتىدۇ.» دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزى يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىشنى ئەمەس، بەلكى 12 يىل ئىچىدە ئۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن سېسىق نامى جاھانغا پۇر كەتكەن ئىككى قېتىملىق كاتتا زىياپەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى قېتىملىق زىياپەتنى ئىقتىدارلىق، زېرەك ئەمما مۇستەبىت ئىستىبدات يەرلىك ئەمەلدار ياڭ زېڭشىن گېنېرال ئۆزى بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزى قاتنىشىدۇ. 1 - قېتىملىق زىياپەت 1916 - يىلى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنى ئاغدۇرۇۋېتىش قەستىدە يۈرگەن ئادەم دەپ قارىغانلارنىڭ ھەممىسىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىدۇ. مېھمانلار ھاراق - شاراب ئىچىشىپ، كەيپ بولغان چاغدا، ياڭ

زېڭشىننىڭ سىرتتىكى مۇزىكا ئەترىتىنىڭ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئۆزىنىڭ جاللاتلىرىنى سورۇنغا باشلاپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىنى سىرتقا ئاچىقىپ بىر - بىرلەپ كاللىسىنى ئالغۇزىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا داۋاملىق يەپ - ئىچىۋېرىدۇ. 2 - قېتىملىق زىياپەت 1928 - يىلى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ قېتىم نۆۋەت گېنېرالنىڭ ئۆزىگە ۋە باشقا ئەمەلدارلارغا كېلىپ قالىدۇ. ئۇلار دەل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلى بىلەن ئۆز ئارا قەدەھ سوقۇشتۇرۇۋاتقاندا، يامغۇردەك ياغقان بىردەملىك ئوقتا ئۆلىدۇ. ھېلىقى سوۋېتلىك كىشى بىلەن ئۇنىڭ رەپىقىسى دەرھال تەرەتخانىغا قېچىپ كىرىۋېلىپ، بۇ بالا - قازادىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

جىڭگو ئەمەلدارلىرى كېرامىسىملىكلەر ئۈچۈن گەرچە 86 خىل سەيلىك زىياپەت ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ (ھېلىمۇ ياخشى ھەممە ئادەم ئامان - ئېسەن قالدى)، لېكىن ئۇلار باشقا كۆپ ساندىكى ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش، ئۈرۈمچىنىڭ ھەممە نەرسىلىرىدىن ھامان ئەنسىزلىك ھېس قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ھەممىدىن بۇرۇن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋەقەنىڭ بىرى، شەھەرنىڭ ئاساسلىق كوچىسىدا بىر ئادەمگە ئىنتايىن ۋەھشى ئۇسۇل بىلەن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتاتتى. قۇربان بولغۇچى بۇ كىشى ئالاھىدە ياسالغان بىر ياغاچ قەپەزگە سولانغان بولۇپ، ئۇنىڭ بېشى قەپەز قاپقىقىنىڭ سىرتىدا ناھايىتى چىڭ قىسىقلىق تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان ياغاچ تاختايغا تىرەلگەنىدى. بۇنداق جازاغا تارتىلغان ئادەم تەخمىنەن 8 - كۈنىگە بارغاندا، ئاخىرى بويىنى سوزۇلۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆلىدىكەن. فون لېكوك قەپەز ئىچىدىكى ئۆلەي دەپ قالغان ئادەمنى رەسىمگە تارتىۋېلىپ، «جىڭگو تۈركىستاندا كۆمۈلۈپ ياتقان گۆھەرلەر» دېگەن كىتابىغا بېسىپ چىقىرىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «ھارۋىلار بۇ ياۋايى قورۇلما يېنىدىن ئادەتتىكىدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.» ھېلىقى رەسىمدىن يەنە ياغاچ قەپەزنىڭ يېنىدا مېۋە - چېۋە ساتىدىغان، قوغۇن - تاۋۇز ساتىدىغان ئادەملەرنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ سەك-

راتقا چۈشۈپ قېلىۋاتقان ھېلىقى ئادەمنىڭ داد - پەريادىغا قىلچىمۇ ھىممەت قىلماي تۇرغانلىقىنى» كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. فون لېكوك مۇنداق يازىدۇ: «بۇ خىل ئەھۋال مەندە ئىنتايىن كۆڭۈلسىز بىر تەسىراتنى قالدۇردى.» بۇ ئىككى گېرمانىيىلىك شۇ يەردىكى روسسىيە كونسۇلىنىڭ قىلمىقلىرىدىنمۇ چۆچۈپ كېتىدۇ. بۇ كونسۇل ھەمىشە خادىك ھارۋىدا ناھايىتى كۆرەڭلەپ كېدىيىپ ئولتۇرغان پېتى كو-چىدىن ئۆتىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە 40 نەپەر ئاتلىق كازاكلار ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدە مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭىدىكەن. ئۇلارنىڭ قامچىلىرى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرمەي قالغان كىشىلەرنىڭ باش - كۆزلىر-رىگە تېگىدىكەن. فون لېكوك مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بۇ كونسۇلغا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئۇ مۇشۇنداق ئادەمگە مۇئامىلە قىلىشتا پەقەت مۇشۇ ئۇسۇلنىلا قوللىنىش مۇمكىن دەپ گەپ ئېيتقۇزۇپ بېرىدۇ.

بۇ ئىككى گېرمانىيىلىك ئۆزىنىڭ تۇرپانغا قىلىدىغان سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار جۇڭگو تۈركىستانىدا يەنە 100 ئىنگلىز مىلى يول مېڭىپ ئاندىن ئۇيەرگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇلار ئۇيەردە ھاشارەتلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزىدىغان زېرىكەرلىك تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇيەردە پاشا، بۈرگە، كۆمۈتا، سېرىق ئېشەك ۋە پىتتىن باشقا يەنە كىشىنى تولىمۇ بىزار قىلىدىغان ئىككى خىل ئۆمۈچۈك بار ئىكەن. بۇيەردە يەنە چوڭلۇقى كەپتەر تۇخۇمىدەك كېلىدىغان، سەكرىيەلەيدىغان بىر خىل ھاشارات بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستۇنكى ۋە تۆۋەنكى تاڭلايلىرى «شار، شار» قىلىپ ئاۋاز چىقىرالايدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇ خىل ھاشاراتنىڭ زەھىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن. بۇنىڭدىن كىچىكرەك كەلگەن، قارا رەڭلىك، تۈك-لۈك يەنە بىر خىلىمۇ بار بولۇپ، ئۇ يەر تۆشۈكلىرىدە ياشايدىكەن. ئاۋادا ئۇلار چېقىۋالىدىغان بولسا، ئادەم ئۆلمىگەن ھالەتتىمۇ، ئىنتايىن خەتەر-لىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭدىن بەك قورقى-دىكەن، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىككى گېرمانىيىلىكنى تۇرپاننىڭ يوغان - يوغان مېۋىلىرى ھەممىدىن بەك بىزار قىلىۋېتىدۇ. فون لېكوك مۇنداق يازىدۇ: «ئەتىگىنى ئويقۇدىن ئويغانغان چېغىمىزدا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئادەمنىڭ

بۇرنىنىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇۋېلىپ، بوغان ئىككى كۆزلىرى ئادەمگە قاتتىق تىكىپ تۇرىدىغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەنىدى. بۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەندە، ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ، ھۆ بولغۇسى كېلەتتى. بىز ھەر دائىم قورقۇپ قېچىشقا تەمشىلىۋاتقان ھاشارەتلەرنى تۇتۇۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى يەنچىپ تاشلايتتۇق. بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن ئىنتايىن سېسىق بىر خىل پۇراق تارقىلاتتى. دەل مۇشۇنداق بىر چاغدا، ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان كۈتۈلمىگەن بىر ئىش ئۇلارنى بۇ مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى. ئۇ بولسىمۇ، بۇ چاغدا باتاس توساتتىنلا قىزغىن قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولۇپ قالدى. ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق: ئالدىنقى بىر يىلى ئۇ كرونۇدېلىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىلەن بىللە بۇ يەرگە كەلگەن ۋاقتىدا، دەسلەپتە شۇ يەرلىك ئادەملەر بۇ ئىككى گېرمانىيىلىكنى ئۆزلىرىنى بىزار قىلغان روسىيەلىكلەر بولسا كېرەك دەپ خاتا تونۇپ قالىدۇ. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، شۇ يەرلىك كىشىلەر باتاسنى پەقەت ئېسىدىن چىقارمايدۇ. ئەمما دەل مۇشۇ چاغدا، بەستلىك كەلگەن بىر ئۇيغۇر قاساپ باتاسنى تونۇۋالىدۇ - دە، شۇ ھامان «باتۇر، باتۇر» (باتاسنى دېمەكچى) دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاھاڭىغا يېقىن كېلىدىغان ئاۋازدا توۋلايدۇ.

مىلادى 1904 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، بىز ئىككەيلەن قاراغوجىغا يېتىپ كېلىدۇق. بۇ تۇرپاننىڭ شەرقىدىكى قۇملۇق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، لايدىن ياسالغان قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە بىر ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ قېزىش بىلەن شۇغۇللانماقچى بولىدۇ. ئۇلار بۇ يەرنى ئەسلىدە ناھايىتى كۆپ ھوسۇل بېرىشى مۇمكىن دەپ مۆلچەرلىگەنىدى، ئەمما ئۇلار يېتىپ بارغان بىرىنچى كۈنىلا بۇ يەردىن ئانچە چوڭ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغانلىقىنى سېزىدۇ. چۈنكى شۇ يەرلىك دېھقانلار بۇ خارابىلىكنىڭ مۇنبەت تۇپراقلىرىغا زىرائەت تېرىش مەقسىتىدە بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى تۈزلەپ يەر ئېچىۋالغانىدى. ئۇلار يەنە بۇتخانىلاردىكى تام سۈرەتلىرىنىڭ ئۈستىدىكى بوياقلارنىڭ ئوبدان ئوغۇت بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، تام

سۈرەتلىرى سىزىلغان قىرغۇلۇشلارنىمۇ بۇزۇۋەتكەن ئىدى. ناھايىتى ئۇزۇن قەدىمكى، كونا تەزۇرۇك - ئىملارنى ۋە باشقا ياغاچ ماتېرىياللارنى ئەكەتتىمىپ، قىرغۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنغان ياكى يېقىلغۇ ئورنىدا كۆيدۈرۈۋەتكەنىدى. ئوغۇت ئىزدەپ بۇزگەن كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۈچرىماي قالغان ئادەم ۋە ھايۋانلار سىزىلغان تام سۈرەتلىرىدە ئۇلارنىڭ كۆزى ۋە ئاغزى ئويۇپ ئېلىۋېتىلگەنىدى. فون لېكوك مۇنداق يازىدۇ: «بۇ يەردىكى كىشىلەر، رەسىمدىكى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ھېچبولمىغاندا كۆزىنى ۋە ئاغزىنى ئويۇپ ئېلىۋېتىش كېرەك. بولمىسا ئۇلار كېچىسى تىرىلىپ، ئۆز ئورنىدىن پەسكە چۈشۈپ، ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنى شۇنداقلا زىرائەتلەرنى خىلمۇ - خىل زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىدۇ، دېگەن سۆزگە يەنىلا ئىشىنىدىكەن.» گرۈنۋېدېل ئالدىنقى قېتىم ئۇ يەرگە بارغاندىن تارتىپ بۇ قېتىم ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئاشۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۇ يەردە يەنە نۇرغۇن يېڭى بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ بولغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

بىراق، دەسلەپتىكىگە ئوخشاش ئۇنداق ئۈمىدسىزلىك ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ. چۈنكى دېھقانلار ئۇلارنى غايەت چوڭ توپا دۆۋىسىگە ئايلانغان ئۆلۈك شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا باشلاپ ئاپىرىپ، ئامان - ئېسەن ساقلىنىپ قالغان، ئۆزلىرى تېخى يېقىندىلا قېزىپ چىقارغان ئالتە ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى بىر تام سۈرىتىنى ئۇلارغا كۆرسىتىدۇ. بۇ تام سۈرىتىگە ئاساسلىقى، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، بېشىنى نۇر ھالقىسى ئوراپ تۇرغان ئەر بۇت سىزىلغانىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئەر - ئايال راھىبلار ۋە نەۋكەرلەر ئوراپ تۇرغانىكەن. مانا بۇ ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى يىراق سەپىرىنىڭ دەسلەپتىلا ياخشىلىققا تارتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. چۈنكى تام سۈرىتىدە سىزىلغىنى مانى دىنىنىڭ كەشپىياتچىسى مانىنىڭ سۈرىتى ئىكەنلىكىنى ئاساسەن مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولاتتى. ئەگەر شۇنداق بولسىلا، ئۇ ئەزەلدىن تېپىلماي كەلگەن سىرلىق شەخسنىڭ بىرىنچى رەسىمى بولۇپ قالاتتى. فون لېكوك ئۆلۈشتىن تۆت يىل بۇرۇن، يەنى 1926 - يىلى ئۇ ئۆز ئەتراپىدا تۇرغان، ئۆزى، گرۈنۋېدېل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋە ئاتاس يەپەك يولىدىن ئېلىپ كەلگەن، كۆركەملا كىشى ئاپىرىن ئوقۇيدىغان ئاشۇ سەنئەت گۆھەرلىرى توغرىسىدا يازغان ماقالىسىدە ئۆز ھېلىقى 9 - ئەسىرنىڭ تام سۈرىتىنى ئۇلار قولغا چۈشۈرگەن نەرسىلەر ئىچىدىكى ئەڭ - ئەڭ مۇھىم بىر نەرسە دەپ ھېسابلايدۇ.

كېيىنچە تېپىلغان نەرسىلەردىن قارىغاندا، تەخمىنەن 8 - ئەسىر-نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قارا غوجا (ئۇنىڭ كونا ئىسمى گاۋچاڭ)دا مانى دىنى گۈللەپ - ياشنىغانىكەن. تاخشىنى مەنئىي قىلىدىغان بۇ ئاجايىپ غەلىتە دىننى مانى تەخمىنەن 3 - ئەسىردىن بۇرۇن پېرسىيەدە كەشپ قىل-غان بولۇپ، ئۇنىڭ غەيرىي ئەقىدىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىدىيىسى، ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان دىنىي مۇخلىسلارنىڭ، جۈملىدىن خىرىستىيان دىنىي مۇخلىسلىرىنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە ئوتقا چوقۇنغۇچىلارنىڭ كۈچ-لۈك قارشىلىقىنى قوزغايدۇ. كېيىنچە، ئوتقا چوقۇنغۇچىلار بىلەن بول-غان بىر قېتىملىق مۇنازىرىدە مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، يات دىن مۇخلىسى سۈپىتىدە كرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ خىل ئېتىقاد ئوت-تۇرا شەرق ۋە بالقان تەرەپلەردە ئىنتايىن ياۋايىلارچە قىلىنغان زىيان-كەشلىككە ئۇچرايدۇ ۋە تەدرىجىي يوقىلىشقا يۈزلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ يەرلەردە بۇ ھەقتىكى يازما خاتىرىلەر بىلەن دىنىي ئەدەبىياتنىڭ ھېچ نېمىسى قالمىغانىدى. شۇ چاغدا تەخمىنەن 500 دەك مانى دىنىي مۇخ-لىسلىرى زىيانكەشلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شەرققە قېچىپ، ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنتكە بېرىپ، شۇ يەردە پاناھلىنىدۇ. شۇندىن تارتىپ ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى ۋە سەنئىتى (مانىنىڭ ئۆزىمۇ داڭلىق سەنئەتكار ئىدى) يىپەك يولىنى بويلاپ، پەيدىنپەي شەرققە تارقىلىدۇ ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانىدا يەنە بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا قاراغوجىغا يېتىپ كېلىدۇ. باشقا جايلاردا مانى دىنىي مۇخلىسلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن دەلىل-ئىسپاتلارنى تاپقىلى بولمىغانلىقتىن، فون لېكوك قاراغوجىدىن تاپقان بۇ تام سۈرىتى كىشىلەرنىڭ پەۋقۇلئاددە دىققەت - ئېتىبارىغا

مازاۋەر بولىدۇ.

بۇ يەردىن تېپىلغان نەرسىلەر ئىچىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ناھايىتى چىرايلىق قول يازما ئەسەرلەر، تام سۈرەتلىرى ۋە رەختكە ھەمدە باشقا توقۇلما بۇيۇملارغا سىزىلغان ئاسما رەسىملەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىرسىيە مەدەنىيىتى تەسىرىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىۋالغىلى بولاتتى. تاۋار - دۇردۇنلارغا، قەغەزلەرگە، قوي تېرىسىگە ۋە كۆن - خۇرۇملارغا ئىنتايىن نەپىس مۇنەممەت بىلەن يېزىلغان ئاشۇ قول يازما ئەسەرلەرنىڭ تېپىلىشى ئۇزاق مەزگىل يوقىلىپ كەتكەن بۇ خىل دىنىي ئېتىقادنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە بىلىدىغىنى كۆپ بولمىغان ئالىم ئەھلىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى چوڭ تۆھپە يارىتالىلىق ھېسابلىناتتى. فون لېكوك ئەگەر گېرمانىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قارا غوجىغا تېخىمۇ بالدۇر بېرىپ بارالىغان ھەمدە بۇ قەدىمكى شەھەرگە قىلىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك بۇزغۇنچىلىقنى ئۆز ۋاقتىدا توسۇپ قالالىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇنداق تۆھپە تېخىمۇ چوڭ بولغان بولاتتى، دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى ئۇ دەل مۇشۇ يەردە قورقۇنچىدىن جاننى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان بىر دېھقاننىڭ مانى دىنىي كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى دەرياغا چۆرۈۋەتكەنلىكىدىن خەۋىرى بار ئىدى. شۇنداقلا ئۇ يەنە مۇشۇ يەردە يەر سۇغىرىدىغان لاي سۇنىڭ يەنە بىر ئورۇندىكى مانى دىنىي ئىبادەتخانىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىنى تولدۇرۇۋالغىسىز زىيانغا ئۇچراتقانلىقىنى بايقىغانىدى. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «سېرىق توپا ئېگىزلىكىدىكى لاي سۇلار قەغەزلەرنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، كىتابلارنىڭ بەتلىرىنى بىر - بىرىگە چاپلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياز كۈنلىرىدىكى تومۇز ئىسسىقلارنىڭ قىزىقى بىلەن بۇ قىممەتلىك كىتابلارنىڭ ھەممىسى سېرىق توپىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. مەن بۇ قول يازما ئەسەرلەرنىڭ بىرەرىنى بولسىمۇ ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر قانچىسىنى ئېلىپ، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئاپتاپقا قاقلاپ قۇرۇتماقچى بولدۇم، ئەمما بۇ قەغەزلەر قولۇمنى تەككۈزۈشۈم بىلەنلا پۈتۈنلەي پارچىلىنىپ كەتتى. بۇ پارچە قەغەزلەردىكى

دەپەس قىلىپ يېزىلغان خەتلەرنىڭ ئارىلىرىغا ئالتۇن رەڭلىك، كۆك
رەڭلىك، قىزىل رەڭلىك ۋە سېرىق رەڭلىك كىچىك تېپتەكى ئادەم
سۈرەتلىرى قىستۇرۇلغان ئىزلارنى يەنىلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى» ئۇ ئۆمىنىتا-
يىن مەيۈس ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «غايەت چوڭ
بىر گۆھەرخەزىنىسى بۇ يەردىن غايىب بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان
ھازىرقى زامان تېخنىكىسى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان شارائىت
ئاستىدا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى ساقلىغۇچىلار ئېھتىمال بۇ بىر دۆۋە
قالايمىقان قەغەزلەر ئىچىدىنمۇ ئاز - تولا بىر نەرسىلەرنى رەتلەپ چىق-
قان بولۇشى مۇمكىن.» ئۇلار كۈتۈپخانىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا ھېلىمۇ قان
داغلىرى بىلەن تولغان كاشايىغا ئوراقلىق تۇرغان بۇددا راھىبىنىڭ قۇرۇپ
كەتكەن جەسىتىنى ئۇچرىتىدۇ. بۇ يەردە ئاگاتا (Agatha) نىڭ
مىسالىنى • سۈپىتىدە نەقىل كەلتۈرۈش مۇمكىن. قارىغاندا بۇ يەردە
بۇددا دىنى بىلەن مانى دىنى بىللە مەۋجۇت بولۇپتىكەن.

ئۇلار قاراغوجىدا كۆرگەن بۇ راھىب ھەرگىزمۇ بۇ يەردە ئۆلتۈرۈل-
گەن بىردىنبىر راھىب ئەمەس ئىدى. فون لېكوك مۇنداق يازىدۇ:
«جەنۇبىي تەرەپتىكى گۈمبەزلىك ئىمارەتلەرنىڭ بىرىدە بىز قورقۇنچلۇق
بىر ئىشنى ئۇچراتتۇق» ئۇلار دەرۋازىنى ئاچقاندىن كېيىن، كەم دېگەندە
يۈزگە يېتىدىغان بۇددا راھىبلىرى جەسىتىنىڭ ئۇ يەرگە دۆۋىلەپ قويۇلغان-
لىقىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن جەسەتلەردە قورقۇنچلۇق جاراھەت
ئىزلىرىنىڭ تاھازىرغىچىلىك ساقلىنىپ تۇرغانلىقىنى. بىرىنىڭ بېشىنىڭ
چوققىسىدىن تارتىپ ئۈستۈنكى ئېڭەككىچە بىر قىلىچ بىلەن يېرىپ
تاشلانغانلىقىنى كۆرىدۇ. فون لېكوك مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى بۇ دىنىي زىيان-
كەشلىكتە، گۇناھى شۇ چاغدىكى جۇڭگو دائىرىلىرىگە ئارتىپ قويىدۇ.

فون لېكوك ھازىر يوقاپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان «جۇڭگو تۈر-
كىستانىدا كۆمۈلۈپ ياتقان گۆھەرلەر» دېگەن كىتابىدا ئۆزى

• ئاگاتا (Agatha): 251 - يىلى دىننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئىتالىيە سىتسىل ئارىلىدا ئۆلتۈرۈلگەن. گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدە ھەمىشە ئۇنى بىر قولىغا قاچا ئالغان، يەنە بىر قولىدا پەتنۇس تۇتقان، پەتنۇس ئىچىگە ئۇنىڭ كېسىۋېلىنغان ئەمچىكى قويۇلغان ھالدا سىزىپ قويىدۇ.

بىلەن باتاسىنىڭ قاراغۇجىدا بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزگەن ئارامسىز كۈنلىرىنى ئاھايىتى جانلىق تەسۋىرلەيدۇ. ئۇلار كۈن چىققاندا خىزمەتكە كىرىشىپتۇ، بەزىدە ھەتتا ئەتىگەن سائەت تۆتتە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بالدۇر خىزمەتكە چۈشۈپتۇ. زىمىستان سوغۇقتىمۇ، قىزىق ئىسسىقتىمۇ تا سائەت يەتتە بولغىچە ئىشلەپتۇ. ئىشچىلار شۇ كۈنلۈك ئىش ھەققىنى ئېلىۋاتقان چاغدىمۇ بۇ ئىككى گېرمانىيىلىك يەنىلا خاتىرە يېزىش ۋە شۇ كۈنلۈك ھوسۇلنى قاچىلاش ئىشى بىلەن بەند بوپتۇ. ئۇلار قاراغۇجىدىكى قېزىش جەريانىدا ھەممىدىن بەك بولۇۋاتقا ئوخشاش كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ئادەمنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدىغان چاڭ - توزاندىن ھەممىدىن بەك بېشى قېتىپتىكەن. فون لېكوك ئاھايىتى ئاغرىنغان تەلەپپۇزدا مۇنداق دەيدۇ: «ھەر كۈنى كەچتە، بىز كالايلىرىمىزدىن نۇرغۇنلىغان يىپىشقاق ھەمدە قاتتىق سېرىق توپىلارنىڭ يۆتەل بىلەن بىرگە چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتۇق» گەرچە بۇ چاڭ - توزانلار تۈركىستاندىكى رەھىمسىز قۇياشنىڭ بىر بۆلۈم ئىسسىقلىرىنى سۈمۈرۈۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رەسىم تارتىش ئىشىغا ئوخشاشلا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇرۇن تارتقان رەسىملىرى ئۇر ياخشى بولمىغاچقا ئوچۇق چىقمايدۇ. ئۇلارنىڭ تامىقى تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، «يا گۈرۈچكە قوي يېغى سېلىپ. يا قوي يېغىغا گۈرۈچ سېلىپ» يەيدۇ. ياز كۈنلىرى قوي يېغى ئاسانلا پۇراپ قالىدىغان بولغاچقا ئۇلار ئىشتەيىنى تۇتىدىغان بۇ خىل تاماقنى يىل بويى ئۈزۈم، يېڭى چىققان قوغۇن - تاۋۇز ۋە قۇرۇق مېۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئايال ئۆي ئىگىسى پىشۇرغان تەملىك بولكىلار بىلەن تولۇقلاپ ۋە ياخشىلاپ تۇرىدۇ. بەزىدە بۇ ئىككى گېرمانىيىلىك بىرەر بوتۇلكا كېلكوت بەنادىك ھارىقىنىڭ ئاغزىنى ئاچىدۇ. ئۇلار ئاۋۋال تۈركىستاننىڭ ئۇسۇلى بويىچە بوتۇلكىنى ھۆل قىلىنغان كىگىز پارچىسىغا ئوراپ سوۋۇتىدۇ. فون لېكوكنىڭ سىزىلمىسى ئەتراپلىق ئويلىنىشتىن كېيىن، ئاشۇ بىر ساندۇق سوۋغىنى يوللىۋ قىلىپ تۇتقان ئىكەن.

ئۇلار بىر كۈنلۈك خىزمەتنى تۈگەتكەندىن كېيىنمۇ، فون لېكوكقا

«ئۇنى ئەۋالغۇدەك پۇرسەت چىقمايدۇ. چۈنكى ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئۆينىڭ ھويلىسىغا بىردەمدىلا بىمارلار توشۇپ كېتەتتى: ئۇنىڭ خېلى كۆپ قىسمى يىراق يەردىن كەلگەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ «چەت ئەللىك ئەپەندى»نىڭ ئۆزىنىڭ كېسىلىنى داۋۋال كۆرۈپ قويۇشىنى قىزغىن ئۈمىد قىلاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى رىماتىزم ۋە بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر ئىدى. شۇڭا، فون لېكوك ئاسپىرىن بىلەن خىنىننىڭ شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئامېرىكىدا ئۆگەنگەن تىببىي تېخنىكىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ناھايىتى تېزلا «ئۇستا دوختۇر» دېگەن مۇنداق بىر كىشىلەرنىڭ ھەۋىسى كەلمەيدىغان ئابرويغا ئىگە بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا كېلىدىغان بىمارلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ. بىر كۈنى كەچتە ئۇ بىر ياشانغان ئايالنىڭ ئىشىك ئالدىدا يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ - دە، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى ورايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كېسەل كۆرسىتىش خىراجىتىنى تۆلەشكە قۇربى يەتمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئەھۋالنى يەنىمۇ ئېنىقلىغىلى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. ئەسلىدە ھېلىقى ئۆينىڭ ئىگىسى سىتو فون لېكوكنىڭ باشقىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويغانلىقىنى ئۆزى ئۈچۈن قوشۇمچە كىرىم قىلىدىغان بىر پۇرسەت قىلىۋېلىپ، ھەر بىر بىمار ھويلىغا كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇلارغا ئالدى بىلەن داۋالاش پۇلى تاپشۇرۇشنى شەرت قىلىپ قويغانىكەن. فون لېكوك بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ئۆي ئىگىسىنى قاتتىق ئىككى قامچا ئۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «مەن ئەزەلدىن يەرلىك ئادەملەرنى ئۇرۇپ باققان ئەمەس، پەقەت ئاشۇ بىرلا قېتىمدا شۇنداق بولۇپ قالدى.» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا فون لېكوك بۇ مۇتتەھەمنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى شۇ يەردىكى ھۆكۈمران لۈكچۈن غوجامغا دوكلات قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا چۇقان سالىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسا، سىتو ئۆزىنىڭ «دۇمبا» يەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق بىلەتتى. بۇ «دۇمبا» ناھايىتى ئېغىر ياغاچتىن ياسالغان بىر ئۇچى ياپىلاق كەلگەن بىر خىل جازا قورالى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىرنىلا تەگسە ئادەم بەدىنىنى قالتىۋېتەتتى، 25 ى تەگ-

ئادەمنى ئۇلەر ھالغا كەلتۈرۈپ قويـاتتى. شۇ كۈنى كەچتە بۇ ئىككى گېرمانىيىلىك ئەمدىلا ئۇخلىشىغا، سىرتتا يىغا - زارى ئاۋازى ئاڭلىندى. بۇ ھېيلىگەر سىرتتا ئۆزىنىڭ مومىسىنى، ئاپىسىنى، خوتۇنىنى، چىرايلىق قىزلىرىنى ۋە ئۆزىگە ئالاقىدار باشقا خوتۇن - قىزلارنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى سوۋغا - سالام ئېلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئەپۇ سوراشقا ئەۋەتىدۇ. فون لېكوك ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن خاتالىقىنى ئۆزگەرتىپ يېڭىباشتىن ئادەم بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە ئالىدۇ.

گېرمانىيىلىكلەر قاراغوجىدا خېلى كۈنلەر خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، بىر كۈنى شۇ يەرلىك خېلى مەرتىۋىلىك ئىككى كىشى ئۇلارنى يوقلاپ كېلىدۇ ۋە «ئەپەندىلەر، سىلەر بويتاق ئىكەنسىلەر، نېمىشقا ئۆيلەنمەيسىلەر؟» دەيدۇ. فون لېكوك ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئايالى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلمايدۇ. گېرمانىيىلىكلەر بۇ ئىككى ئابرويلۇق كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنى ئۇلارغا ياتلىق قىلىشقا تەييارلىنىپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. فون لېكوك مىزاق يازىدۇ: «بۇ ھەقىقەتەن كۈتۈلمىگەن، كىشىنى ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بىر ئىش ئىدى.» ئۇ شۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئارقا - ئارقىدىن رەھمەت ئېيتىپ ۋە ئەگەر گېرمانىيە پادىشاھى بىزنىڭ خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالغانلىقىمىزنى بىلىپ قالسا، باتاس بىلەن ئىككىمىز 25 تىن دۇمبا يېمەي قۇتۇلالمايمىز، دەيدۇ.

گەرچە ئاشۇنداق كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار قاراغوجىدىكى خىزمىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. ھەدە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دېگىلى بولمىسىمۇ لېكىن ناھايىتى قىزىقارلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىدۇ. تېپىلغان نەرسىلەر ئىچىدە مانىنىڭ ھېلىقى ئالاھىدە تام سۈرىتىدىن باشقا، كىشىدە ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدىغىنى چوڭلۇقى ھەقىقىي ئادەمچىلىك كېلىدىغان گاندارا سىماسىدا ناھايىتى نەپىس قىلىپ ئىشلەنگەن بىر بۇت بولۇپ، ئەپسۇسكى ئۇنىڭ بېشى يوق ئىدى. بۇ بۇت بىر مەھەل كۆزنى

چاقنىتىدىغان رەڭلەر بىلەن بوياپ قويۇلغانىكەن. ئەمما بۇ رەڭلەرنىڭ كۆپ قىسمى بىر قانچە ئەسىردىن بۇيانقى ئېرىگەن قار سۇلىرى ۋە ئاز ئۇچرايدىغان شىددەتلىك يامغۇر سۇلىرى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. فون لېكوك ئۇنى تەرىپلىگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭ كلاسسىك سەنئەت شەرق سەنئىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. دەپ ھېسابلايدىغان كۈچلۈك بىر تەرەپلىمە كۆز قارىشىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «بۇتنىڭ كىيىملىرىدە چىرايلىق سىزىقچىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. رەسىم سىزىشنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى شەرقىي ئاسىيالىقلارنىڭ كلاسسىك شەكىللەر توغرىسىدىكى خاتا چۈشەنچىسى تۈپەيلىدىن تا ھازىرغىچىلىك تاشلىنىپ قالماي ئىشلىتىلىۋېتىپتۇ.» كلاسسىك سەنئەتنىڭ تەسىرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان بۇ بۇت ھەدە ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدىغان گىرېك سىماسىدىكى ھەيكەلتىراشلىق ئۇنى بەكمۇ گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. نېمە ئۈچۈن ھەيكەللەردە گىرېكچە ئۇسلۇب ساقلىنىپ قېلىپ، تام سۈرەتلىرىدە بولسا جۇڭگونىڭ تەسىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۇنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بىر قانچە ئايدىن كېيىن، باتاس باشتا بىر يەردە قەدىمكى زامانىدىكى بىر زاۋۇتنى تاساددىپىي ئۇچرىتىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئىچى چوڭ تىپتىكى ھەيكەللەرنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشنى تەمىن ئېتىدىغان لايدىن ياسالغان مودېللار بىلەن تولغانىكەن. شۇ چاغدا ئاندىن ھېلىقى سىر يېشىلىدۇ. بۇ مودېللارنىڭ تەكرار ئىشلىتىلىدىغانلىقى ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ قەدىمكى زامان ھەيكەللىرى شەكلىدىكى بىر نەرسە ئىدى. كېيىنچە ئارقا - ئارقىدىن تېپىلغان بۇنىڭغا ئالاقىدار نەرسىلەر شەرقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جۇلادىن قىيسىق كۆزلەر، ياناق بۇرۇنلار ۋە تىككىدە تۇرغان چاچلار قاتارلىقلارنى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىش ئۈچۈن، 9- ئەسىر ئەتراپلىرىدا ئادەم ئوبرازىنى ياسايدىغان بىر خىل مودېلنىڭ يەنە يېڭىباشتىن لايىھىلىنىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قاراغۇجىدىن تېپىلغان يەنە بىر نەرسە — كىچىككىنە بىر زەردەشت دىنىنىڭ ئىبادەتخانىسى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. بۇ ئىبادەت-

ھالا قەدىمكى شەھەرنىڭ سىرتىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىستىقامەت دەرگاھىنىڭ شەكلى سىزىلغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇرغان بىر پارچە رەسىمنىڭ قالدۇق پارچىلىرى تۇراتتى، ئۇنىڭغا بىر راھىب بىلەن قولىغا شاخ تۇتۇپ تۇرغان كىشىلەر سىزىلغانىكەن. بۇنىڭدا بەلكىم پاسخا بايرىمى ئالدىدىكى يەكشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق دۇئا - تالاۋەت مۇراسىمى تەسۋىرلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق قاراغوجىدا تېپىلغان نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى مېتال پۇل، يىپەك ۋە باشقا توقۇلما بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان كىلاسسىكلارنىڭ پارچە بەتلىرى تەشكىل قىلاتتى. كېيىنكىسىنىڭ گەرچە كىمنىڭ قىلغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەستەنگە ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكى ناھايىتى روشەن ئىدى. ئۇلار تېپىپ چىققان، بۇزغۇنچىلىقتىن ساقلىنىپ قالغان قول يازمىلاردا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان 24 خىل خەت نۇسخىسى بار بولۇپ، كېيىنچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى تونۇۋېلىندى.

ھازىرغا قەدەر ئۇلارنىڭ قاراغوجىدا ئۇدا خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا تۆت ئاي بولاي دەپ قالدى. گەرچە تېخى 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولسىمۇ لېكىن تۇرپان ئويمانلىقى بارغانسېرى ئىسسىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار بۇ يەردە ئېلىشقا بولىدىغان نەرسىلەرنى ئاساسەن ئېلىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىندۇ - دە، شىمالغا يۆتكىلىش قارارىغا كېلىپ، قويۇق دەرەخلىق ئارىسىدىكى ھەيگەم دېگەن تار سايدا چوقچىيىپ تۇرغان ھىندى مۇنارىنىڭ يېنىغا باردى. بۇ يەر گەرچە سالقىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تاغدىكى قار - مۇزلارنىڭ ئېرىشى تۈپەيلىدىن دائىم پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان لاي - تاشلار ئېقىنىنىڭ خەۋپىگە دۇچ كېلىپ تۇراتتى. ئەمما بۇنداق خېيىم - خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ئەرزىيدىغانلىقى ناھايىتى تېزلا ئىسپاتلاندى. چۈنكى بۇ ئىككىيلەن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوخشاش بولمىغان ھىندى مۇنارلىرى ئىچىدىن پۈتۈنلەي قول يازما ئەسەرلەر قويۇلغان ئىككى كۈتۈپخانىنى قېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ بىرىنى باتاس تاپتى، يەنە بىرىنى فون لېكوك تاپتى. كېيىنكىسى ئۇز خاتىرىسىگە، «قول يازمىنىڭ كۆپلۈكىدىن دېمى

قانچە تاغار «تۇشاتتى» دەپ يازىدۇ.

گېرمانىيىلىكلەر بىر كۈنى بۇ يەردە قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يالغۇز ئۆزلىرىلا ئەمەسلىكىنى سېزىدۇ، بۇ ئۇلارنى ناھايىتى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇلار ئۆستەڭنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ياشانغان ئىككى ئاياللىڭ بىر توپا دۆۋىسىنى كولاش بىلەن بەند بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. روشەنكى ئۇلار گۆھەر ئىزدەۋاتاتتى. باتاس بىلەن فون لېكوك شۇ كۈنى ھېچ نەرسە تاپالماي ناھايىتى جىلە بولىدۇ. ئەمما ھېلىقى ئىككى قېرى ئايال نۇرغۇن نەرسىلەرنى تاپىدۇ. ئۇلار ھەيكەل قېلىپ ئىشلەنگەن ئالۋاستىنىڭ بېشىنى ۋە نۇرغۇنلىغان نەپىس قول يازما ئەسەرلەرنى تېپىپ چىقىدۇ. بۇ قېتىم بۇ ئىككى گېرمانىيىلىكنى دومىلە باسىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى بىرەر نەرسىنى قېزىپ چىقالماي قالماستىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە، قۇرۇق قاقشالغا ئوخشىشىدىغان بۇ قېرى مومايلارنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى ناھايىتى قىممەت باھادا سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئۇلار قاراغوجىغا كەلگەندىن باشلاپ فون لېكوك ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى ئىنچىكە تۈردە قەرەللىك ھالدا بېرلىنغا دوكلات قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ كەلگەن خەتلەردىن بۇ ئىشنى باشقۇرىدىغان كومىتېتنىڭ بۇ قېتىم قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلەرنىڭ مۇھىملىقىنى بىر ئاز مۇبالىغە قىلىۋەتكەنلىكىنى، بۇ نەرسىلەرنىڭ پەقەت ئىلمىي جەھەتتىلا مۇھىم قىممەتكە ۋە تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكى، گەرچە فون لېكوكقا ئايان بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيە پادىشاھىنىڭمۇ قەدىمكى زاماندىن قالغان بۇ نەرسىلەرگە ئىنتايىن زور دەرىجىدە قىزىقىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى قورۇنغان ھالدا سېزىپ قالىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەستە ساقلاش لازىمكى، گرۈنۋېدېلنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقتىن تۈپەيلىدىن فون لېكوكنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكى رەھبەرلىك ئورنى ۋاقىتلىق ئىدى. ئۇ ھەر قاچان ئۆزىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىنلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ داڭقىنى چىقىرىشقا قالغان كۈنلەرمۇ ناھايىتى چەكلىك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، گرۈنۋېدېلمۇ ئۇنىڭغا ئەمەلىيەتتە چوڭ ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدىغان ئاشۇ خارابىلەرگە چېقىلماسلىق توغرى-

ـسىدا يوليورۇق بەرگەنىدى؛ بىزمۇ ئۇنىڭ داڭ چىقىرىشىغا كاشىلا بولاتتۇق
فون لېكوكنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ تۇرۇۋاتقان يەنە بىر ئىش شۇكى، ھەر قېتىم كەلگەن خەتتىن ئۇنىڭ باشلىقىنىڭ پىلانىنىڭ ئۆزگىرىپ-لا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بىردەم ئۇنداق قىل. بىردەم مۇنداق قىل دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. شۇڭا ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا، فون لېكوك بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭدا كرۇنۋېدېلنىڭ ھازىرچە ئۇنىڭ ئۇرنىغا بارالمايدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق كەيپىياتىنىمۇ قايرىپ قويىش. يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنىمۇ قارىماسلىق قارارىغا كېلىدۇ - دە، يېقىن ئەتراپتىكى بېزەكلىك (رەسىم بار جاي دېگەن مەنىدە) دېگەن جايدىكى سۇددۇزىم تاش غارلىرىغا بارىدۇ. ئۇ بۇ قىماردا ئۇتۇپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن داقاس يېقىن ئارىدا كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدىغان بىر قاتار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىش ھەققى سۈپىتىدە ئىگە بولۇپ قالاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

توققۇزىنچى باب

فون لېكوكنىڭ پال ئېچىشى

مىڭ يىل بۇرۇنقى بۇددا راھىبلىرىنى بېزەكلىكتىكى بۇ ئۇنىۋېر-سال ئىبادەتخانىنى سېلىش ئۈچۈن، ئۇرۇن تاللاشتا كارامەت ئۇستىلىق ئىشلىتىپ، ئىنتايىن ئۆزگىچە يول تۇتقان، دېيىشكە بولاتتى. فون لېكوك دەۋرىگە كەلگەندىمۇ، بىر ساياھەتچى بۇ يىراق، قاقاس رايونغا كېلىپ، ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇنىڭ ئىبادەتخانا جايلاشقان يەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالغانىدى. بۇ يەردە كۆپىنچە-سى قورام تاشلار ئارىسىغا ياسالغان بىرەر يۈز ئەتراپىدىكى بۇتخانى-لاردىن شەكىللەنگەن تار ھەم ئۇزۇن بىر تۆپىلىك، تىك قىيالارنىڭ ئۆدۆل تەرىپىدە ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ يەرگە پەقەت بىرلا يول بىلەن چىققىلى بولاتتى. يەنى ئاۋۋال تىك غارنىڭ چوققىسىغا تۇتىشىدى-غان كىچىك ئايلانما يول بىلەن غار ئۈستىگە چىقىپ، ئاندىن غارلى بويلاپ ئالغا قاراپ مېڭىپ، تىك غاردىكى شوتىسىمان يولغا كەلگەندە، شۇ يولنى بويلاپ تۆۋەنگە چۈشكەندىن كېيىن ئاندىن تەخمىنەن 30 ئىنگ-لىز چىسى تۆۋەنلىكتىكى بۇتخانىلارغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. بۇ ئۇنى-ۋېرسال ئىبادەتخانىنى پەقەت بىرلا يەردىن كۆرگىلى بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى كاشىلىلاردىن نېرى قىلىش مەقسىتىدە، بىناكارلىق ئۇستىلىرى ئۇ يەرنى تام قوپۇرۇپ تو-سۇپ، يولدىن ئۆتكەن كىشىلەرنى ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەنزىرىنى كۆرەلمەي-دىغان قىلىپ قويغانىدى. ھەرە ئۇۋىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ غايەت زور بۇتخانىلار ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ بىر ئارىلىقتىكى ئوتتۇز-

دوڭغۇل يوللىرى بىسەپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلغان زىيارەتچىلەردە چوڭ-قۇر تەسىرات قالدۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ئەمما بۇ يەرگە كەلگەن فون لېكوكقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ بۇ مۇشكۈللۈكنى ئەپچىل ئوقۇش چارىسى بىلەن يوق قىلىۋېتەلمەيتتى.

بۇ ئىككى گېرمانىيىلىك بۇ يەرگە كېلىپلا ئۆزلىرىنىڭ باش شتا-بىنى تاش غارنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى بىر كونا ئىبادەتخانىغا جاي-لاشتۇرىدۇ. بۇ پادىشاھلار بۇرۇن بىر مەھەل تۇرغان يەر ئىدى. بۇ ئىبادەتخانىدا شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا بۇتخانىلاردا بۇرۇن تام سۈرەتلىرى بولغانىكەن. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسلاپ تۈگەش-تۈرۈۋېتىپتۇ. شۇڭا فون لېكوك بىلەن باتاس ئالدى بىلەن پەلەمپەينىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بۇتخانىلارنى تەكشۈرۈش قارارىغا كېلىدۇ. چۈنكى بىر قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان، تاغدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ پۈتۈن بۇتخا-نىلارنى تولدۇرۇۋەتكەن قۇملارمۇ ئۇلارنى يوشۇرۇپ قالالمىغانىدى. فون لېكوك تامغا چاپلىشىپ تۇرغان ئېگىز قۇم دۆۋىسىنى بويلاپ دەلدەڭشى-گەن ھالدا يۇقىرىغا يامىشىدۇ. ئۇ ھەر قېتىم قەدىمىنى يۆتكىگەندە، بىر دۆۋە قۇم توپا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشەتتى. ئۇ مۇن-داق يازىدۇ: «خۇددى سېھىرگەرلىك بولۇۋاتقاندەك، مېنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىمدە ئېچىلىپ قالغان تاملاردا ھەر خىل بوياقلاردا سىزىلغان، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تام سۈرەتلىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ رەسىملەر خۇددى سەنئەتكارلار تېخى ھېلىلا سىزىپ پۈتتۈرگەندەك يېپيېڭى تۇراتتى.» ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالىدۇ - دە، باتاسنى كى-شىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان بۇ تاسادىپىي ئەھۋالنى تېز كېلىپ كۆ-رۈپ بېقىشقا چاقىرىدۇ. ئىككەيلەن بۇ تام سۈرەتلىرىنى تەپسىلىي كۆ-زىتىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلار ناھايىتى ئىجتىھات بىلەن ئۆز ئارا قول سىقىشىپ بىر - بىرىنى تەبرىكلەيدۇ. بۇ تام سۈرەتلىرىنىڭ ناھا-يىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلەتتى. «جۇڭگو تۈر-كىستانىدا كۆمۈلۈپ ياتقان گۆھەرلەر» دېگەن كىتابىدا فون لېكوك مۇنداق يازىدۇ: «بۇ تام سۈرەتلىرىنىڭ بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشۈپ قالغانلىقى،

بىزنىڭ ھەلبەتتە قارىشىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

ئۇلار ئويۇلغان قۇزىلارنى تازىلاپ چىقىرىۋېتكەندىن كېيىن، كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەر بىر تەرەپتە ئۈچتىن ھەقىقىي ئادەمدىنمۇ ئېگىز كەلگەن بۇددا راھىبلىرىنىڭ تام سۈرىتى تۇرغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇلار قۇمغا تولغان بۇتخانىلارنى قانچە چوڭقۇر كولىغانسېرى، ئۇنىڭدىن شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىگە سېرىق يەكتەك كىيگەن ھىندىلارنىڭ ئوبرازى سىزىلغانىكەن؛ يەنە تېخى ئۇلارنىڭ ئىسمىمۇ يان تەرىپىگە ئوتتۇرا ئاسىيا بىراخما يېزىقى بىلەن يېزىپ قويۇلۇپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىنەپشە رەڭلىك يەكتەك كىيگەنلەرنىڭ رەسىملىرىدە شەرقىي ئاسىيادىن كەلگەنلەرنىڭ ئوبرازى سىزىلغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىمۇ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىپ قويۇلۇپتۇ. فون لېكوك ئۆزىنىڭ كىتابىدا مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى بۇ رەسىملەرنىڭ ھەرگىزمۇ مودېل تاختا بىلەن بېسىپ چىقىرىلغان كونا نۇسخىدىكى رەسىملەر بولماستىن، بەلكى راستتىن ئادەمگە قىزىقىپ قويغاندەك ئوخشىشىدىغان رەسىملەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ.

كارىدور بويلاپ داۋاملىق ئالغا قاراپ قېزىش جەريانىدا، ئۇلار قۇم ئاستىدىن يەنە ئوخشاش بولمىغان دەۋرگە خاس، غايەت چوڭ بۇتتىن 15 نى تاپىدۇ. فون لېكوكنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغان نەرسە شۇكى، ئۇلار يەنە بۇتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سەدىقە بېرىۋاتقان ساخاۋەتچىلەر سىياقىدىكى بۇتلارنىمۇ ئۇچرىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ كىيگەن كىيىم - كېچەكلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان مىللەتكە تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھىندى شاھزادىسى، بىراخما دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ۋە پېرسىيەلىكلەر بار ئىدى. پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قىزىل چاچلىق، كۆك كۆزلۈك بىر شەخس كىشىنى ھاڭگىرىتىپ قوياتتى، روشەنكى ئۇ ياۋروپالىقلارنىڭ ئوبرازى ئىدى.

ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى ئىلاھ قەسرىدىن ئاجايىپ - غارايىپ ھالەتتىكى ھىندى ئىلاھىنىڭ رەسىمىنى، ئالتە قوللۇق

ئاۋاستىنىڭ رەسىمىنى، بىر بالىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىۋاتقان، ئارقىدىن ئوۋچىلار قوغلاۋاتقان، چوڭلۇقى ئادەم بىشىدەك كېلىدىغان بىر توپ قۇشلارنىڭ رەسىمىنى ۋە كەينىگە تۇرغۇن لەۋكەرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا چىققان پادىشاھنىڭ رەسىمىنى ئۇچراتتىم. ئىلاھ قەسرىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندىكىدەك تولۇق قوراللانغان تۆت مۇھاپىزەتچىنىڭ تۇرغانلىقىنى، بەنە باشقا بەزى ئادەم ئوبرازلىرىنىڭ ھۆكۈمدىن بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ساخاۋەتچىلىرىنىڭ. بۇندا ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ تۇرغانلىقىنى، بەزى ئوبرازلارنىڭ يېڭىغا يېرىپ قويۇلغان ئىسىملا.نىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇم.

بۇ ئۇلارنىڭ تاھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا قولغا كەلتۈرگەن، كىشى قەلبىنى ھەممىدىن بەك ھاياجانغا سالىدىغان غەنىيمىتى ئىدى. فون لېكوك بۇ تام سۈرەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھەر قانداق بەدەل بېرىشتىن باش تارتماي بېرلىنغا توشۇپ كېتىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ كېيىنچە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز ئۇزاق ۋاقىت جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق، بۇ تام سۈرەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئويۇپ چىقىرىۋالدۇق. 12 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ توشۇش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بېرلىنغا ساق - سالامەت ئاپىرىۋالدۇق. ئۇ يەردە مۇزېينىڭ بىر ئۆيى پۈتۈنلەي مۇشۇلار بىلەن تولۇپ كەتتى.» ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بىر بۇتخانا ئىچىدىكى تام سۈرەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىدى. بىر بۇتخانىنىڭ ئىچىدىكى بارلىق تام سۈرەتلىرى بېرلىنغا كۆچۈرۈپ كېتەلىگەنلەرنىڭ سانى كۆپ بولمىسا كېرەك.»

چېخوسلوۋاكىيىلىك بىر ئىلىم ئەھلى پاۋىر بىسوۋچا 1957 - يىلى جۇڭگو تۈركىستانىغا ساياھەتكە كەلگەن بولۇپ، ئۇ گېرمانىيىلىكلەر نەپىس ئەمما ئاسان سۇنۇپ كېتىدىغان بۇ تام سۈرەتلىرىنى پىچاق بىلەن ئويۇۋالغان دەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇ سۆزى فون لېكوكنىڭ بىزگە ئېيتىپ بەرگىنىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. كېيىنكىسىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار ئاۋۋال ھەر بىر تام سۈرىتىنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئىنتايىن ئىتتىك پىچاق بىلەن كەسكەن، ئۇلار پىچاقنى لاي تورپا، توگە مايا قىلىرى ۋە

ئۇزۇنى سامان ئارىلاشتۇرۇلغان سۇۋاق لايىنىڭ ئۈستىگە سىزىلغان تام سۈرەتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىگىچە يەتكۈزۈپ كەسكەن. ئۇندىن كېيىن رەسىم يېپىشىدىكى تاشنىڭ ئۈستىگە چۈشتى، بولقا ۋە ئىسكەنە ئارقىلىق قول ھەرىسى پاتقۇدەك قىلىپ بىر تۆشۈك تەشكەن. فون لېكوك چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «سۈرەتنىڭ سىرتقى يۈزى مىدىراپ ئاجراپ دەپ قالغان چاغدا، بىز يالىغان ئادەملەرنى ئۈستىگە كىگىز سېلىنغان تاختاينى ئاجراپ چۈشەي دەپ قالغان تام سۈرىتىنىڭ ئۈستىگە ھەممە چاپلاشتۇرۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدۇق، شۇنىڭ بىلەن بۇ تام سۈرىتىنى ئاجرىتىۋالدۇق. بۇ جەريان تاماملانغاندىن كېيىن، تاختاينى تام سۈرىتى بىلەن بىرگە تامدىن ئاجراتتۇق. ئاجراتقان چاغدا تاختاينىڭ ئۈستۈنكى ئۇچىنى ئالدى بىلەن ئاستا-ئاستا تەكشى ھالەتكە كەلتۈرۈشكە باشلىدۇق. تاكى ئەڭ ئاخىردا تام سۈرىتى تاختاي ئۈستىدە تەپتەكشى ياتقانغا قەدەر شۇنداق قىلدۇق ...» ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇنداق ئىشنى ئىشلەشكە ناھايىتى كۆپ كۈچ كېتىدىكەن.» ھەتتا باتاستەك ئاشۇنداق قاۋۇل كۈچتۈڭگۈرلەرمۇ قول ھەرىسىنى تارتىش ئەڭ كۈچ تەلەپ قىلىدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

ئۇندىن كېيىن ئۇلار ھەر بىر تام سۈرىتىنى تاختاي ئۈستىگە دۆم قىلىپ تەپتەكشى قويۇۋالىدۇ. بۇ تاختايغا ئالدىنئالا بىر قەۋەت قۇرۇق پالاك، پالاكنىڭ ئۈستىگە كىگىز، كىگىزنىڭ ئۈستىگە يەنە تور پاختا سېلىنغان بولۇپ، تام سۈرىتىنىڭ ئارقا تەرىپىگىمۇ ئۇلار يەنە بىر قەۋەت تور پاختا يېپىپ قويىدۇ. ئۇندىن كېيىن يەنە بىر تام سۈرىتىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈگدىسىغا قىلىپ قويۇۋالىدۇ. ئەڭ ئاخىردا ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ كۆپ مۇھاپىزەت ماتېرىياللىرىنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىنى يەنە بىر پارچە تاختاي بىلەن ياپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ «قىستۇرما بولكا» پۈتۈپ چىقىدۇ. ئۇلار تاختاينىڭ تام سۈرەتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش رولىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇنى سۈرەتنى قاپلاپ تۇرالىغۇدەك قىلىپ چوڭراق ياسايدۇ. ئۇنىڭ ئارىسىدىكى ھەر بىر بوشلۇقنى سامان ۋە زىغىر پاخاللىرى بىلەن

چېلەك تولدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى تانا بىلەن مەھكەم باغلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلەكنى ئاختاينىڭ ئارىسىغا تام پۇرتىدىن ئىككىنى پاتقۇزىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز بولاقنى سۆگەت ياغىچىدىن ياكى باشقا ياغاچلاردىن ياسالغان ساندۇقتا قاچىلايدۇ، يول ئۈستىدە چېقىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ساندۇقنىڭ تۆت ئەتراپىغا سامان ۋە زەمبىر پالاكلىرىنى تىقىپ تولدۇرىدۇ. فون لېكوك مەغرۇرلانغان ھالدا: «بىز تام سۈرەتلىرىنى ئەنە شۇنداق پۇختا قاچىلىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇلار يولدا قىلچىمۇ زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىماي كەلدى.» ئۇلار ناھايىتى چوڭ تام سۈرەتلىرىنى ئاۋۋال بىرنەچچە پارچىغا بۆلۈپ ھەرىدەيدۇ، ئۇنى ھەرىدىگەندە ئۇنىڭ يۈزىنى ۋە باشقا بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە جايلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىنتايىن پەم بىلەن ھەرىدەپ ئاجرىتىدۇ.

ستەيىننىڭ ئۆزىنىڭ ئۈچ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىدە ساناقسىز قېتىم تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق تېخنىكا جەھەتتە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بارغان، بۇلارنىڭكىگە سەل-پەل ئوخشىمايدىغان ئاجرىتىش ئۇسۇلىنى كۆزىتىپ باقساق، ئۇمۇ كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ. ئۇمۇ خۇددى گېرمانىيىلىكلەردەك بىر تال ھەرىنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تام سۈرىتىنىڭ كەينىگە ھەرىدەپ كىرگۈزۈپ، ئۇنى تامدىن قومۇرۇۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يېلىمغا چىلانغان چىداملىق بىر پىرىزېنتنى ئۇنىڭ ئارقىسىغا چاپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر تام سۈرىتىنىڭ قېلىنلىقى 2 — 5 ئىنگلىز سۇئىدىن ئاشمايدۇ. ئۇلارنى بىر قەۋەت تور پاختا ۋە خوتەنچە ئىشلەنگەن قەغەزلەرنى ئارىسىغا قويۇپ بىر-بىرىگە قاراتىپ جۈپلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت تور پاختا ياپىدۇ؛ تور پاختا يېتىشمەي قالغان چاغلاردا ئۇنىڭ ئورنىغا قوي يۇڭى ئىشلىتىدۇ. بۇ ئىككى تام سۈرىتىنى كالتەك ئارىسىغا ئېلىپ چىڭ سىقىشتىن ئىلگىرى، ئۇنى ئاۋۋال بورا بىلەن ئورايدۇ، ئاندىن تانا بىلەن چىڭ باغلىۋېتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنى ساندۇققا سېلىپ، ئەتراپىنى تېخىمۇ كۆپ پالاكلار بىلەن چىڭدىۋېتىدۇ. خۇددى گېرمانىيىلىكلەر ئېكەلگەن تام سۈرەتلىرىگە ئوخشاش، ستەيىننىڭ چوڭراق تام سۈرەتلىرىنىڭ بە-

زېمىنى ئۇنچە ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئۇنى شۇ يەرنى ئەكېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاۋۋال بىرقانچە پارچىغا ئايرىتىپ، ئاندىن تۆگە، تۇلپار ئات، قوتاز ياكى باشقا ترانسپورت قوراللىرى ئارقىلىق ئەكېتىدۇ. ناھايىتى ئۇزاق ھەم جاپالىق مۇساپىلەرنى بېسىش ئارقىلىق ئېلىپ كېلىنگەن ھېلىقى تام سۈرەت پارچىلىرىنى ئۇ قايتىدىن ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ.

يېرىم ئەسىردىن كېيىن، ئەنگلىيە يازغۇچىسى بازىل دەيۋىيسىن بېزەكلىك دېگەن يەردە، غەزىپى تېشىپ تۇرغان جۇڭگو ئەمەلدارلىرى كۆرسەتكەن، ئەينى يىللاردا فون لېكوك بىلەن باتاس تام سۈرەتلىرىنى بۇلىغان چاغدا قالدۇرۇپ كەتكەن پىچاق - ھەرە ئىزلىرىنى كۆرىدۇ. ئۇلار ھەر قېتىم ھەر بىر تام سۈرىتىنىڭ بوش قالغان ئورنى ئالدىدا كەلگەندە بىر ئاز توختايدۇ، بۇ چاغدا دەيۋىيسىنغا ھەمراھ بولغۇچىلارنىڭ ئاغزىدىن «ئوغرىلاپ كېتىپتۇ» دېگەندەك سۆزلەر ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىدۇ.

«جۇڭگو تۈركىستانىدا كۆمۈلۈپ ياتقان گۆھەرلەر» دېگەن بۇ كىتابتا، فون لېكوك بېزەكلىك ئەتراپىدىكى ناھايىتى ئاددىي تەبىئىي مەنزىرىنى ناھايىتى جانلىق قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرىدۇ: «ئەزەلدىن ئۆلۈك ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بۇ جىمجىتلىقتا، تاغ قاپتىلىدىكى سايلىقتىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تېز ئېقىن، ساي ئېغىزىدىكى تاشلاردىن ئۆتكەندە تۆت ئەتراپقا چاچراپ خۇددى يېنىك كۈلكە ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقىراتتى.» بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى گەرچە ناھايىتى چىرايلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە بۇ ئىككى گېرمانىيىلىكنى ھەر دائىم خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلدۇرىدىغان بىر خىل كەيپىيات مەۋجۇت ئىدى. ئۇلارغا قانداقتۇر بىر ئاجايىپ-غارايىپ ۋە قورقۇنچلۇق «بىر نەرسە خۇددى ئۇلارغا چېقىلاي دەۋاتقاندەك، يەنە خۇددى بۇ نەرسىلەر بۇتخانىنىڭ تاملىرىدىكى ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئانراستىملارغا ئۇلارغا كۆزۈڭنى ئۈزمەي تىكىلىپ قاراپ تۇر» دەپ جېكىلەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

بېزەكلىكتىكى بىر ئايدىن كېيىن، جاھان جىمجىتلىقتا چۆمگەن

چاغلاردا، ئۇلار قويۇپ بېرىلگەن بىر توپ ئائۇاستىلارنىڭ ئاۋازىغا ئارىخ-
شىشىدىغان بىر غەلىتە ئاۋازنى ئاڭلايدۇ. بۇ ئىككىلەن دەرھال ئورنى-
دىن تۇرۇپ، مىلتىقىنى قولىغا ئېلىپ شوتىسمان پەنجىرىگە يۈگۈ-
رۈپ چىقىدۇ. فون لېكوك سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق يازىدۇ:
«بىزنى مۇدھىش ئىچىدە قالدۇرغان نەرسە شۇكى، بىز ئات تاقىسى شەك-
لىدىكى بۇ سايىنىڭ ھەممىلا يېرىدە بۆرىلەر تىزىلغانلىقىنى كۆردۇق.
ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايغا قاراپ ھۇۋلىماقتا ئىدى.» ئەمما ئۇلارنىڭ مە-
دىكارلىرى فون لېكوك بىلەن باتاسقا، بۇ يەردىكى بۆرىلەر ئادەمگە چې-
قىلمايدۇ، دەپ قايتا - قايتا كېپىللىك بېرىدۇ. فون لېكوك سۆزىنى دا-
ۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز بۆرىلەرگە قارىتىپ بىر نەچچە پاي ئوق
چىقاردۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىگە بىر پاي ئوق تەگدى. بۇ چاغدا
بۆرىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوق تېگىپ ئۆلگەن ھەمراھىنى يەپ بولغاندىن كې-
يىن، ھەممىسى كېتىپ قېلىشتى.» ئۇلار بۆرىنىڭ ئادەم يېگەنلىكى توغ-
رىسىدىكى ۋەقەنى پەقەت بىرلا قېتىم ئاڭلايدۇ. بۆرىگە يەم بولغۇچى قا-
راغۇجىلىق 12 ياشلىق چىرايلىق بىر قىز بولۇپ، ئۇنى بۇ ئىككى گېرما-
نىيەلىكمۇ تونۇيدىكەن. ئۇ 60 ياشلىق بىر بوۋايغا مەجبۇرىي ياتلىققە-
لەنىدۇ. ئۇ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، يېقىنراق بىر بوستانلىققا قېچىپ كېتىۋاتقا-
نىدا، قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن، بىر بۇلاق يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇخ-
لاپ قالىدۇ. دەل مۇشۇ يەردە ئۇ بۆرىلەرگە ئۇچراپ قالىدۇ. «كېيىن پە-
قەت ئۇنىڭ قان داغلىرى تولغان كىيىم پارچىلىرى ۋە ئۆتۈكىنىڭ
ئىچىدە قالغان ئىككى پۇتىلا تېپىلىدۇ.» دەپ يازىدۇ فون لېكوك.

ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى يەنە بىر بۇتخانىنىڭ كونا ئىزىدا قىسقا
ۋاقىت قېزىش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردىن كەشتە ئىشلەنگەن بۇيۇم-
لار ۋە قولىيازما ئالاقىلارنى تېپىپلا قالماستىن، VII ئەسىردىن بۇيانقى
تېخىمۇ نۇرغۇن تام سۈرەتلىرىنىمۇ تېپىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا
ئۇلار تۇيۇققا يۆتكىلىدۇ. فون لېكوك بۇ رايوننى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق
دەيدۇ: «بۇ يەر تۇخۇمشەكلىدىكى كىشمىش ئۈزۈمنى ئىشلەپچىقىرىش بى-
لەن داڭ چىقارغان. قۇرۇتۇلغان كىشمىش ئۈزۈملەر بۇ يەرنىڭ شەھىدە-

كى تەخمىنەن تۆت ئاي ماڭغاندا ئاندىن يېتىپ بارغىلى بولىدىغان بىپا-
جەڭگەلچە ئاپىرىپ سېتىلىدىكەن. بۇ يەرلەردىن دەريا بويلاپ يۇقىرىدا مې-
ڭىپ، ناھايىتى نۇرغۇن ئىبادەتخانىلارنى ئۇچراتتۇق. ئەمما ئۇلارنىڭ
ھەممىسى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. لېكىن تاغ قاپتىلىدىكى تىك ساڭگىلاپ تۇر-
غان يانتۇلۇقتا خۇددى قالغاچ ئۇۋىسى تىزغاندەك قىلىپ سېلىنغان بىر
چوڭ ئىبادەتخانىسىغا ئۇچراتتۇق. 11 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1916-
يىلى بىر قېتىملىق قاتتىق يەر تەۋرەش بۇ چوڭ ئىبادەتخانىنى سايغا چۈ-
شۈرۈۋېتىدۇ.» فون لېكوك بۇ ئەگرى - توقاي تاغ جىلغىسى ئىچىدىكى
تاش غاردىن ياسالغان بىر ئىبادەتخانا ئىچىدىن راھىبلارنىڭ بىر مەخ-
پىي ئۆيىنى تېپىۋالىدۇ. بۇ مەخپىي ئۆينىڭ بىناكارلىق لايىھىسى رو-
شەنكى، ئىرانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىكەن. سوپۇرۇپ تازىلىغاندىن كې-
يىن ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان دىنىي نومىلارنىڭ بارلىقى سېزىلىدۇ.
ئەينى يىللاردا بەزىلەر ئۇنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ مەق-
سىتىگە يېتەلمەپتىكەن. بۇ گېرمانىيىلىكلەرنى ئۇنىڭ ئارىسىدىن ئىك-
كى تاغار ماتېرىياللارنى قوتقۇزۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپتۇ.
ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى VII ئەسىردىن IX ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتى-
كى نەرسىلەر ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار يەنە فون لېكوكنىڭ
سۆزى بويىچە «كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان كەشتە بۇيۇملار» دەپ
ئاتالغان بەزى نەرسىلەرنى تاپىدۇ.

ئۇلار يەنە بىر قېتىم يۆتكىلىدۇ. فون لېكوك باتاسىنى تۇرپاننىڭ
شىمالىي تەرىپىدىكى قۇملۇق يەرگە بېرىپ بەزىبىر خارابىلەرنى تەك-
شۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئۆزى غەلىبە مېۋىلىرى ئىقتىۇ - لىق قاچى-
لانغان ساندۇقلارنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يول ئالىدۇ. ئۇ يەردە ئۇ روسىي-
يە كونسۇلىنىڭ يارىدىمى ئارقىلىق، ئەڭ ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى
ئېغىر يۈك بېسىلغان بۇ ھارۋىنى روسىيە چېگرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن-
كى ئەڭ يېقىن بىر ۋوكزالغا يالاپ ئاپىرىپ بېرىدىغانلىغا يالىۋالىدۇ.
ئۇ يېنىدا بىللە ئېلىپ يۈرگەن 6 دانە ئالتۇن رۇبلىنى (تەخمىنەن 645
قاداق كېلىدۇ) جۇڭگو پۇلىغا ئالماشتۇرماقچى بولىدۇ. ئۇ ئاخشىمى ئۇخ-

لايدىغان چاغدا، ئۇنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا قويۇپ ياتتى. بىر كۈنى كەچ-تە ئۇلار داۋانچىڭدىكى بىر ئۆتەڭدە قونىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار ئوغرىلارنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئوغرىلار ئاۋۋال توپا تامنى ھۆل قىلىپ يۇم-شىتىپ، ئاندىن پىچاق بىلەن تېشىپ، تۆشۈكتىن ئىچىگە كىرىدۇ. بەختكە يارىشا ئۇلار بۇنى تۇيۇپ قالىدۇ. ئوغرىلار پەقەت ئىگەر ۋە كىيىم - كېچەككە ئوخشاش بەزى نەرسىلەرنىلا ئەكەتەلەيدۇ. ۋەقەدىن كېيىن ئۇ نەرسىلەرنى ئۈرۈمچىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت تۆلەپ بېرىدۇ.

ئۇ باتاس بىلەن ئۇچراشقۇچى بولۇپ كېلىشىپ قويغان يەر قارا-غوجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىشداشلىرىنىڭ قىزىلقۇم يەردىكى خا-رابىلەر ئىچىدىن دەسلەپتىكى مەزگىلدىكى خرىستىئان دىنىنىڭ قول يازما ماتېرىياللىرىغا دائىر مۆجىزە خاراكتېرىدىكى ئولجىلارنى قېزىپ چىققان-لىقىنى كۆرىدۇ. بۇ نەرسىلەر 5 - ئەسىردىكى دۇئا - تەكبىر قىلغاندا ئىشلىتىلىدىغان بىر شېئىر توپلىمى، ماتەيخۇينىڭ قالدۇق پارچىلىرى ۋە گىرېك يېزىقى بىلەن يېزىلغان نىشيا باغاقچىلىرى، ھېيرۇننا خانىشى-نىڭ گىرېتتىنى ئۇچراتقانلىقى ۋە ئۈچ شەرق ئەۋلىياسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى خرىستىئاننى زىيارەت قىلغانلىقىغا ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. باتاس ئۆزىنىڭ بۇ غەنىمەتلىرىدىن ھاياجانلى-نىپ كېتىپ دەرھال بۇ نەرسىلەرنى پەقەت ئىككى چاقىلا بار - لېكىن پۇرژىنىسى يوق بىر ئات ھارۋىغا بېسىپ، يول بويى توختىماي ماڭغان پېتى قاراغوجىغا ئەكەلگەنىكەن.

ھازىر گەرچە 8 - ئاينىڭ باشلىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۇرپان-نىڭ تومۇز ئىسسىقىغا ئادەم چىدىغىلى بولمايتتى، ئۇلار ئىككىسىنىڭ بەدىنىگە ئىسسىقلىق ئۆرلەپ كېتىدۇ. ئۇ ئىسسىق ھاۋا كىلىماتى شارا-ئىتىدا ياۋروپالىقلار ئەڭ ئاسان گىرىپتار بولىدىغان بىر خىل تېرە كې-سەللىكى بولۇپ، ئۇلەنگغا گىرىپتار بولۇپ قالسا پۈتۈن بەدەن قىچىشىپ ئارام بەرمەيتتى. كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە، ئۇلار ئۆزىنىڭ شەرقىدىكى 200 ئېنگلىز مىلى كېلىدىغان قۇمۇلغا يۆتكىلىش قارارىغا

كېلىدۇ. ئۇ ھەر گەرچە چۆل - باياۋاننىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان بولسى-
مۇ، لېكىن تەڭرى تېغىنىڭ باغرىغا يېقىن بولغاچقا، ھېچ بولمىغاندا
تۆت يانىدىن سالقىنراق ئىدى (گەرچە پولكوۋنىك بىر 1887 - يىلىدىكى
دوكلاتىدا، ئۇ يەرنىڭ ياز پەسىلىدىكى تېمپېراتۇرىسى سۆرۈن يەرلەر-
دىمۇ فارېنھېيت 122 گرادۇسقا يېتىدىكەن دەپ يازغان بولسىمۇ). ئۇلار
12 كۈن يول يۈرىدۇ، ھەر كۈنى كېچىسى يول بويىدىكى قۇرۇت - قوڭ-
غۇزلار بىلەن تولغان كىچىك دېڭلەردە قونۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ چەك-
كىزخانىنىڭ بۇرۇنقى پايتەختىگە يېتىپ كېلىدۇ. چۆل - باياۋاندىن سوزۇ-
لۇپ چىققان بۇ ئالاھىدە جاي ئادەتتە ئانچە تىلغا ئېلىنمايتتى. بۇ
جاي مۇبالىغە قىلىشنى ياقتۇرمايدىغان مىلدرېدكەيبول بىلەن فرانسىسكا
فرېنچقا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېررورلۇقنى يولغا قويۇشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق
جايلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى.

فون لېكوك بۇ يەرنى زىيارەت قىلىشتىن 18 يىل ئىلگىرى، پول-
كوۋنىك بېلىنىڭ جۇڭگولۇقلارچە ياسىنىۋالغانلىقىنى قۇمۇلدىكى جۇڭگو
ئەمەلدارلىرى سېزىپ قېلىپ، ئۇنى «ئەجنەبى ئالۋاستى» دەپ تىللى-
غانىكەن (بۇنداق دېيىشتە ئاساسى بولسا كېرەك). لېكىن ئۇ مەدەنىي
بولمىغان بۇنداق قىلمىشلارغا قىلچىمۇ پەسەنت قىلماي، ئۇلارنى چېگرا
شەھەردىكى «قارغىش تەككۈرلەر» دەپتىكەن. ئەمما فون لېكوك بىلەن با-
تاس قۇمۇلدىكى بىر مەزگىل ۋاقىتنى ئىنتايىن خۇشال كەيپىياتتا ئۆت-
كۈزىدۇ. بۇ يەرنىڭ خانى ئۇلارنىڭ يېتىپ كەلگەي دەپ قالغانلىقىنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن، يېمەكلىك جۈملىدىن تۇخۇم، گۆش ۋە مېۋە - چې-
ۋىلەرنى دەرھال ئۇلار چۈشكەن سارايغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار قۇرۇت - قوڭغۇزلارنىڭ چېقىشلىرى خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك
ھېس قىلىشىدۇ.

ئۇلار ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپلا خانىنىڭ ھەشەمەت ئوردىسىغا كىر-
رىپ، خانغا سالام بېرىدۇ. فون لېكوك بىزگە مۇنۇنى ئېيتىپ بېرىدۇ:
بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ھەددىدىن زىيادە گۈزەل قىلىپ بېزەل-
گەنىكەن. ئۇ يەردە ئىنتايىن كۆركەم، چىرايلىق، رەڭگى ئۆڭمەيدىغان

جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىنىڭ ۋە خوتەننىڭ گىلەملىرى بار ئىكەن؛
جۇڭگوچە ۋە بۇخاراچە ئىشلەنگەن ناھايىتى نەپىس كەشتىلەر بار ئىكەن؛
يەنە تېخى جۇڭگونىڭ فار فور قاچىلىرى بىلەن بىر يەرگە قويۇپ قويۇل-
غان ئىنتايىن قىممەت باھالىق خوتەن قاشتېشى بۇيۇملىرى بار ئىكەن؛ يەنە
تېخى تام مەش پەشتىقىدا قويۇپ قويۇلغان فرانسىيىنىڭ سائىتى بار
ئىكەن؛ يەنە تېخى، ئادەمنىڭ قورقۇنچىنى كەلتۈرىدىغان، ھەم ئەرزان، ھەم
ناھايىتى ئاددى، ئىنتايىن كۆرۈمسىز، روسسىيىنىڭ كىرسىن چىراغلىرىمۇ
بار ئىكەن. بىر تامغا يەنە بىر دانە كاككۇك سائەت ئېسىپ قويۇلۇپتۇ.»
فون لېكوك سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سائەتنىڭ خۇ-
دى ئۆيىمىزدە دائىم ئاڭلاپ تۇرغاندەك يېقىملىق ئاۋازى بىزنى
ئىنتايىن خۇشال قىلدى.»

دادۇستاتتىن كەلگەن، بىر مەھەل ھاراق سودىسى بىلەن شۇغۇل-
لانغان بۇ ئادەم، ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى بىر مۇسۇلمان
ھۆكۈمرانىنىڭ ئۆيىدە فرانسىيىنىڭ ئەڭ ياخشى شامپان ھارىقى ۋە رو-
سسىيىنىڭ داڭلىق ھاراقلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن
ھاڭ - تاڭ قالدى. خان مېھمانلارنى، ئاشۇنداق ھاراقلار بىلەن مېھمان
قىلدى. قىلچىمۇ بېخىللىق قىلماي ئۇلارنى كۆپرەك ئىچىشكە دالالەت
قىلدى؛ ھەمدە توختىماي قەدەھ كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا تى-
رىشتى. بۇ ھاراقلار ئىنتايىن ساپ ھەم سۈپەتلىك بولغاچقا، ئىچكەندىن
كېيىن ھەرگىز باشقىچە تەسىر پەيدا قىلمايتتى. بىر قانچە ئەسىرلەردىن
بۇيان، قۇمۇل خەلقى كىيىم - كېچەكى، يېمەك - ئىچمىكى مول، سەممىي
مېھماندوست خەلق دېگەن نامغا ئېرىشىپ كەلگەنىدى. ماركوپولو ئۇلار
توغرىسىدا توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار يېمەك تۈگمەيدىغان ھەر
خىل مېۋە - چېۋىلەرگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن ھەمدە ئۇنى سا-
ياھەتكە كەلگەن كىشىلەرگە سېتىپ بېرىدىكەن. ئۇلار ناخشا ئېيتىش،
ئۇسسۇل ئويناش ۋە شاد - خۇرام ياشاشتىن باشقا ھېچ نەرسە بىلەن كا-
رى بولمايدىغان كىشىلەر ئىكەن.» بىراق فون لېكوك ئۆلگەندىن كېيىن-
كى بىر - ئىككى يىل ئىچىدە بۇ كاتتا ھەشەمەتلىك ۋاڭ ئوردىسى بۇ-

زۇپ قۇپتۇز قىلىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئېسىل گۆھەرلەر بۇلاڭ - تا-
لاڭ قىلىنىپ تۈگەيدۇ. بۇ يەردىكى تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىشنى بىلمەي-
دىغان ئاشۇ كىشىلەر خەنزۇلارنىڭ يېرىم يولدا تۈزۈقسىز ئۆتكۈزگەن بىر
قېتىملىق قوزغىلىڭى جەريانىدا. قورقۇنچلۇق جازاغا ئۇچرايدۇ.

فون لېكوكنىڭ قومۇلدىكى زىيارىتى گەرچە كۆڭۈللۈك ئۆتكەن بول-
سىمۇ، لېكىن ئارخېئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۈمىدسىز بولۇپ چىق-
قىدۇ: 18 يىلنىڭ ئالدىدا ھاسىيەن مەن ئۇ يەردە كۆرگەن خارابىلىككە
ئايلانغان ئىمارەت دۆۋىلىرى، يېقىن ئەتراپتىكى باشقا يەرلەردە ئېگىلە-
ۋېلىنغانلىرىغا قارىغاندا تولىمۇ كۆپ ئىدى، دەپ دوكلات قىلغان بول-
سىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆپ قىسمى يېقىنقى زامانلارغا تەئەللۇق بولۇپ
(بۇرۇنقى يىللاردىكى بىر قوزغىلاڭدا بۇزۇۋېتىلگەن ئىمارەت دۆۋىلىرىنى
دېمەكچى)، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر رايوندىكى قەدىمكى زامان بۇددا دىنىغا
تەۋە خارابىلىك ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ گېرمانىيىلىكلەر يەنىلا بىر
ئامال قىلىپ، شەرقىي شىمال تاغ ئېتىكىدىكى ئىككى كىچىك بۇتخانىنى
تېپىپ چىقىدۇ. ئەپسۇسكى ئۇلار بەكمۇ كېچىكىپ قالىدۇ. ئۇ يەردە نەملى-
شىپ كەتكەن توپىلار ئارىسىدىن ئېچىلىپ قالغان ھەيكەللەرنىڭ ۋە باش-
قا بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرىنى ھازىرمۇ كۆرگىلى بولات-
تى. ئەمما كۆپ يىللاردىن بۇيان تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن قار سۇلىرى بۇ
سەنئەت بۇيۇملىرىنى خانىۋەيران قىلىپ تونۇغىلى بولمايدىغان ھالەتكە
كەلتۈرۈپ قويغانىكەن. فون لېكوك شۇنىڭغا شۈكۈر قىلسا بولاتتى، چۈن-
كى ئۇ بۇندىن بىر يىل ئىلگىرى پەقەت ھېلىقى سوزبېنىڭ ھىندىستان-
دىكى شۆبىسىدە ھەقسىز ئىشلەيدىغان بىر پىدائىي خادىم بولۇپ، تەقدىر-
پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەت — ھىيوسىنىڭ
ئۆلۈشى بىلەن كىرۈنۋېدېلنىڭ ئاغرىپ قېلىشى تۈپەيلىدىن ئۇ بۇ قې-
تىمقى جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ رەھبىرى قى-
لىپ تاللانغانىدى. ئۇندىن باشقا، بۇ قېتىمقى ئېكىسپېدىتسىيىگە ئۆز نا-
مىدىن مەبلەغ ياردەم قىلغان گېرمانىيە پادىشاھىمۇ بۇ ئەترەتنىڭ خىز-
مىتىدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇلمۇ كەينىدىنلا، ئۇ ئۆزى بې-

رەكلىكتە يەنە ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان تام سۈرەتلىرى لىقمۇ لىق قاپلانغان ھىبامغى ھارۋا سىنىرىبىدىن ئۆتۈپ بىرلىنغا بارىدىغان يول ئۈستىدە كۆمۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ. فون لېكوك ئۆز ئىزىنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن «مەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ ئاتاققا ئېرىشىدىغان بولدۇم» دەپ ھېسابلاۋاتىدۇ.

ئەمما ھازىر پەيدا بولۇشقا باشلىغان بىر قاتار ئىشلار فون لېكوكنى يىپەك يولىدىكى ئەڭ زور ئىسىل گۆھەرلەرگە ئېرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلدى. ئۇ باتاس بىلەن قىزىلدا تۇرغان چاغلاردىلا بىر تۈركمەن سودىگەرنىڭ ئاغزىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېپىش جەھەتتە كىشىنى ئىنتايىن ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان بىر گەپنى ئاڭلاپ قالىدۇ. بۇ سودىگەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ۋەقە بەش يىل ئىلگىرى چۆل-باياۋاننىڭ دەل جەنۇبىدىكى 200 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بوستانلىق-دۇنخۇاڭدا يۈز بېرىپتىكەن. ئۇ چاغدا جىزگولۇق بىر راھىب بىر مەخپىي ئۆيدە غايەت زور سىغدۇرغىدىكى كىتابلارنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇنىڭدا بىرقانچە ئەسىرنىڭ ئۇرغۇنلىغان قەدىمىي كىتابلىرى ۋە قول يازما ھۆججەتلىرى بارىكەن. ئۇ يەرگە بېرىپ باققان ياۋروپا سەياھەتچىلىرى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن دۇنخۇاڭنىڭ خېلى بۇرۇندىنلا بۇددا مۇخلىسلىرى تاۋاپ قىلىدىغان ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان، ئۆگىنىش قىلىدىغان مەركەز ئىكەنلىكىنى فون لېكوك ناھايىتى پىششىق بىلەتتى. دۇنخۇاڭ قاراغوجىغا ۋە بېزەكلىكتە ئوخشاشمايتتى. ئۇنىڭدىكى ناھايىتى ھەشەمەتلىك زىننەتلەنگەن ئىبادەتخانا ئىزچىل ئۇ يەردىكى خەلقلەر تەرىپىدىن مۇقەددەس جاي دەپ قارىلىپ كېلىۋاتاتتى؛ ئۇ يەردىكى تام سۈرەتلىرىنى قومۇرۇۋېلىش تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. ئەمما بۇ كىتاب ئامبىرى راستىنلا بار بولسا، ئۇ چاغدا باشقىچە بىر ئىش بولاتتى. ئۇنى بېرىپ كۆرۈپ بېقىشقا ئەرزىيتى-ئەلۋەتتە. فون لېكوك بىلەن باتاس دەل مۇشۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىشىۋاتقان چاغدا بېرلىندىن ئۇلارنى جەلپ قىلىدىغان بىر تېلېگرامما كېلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدا كرۇنۋېدېلنىڭ سەپەرگە ئاتلانغانلىقى، مۆلچەرلىنىشىچە ئالتە ھەپتە ئىچىدە قەشقەرگە يېتىپ بارا-

لايدىغانلىقى مانا ئۇلارنىڭ شۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشى لازىملىقى ئىسپاتلانغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن فون لېبكوك يا ئالدىغا ماڭالمايدىغان، يا كەينىگە يانالمايدىغان ئاشۇنداق بىر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. دۈشمەنگە بېرىش ئۈچۈن ئۇلار 17 كۈن ۋاقىتنى سەرپ قىلىشى كېرەك. دۈشمەننى زىيارەت قىلىپ بولۇپ ئاندىن غەربكە قاراپ 1200 ئىنگلىز-مىلى يول بېسىپ قەشقەرگە بارارى دېسە گرۇنۋېدېل بىلەن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇچرىشىش زادى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما گرۇنۋېدېلنىڭ بىر قانچە ئايدىن بۇيان تەۋرىنىپ تۇرغان پوزىتسىيىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ پىلانىنى يەنە ئۆزگەرتىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئۇنداقتا ئۇلار قانداق قىلىشى كېرەك؟ فون لېبكوكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارارى بىر تال تەڭگىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇ جىڭگونىڭ بىر كۈمۈش تەڭگىسى ئىدى. كۈمۈش تەڭگە پىرقىراش نەتىجىسىدە دۈم چۈشۈپ توختايدۇ. شۇنىڭ بىلەن باتاس ئاتلارغا ئىگەر توقۇيدۇ - دە، ئۇلار بىرلىكتە قەشقەرگە يول ئالىدۇ.

ئونىنچى باب

«تۈركىستاننىڭ ئەڭ گۈزەل تام سۈرەتلىرى ...»

ئۇلار بىر يېرىم ئاي يول مېڭىپ قەشقەرگە كېلىدۇ. ئات مىنىپ ئالدىدا ماڭغان فون لېكوك ئاۋۋال يېتىپ كېلىدۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ئالدىرىماي ماڭىدىغان قوش چاقلىق ئات - هارۋىلاردىن تەشكىللەنگەن ترانسپورت ئەترىتىنى يالاپ ماڭغان باتاسمۇ يېتىپ كېلىدۇ، ئەمما ئۇلار بۇ يەردە كرۇنۋېدېلنىڭ قارىسىنىمۇ تاپالمايدۇ، ئۇنىڭغا ئالاقىدار ھېچقانداق خەۋەرنىمۇ ئاڭلىيالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىنتايىن روھىي چۈشكۈنلۈك ئىچىدە قالىدۇ. ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئۇنىڭ يۈك-تاقلىرىنى روسىيىنىڭ بىر يېرىدە يوقىتىپ قويدۇم (روشەنكى، ئۇ موسكۋانىڭ ۋوكزال باشلىقىغا پارا بەرمىگەنىكەن)، قاچان بارالايدىغانلىقى توغرىسىدا ھازىرچە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، دېگەن مەزمۇندىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. فون لېكوك بىلەن باتاس بۇنى كۆرۈپ نەرۋايى قىرىق گەز ئۆرلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار قەشقەرگە دەل ۋاقتىدا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، يالغۇز جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ ئاشۇنداق يىراق ۋە چۆل - باياۋان يوللىرىنى ئالدىراپ - تېنەپ بېسىپ ئۆتۈپلا قالماستىن، بەلكى دۇنخۇاڭغا بېرىپ ھېلىقى مەخپىي كىتاب ئامبىرىنى ئىزدەپ كۆرۈش پۇرسىتىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويغانىدى. ئۇلار ئىلاجىسىزلىقتىن ئۆزىنى ئۆزى ئالداش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇ يەردە بەلكىم كىتاب ئامبىرى بولمىسا كېرەك. دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار ئىككىسىلا بۇرۇن يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن گەپ - سۆزلەرگە ئاسانلا ئىشىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭ دەردىنى تارتىپتىكەن. بىر قېتىم فون

لېكوك سىمۋاللىق بىر كىشىنىڭ كېيىنگە ئاساللا ئىشىنىپ كېتىپ، بىرخىل سىرلىق يېزىقنى تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن، ۋاقىت كۆپ كېتىدىغان ئۇزۇن ئەگرى يوللارنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، نەتىجىدە كۆچمە مۇزلار سۈرۈپ كەتكەن ئىزلارنى كۆرۈپ قايتىپ كەپتىكەن. باشقا بىر قېتىم بىر ھەپتە ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، تۇرپان ئەتراپىدىكى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان بىر يەرلىكنى ئىزدەپتىكەن، نەتىجىدە، يول باشلىغۇچىنىڭ ئېتى شۇ ئارىلىقتا ھەم ئۇسسۇزلۇقتىن ھەم چارچىغانلىقتىن ئۆلۈپ قاپتىكەن؛ ئادەم ۋە ئاتلارمۇ شۇنداق تەقدىرگە ئۇچرىغىلى تاسلا قاپتىكەن. خۇددى ئىرنگىدەك، گرۇنۋېدېلنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقى بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا باشتىن - ئاياغ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

قەشقەردە گېرمانىيە كونسۇلى بولمىغاچقا، فون لېكوك بىلەن باتاس گرۇنۋېدېلنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان مەزگىلدە، ۋاقىتنچە ماكارتنېيلىق ئۆيىدە تۇرىدۇ. ئۇلار ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ كۈتۈۋېلىشىنى قوبۇل قىلىشقا رازى، روسىيىلىكلەر بىلەن بىرگە تۇرۇشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭغا مۇنۇ ئىككى سەۋەب بولىدۇ: بىرىنچىسى، فون لېكوك بۇرۇن ئەنگلىيىدە تۇرغان، ئىنگلىز تىلىنى بىلەتتى، ئەمما رۇسچە بىلمەيتتى؛ ئىككىنچىسى، ئۇ ئۆزى ئاڭلىغان پېتروۋسكىينىڭ ئادەمگەرچىلىككە ئائىت ئىشلىرىدىن ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانتى. شۇڭا ئۇ «ئۆزىنى ئاشۇنداق بىر زوراۋان ھۆكۈمرانىنىڭ ھوقۇقى ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويۇشنى خالىمايدۇ.» بۇ گېرمانىيىنىڭ ئىككى يىل بۇرۇنقى بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى داۋامىدا. گرۇنۋېدېل بىلەن ھەت پېتروۋسكىي بىلەن سىللە تۇرۇپ توغرا قىلمىغان، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇلى چوڭ خاتا. ئالاھىدە خاتا ئىدى. چۈنكى ھۇت يەھۇدىي بولغاچقا، بىر قېتىملىق دەتالاشتا ھاكاۋۇر، مەنمەنچى پېتروۋسكىي ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرىمەن دەپ تەھدىت سالغانتىكەن. ئەمما چىنار باغدىكى ماكارتنېي سارىيىدا گەپ تالىشىپ قالىدىغان ئىش زادىلا يۈز بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، فون لېكوكمۇ باشقا بارلىق ساياھەتچىلەرگە ئوخشاش، ئۆزىنىڭ بىرى

مۇنداق يىراق جايدا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان بۇ بىر جۈپ فەيرى ئەر - خوتۇنلارغا قىزغىن مەدھىيىلەر ئوقۇيدۇ. تۈركىستانچە تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان بۇ ئىككى گېرمانىيىلىك ئۆزلىرىنى ئايال ساھىبخان ھازىرلاپ بەرگەن ھوزۇرلۇق ۋە تىپتىنچ تۇرمۇش شارائىتىغا بىرئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ كۆندۈرمەكچى بولىدۇ. فون لېكوك مۇنداق يازىدۇ: «ماكارتنىينىڭ رەپىقىسى مېنى بىنەر ئەنگلىيىچە كارۋات قويۇپ ناھايىتى چىرايلىق زىننەتلەنگەن بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. بىراق بىردەمدىن كېيىن... مەن تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم - دە، ئورنىمدىن تۇرۇپ، يۇڭ ئەدىيالنى بالكونغا ئېلىپ چىقىپ سېلىپ، ئاتنىڭ ئېگىرىنى بېشىمغا قويۇپ، يۇمشاق بىر جۇۋىنى يۆگىنىپ سىرتتا ئۇخلىدىم. مېنىڭ ئاشۇنداق تار بىر ياتاق ئۆيدە ئۇخلاشقا قايتىدىن ئادەتلىنىشىم ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى.»

فون لېكوك بىلەن باتاس ئۇ يەردە كرونۋېدېلنى كۈتۈپ تۇرۇپ تۇرسا، ئۇزۇنغىچىلىك بىر ئالاھىدە تالانت ئىگىسى باتاسنى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى قىسمەنچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس. ئۇ پومېرانىيىدىكى بىر توقۇمىچى ئىشچىنىڭ ئوغلى بولۇپ، خېلى يىللارغىچە پاراخوتتا ئىشلەيدۇ. بىر مەزگىل ئاۋستىرالىيىنىڭ ئىچكىرى قىسمىدىكى بىر قوي فېرمىسىنىڭ خوجايىنى بولىدۇ. ئۇ ئۇ يەردە ئات مىنىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ، جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكىمۇ ئادەتلىنىۋالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئۇنىڭ تۇغما زېرەكلىكى ۋە پاراخوتتا ئىشلىگەن چاغلىرىدا ئۆگىنىۋالغان بەزىبىر كامالەتكە يەتكەن تېخنىكا - ھۈنەرلىرى ئۇنى بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە ناھايىتى باب كېلىدىغان بىر ئادەم بولۇپ تاللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈردى. شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە مۇنەۋۋەر بىر ھەمراھ بولۇپ، ئاچچىقلىنىشنى پەقەتلا بىلمەيدىغان، مەردلىكنى ئۆزىگە دوست تۇتىدىغان، كىشىلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىسمانىي كۈچ باتۇرلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان بىر ئادەم ئىدى. بىر قېتىم ئۇ گېرما-

قىمىرە ھەيلى - سىياسەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە، بىر ئاۋستىرالىيە دال-كىسىنىڭ ۋەيران بولۇشى تېزلەيدىغان، ئۈمىدسىزلىك ئالامىتى يولىمۇساق ھەممىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتەملاچ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىن يۈز يېنىپ بېرىپ قارا خىزمەتچى بولىدۇ. ئۇ جۇڭگو تۈركىستانىغا بارىدىغان جەمئىي تۆت قېتىملىق گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ھەممىسىگە قاتنىشىدۇ، ئۇ ئەترەتتە ئەڭ ئاكتىپ، زور قىزغىنلىق ۋە ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئۇزدا بىر قانچە ئاي ئەتىگەندىن تاكى كەچ كىرگىچە توخ-تىماي خىزمەت قىلىدۇ. راست، خۇددى بىز كۆرگەندەك، ئۇنىڭ نۇ-زىمۇ قىزغىن، ئاكتىپ بىر قازغۇچى ئىدى. شۇڭا فون لېكوك بەزىدە ئۇنى ئۆزىنىلا كىچىك كۆلەملىك قېزىش ئىشلىرىنى ئىشلەپ كېلىشكە ئەۋەتەتتى.

12 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگە كەلگەندە، كرۇنۋېدېل قەشقەرگە توپ-توغرا 52 كۈن كېچىكىپ كېلىدۇ. فون لېكوك ئېرىنمەي مۇنداق يازىدۇ: «ئۇ بىر قېرى ئاتقا مىنىپ، ئالدىرىماي مېڭىپتۇ.» تېخىمۇ يامان بولغىنى شۇكى، كرۇنۋېدېل بۇ يەرگە كېلىپ يەنە ئاغرىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە — ھۆكۈمەت بۇنى 3 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە دەپ ئاتايدۇ — يەنە ئۈچ ھەپتە كېچىكىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەڭ ئاخىر 1905 - يىلى روژدېستۋو بايرىمى كۈنى ماكارتنىي ئائىلىسىدىكىلەر بى-لەن چۈشلۈك تاماقتا بىرگە بولغاندىن كېيىن، چىنار باغدىن ئايرىلىدۇ. شۇ چاغدا روسىيەلىك بىر ئائىلىنىمۇ چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىن-كەن، لېكىن نېمە سەۋەبتىنكىنتاڭ! ئۇلار بۇ بايراملىق زىياپەتكە پەقەتلا ئېغىز تەگمىدى. ئۇلار ئۆي ئىگىسىگە «بىز تاماق يەپ كەلگەنتۇق» دەپ، يوت تىزەپ تۇرالمايدىغان باھانىنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋالدى» دېيدۇ فون لېكوك بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسكە ئېلىپ.

كرۇنۋېدېلنىڭ سالامەتلىكى يەنىلا ناھايىتى ئوسال ئىدى. ئەمما بۇ تۆت نەپەر گېرمانىيەلىك (كرۇنۋېدېل جۇڭگو تىلى بىلىدىغان بىرىيار-دەمچىنى بىللە ئەكەلگەنىدى) ماكارتنىي ئائىلىسى ئوچۇق قول، مېھمان-

ئۇنى ئىتتەك ئەپ بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ دېگەن پە-
كىرگە كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنى مۇنتىزىم خىزمەت كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، ستەين ئىككىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىگە تەييار-
لىنىۋاتاتتى، روسىيىلىكلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تەييارلىقلارنى ئىشلەۋا-
تاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭمۇ پات
ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ - سۆزلەر تارقىلىپ يۈرەت-
تى. ئەگەر قېزىش ھوقۇقىنى ئەڭ ئۈمىدلىك يەرگە ئىشلەتمەكچى بولسا،
ئۇنداقتا پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، نىشان قىلغان يەرگە بالدۇرراق يېتىپ
بېرىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلار يولغا چىققاندا، كرۇنۋېدېلنى قىزىق
سامان بىلەن تونۇشتۇرۇلغان ئات ھارۋىسىنىڭ ئۈستىدىكى كۆرپىگە ياتقۇزى-
دۇ، كۈننى توسۇپ تۇرسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىغا سايىۋەن تىكلەپ بېرى-
دۇ. ئۇلارنىڭ نىشانى، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يولىدىكى، كۇچاغا
300 ئىنگلىز مىلى كەلمەيدىغان قىزىل دېگەن يەردىكى تاش غار-
لار ئىدى.

دەل مۇشۇ چاغدا، ئاۋرېل ستەين ھىندىستاندا ھۆكۈمەت تەرە-
پىنىڭ ئۆزىنىڭ قارا قۇرۇمدىن ئۆتۈپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىك-
كىنچى قېتىم كەڭ كۆلەمدە ئوغرىلاش پىلانىنى تەستىقلاپ بېرىشنى تە-
قەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆز رىقابەتچىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزى
ئىزچىل تۈردە ئۆزۈمگىلا خاس رايون دەپ قاراپ كېلىۋاتقان ئاشۇ جاي-
لاردا قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، خۇددى
گېرمانىيىلىكلەرنىڭ قەشقەردە توختاپ قالغان ۋاقتىدىكىدەك، تاقەتسىز-
لىنىپ خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ دوستى ماكارتنىي گېرمانىيە
ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ۋاقتىنى كەينىگە سۈرگەنلىكىگە ئالاقىدار خە-
ۋەرلەرنى ئۇنىڭغا خەت يېزىپ ئېيتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇ
خەتتە يەنە فون لېكوك بىلەن كرۇنۋېدېل ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان ھەسەت-
خورلۇقلارنىمۇ ئېيتىپ قويىدۇ. بۇ مەسىلىدە ستەين كرۇنۋېدېل تەرەپتە تۇرى-
دۇ. ئۇ دوستىغا يازغان خېتىدە بۇ ئىشقا باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «كرۇنۋېدېل
داھىيانە، ئاستا ھەرىكەت قىلىدىغان بىر ئادەم، ئەمما ئۇ ئىشنى ئۆزۈل-

كېيىنكى ئىشلەيدۇ.» ئۇ خېتىدە يەنە كىرىشىۋېتىلىشنىڭ «ئۆزىنىڭ ياش مۇ-
زېيى خىزمىتى ياردەمچىسىنى تۇرپان دائىرىسى ئىچىدە چەكلەپ تۇرۇشى»-
نى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ يەنە ماكارتنىي
ئارقىلىق، دېمۇ گېرمانىيەلىكلەرنىڭ بىلانىنىڭ كۈچا رايونىغا مۇقىملاش-
قانلىقى، باشقا يەرگە مارمايدىغان بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ - دە،
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدۇ؛ چۈنكى ستەيىننىڭ قارا نە-
يىتى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ھەممىلا يەرگە قول سېلىشقا ئۇرۇناتتى.
ئەمدى ئۇنىڭ ئەندىشىسى فرانسىيەلىكلەر تەرەپكە بۇرۇلىدۇ. ئۇ مۇنداق
يازىدۇ: «فرانسىيەلىكلەر بىلەن بولىدىغان تالىشىش ھەققىدە تالىشىش
بولۇپ قالىدۇ.» ئۇ تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش خەنزۇشۇناس پېللى-
ئوتنىڭ باھار پەسلىدە فرانسىيەدىن يولغا چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى
ئاڭلايدۇ. ستەيىن بىر دوستىغا ئۆزىنىڭ «ئىنتايىن قەبىھ قارا نىيەتچى-
مكەنلىكىنى» ئىقرار قىلىپ بېرىدۇ: ئۇ روسىيەنىڭ پېللىئوتنىڭ چېگرىدىن
كىرىشىنى مەنئىي قىلىپ، ئۇنى ھىندىستان ئارقىلىق چۆگىلەپ مېڭىشقا
مەجبۇرلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنداق بولسا ستەيىن ئالدىدا بىرنۇالا-
لايىتى. ستەيىن كالكۇتتا بىلەن لوندوندىكى بيۇروكراتلار ئۇنىڭ تەكلە-
پىنى ئالدىرىماي - تېنىمەي قايتا - قايتا ئويلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن پايدى-
دىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىككى توملۇق داڭلىق ئەسىرى «قەدىمكى شەھەر خو-
تەن»نى كورىكتۇر قىلىش خىزمىتىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ بىرىن-
چى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىگە ئائىت مەزمۇنى مول، ئىلمىي - سىلىم
بىلەن تولغان سىستېمىلىق خەۋەرلەر توپلىمى ئىدى. بىزنى ئۇ مەخسۇس
ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ئارخېئولوگلار ۋە ئالىم
ئەھلىلىرى ئۈچۈن يېزىپ چىققانىدى. ئۇ ئۆز رەقىبلىرىنىڭ چاققان
چىقىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، ئىنتايىن تىت - تىت بولۇپ كېتىدو
(ئۇ روسىيەلىكلەرنىڭمۇ بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىگە تەييارلىنىۋاتقان-
لىقىنى ئېيتىملا ئاڭلاپ قالىدۇ). بۇ چاغدا ئۇ بىر دوستىغا كۆڭلى يېرىم
بولغان ھالدا: «ھىندىستاندىن ئىبارەت بۇ كېيىنكى ئىز-
قاشنى تېزرەك دەردكە تالىغان بولسا ياخشى بولاتتى!» دەيدۇ.

گېرمانىيىلىكلەر تۇمشۇقتىكى بۇددا خارابىلىكلىرىنى ئاددىيلا تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى كېيىن قايتا كەلگەندە قېزىشقا قالدۇرۇپ قويىدۇ. (تاكى پېللىئوتنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بۇ يەرگە قىسىلىپ كېلىپ ئۇلار بىلەن تاقاراشقانغا قەدەر). ئۇلار ئالدىراپ-تېنەپ قىزىل رايونىغا يېتىپ كېلىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ يەردە نۇرغۇن كونا ئىزلارنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. شۇ يەرلىك بىر خەزىنەچى ئۇلارغا تاغقا يېقىنلا بىر يەردە تاش غارلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇرۇنمۇ بىرقانچە ياپونلۇق ئۇ يەرگە بارغان ھەمدە ئۇ يەردە ئۈچ ئاي ئىشلە-گەندىن كېيىن، 1903 - يىلى 4 - ئايدا بىر قېتىملىق قاتتىق يەرتەۋرەشتىن قورقۇپ كېتىپ قالغان ئىكەن، فون لېكوك بىلەن باتاس ئېتىنى مىنىپ ئۇ يەرنى كۆرگىلى بارىدۇ. ئۇلار بۇ تاش غارلارنىڭ بەلەمبەي شەكىلدىكى مۇزاتىر دەرياسى(Muzatr Rrver)نىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىگە جايلاشقانلىقىنى — «دەريا بويىدىكى بىر تاغنىڭ تىك قىيا قاپتىلىدا يۈزلىگەن تاش غارلارنىڭ ئاجايىپ بىر مەھەللىنى تەشكىل قىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. فون لېكوك مۇشۇ چاغدا باشقا ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنىڭ يول ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ دەرھاللا سىرقازارغا كېلىدۇ - دە، بۇ چەت - يىراق ھەم قاقاس يەردە بارى - يوق پەقەت بىرلا تۇرالغۇ جايىنى ئىجارىگە ئالىدۇ. بۇ شۇ يەردىكى بىر دېھقان ياساپ قويغان ئىككى ئېغىزلىق داھايىتى ئاددىيلا بىر كەپە ئۆي ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە چېگرا بەلگىسى ئورنىتىپ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى داۋامايان قىلىپ قويغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى گېرمانىيىلىك يەنە كۇچاغا قايتىپ بېرىپ، شۇ يەردىكى جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يەنە ئېتىغا مىنىپ قۇمتۇراغا بارىدۇ - دە، ئۇ يەردە يەنە بىر توپ تاش غارلارنى ئۇچرىتىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر تەرىپىدىن ئاللىقاچان تالان-تاراج قىلىنىپ بولغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇلار جىلغىنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ماڭىدۇ - دە، بىر قاتار يەككە بۇتخانىلارنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تام سۈرەتلىرى، ھەيكەللەر، قول يازما ئالاقىلەر ۋە باشقا قەدىمكى بۇيۇم-

لارنىڭ ئۆز پېتىچە ساپ - ساق تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. فون لېكوك مۇنداق يازىدۇ: «بىز ئۇ يەردە قىزغىن ۋە خۇشال كەيپىياتتا قېزىشقا كىرىشىپ كەتتۇق. چۈنكى ھەر كۈنى يېڭى نەرسىلەر تېپىلىپلا تۇراتتى.» ئۇ چاغدا، سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ قالغان كرۇنۋېدېل شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا تام رەسىملىرى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى ھەمدە ئۆڭكۈرنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تېز خاتىرىلىۋالىدۇ.

فون لېكوك بۇ رايوندىكى كونا ئىزلار توغرىسىدا بىر قاتار تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ نەم تارتىپ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، قېزىش قىسمىنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى سېزىدۇ. ئۇ بىر مەھەللىدە چوڭقۇرلۇق بىر ئەمەلدارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ ھەمدە ئۇ ئەمەلدار ئۇنى كىچىك بىر سارايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. فون لېكوك مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەمدىلا كارىۋاتقا چىقىپ يېتىشىمغا، سىرتىغا جۇڭگوچە چاپان، ئىچىگە چىرايلىق ۋۇل تىكىلگەن كۆڭلەك كىيگەن، ئېگىز بويلۇق ياش بىر ئايال توساتتىنلا كىرىپ كەلدى. دۇتتار چالىدىغان چىرايلىق ئىككى قىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىللە كىردى. مەن بۇ گۈزەل ئايالنىڭ ياشلىق باھارىنى ساتىدىغان داڭلىق بىر ئايال ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ چەت ئەللىكلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم.» فون لېكوك دەرھاللا بىزگە كاپالەت بېرىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ ئايالنىڭ بىر جۈپ ھالقىسىنى سېتىۋېلىپلا، ئۇنى يولغا سېلىۋەتتىم، كېتىدىغان چاغدا ئۇ بىر ئاز خاپا بولغاندەك بولۇپ چىقىپ كەتتى.»

بۇ چاغدا ئىككى نەپەر روسىيىلىك قازغۇچى — ئاكا - ئۇكا بېرېسوۋسكىي (Beresovsky)لار كۇچا رايونىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇنى فون لېكوك بىلەن باتاس ئاللىقاچان مۆلچەرلىگەنىدى. بېرېسوۋسكىيلار گېرمانىيىلىكلەرنىڭمۇ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى كۆرگەن چېغىدا، ئىككى تەرەپ مۇشتلىشىپ كەتكىلى تاسلا قالىدۇ. بۇ ئىشنىڭ مۇنداق بىر تارىخى بار ئىدى: گېرمانىيىلىكلەر بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى باشلىغان ۋاقىتتا، كرۇنۋېدېل مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن گېرمانىيە

لىكلەرنىڭ پائالىيىتىنى تۇرپان ئەتراپلىرىدىكى يېقىراق خارابىلەر دائىرىسىدە چەكلەش، رۇسىيىلىكلەرنى بولسا كۇچا رايونىدىكى بىر قەدەر قەدىمكى خارابىلەر دائىرىسىدە چەكلەش توغرىسىدا سىن پېتربۇرگدىكىلەر بىلەن كېلىشىپ قويىدۇ. بىراق فون لېكوك بىلەن باتاس ئۈرۈمچىدىكى رۇسىيە كونسۇلخانىسىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىدا، دوختۇر كوكوچانوۋىچ ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ ھەيران قالىدۇ. ئۇنىڭ ھەيران قېلىشىدىكى سەۋەب، ئۇ بېرلىندىن ئىلگىرىكى سىن پېتربۇرگدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋاپتىكەن، خەتتە فون لېكوكنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، رۇسىيىنىڭ پەن تەتقىقات ئېھتىياجى ئۈچۈن سەن دەرھال تۇرپانغا بېرىپ، قولغا چۈشۈرۈش ئىمكانىيىتى بار تام سۈرەتلەر، قول يازما ئالاقىلەر قاتارلىقلارنى قولغا چۈشۈرە دېيىلگەنىكەن. دەرۋەقە كوكوچانوۋىچ قاراغوجىدىن ئۆزى ئەكىتەلىگۈدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى راستتىن ئەكەتكەنىكەن، گەرچە ئۇ يەردىكى تام سۈرەتلىرىنى ئەكىتەلمىگەن بولسىمۇ.

فون لېكوك سىن پېتربۇرگدىكىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى سودىدا ھېلىقىدەك ئىككى يۈزلىمىلىك ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ ناھايىتى ئۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەنلىكىنى سېزىپ ئىنتايىن غەزەپكە كېلىدۇ. ئۇ كوكوچانوۋىچقا ئىككى تەرەپ كېلىشكەن كېلىشىم بويىچە، تۇرپاننىڭ گېرمانىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى كۈچىنىڭ بارىچە چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما ھېلىقى رۇسىيىلىك، مەن بۇنداق بىر كېلىشىمنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن، مېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم پەقەتلا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى بەجا كەلتۈرۈش دەپ تۇرۇۋالىدۇ. فون لېكوك شۇ چاغدىلا بۇ يوليورۇقنىڭ گرۈنۋېدېلنىڭ سىن پېتربۇرگدىكىلەر بىلەن كېلىشكەن كېلىشىمنى ئاللىقاچان ئىناۋەتسىز قىلىپ قويغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئۇ ھازىر گرۈنۋېدېلنى بىر ئامال قىلىپ قايىل قىلماقچى بولىدۇ ھەمدە ئۇلار پات ئارىدا قېزىش ئېلىپ بارىدىغان قۇمتۇرا بىلەن قىزىلنىڭ قانۇن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا كۇچا رايونىنىڭ سىرتىدا ئىكەنلىكىنى، ھەشۇنا

كېلىشىدىكى يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لېكىن روسىيەلىكلەر ئەڭ ئاخىرى بۇ يەرگە كېلىپ، فون لېكوك بىلەن گرۈنۋېدېلنىڭ سىم - سىم دېگەن يەردىكى تاش غارلارنى قېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ يەرنىڭ كۇچا رايونىغا تەۋە ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا روسىيەلىكلەر ئۆز رەقىبىنىڭ ئۇلار ئۆزىمىزگە تەۋە دەپ ھېسابلاۋاتقان تېررىتورىيە ئىچىدە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا غەزىپىنى بېسىۋالالماي، ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلەپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا ئەگەر فون لېكوك سىلىق گەپلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياسىمىغان بولسا، ھېلىقى ياشانغان روسىيەلىك ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئەمما گېرمانىيەلىكلەر روسىيەلىكلەرنىڭ بۇنداق يامان ئەلپازىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ھەقىقىي تەھدىت بولالمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇلاردا ھەمم يوقلۇقىنى، ھەم تام سۈرەتلىرىنى يۆتكەپ كېتىدىغان تېخنىكا يوقلۇقى دەرھاللا بىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيەلىكلەر ناھايىتى سىلىق بىلەن ئۇ يەرنى تاشلاپ، تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تەمىنلەش ئېھتىمالى بولغان قىزىلغا كۆچۈپ كېتىدۇ.

گرۈنۋېدېل بىلەن فون لېكوك بۇ يەردە قېزىش ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، VII ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ ساياھەتچىسى شۈەنزاڭ ئۆزىنىڭ ھىندىستانغا بېرىپ تاۋاپ قىلىدىغان ھېلىقى داڭلىق سەپىرىدە بۇ يەردىن ئۆتكەندە، مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بۇرۇنقى كۇچا پادىشاھلىقى (ئۇ چاغدا قىزىلمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى)نىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى توغرىسىدا بىزگە تەپسىلىي خاتىرىلەرنى قالدۇرغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سادىق تەزكىرە يازغۇچىسى خۇيلىغا * بۇ پادىشاھلىقنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ ئىنتايىن چوڭ (شەرقتىن غەربكىچە 300 ئىنگلىز مىلىدىن ئاشىدۇ، جەنۇبتىن شىمالغىچە تەخمىنەن 200 ئىنگلىز مىلى كېلىدۇ) ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سۇ مەنبەسى مول، مۇنبەت - باياشات بۇ بوستانلىقتا يەنە قوناق ۋە گۈرۈچنىڭمۇ كۆپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

* خۇيلى — شۈەنزاڭنىڭ چوڭ [illegible] ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى.

بىرمۇ ئۆلىنىڭ خاتىرىلىرىدە ئۇ كۆسەن دەپ ئاتىلغان. ئاشۇ يەردىن ئۈزۈم، ئانار، لەشپەت ۋە باشقا مېۋە - چېۋىلەرنىڭ چىقىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدۇق. شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇ يەردە كان بايلىقلىرى ناھايىتى مول بولۇپ، ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن ۋە قەلەي بار ئىكەن. ئۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، خەلقى ئاق كۆڭۈل ئىكەن... ئۇلارنىڭ ئوركېستىر ۋە تارلىق چالغۇ ئەسۋابلار بىلەن ئورۇنلىغان مۇزىكىلىرى باشقا دۆلەتنىڭكىنى بېسىپ چۈشىدىكەن. ئۇلار كىمخاپتىن كىيىم كىيىدىكەن (قىرلىكو كىسۇ ئۈزىنىڭ بىر يېزىدا چىرايلىق كەشتە ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ). سودا ئىشلىرىدا ئۇلار ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس پۇل ئىشلىتىدىكەن.»

شۈەنزاڭ ياشىغان ئاشۇ دەۋردە، كۇچانىڭ غەربىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتقى ئىككى تەرىپىدە ئېگىزلىكى 90 ئىنگلىزچە كېلىدىغان ئىككى دانە بۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتىكەن. ھەر قېتىمقى كېڭەشلۈك كۈن - تۈن توختىغان كۈنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى راھىبلار بۇ يەرگە توپلىنىپ، ئون كۈنگىچە مۇراسىم ئۆتكۈزىدىكەن. شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىلىرىدە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «پادىشاھ ۋە بارلىق ۋەزىر - خەلقلەر شۇ كۈنى ئاقسۆڭەك ياكى پۇقرا بولۇشىغا قارىماي بارلىق ئىشىنى توختىتىپ، تاماق يېمەي پەرھىز تۇتىدىكەن.» ھەر ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋە ھەر ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ دۆلەت ئىشلىرىنى مەسلىھەتلىشىدىكەن. ھۆزۈلدىن كېيىن باش راھىبنىڭ پىكرىنى ئاڭلايدىكەن، پەرمان ئېلان قىلىدىكەن.» ئۇ ئورغۇن بۇتخانىلارنى تەسۋىرلەپ چىققانىدى. ئۇ بۇ يەردە تۇرغان ۋاقىتتا ئېھتىمال قىزىلدىكى بىر ئىبادەتخانىنى زىيارەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەردىكى تام سۈرەتلىرىنى ۋە ھەيكەللەرنى ناھايىتى ماختىغانىدى، بۇ نەرسىلەرنى 1200 يىلدىن كېيىن گېرمانىيىلىكلەر بېرلىنغا يۆتكەپ كېتىدۇ، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ قىزىلدىن (جۈملىدىن بېزەكلىكتىن) قولغا چۈشۈرگەن تام سۈرەتلىرىنى ئۇلارنىڭ تۆت قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىدە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ مول مېۋىسى دەپ ئېيتىشقا بولاتتى. چۈنكى سەنئەت تارىخشۇناسلىرىنىڭ

ھەممىسىلا قىزىلدىكى تام سۈرەتلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتىنىڭ
ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ ھېسابلىماقتا ئىدى.

فون لېكوك ئۆز سۇبىسو ئىبادەتخانىدىكى تام سۈرەتلىرىنى تەسۋىرلىگەن
چېغىدا مۇنداق يازىدۇ: «بۇ يەردىكى تام سۈرەتلەر بىز تۈركىستاننىڭ
ھەر قانداق يېرىدە ئۇچراتقان تام سۈرەتلىرىگە قارىغاندا ئەڭ گۈزەل
ئىدى. ئۇ رىۋايەتلەردىكى ساكيامونىنىڭ خىلمۇ خىل ھاياتلىرىنى ۋە
ئۇ ئۇچراتقان خىلمۇ خىل سورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئۇلارنىڭ
ئۇسلۇبىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساپ قەدىمكى گىرېكچە ئالاھىدىلىككە ئىگە
ئىدى.» گېرمانىيىدىكىلەر ئۇ ئىبادەتخانىغا يېڭىلا كىرگەندە خۇددى
ھېچ نەرسە يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئۇزۇنغا قالماي تاملاردا بىر ئىنچ
كىلىز سۇۋىقى قېلىنلىقتىكى بىر قەۋەت ئاپئاق كۆكەرتىش باكتېرىيىسىنىڭ
بارلىقى سېزىلىدۇ. فون لېكوك مۇنداق دەيدۇ: «مەن جۇڭگونىڭ بىرانىدى
ھارىقىنى قولۇمغا ئېلىپ — بۇنچىۋالا كۆپچىلىك ھاراقنى ئىچەلەيدىغان
بىرمۇ ياۋروپالىق يوق ئىدى، بىر پارچە خەيمىيەن بىلەن تاملارنىڭ ھەم-
مىسىنى يۇيۇپ چىقتىم، شۇنىڭ بىلەن تام سۈرەتلىرى كۆرۈندى.» شۇ
كۈنى كەچتە ئۇنىڭ بېشى خۇددى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىيدۇ،
شۇنداقلا بويىنمۇ قىزىرىپ كېتىدۇ. مۆلچەرلىنىشچە بىرانىدى ھارىقىنىڭ
پۇرىقى تەسىر كۆرسەتكەن بولسا كېرەك.

يېقىن ئەتراپتىكى ئىنتايىن چىرايلىق تام سۈرەتلىرى بار يەنە
بىر ئىبادەتخانىدا ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن، چاقناپ نۇر چېچىپ تۇ-
رىدىغان كۆك بوياقلار ئۇلارنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ يېتىدۇ. بۇ خىل
ئەتىۋارلىق بوياق ياۋروپادا ئەدەبىيات - سەنئەت قايتا گۈللەنگەن مەز-
گىللەردە سەنئەتكارلارنىڭ ئىنتايىن قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولغان بولۇپ،
ئۇنىڭ قىممىتى ئالتۇندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچى-
دىكى بىر تام سۈرەتتە پادىشاھ ئاجاتا شاترۇ (King Aja ashatru) *
ئېرىتىلگەن سېرىق ماي تۇشقۇزۇلغان داستا ئولتۇرۇپ ۋۇ-ئىستىغفار

* پادىشاھ ئاجاتا شاترۇ (King Ajatashatru) — ھىندىستاننىڭ
قەدىمكى زاماندىكى پادىشاھى بولۇپ، ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 491 - يىلدىن
452 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

قىلىنىۋاتقان چېغىدا، قولىغا ھالقا سېلىنىۋالغان بىر ۋەزىرلىك ساكيا-
مۇنىنىڭ، تەمتاس بولۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەرنى ئېغىز
ئارقىلىق ئېيتىشقا پېتىنالماي، گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا بۇنىڭغا ئالا-
قىدار رەسىمدىن بىرنى سىزىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىۋاتقانلىقى سىزىلغان ئى-
كەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردە ناھايىتى ئوبدان ساقلىنىپ تۇرغان
باشقا ئەسەرلەرگە ساكيامۇنىنىڭ بۇددا ئايەتلىرىگە تەبىر ئېيتىپ بېرى-
ۋاتقانلىقى، بۇددا ئۇستىخىنىنىڭ تەقسىم قىلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى ۋە چوڭ
كۆلەملىك دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانلىقى قاتارلىق خىلمۇ خىل
كۆرۈنۈشلەر چۈشۈرۈلگەنىكەن.

فون لېكوك قىزىلدىن تېپىلغان كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان
ئاشۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قاراپ مۇنداق جاكارلايدۇ: «ئۇ بىر
بۇرۇن قولغا كەلتۈرگەن ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيەتلەردىن ناھايىتى كۆپ
ئېشىپ كەتتى. بىز بارغانلا يەرنىڭ ھەممىسىدە مۇكەممەل تۇرغان. بۇلاڭ-
تالاڭغا ئۇچرىمىغان ئىبادەتخانىلارنى ئۇچراتتۇق، ئۇنىڭغا كىشىنى ئەڭ
قىزىقتۇرىدىغان، بەدىئىي جەھەتتە تاكامۇللاشقان تام سۈرەتلىرى تو-
لۇپ كېتىپتۇ، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپكى شەكلىدىكى
ئەسەرلەر ئىكەن.» بۇ يەردىن تېپىلغان ھەر قانداق بىر تام سۈرىتى
ئۇلارنىڭ باشقا جايلاردىن تاپقانلىرىغا ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭدا جۇڭگو
تەسىرىنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مى-
لادى 658 - يىلى بۇ يەر جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشتىن
ئىلگىرى، كۇچانىڭ يالغۇز ئۆز تىل - يېزىقى مەۋجۇت بولۇپلا قالماس-
تىن، يەنە تېخى ئۆزىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە رەسساملىق
ئىلمىي ئېقىملىرى مەۋجۇت ئىدى. جۇڭگو ئارخېئولوگلىرى كېيىنچە ئۇ
يەردە تېخىمۇ كۆپ يېڭىلىقلارنى بايقىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر تارقى-
لىپ يۈرگەن كۇچا رەسساملىقىغا ئائىت بىلىملەرنىڭ كۆپ قىسمى گېر-
مانىيە ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى قىزىلدىن ئەكەلگەن تام سۈرەتلىرىنى ۋە
قول يازمىلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن.

بىر كۈنى، ئۇلار تۆتەيلەن باشقا - باشقا ئىبادەتخانىلاردا قېزىش

بىلەن شۇنى ئويلىشىۋاتقان چاغدا، تۇساتتىن گۈلدۈرماممىدەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز چىقىدۇ، شۇنىڭ كەينىدىنلا بىر پارچە تاغ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە باشلايدۇ. فون لىبكوك، باتاس ۋە ئۇلارنىڭ ئىشچىلىرى دەرھال تاغ قاپتىلىغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ. «شۇ چاغدا ئۆرغۈنلىغان قورام تاشلار يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان قۇدرەت بىلەن كىشىنى ئۆلگۈدەك قورقىتىپ، بىزنىڭ يېنىمىزدىن دومىلاپ چۈشۈپ كېتىدۇ.» فون لىبكوك پەقەت تاغ باغرىدىكى دەريا سۈيىنىڭ «دولقۇنلاپ ئۆركەش ھاسىل قىلىپ، دەريا قىرغاقلىرىغا شىددەت بىلەن سوقۇلۇۋاتقانلىقى»نى، دەريانىڭ يېقىنىدىكى ئېقىنىدا بولسا چاڭ - توزانلار كۆتۈرۈلۈپ، ئاسماننى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «دەل شۇ ئەسنادا، پۈتۈن يەر - زېمىن لىڭشىشقا باشلىدى، شۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە گۈلدۈرلىگەن بىر ئاۋاز تاغ ئارىلىرىدا ياڭراپ كەتتى. شۇ چاغدىلا بىز بۇنىڭ قېتىملىق يەر تەۋرەش ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.» بۇ چاغدا ئۇلار يەر تەۋرەش دولقۇنلىرىنىڭ تاغ جىلغىسىنى داۋاملىق تىترىتىۋاتقانلىقىنى، يېقىندىكى چىقىۋاتقان چاڭ - توزانلارنىڭ داۋاملىق ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇلار يەر تەۋرىگەن چاغدا كىرونۋېدېلنىڭ تېز يېزىش خاتىرىسىنى چىڭ تۇتقان ھالدا تاغ ئۆڭكۈرىنىڭ بىر بۆلىكىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ خەزىنىچە بىلىدىغان ياردەمچىسى خوربوتېرنىڭمۇ ئامان - ئېسەن ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئاندىن «ئۆزىدىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ. بىر ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدە، ھەر قېتىم جوتۇ ئۆرغاندا تورۇستىن يوغان - يوغان شېغىل تاشلار ۋە ئۇششاق قۇملار سىرىلىپ چۈشەتتى. فون لىبكوك بۇ يەردىمۇ تەلىيىگە يارىشا يەنە بىر قېتىم خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. يەنە بىر قېتىمدا، ئۇ بىرقانچە ياغاچ ھەيكەلنى كۆزىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆڭكۈرنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ، شۇ ئەسنادا بىر پارچە تامنىڭ يۈزى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ مۇدۇقۇپ كېتىپ كەينىگە يانغان ئاشۇ پەيتتە، بىر پارچە يوغان تاش ئۇ باياتىن تۇرغان يەرنىڭ ئۈستىگە كېلىپ چۈشىدۇ. كېيىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر يۈز بەرگەن چاغدا، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭدەك تەلىيى كەلمەيدۇ. باش-

قا بىر قېتىملىق تاش چېقىش ۋەقەسىدە، شۇ يەرلىك بىر مەدىكار ئىغىر زەخمىلەنگەنلىكى ئۈچۈن. ئۇلار ئۇنىڭغا تۆلەم قاتارىدا ئۈچ باكما بارا-ۋەر كەلگۈدەك پۇل بېرىدۇ. فون لېپكوك بىزنىڭ شۇ چاغدىكى جۇڭگو تۈركىستانىدا بۇنىڭ «خېلىلا كۆپ پۇل» ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېشىتىمەزلى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ 12 شىللىڭ (shilling) چوڭ بىر ئائىلىنىڭ بىر ئاي ئىچىدە ناھايىتى «بەھوزۇر» تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە يېتىدۇ، دەيدۇ. يەنە بىر قېتىملىق كۆتۈلمىگەن ۋەقەدە، گېرمانىيىلىكلەرگە ھەمدەس-كار بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىرگە قېزىش ئىشلىرىغا قاتناشماقچى بولغان، قوشنا يېزىدىن كەلگەن ئىككى ئادەم، يول ئۈستىدە چىققان شىددەتلىك بوراندا بەختكە قارشى ئۆلۈپ قالىدۇ.

كىچىك-كىچىك بوران - چاپقۇنلارمۇ بەزىدە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىنى دەككە - دۈككىگە سېلىپ تۇراتتى. ئۇلار بىرەر جايغا بېرىپ تۇرغان چېغىدا بىر - بىرىدىن پەقەت يىراققا كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەممىشە ئايلاپ - يىللاپ ئىنتايىن ناچار شارائىت ئىچىدە خىزمەت قىلىدىغان بولغاچقا، بەزى چاغلاردا بىر - بىرىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ، روھىي جەھەتتە جىددىيلىشىپ خاتىرجەم بولالماي قالاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئادەمنى باش قېتىمچىلىققا سالىدىغان بەزى ئىشلارمۇ بار ئىدى. دەسلەپتە فون لېپكوك ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان، ناھايىتى چوڭ نەتىجە قازانغان بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى كرۇنۋېدېلغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلمايدۇ. فون لېپكوك بۇ بىلىملىك ئادەمنى ھۆرمەت قىلاتتى، ئەمما ئۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە ئاشۇ ئادەم ئەترەت باشلىقى بولۇپ رەھبەرلىك قىلغان مۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا ئىشلەپ كۆرمىگەنىدى. ئۇندىن قالسا، كرۇنۋېدېلنىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىكىگە فون لېپكوكنىڭ ئىنتايىن نارازى بولغانلىقىمۇ بىزگە ئايان ئىدى. ئەمما بۇ ئىككىيلەننى ماجىرا پەيدا قىلدۇرۇۋاتقان ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، فون لېپكوك ئىبادەتخانىلاردىكى ھەممە نەرسىلەرنى بولۇپمۇ تام سۈرەتلىرىنى بىراقلا ئەكېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمما كرۇنۋېدېلنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۇنىڭغا ئوخشاش-

مايدۇ. ئەخمىنەن 30 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە خىزمەت قىلغان بىر ئالىم ئەھلى ئۇلىمىغا ئاتاپ يازغان مۇسىبەت خەۋىرىدە ئۇلىمىدىن ئەڭ ياخشى خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئۇلىمىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە توغرىسىدىكى دوكلاتلىرىدىن ئۇنىڭ ئاشۇ كونا ئىزلارنى سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتىنلا يۈزەكى كۆزىتىشكە قوشۇلمايدىغانلىقىنى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق-قىلىشتىن ساقلانغانلىقىنى؛ ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلمۇۋاتقان ئاشۇ تام سۈرەتلىرىنى ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنى «بۇلاپ» كېتىشكە قوشۇلمايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق قىلىشتىن ساقلانغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى ھەر بىر كونا ئىزغا ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھەمدە كونا ئىزلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە تەتقىق قىلىش ئىدى. شۇڭا ئۇ يېقىندىن تېپىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىر-سىنى سىدام قىلىپ سىزىپ چىقىش چارىسىنى قوللانغانىدى. ئۇ تام رەتلىرىنى قومۇرۇپ ئەكىتىش ئەلىتە نەرسىلەرنى ئوۋلاش ۋە ئوغرىلاشنى باشقا ھېچ نەرسىدىن دېرەك بەرمەيدۇ دەپ قارايتتى.»

فون لېكوك بىلەن باتاسىنىڭ بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىدىغانغا ۋاقتى يوق بولغاچقا، ئۇلار بىلەن گرۇنۋېدېل ئوتتۇرىسىدا يىرىكچىلىك پەيدا بولىدۇ. بىر قېتىم فون لېكوك بىر كىچىك بۇتخانىنىڭ رەسىم سىزىلغان گۈمبىزىنى شۇ پېتى بېرلىنگە ئېلىپ كەتمەكچى بولىدۇ. گرۇنۋېدېل ئۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. فون لېكوك مۇنداق يازىدۇ: «ئەگەر مەن شۇنداق قىلمىسام بولمايدۇ، دەپ چىڭ تۇرۇۋالسام، پۈتۈن دوستلۇقىمىزنى شۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى.» گرۇنۋېدېل ئۇنىڭ ئەكسىچە تەكلىپ بېرىپ، مۇزېيدا ئۇنى باشقىدىن تەقلىد قىلىپ ياساشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، سىزىش ۋە ئۆلچەش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىش كېرەك، دەيدۇ. ئۇ رەسىم سىزىلغان باشقا سىر گۈمبەزنى يۆتكەپ كېتىشكىمۇ ئوخشاشلا قارشى تۇرىدۇ. ئەمما فون لېكوك ئۆزىنىڭ ۋاستە رەھبەرلىكىدە مۇشۇنىڭغا ئۇلاپلا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىدە بۇ گۈمبەزنى يەنىلا يۆتكەپ كېتىدۇ، گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ كىتابىدا بۇ رەسىملەر ئىككى

قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئارىلىقىدىكى يەتتە يىل داۋامىدا غايەت زور بۇز-غۇنچىلىققا ئۇچراپتۇ، دېگەن بولسىمۇ. ئۇلاردىن باشقا، يەنە بىر قېتىمدا فون لېكوك ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ ھېسابلىغان بىر بۆتنى يۆتكەپ كېتىشكە گرۈنۋېدېل قارشى تۇرغانلىقتىن، فون لېكوك بىر ئامال قىلىپ، ئۇنى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ رەھبىرىگە تۇيدۇرماي باتاسقا ئوغرىلىقچە ئوراپ قاچىلاتقۇزۇپ، گېرمانىيىگە ئەكەتتىمۇ.

پەقەت بىرلا قېتىمدا، گرۈنۋېدېل ئۆزى مۇۋاستە بىر قېتىم قېزىپ كۆرۈش قارارىغا كېلىدۇ. فون لېكوك ئۆز رەھبىرىنىڭ قارىماققا ناھايىتى ئۇرغۇن نەرسىلەرنى قېزىپ چىققىلى بولىدىغاندەك قىلىپ تىزغان بىر ئىبادەتخانىسىنى قانداق قىلىپ كۆڭۈل قويۇپ تاللىۋالغانلىقىنى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «گرۈنۋېدېل ئۇيەردە قېزىشقا كىرىشىدۇ. ئەمما ئۇ پورقىراپ توزۇپ ئادەمنى قاقالدۇرۇۋېتىدىغان چاڭ - توزانغا - قىزىش جەريانىدا چاڭ - توزانلاردىن ساقلانغىلى بولمايتتى - بەرداشلىق بېرەلمەي، ھېچقانچە كولىمايلا يالقىيىپ قالدى... بۇنى بىز چۈشىنەلەيدۇق.» فون لېكوك يامان نىيەتلىك مەسخىرە ئارىلاشقان تەلەپپۇز بىلەن ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇلار شۇنىڭغا ئۇلاپلا گرۈنۋېدېل ھېچ نەرسە تاپالمىغان ئاشۇ يەردە داۋاملىق ئىشلەپ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى ھىندى يېزىقىدا يېزىلغان چىرايلىق، چوڭ ھەتلىك قول يازمىلارنى ناھايىتى تېزلا تېپىپ چىقىدۇ.

بۇچاغدا، فون لېكوكنىڭ ئاستا خاراكتېرلىك دىزىنتېرىيە كېسەللى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ قالغانىدى. (ئۇنىڭ گرۈنۋېدېل بىلەن گەپ تەگىشىپ قېلىشى ئۇنىڭ ئۇزاق مەزگىل كېسەل ئازابىنى تارتقان كەيپىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك). ئۇ بۇ قاقاس رايوندا كېسەلنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، دەرھال دۆلىتىگە قايتىش قارارىغا كېلىدۇ (شۇنى بىلىش كېرەككى، ھۇتمۇ ئاساسلىقى سالامەتلىكىگە سەل قارىغانلىقتىن، بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدىن قايتىپ بارغاندىن كېيىنلا ئۆلگەنىدى. فون لېكوك ئۆزلىرى تاپقان قول

يازما ئورىگىناللارنى بىر يەرگە توپلاپ قەشقەرگە مېڭىشقا تەييارلىنىدۇ. تەبىئىكى، ئۇ يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى گرۈنۋېدېلغا يەنە بىر قېتىم ئاچچىقلىنىشتىن خالى بولالمايدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار ستەيىننىڭ تۇرپانغا كەلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى يېڭىلا ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، فون لېكوك ئۆزىنىڭ روھى چۈشۈپ بېشى ساڭگىلاپ كەتكەن ئاشۇ رەھبىرىنى بېزەكلىككە تېزىرەك بېرىپ ــ بۇنىڭ ئۈچۈن شەرققە قاراپ تەخمىنەن يەنە 350 ئىنگلىز مىلى يول مېڭىش كېرەك ــ ستەيىن يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇيەردىكى قېپقالغان ئىبادەتخانىلارنىڭ ھەممىسىنى قېزىپ چىقىشقا دالالەت قىلىدۇ. ئەمما گرۈنۋېدېل بۇ ئىبادەتخانىلارنى ماڭا قالدۇرۇپ قويۇڭلار، دەپ ئاللىقاچان ئېنىق ئۇقتۇرۇپ قويغانىدى (فون لېكوك كېيىنچە ئەگەر گرۈنۋېدېل ئاشۇ ئىبادەتخانىلارنى ماڭا قالدۇرۇپ قويۇڭلار دېمىگەن بولسا، ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسىلەر ــ ھەرگىز بىرلا ئەمەس بىر چاغقىچە بېرلىنغا ساق - سالامەت يېتىپ بارغان بولاتتى، دەيدۇ). ئۇ ئاشۇ گەپلەرنى دەپ بولغاندىن كېيىن يولغا چىقىپ كېتىدۇ. دېمىسىمۇ ئۇ گەپلەر گرۈنۋېدېلنىڭ كۆڭلىگە ئىنتايىن چوڭ ئازار بېرەتتى.

ئون بىرىنچى باب

جۇڭگودىكى بىر ئەخلەت دۈشمەننىڭ سىرى

يول ئۈستىدە فون لىبكوك ئات - ئۇلاغ ئوغرىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتلىـ
رىنى ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەر كۈنى كەچتە ئاتلىرى
بىلەن بىر ئۆيدە ياتتى. ئۇندىن باشقا، بىر قېتىم ئۇنىڭ قول يازمىلارنى
توشۇپ ئەكىتىۋاتقان ئات ھارۋىسى شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان دەرياغا
دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كەتكىلى تاس قېلىپ، ئۇنى ئىنتايىن قورقىتىۋەتتى.
بۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنىڭ سەپىرى خېلى ئوڭۇشلۇق داۋاملىشـ
دى، باشقا ۋەقە يۈز بەرمىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ يول ئازابى تۈپەيلىدىن كې
سەللىنى بىر ئاز ئېغىرلاشتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاخىرى قەشقەرگە
تىنچ - ئامان يېتىۋالدى.

ئۇ بۇ يەردە ھېلىمۇ ياخشى ئۆز دۈشمىنى ستەين بىلەن دوقۇرۇشۇپ
قالمايدۇ. ستەيننىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن مېھماندوست ماكارتنىينىڭ
ئۆيىدە تۇرغانلىقىدا گەپ يوق. ئەمما ئۇ 7. - ئاينىڭ 23 - كۈنى چىنار
باغدىن جەنۇبقا كېتىپ قالغانىدى. فون لىبكوك بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېـ
يىن بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئىككىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ بىـ
پايان كەڭ رايونىدا بىر - بىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغىلى تاسلا قالىدۇ.
فون لىبكوك ئۆزىنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى ئېلىپ دۆلىتىگە قايتىشقا
ئالدىرايدۇ. ئەمما ماكارتنىي ئائىلىسى ئۇنىڭغا ئاۋۋال بىر مەزگىل تۇرۇپ،
سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن مېڭىش توغرىسىدا نەـ
سىھەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھىندىستانغا بارىدىغان ئەنگلىيىلىك
ئوفىتسېر كاپىتان ج.د. شېلنى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قاراقۇرۇم تېغىدىن
بىللە ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئىككىسىنىڭ ۋەزىپىسىدە بىرىنىڭ دوختۇرغا كۆ-
رۈنۈش. يەنە بىرىنىڭ ئۇنى مىزھابىرەت قىلىش توساتتىنلا ئۆزگىرىش بو-
لىدۇ. شىپ قارا قۇرۇم تېغىنىڭ 19 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى تار
ئېغىزىغا كەلگەندە ئېغىر كېزىك ۋە ئۆپكە يالىلۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بو-
لۇپ، يولنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان حالقا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ چاغدا فون
لېكوك ئۆزىنىڭ تۈرك چاكىرىدىن ترانسپورت ئەترىتىدىكىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ
ئاتلىرىنى ئوغرىلاپ كېچىدە قېچىپ كېتىشىنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ
قالىدۇ؛ شۇڭا ئۇ ئوق-دورا قاچىلانغان مىلتىقىنى قولىدا تۇتۇپ كېچىچە
كىرپىك قاقمايدۇ ھەمدە ئۇلارنى قورقۇتۇپ، ئەگەر كىم قاچىدىغان بول-
سا، ئۇنى شۇ زامات ئېتىۋېتىمەن، دەيدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە، فون لېكوك
چېدىرىنى، ئاشلىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇنداقلا ئۆزىنىڭ سادىق چاكىرىنى
لغا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز ئاپپاق ئۇستىخانلار دۆۋىلىنىپ تۇر-
ن بۇ يولنى بويلاپ، ياردەم تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە لاداككا قاراپ
ل ئالىدۇ. يول ئۈستىدە ئۈچ يەردىكى ئېگىز ۋە خەتەرلىك تاغ ئېغىزىدىن
ۆتىدۇ، قار سۈيىگە ئۇننى چىلاپ ئۇماچ قىلىپ ئىچىدۇ. شۇنداق قىلىپ
9 - كۈنى ئەڭ يېقىن بىر مەھەللىگە كېلىدۇ. بۇ يەردىن شىپىلغا يېقىلغۇ
ۋە ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئۆزى ئىنتا-
يىن كۈچەپ كېتىپ، چارچاپ مادارى قالمىغاچقا، جىسمانىي قۇۋۋىتىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا 19 تۇخۇمنى يەۋېتىدۇ. شۇنىڭ
كەينىدىنلا ئۇ يەنە بىر ئادەمنى شىپىلنىڭ كېسەللىك توغرىسىدىكى ئىزاھات-
نى ئېلىپ، لې شەھىرىدىكى مورافىيە دىندارلىرى دوختۇرخانىسىغا بېرىپ
ئۇلاردىن دورا ماتېرىياللار بىلەن جىددىي قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىشقا
ئەۋەتىدۇ - دە، ئۆزى يەنە شىپىلنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ. بىمارنى يات-
قۇزۇش ئۈچۈن ئوت - چۆپتىن ياسالغان بىر ناسىلكىنى بىرگە ئالغاچ
كېلىدۇ. بىر مەركەل جاپالىق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرى
يەنى قار - مۇزلار يولنى توسۇپ قويۇشتىن بۇرۇن، ئۇنى لې شەھىرىگە
ئېلىپ كېلىدۇ.

فون لېكوكنىڭ بۇ خىل باشقىلارنى دەپ ئۆز مەنپەئەتىدىن ۋاز كې-

چىدىغان ئېگىلمەس - سۇنماس روھىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، كېيىنچە ئىمروسالىسىدىكى سېنت-جون دوختۇرخانىسى ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم ياسالغان ئالتۇن مېدالنى تەقدىم قىلدى. ئۇنى مۇكاپاتلاشنى بۇ قېتىم فرانسىس ھاسېبېن ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئادەم ئۇ چاغدا ئەنگلىيىنىڭ كەشمىردە تۇرۇشلۇق ئەمەلدارى بولۇپ، قاراقورۇم تېغىدىكى تار ئېغىزلارغا دائىر بىرىنچى قول ماتېرىياللار شۇ ئادەمنىڭ قولىدا ئىدى. 24 يىلدىن كېيىن، ھابېبېن فون لېكوككا تەرىپە بىلدۈرۈپ يازغان مۇسىبەت خەۋىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئابزاسىدا ئۇنى تەقدىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «فون لېكوك بىلەن كاپىتان شىل پەقەتلا يول ئۈستىدىلا تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىمۇ ئوخشاشمايتتى. ئەمما فون لېكوك ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن، 14 كۈن ئىچىدە ساسار (Sassar) بىلەن مۇرغى (Murghi) تار ئېغىزىدىن ئۈچ قېتىم ئۆتتى. 3 - قېتىمدا ئېغىر كۆزنى قارىغۇ قىلىپ قويىدىغان قار - شىۋىرغانغا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساسار تار ئېغىزى دېڭىز يۈزىدىن 17840 ئىنگلىز چىغىرى ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئۇنىڭ چوققىلىرىدا يەنە تەخمىنەن ئۈچ ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى مەڭگۈ ئېرىمەيدىغان مۇزلۇقلار بار ئىدى. شۇڭلاشقا، فون لېكونىڭ خېيىم - خەتەر، جاپا - مۇشەققەتتىن باش تارتماي، باشقىلارنى دەپ ئۆز مەنپەئەتىدىن ۋاز كەچكەن روھى بىزنىڭ ئالاھىدە ھۆرمەتلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.» شىل (كېيىن گېنېرال بولىدۇ) نىڭ شۇ چاغدا كېسىلى ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقتىن لې شەھىرىدىكى دىندارلار دوختۇرخانىسىدا ئالتە ئايدىن ئارتۇق يېتىپ داۋالىنىدۇ.

فون لېكوك بېرلىندىن ئايرىلىپ ئىككى يېرىم يىلدىن كېيىن، يەنى 1907 - يىلى 1 - ئايدا ھېلىقى قول يازما ئورىگىناللارنى ئېلىپ بېرلىنگە قايتىپ كېلىدۇ. گرۈنۋېدېل، باتاس ۋە خوروبۇتېر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۈنۈملۈك قېزىشلارنى گەرچە بېرەلىگەن بولسىمۇ ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، شۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇزېيىدا فون لېكوك بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىدۇ. بۇ چاغدا گېرمانىيىنىڭ 3 - قې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قولىغا چۈشۈرگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلار جەمئىي 128 ساندۇققا يېتىپ، ئالدىنقى قېتىمقىسىدىن 25% ئېشىپ كېتىدۇ. گېرمانىيىلىكلەر بۇ بىر تۈركۈم ماددىي بايلىقلارنى مۇندەرىجىگە ئايرىش، ساقلاش، ئېلان قىلىش ۋە كۆرگەزمىگە قويۇشقا جەمئىي ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، بۇ قېتىم فون لېكوك رەھبەرلىكىدىكى بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى يەنە ئەۋەتىدۇ.

بۇ قېتىم نۆۋەت يەنە ستەيىنگە كېلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، فرانسىيىلىك پېللىئوتمۇ بوش كەلمەي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپلا يۈرىدۇ. شۇنىسى قىزىقكى ستەيىن دەل ماكارتنېينىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا، پېللىئوتمۇ خۇددى كرۇنۋېدېلدەك يۈك-تاقلىرىنى يۆتكىتىپ قويغانلىقتىن ۋاقىتىنچە روسىيە تۈركىستانىدىكى تاشكەنتتە توختاپ قالىدۇ. بۇ فرانسىيىلىك ئادەم ئاتاقلىق تىلشۇناس بولۇپ، ئاشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ ئاساسلىق تىلى — تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشنى ئىلىك تۇتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ ۋاقىتتا باشقىدىن يەڭنى شىمايلاپ كەلگەن سۋېن ھېدىنمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى لاداكقا يېتىپ كېلىدۇ. ئەمما بۇ قېتىم ئۇ رىقابەتلىشىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان يەر — شىزاڭ ئىدى.

ستەيىن ئىككىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىدە ھىندىستاندىن چىقىدىغان باشقا بىر لىنىيىنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. ئۇ پامىر، قارا قۇرۇم ۋە ھىندىقۇشنىڭ قاقاس، دەشتلىرىدىكى تۇتىشىش نۇقتىسىغا يول ئېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئافغانىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قىرغاق رايونلاردىن ئۆتىدۇ. بۇ لىنىيە ئۈستىدىكى «قاقاسلىقلار»دا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ تويۇقسىز زەربىگە ئۇچراپ كېتىش خەۋپى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. بولۇپمۇ ستەيىن «گۆھەر ئوۋلىغۇچى» سۈپىتىدە ئاللىقاچان يىراق - يېقىنلاردا داڭقى چىقىرىپ، ھەممە ئادەمگە تونۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى قوغداش مەقسىتىدە مىلتىق ۋە تاپانچىغا ئوخشاش يېنىك قوراللارنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كىچىككىنە

كوللېكتىپى سىرتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىدە بىللە بولغان ئىككى كونا دوستىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ھىندىستان كارتوگراف ئىدارىسى ئەۋەتكەن ئۆلچەش خادىمى لەمبىن، يەنە بىرى يەكەندىن كەلگەن پىشقەدەم ترانسپورت خادىمى مۇھەممەت ئىدى. بۇ پىشقەدەم ترانسپورت خادىمى قىش كۈنلىرى تار ئېغىرلارنىڭ مۇزدا توسۇلۇپ قېلىش خەۋپىگە قارىماي، بۇ يەرگە كېلىپ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە قاتنىشىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە، بىر قېتىملىق تاغ غۇلاش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ - دە، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن يەتتىسى ئۆلىدۇ. ئۇمۇ جېنىدىن ئايرىلىشقا تاس قالىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بىرى ئۇنىڭ كىچىك ئىتى «داشۇ» ئىدى، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھېلىقى ئىتمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. بۇ قېتىمقى ئېكسپې-دىتسىيىنى لوندوندىكى ئەنگلىيە مۇزېيى بىلەن ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، راسخوت مەنبەسىنىڭ بەشتىن ئىككى قى-سمىنى مۇزېي ئىشخۇيى ئۈستىگە ئالىدۇ. قالغىنىغا كالكۇتتا جەمئىيىتى بولىدۇ، ئۇنىڭ ۋاقتى ئىككى يىل يەتتە ئاي بولىدۇ، دەپ بېكىتىلگەنىدى. ستەين ئەكەلگەن نەرسىلەرنى بۇ ئىككى ئورۇن نىسبەت بويىچە بۆل-ۈشكە ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئاساسىي نىشانى سۋېن ھېدىن ئۇچراتقان رورەن شەھىرىنىڭ سىرلىق كونا ئىزى ئىدى. ھازىر ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ كونا ئىزنىڭ تېپىلىشىدا يەنىلا چۈشۈپ قالغان ھېلىقى گۈرجەككە رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ يەرگە بېرىشتا قورقۇنچلۇق قۇملۇقتىن كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. لېكىن ستەين ئۇ يەرگە تۇنجى قېتىم يېتىپ بارغان ئارخېئو-لوگ بولۇشقا شۇنداقلا ئۇنىڭ سىرىنى ئۈزۈل - كېسىل يېشىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرۈشكە قەتئىي بەل باغلايدۇ.

ستەين گەرچە يېپەك يولىنى بويلاپ شەرققە يول ئېلىشنى ئوي-لىغان بولسىمۇ، لېكىن شىمالىي تەرەپتىكى قەشقەر ئۇ توختايدىغان بى-رىنچى بېكەت بولۇپ قالىدۇ. بۇ يەردە ئۇ كونا دوستى ماكارتنىي بىلەن ئەھۋاللىشىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىشلەشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئارخېئو-

لوئىسىيە خىزمەتچىلىرى ئۈستىدە پىكىر قىلىدۇ. شۇنداقلا ماكارتنېينىڭ ئالدىنقى قېتىمقى تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسەن، جىياڭ ئۇستاز* دەپ ئاتىلىدىغان بىر جوڭگولۇق ياشنى ئۆزىگە ئەڭ ئاساسلىق خەنزۇچە گەپلەرنى ئۆگىتىپ قويۇشقا، جوڭگو ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە ئۆزىگە ئېغىز تەرجىمىسى قىلىپ بېرىشكە، شۇنداقلا جوڭگوچە مۇنبەتلەر قولچىراپ قالغاندا ئۇلارنى بىر قەۋەت قىلىشقا ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ ئادەمنى خىزمەتكە ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلىش ئىنتايىن جايىغا چۈشكەن ئىش ئىدى، چۈنكى پاكىت ئۇنىڭ بىر - دەرىجىلىك ھەمراھ بولالايدىغانلىقىنى، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئالدىدا ھەرگىز ئارقىغا چېكىنمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ خىزمەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ يۈكسەك تەبىئىي ماھارىتىنى نامايان قىلىدۇ. ستەيىن بىر قانچە يىلدىن كېيىن جىياڭ ئۇستازنى ئەسلىگەندە مۇنداق يازىدۇ: «ئۇ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنى خۇددى مەزگا تەشنا بولغان بىلىمدەك ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى.... مەن بۇ ھەر دائىم ئېيتىمەن، ۋەھالەنكى يۈرىدىغان سەممىمىي سادىق يولدىشىمنى... ئىچىدىن سېغىندىم. ئەمما ئۇنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ يېنىغا ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى.»

ئۇلارنىڭ ترانسپورت ئەترىتى قەشقەردىن يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغان كۈنى ھىندىرىيكۇس پوپ ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر كۈن كېچىكىپ يېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ. چۈنكى پوپنىڭ ۋاپات بولۇشى بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنى بولۇپمۇ ئاشۇ ئاز ساندىكى ياۋروپالىقلارنى ئىنتايىن قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە قالدۇرغانىدى، بۇ ئادەم 1885 - يىلى قەشقەرگە كېلىپ، ئۆزى يالغۇز دىن تارقىتىش پائالىيىتىنى قانات ياي دۇرغانىدى. ئۇ ئادەتتىلا بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتى، بۇ ئۆي ھەم ئۇنىڭ ياتىقى، ھەم ئۇنىڭ كىچىك چىركاۋى ئىدى. ساقلىنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەن، بېشىغا يىرتىق بۆك قالپىقى، ئۈچىسىغا يېرىمى جوڭگوچە، يېرىمى غەربچە كىيىم كىيىۋالغان بۇ پوپ گەرچە ئاران بىرلا ياشانغان جوڭگولۇق موزدوزنى ئۆزىنىڭ دىنىغا ئىشىنىشكە قايىل قىلالىـ

* جىياڭ ئۇستاز — جياڭ شىياۋۋەننى دېمەكچى.

ھان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا كىشىلەر بىلەن تونۇيدىغان ۋە ئىززەت، سۆ-
يىدىغان بىر شەخس ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇرۇنقى تىجارىتىدە بىر ئاز
سىر باردەك ھېس قىلاتتى. ئۇ قەشقەردە شۇنچە يىللار تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا
ئۆيىدىكىلەردىن بىرەر پارچىمۇ خەت كەلمەيتتى. دەسلەپتە كىرگەندە ئۆتكۈزۈ-
لىدىغان مىسساغا پەقەت تەنھا بىر پولشالىق ئادەم قاتنىشاتتى. بۇ ئادەم
پولشالىقلارنىڭ بىر قېتىملىق قوزغىلىڭىدا روسىيىلىك بىر پوپنى دارغا
ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان،
كېيىنچە يەنە ئايلىنىپ يۈرۈپ قەشقەرگە كېلىپ قالغانىكەن. بىر كۈنى
ئۇلار تەتۈر قارىشىپ قالىدۇ - دە، شۇندىن باشلاپ ھېندرىيكس پوپ
ئۇنىڭ مىسساغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. ئەمما بۇ پولشالىق
ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالمايدۇ، پوپ مىسسا قىلىدىغان چاغدا يەنىلا ئۇنىڭغا
تويدۇرماي، ئۇنىڭ ئىشىكىدە ئولتۇرۇپ، قۇلىقىنى ئاچقۇچ تۆشۈكىچە
تەككۈزۈپ، مىسساغا قاتنىشىۋېرىدۇ.

ماكارتنىي قەشقەرگە دەسلەپتە كەلگەن چاغلاردا ھېندرىيكس بە-
لەن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، گوللاندىيە-
لىك بۇ پوپ ئىنتايىن ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
ئۇ بىر ئالالاتلىق تىلشۇناس ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يەنە شۇ
يەردىكى ئاخباراتلارنى ئەڭ تېز يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بىر مەنبە ئىدى.
ستەيىنمۇ بىر ئېيتىم ئۇنى «تىرىك گېزىت» دەپ ئاتىغانىدى. ماكارتنىي ھېن-
درىيكسنىڭ ئانچە - مۇنچە بېرىلىدىغان سەدىقىسىگە تايىنىپلا كۈن كە-
چۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى تاماقنى ئۆزى بىلەن بىرگە
يېيىشكە تەكلىپ قىلىدۇ ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنى چىنار باغقا ئەكىلىپ
ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرغۇزىدۇ. لېكىن 1898 - يىلى ماكارتنىي ئەنگلىيە-
يىگە بېرىپ ئۆيلىنىپ دەم ئېلىشنى تۈگىتىپ، ئايالىنى بىرگە ئېلىپ، قاي-
تىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ پوپ كۆچۈپ كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ. كېيىن
ماكارتنىينىڭ نەسىھەت قىلىشى ئارقىلىق، يەرلىك ھۆكۈمەت ھېندرىيكسقا
بىر ئېغىزلىق ئۆي تېپىپ بېرىدۇ. بىراق روسىيىنىڭ باش كونسۇلى پېترو-
ۋسكىي بۇ پوپقا ئىنتايىن ئۆچ بولغانلىقتىن، جۇڭگو دائىرىلىرىنى بۇي-

روقنى قايتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر لايدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىش ئاممىنىڭ ھېندى-
رويىكىغا كۈچلۈك مەدەت بېرىشكە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. ئەڭ ئاخىر-
ىدا ئۇنىڭغا بازار ئىچىدىن بىر ئېغىزلىق پاسكىنا كەپە ئۆي تېپىلىدۇ.

دەل مۇشۇ يەردىكى بىر ئەتىگەندە، ستەيىن جەنۇبقا قاراپ يولغا
چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ماكارتنىينىڭ بۇ كونا دوستى راك كېسەللى بىد-
لەن ۋاپات بولىدۇ. ستەيىن «جۇڭگو قۇملۇقلىرىدىكى خارابىلىكلەر» دې-
گەن كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئۇ لىنگشىپ قالغان بىر كىچىك ئۆيدە
ئۆزى تەنها ئولتۇرىدىكەن، ھەرقانداق خەۋەر ئېلىپ قويۇش ۋە ياردەم بې-
رىشلەرنى رەت قىلىدىكەن. ئۇ جان ئۈزىدىغان چاغدىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا
ھېچ بىر ئادەم يوق ئىكەن. بۇ بىر ھاياتنىڭ ھەسرەت بىلەن ئاياغلىشىشى
بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى ھەتتا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن
دوستلىرىمۇ بىلمەيدىكەن». 1899 - يىل 11 - ئايدىن تارتىپ 1902-
يىل 6 - ئايغا قەدەر ماكارتنىي بىلەن زادىلا گەپلەشمەيدىغان (ھېندىرويە-
كىس يوپ بىلەنمۇ گەپلەشمەيدىغان دېيىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق)
پتروۋسكىي پېنسىيەگە چىقىدۇ. روسىيىنىڭ يېڭى كەلگەن باش كونسولى
مولايىم، يېقىملىق بىر كىشى بولۇپ، نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلگى-
لى بولمايدۇ، ئۇ بۇ قېرى بوپنىڭ ئىككىنچى كۈنىدىكى مۇسىبەت ئىشلى-
رىنىڭ ھەممىسىنى جايى - جايىدا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. جەسەت ساندۇقى
تېخى پۈتمىگەنلىكتىن، بۇ روسىيىلىك بىرقانچە كازاك مۇھاپىزەتچىلىرى
بىلەن بىرگە، روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال ھاراقنى تازا ئىچىپ،
ئاندىن ياغاچچىنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ساندۇقنى تېز پۈتتۈرۈپ بېرىڭلار
دەپ سۆيلەيدۇ. ساندۇق پۈتكەندىن كېيىن، كازاكلار خۇددى ستەيىننىڭ
ئېيتقىنىدەك «ئۇزاق ۋاقىت ئازاب تارتىپ، قۇرۇق قاقشالدەك بولۇپ
قالغان» بۇ جەسەتنى ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن ساندۇققا سالىدۇ، ئۇنى-
دىن كېيىن ئۇلار باش كىيىملىرىنى ئېلىۋېتىپ، چۈش ۋاقتىدىكى ۋىژ-
ۋىژ ئاپتاپتا قارىماي، ئۇنى روسىيىلىكلەرنىڭ قەبرىستانلىقىغا ئەكىتىدۇ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ستەيىن ۋە ئۇنىڭ كوللېكتىپى قەدىمكى
يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولىنى بويلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسىنى

باشلىنىۋېتىدۇ. ياز كۈنلىرى ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا، ئۇلار كۈندۈزى يول مېڭىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ-دە، كۈندۈزى دەم ئېلىپ كېچىسى مېڭىشنى قارار قىلىدۇ. دەسلەپتە ئۇلار يېزىلاردىكى جىڭگو ئەمەلدارلىرى كېلىپ-كېتىشتە چۈشىدىغان سارايلاردا دەم ئالماقچى بولىدۇ. ئەمما ئادەت بويىچە بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان بولغاچقا، چۈش ۋاقتى ئىنتايىن قىزىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن پاسكىنا ئىدى. شۇڭا ستەين ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى يېزىلاردىكى ھاللىق دېھقانلارنىڭ ئۆيىدىكى سالقىن يەرلەردە دەم ئالىدۇ. ستەين مۇشۇنداق قىسقىغىنە توختىغان ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنىدىغان ئىككى توملۇق چوڭ ئەسىرى «قەدىمكى خوتەن»نىڭ كېيىنكى قىسىملىرىنى كوررېكتورلۇق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى روسىيىگە قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فەرغانە ئارقىلىق تۈركۈمگە بۆلۈپ پوچتىغا سېلىپ ئوكسفورتقا ئەۋەتىۋېتىدۇ.

ستەيننىڭ ئاساسلىق نىشانى گەرچە كىرورەن بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ھازىرقى مۇددىئاسى ئالدى بىلەن يول بويىدىكى بىر قاتار كونا ئىزلارنى جۈملىدىن كادالىك (Khadalik)، دوموكو (Domoko)، راۋاق، نىيە ۋە مىرانلارنى قېزىش ياكى يەنە بىر قېزىپ بېقىش ئىدى. ئۇ مىرانغا بېرىشقا ئالدىراپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى، چۈنكى ماركوپولونىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، مىراننىڭ لوپ قۇملۇقلىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقىنى، ئۇ يەردە ھەم سۇ يوق، ھەم ئاھالىمۇ يوق ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەرگە پەقەت قىش پەسلىدىلا ئاندىن تىنچ-ئامان يېتىپ بارغىلى ھەمدە ئۇ يەردە پەقەت قىش پەسلىدىلا خىزمەت قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇندىن باشقا، ستەين قەشقەردىكى گېئورگى ماكارتنىي شۇ يەردىكى پوچتا ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق ئەۋەتكەن خەت-چەكلەردىن ئۆز رەقىبلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇ يۇقىرىقى ئاشۇ جايلاردا بەش ئاي غەلىبىلىك قېزىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلار قاچىلانغان ترانسپورت ئەترىتىنى باش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لاپ، ئەڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي يولنىڭ ئالاق شەرقتىكى شەھەرلەر ئىچىدىكى كىچىككىنە، يەككە ـ يېگانە بىر بوستانلىق ــ چاقىلىق (Charkhlik) قا يېتىپ بارىدۇ. ستەيىن بۇ يەردىن يولغا چىقىپ، مۇزلىغان قىزىلقۇملارنى بېسىپ ئۆتۈپ كىرورەنگە بېرىپ، تالان ـ تاراج قىلماقچى بولىدۇ.

ئۇنىڭ قۇملۇقتىن ئۆتىدىغان ترانسپورت ئەترىتى ئۆزىنىڭ كېچىدە كوللېكتىپنى، شۇ يەرلىك ئىككى نەپەر يول باشلىغۇچىنى، 50 ئەمە-دىكارنى، ئۇزۇنىڭ يۈك ـ تاقلىرى ئارتىلغان يەتتە تۆگىنى ۋە شۇ يەر-دە باشقىدىن ياللىۋالغان 18 تۆگىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھەربىر تۆگىگە 500 باغ مۇز ئارتىلغانىدى، ترانسپورت ئەترىتى تارىم ئويمان-لىقىدىن ئۆتۈشتە، ئاشۇ مۇزلار بىردىنبىر سۇ مەنبەسى بولۇپ قالاتتى. بۇ-نىڭدىن سىرت، ستەيىن يەنە تاغارغا قاچىلانغان مۇزلى سۇ بار يەرگە يېتىكى كۈنلۈك يول قالغان يەرگىچە توشۇپ ئاپىرىپ بېرىدىغانغا يەنە 3 ئېشەك ياللىۋالدۇ. ئۇ يەرگە بارغاندا مۇزنى تاغاردىن چىقىرىپ، نى يېقىنقى شىمالىي قۇتۇپتىن چىقىپ، موڭغۇلىيە قىرلىقىدىن ئۆتۈپ كەلگەن سوغۇق شامالغا قارىتىپ دۆۋىلەپ قويىدۇ. ماشىين، شۇنىسىزالىك ھەم ماركوپولو شۇ يىللاردا مۇشۇ قۇملۇقنى بېسىپ ئۆتكەن ھەمدە ئاشۇ ئۇچەيلەنمۇ بۇ يەرنىڭ يېقىنقى شىمالىي قۇتۇپتىن چىققان شامالنىڭ ئىزى-يىنغا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىدا چوڭقۇر ئىشەنگەنىدى. سۇ ۋېنىت-سىيەلىك مۇنداق يازىدۇ: «شۇ سەۋەبتىن، ساياھەت ئەترىتى چوقۇم بىر-بىرىگە يېقىن ياندىشىپ مېڭىشى توغرا كېلەتتى.» تەخمىنەن بەش يىل-نىڭ ئالدىدا، سۋېن ھېدىنمۇ مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن ھەمدە بىر پارچە خەرىتە سىزغانىدى. ستەيىنگە ئۇنىڭ خەرىتىسىنىڭ خېلى كۆپ ياردىمى تېگىدۇ.

ستەيىن ماكارتنېينىڭ دوكلاتى ئارقىلىق ئۆز رەقىبلىرىنىڭ ھەرىكىتى-دىن ھەردائىم خەۋەر تېپىپ تۇرسىمۇ، پائۇل پېللىئوتنىڭ كىرورەنگە ئاۋۋال بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پەقەت خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئۇ بىر دوستى-غا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرگىنى-كى، مېنىڭ ئەندىشىدە قېلىشىدىكى سەۋەب، ئەگەر فرانسىيەلىكلەر ئۇ-

يەرگە ئاللىقاچان يېتىپ بارغان بولسا... ئۇ چاغدا يېزىگە بىر ئائىلە قېلىپ ئۇلار بىلەن مۇرەسسە قىلىدىغان بىرەر چارە تېپىپ چىقماقتىن باشقا يول قالمايتتى.» ئۇلار ماڭىدىغان يول ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولغاچقا، مېڭىش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. ئادەملەر ۋە تۆگىلەر بىر كۈندە ئاران 14 ئىنگلىز مىلى يول ماڭىدۇ. ھەر قېتىم تۆگىلەرنىڭ پۇتى يارا بولۇپ قالغاندا، ئۇلار قەدىمكى، لېكىن ئۈنۈم بېرىدىغان تەكلىماكانچە داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. يەنى يارا بولغان يەرنى بىر پارچە تېرە بىلەن ئوراپ قويىدۇ. بۇ ئۇندىن يەنە بىر قېتىم تاقا قاققانغا تەڭ بولىدۇ. بەزى چاغلاردا بۇ قۇملۇقتا ھاۋا شۇنچىلىك ئوچۇق بولىدۇكى، ستەيىن شىمالىي تەرەپتىكى 200 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى ئاپتاق قار قاپلاپ تۇرغان تەڭرى تېغىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرەلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جەنۇبقا تەدرىجىي سوزۇلۇپ ياتقان كۇئېنلۇن تېغىنىمۇ ئېنىق كۆرەلىگەنىكەن.

«... كۈنگە كەلگەندە، كىروۋەن خارابىلىكى يەنە كۆزگە چېلىقمايدۇ بۇ چاغدا بۇ كوللېكتىپنىڭ ئىرادىسى پەيدىنپەي بوشىشىشقا باشلايدۇ ستەيىن كىشىلەرنىڭ روھىنى ئورغۇتۇش ئۈچۈن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلاش چارىسىنى بېكىتتىدۇ. ئۇ كۆمۈلۈپ قالغان ئىمارەت دۆۋىسىنى بىرىنچى بولۇپ كۆرگەن كىشىگە مەلۇم ساندا كۈمۈش بېرىشكە ۋەدە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ترانسپورت ئەترىتىنىڭ قەدىمى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تېزلىشىدۇ. يەنە نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كىچىك دۆڭگە چىقىۋالغان بىر تۆگىچى يىراق شەرقتىكى ئۇپۇق سىزىقىدا تۇرغان بىر كىچىك تۈچكىنى كۆرۈپتۇ، ھاياجىنىنى باسالماي ۋارقىراپ جار سالىدۇ. بۇ مۇكاپات شۇنىڭغا بېرىلىدۇ. چۈنكى ستەيىن دۇربۇنىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭ خارابىلاشقان ھىندى مۇنارى ئىكەنلىكىنى كۆرگەنىدى. ئۇلار ئاخىرى قۇملۇقتىكى ئەڭ يىراق بىر خارابىلىك رايونىغا يېتىپ باردى. ستەيىن بىر دوستىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردە ئەگەر قارايدىغان بولسا، ئۆلۈم ۋە قاقاسلىق مەنزىرىسىدىن باشقىنى كۆرگىلى بولمايتتى.» ئۇ ۋە ئۇنىڭ كوللېكتىپى ئۆز ئەترىپىدىكى ھەممە-

ئەرسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئادەم ئىزى كۆرۈنمەيدىغان بۇ قاقاس يەردە، ئىلگىرى غايەت چوڭ بىر باياشات جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيلا قالىدۇ. ئەمدى پېللىئوتتىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان بۇ ئىنتايىن قاقاس يەرگە 1901 - يىلى سۋېن ھېدىن زىيارەتكە كەلگەندىن كېيىن ھېچقانداق ئادەم كېلىپ باقمىغانىدى.

ستەيىن خۇددى دەندان ئۆيلۈك دېگەن بىر يەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانغا ئوخشاش، رورەن دېگەن بىر يەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئاڭلىغىنى ئۈچۈن سۋېن ھېدىنغا رەھمەت ئېيتىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. چۈنكى ئاشۇ شۋېتسىيىلىك يالغۇز بۇ يەرنى تېپىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ سىزىپ چىققان ھېلىقى ئىنتايىن توغرا خەرىتە ئۇلارنى بۇ يەرگە بىخەتەر يېتىپ كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى. گەرچە بۇ ئىككىسى ورەنگە ئوخشاش بولمىغان لىنىيە ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ستەيىننىڭ ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئۆلچەش ئېلىپ بېرىشى ۋە ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىشى نەتىجىسىدە رورەننىڭ پاراللېلدىكى ئورنى سۋېن ھېدىن ئۆلچەگەندىكىدىن بىر ئىنگلىز مىلىغا يەتمەيدىغان دەرىجىدە پەرقلىنىدىغانلىقى كرورەننىڭ مېرىدىئاندىكى ئورنىمۇ ئازراقلا پەرقلىنىدىغانلىقى ئىسپاتلانغانىدى. ستەيىن خۇشال كەيپىياتتا مۇنداق يازىدۇ: «بۇنچىۋالا كەڭ زېمىننى ئۆلچەشتە شۇنچىلىك پەرقنىڭ كۆرۈلگەنلىكى راستىنلا ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى.»

بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىنكى 11 كۈن ئىچىدە، ئۇ ۋە ئۇنىڭ مەدىكارلىرى جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامالغا قارىماي، قۇمغا كۆمۈلگەن ئىمارەت دۆۋىلىرىنى قېزىپ چىقىدۇ. توڭلاپ ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇلار قۇرۇپ كەتكىلى بىرقانچە ئەسىر بولغان، ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن دەرەخ شاخلىرىنى يىغىپ ئوت يېقىپ ئىسسىنىدۇ. ئۇلار كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تام سۈرەتلىرىنى ۋە چوڭ ھەيكەللەرنى ئۇچرىتالمايدۇ. چۈنكى بۇ يەر دىنىنىڭ مەركىزى بولغان بېزەكلىك، قىزىل، قاراغوجا ۋە راۋاقلارغا ئوخشىمايتتى، رورەن — قاراۋۇل شەھەر بولۇپ، بۇ نۇقتىنى

سۋېن ھېدىن ئىسپاتلاپ بولغانىدى. ئۇ ئىلگىرى بۇ يەردە گەرچە ھېچ بىر كەسىپىي خاراكتېرلىك قېزىشلارنى ئېلىپ بارغان بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا يەنىلا نەتىجە قازانغانىدى، بۇ قېتىم ستەيىننىڭ بۇ يەردە سىستېمىلىق قېزىش ئېلىپ بېرىشى ئارقىلىق روۋرەننىڭ بىر قاراۋۇل شەھەر ئىكەنلىكى تېخىمۇ تولۇق ئىسپاتلىنىپ چىقتى. چۈنكى قېزىپ چىقىرىلغان نەرسىلەردىن قارىغاندا، ئۇلار بۇ يەرنىڭ ئىلگىرى كىچىككىنە بىر دۆلەت مۇداپىئە ئالدىنقى قاراۋۇلى ئىكەنلىكىنى، كېيىنچە يات مىللەتنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى تۈپەيلىدىن، بۇنىڭ دائىرىسىنىڭ تەدرىجىي كىچىكلەپ كەتكەنلىكىنى. بۇ قاراۋۇلخانىنىڭمۇ شۇ چاغدىكى پادىشاھلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ قويغانلىقىنى، ئەڭ ئاخىرىدا پادىشاھلىقنىڭمۇ بۇ يەرنى تاشلاپ قويۇپ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى جانلىق چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

دەرۋەقە، ستەيىن قېزىش جەريانىدا ئۇچرىغان قەغەز پارچىلىرى ۋە ياغاچ پالاقلار ئۈستىگە يېزىلغان يېزىقلارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، ئۇ خەنزۇچىنى بىلمەيدۇ، ئىككىنچىدىن، ئۆزىنىڭ جۇڭگولۇق ياردەمچىسى جياڭ ئۇستازنىڭ قۇملۇقتا يول ماڭغان چاغدىكى جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئابدۇاردىكى بىر يېزىدا قالدۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ چاغدا جياڭ ئۇستاز ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ قوشۇلمىغانىدى. قارىماققا قەغەز پارچىلىرى ۋە ياغاچ پالاقلارغا يېزىلغان يېزىق قەدىمكى زامان خەنزۇ يېزىقىدەك قىلاتتى، شۇڭا بۇ يېزىقلارنى تولۇق بىلىش ھەمدە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن چاۋاننىس ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرى بىر قانچە يىل ۋاقىتنى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

بىز سۋېن ھېدىن قېزىپ چىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن روۋرەننىڭ بىر مەھەل گۈللەپ - ياشنىغان، ھەربىي ئىشلار ۋە سودا ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان بىر جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرگەنلىكىدىن خەۋەر

تاپقانىدى. روم شەھىرىنى شۇنچە يىراق بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مەقـسەت، جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرىسىنى قوغداش ھەمدە تاۋارلارنىڭ يىپەك يولىنى بويلاپ ئەركىن ئوتۇشۇشىنى مۇھاپىزەت قىلىش بولۇپ، بۇ مەڭگۈلۈك بىر كۆزىتىش ئىدى. مىلادى 220 - يىلى خەن سۇلالىسى ھالاك بولغان چاغدا، جۇڭگونىڭ بۇ يەردىكى كۆرۈشى ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان ھۇنلار تەرىپىدىن ۋاقىتىنچە مەغلۇپ قىلىۋېتىلگەنىدى. شەرقىي تېپىۋالغان ئۇمىتـگە ئائىت، كۆپ يېزىلغان نۇرغۇن ھۆججەتلەر III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىـرىغا تەئەللۇق نەرسىلەر ئىكەن. شۇ چاغدا پادىشاھ شىجىڭ ئۆزىنىڭ غەربىي رايونغا بولغان كونتروللۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈز-لۈكسىز كۆرەش قىلغانىكەن. بۇ كۆرەشتە قاراۋۇل شەھەر روم ستراتېـگىيە جەھەتتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغانىكەن.

ستەيىن قەدىمكى زاماندىكى بىر ئەخلەت دۆۋىسى (بۇ جەھەتتە ئۇ ر كەسىپ ئەھلى ئىدى) ئىچىدىن ھەربىي ئىشلارغا ئائىت بەزىبىر خاتىـرىلەرنى تېپىۋالدۇ. بۇ خاتىرىلەردىن بەزىدە بىز شۇ چاغدىكى چېگرا قوغدىشىغا ئائىت بەزى ئەھۋاللارنى، جۈملىدىن ناھايىتى يىراقتىكى ئالدىنقى سەپتىن ئەۋەتىلگەن ھەربىي ئىشلار ھەققىدىكى دوكىلاتلارنى ئۇچرىتىپ قالىمىز. جۇڭگو يىلنامىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ تىرىشچانلىقـلارنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. چۈنكى يېڭى سۇلالىنىڭ ئۆز زېمىنىنى ئۇزاققىچە كونترول قىلالمايدىغانلىقى ئەمەلىيەتتىلا كۈچ - قۇدرىـتى يېتىشمەيۋاتقاندا، ئۇنىڭ چېگرىلارنى كونترول قىلالىشىدىن تېخىمۇ ئېغىز ئېچىشلىق بولمايتتى. خوتەندىكى ستەيىن ئەخلەت دۆۋىسىدىن تېپىلغان دەلىل - ئىسپاتلاردا ئېيتىلغاندەك، ئاخىرقى ھۇنلار روم بىلەن يىراقتىكى پايتەخت ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق قاتناش ئالاقىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىغانىكەن. ئەمما روم ھەرگىزمۇ دەرھاللا غايىپ بولۇپ كەتمەـگەنىكەن، چۈنكى ئۇ تاشقى ياردەم ۋە سىرتنىڭ بۇيرۇقى بولمىغان شارائىتتىمۇ مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈۋېرىشنى ئاللىبۇرۇن ئۆگىنىۋالغانىـكەن. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ئىچكىرىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىشى ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، بۇ كىچىككىنە مۇھاپىزەت بازىسى ئارمىيىنىڭ ھەمـ

لىقىدا خېلى بىلالايمىزچە بەرداشلىق بېرىپ كەتتىكەن. بۇ نۇقتىنى بىز ستەيىن تېپىۋالغان بىر پارچە يازما ھۆججەت ئىسپاتلىدى: كۆرۈۋالايمىز، بۇ ئۇنىڭ كىرورەندە تېپىۋالغان، ئۈستىگە تامغا بېسىلغان ئورغۇن ھۆججەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ھۆججەت ئىدى. بۇ ھۆججەتلەر 330 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ئالدىنقى چىن پادىشاھى (؟)نىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن جۇڭلارنىڭ بىر ئادىمىگە (ئېھتىمال بىر چەت ئەللىك يالانما ئەسكەر بولسا كېرەك) يېزىپ بېرىلگەن پۇل بېرىش ھۆججىتى ئىكەن. قورشاۋ ئىچىدە قالغان بۇ مۇھاپىزەتچى قوماندان ئۇ پادىشاھنىڭ بىرنەچچە يىل ئىلگىرىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى توختاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز قېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ پۈتكۈل خاندانلىقىنىڭمۇ ھالاك بولغانلىقىنى ئۇقمايلا قاپتىكەن.

كىرورەننىڭ تارىخى ھەققىدە ھازىر يەنە مۇنداق بىر ئاجايىپ ئىمزاھنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇندىن 17 ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن يەنى XX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا، بىر مەھەل مۇشۇ كىچىككىنە ئالدىنقى قاراۋۇل تەسىس قىلىنغان يەرگە يىراق بولمىغان بىر يەرنى جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئە رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ يادرو قوراللىرى بازىسىنى قۇرۇشقا تاللىۋالدى. ئۇلار نىشانىنى سەددىچىن سېپىلى سىرتىدىكى ئۆزىنىڭ يېڭى، كۈچلۈك دۈشمىنى — رو-سىيىلىكلەرگە قارىتىدۇ. ھازىر جۇڭگو تارىخچىلىرى سۋېن ھېدىن بىلەن ستەيىننىڭ كىرورەندىن ھۆججەت - ماتېرىياللارنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىگە شۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز غەزەپلىنىدۇكى، ئۇلارنىڭ دۆلىتى بۇرۇنقى مۇشۇ مەزگىلگە ئائىت بىلىملەرگە ئىنتايىن موھتاج ئىدى.

ستەيىن كىرورەندە يەنە كىشى ھەيران قالغۇدەك ئىشتىن ئىككىنى ئۇچراتتى. ئۇنىڭ بىر ئىشى، ئۇ سۋېن ھېدىن 1901 - يىلى يىتتۈرۈپ قويغان بىر يۆگەلمە شەكىللىك مېتال ئۆلچىگۈچنى تېپىۋالدى. ستەيىن كېيىنچە ئۇنى ئەنگلىيە خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى لوندوندا ئۆتكۈزگەن بىر زىياپەت ئۈستىدە سۋېن ھېدىنغا قايتۇرۇپ بەردى. يەنە بىرى، ئۇنىڭ پوچتا خادىمى يەنى خەت توشۇغۇچىسى روزدىبە مۇ

ھايرىس چارىسىدا ماكارتنىيدىن ۋە ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىن كەلگەن خەتلەرنى ئېلىپ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئادەم قايتىدىغان چاغدا يەنە ستەيىننىڭ دىگىنىز سىرتىدا ئەۋەتىدىغان خەت - چەكلىرىنى ئېلىپ يول بويى مىنگىر چاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ غەربتەرەپتىكى خوتەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، پەقەت بىر ئاخشام دەم ئېلىپلا يەنە ئابودارغا قايتىپ كېتىدۇ: ئۇ ئادەتتە 30 كۈندە باسىدىغان يولنى 21 كۈندە بېسىپ بولىدۇ. ئۇ ستەيىننىڭ زادى نەدىلىكىنى بىلمەيمۇ، يولنى پىششىق بىلىدىغان شۇ يەرلىك بىر ئادەمنى بىرگە ئېلىۋېلىپ، قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپ ئۇنى ئىزدەيدۇ. بەشىنچى كۈنى ئۇلار ئېلىۋالغان چەكلىك مۇز پارچىلىرى تۈگەپ قالىدۇ. ئەگەر ئالتىنچى كۈنى ستەيىننى تاپالمىغان بولسا، شەك - شۈبھىسىزكى بۇ ئىككىيلەن چوقۇم يولدا ئۆلگەن بولاتتى. شۇڭلاشقىمۇ بۇ خەت توشۇغۇچى يەنىلا ستەيىندىن ئاۋۋال ماكارتنىينىڭ خېتىدىكى يىپچەتنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى، كونۇيرتتا يىرتىلغان ئىزنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ستەيىن ئۇنىڭ روزدىستىۋو بايرىمىدا ئۆزىگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن، ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا بولىدىغانلىكى ئازغىنە يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ بۇ خەت توشۇغۇچىنى مېھمان قىلىدۇ. شۇكۈنى ئۇ چېدىر ئىچىدە بىر ھازىغىچە ئولتۇرۇپ، لېپىلداپ تۇرغان شام يورۇقىدىن پايدىلىنىپ خەتلەرنى ئوقۇيدۇ، شۇ پەيتتە ئۇ جاندىن ئۆتىدىغان قاتتىق سوغۇقنى ۋە قولىرىنىڭ يېرىلىپ كەتكەنلىكىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ئاغرىقنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ كىرىيەندە زور ئەھمىيەتكە ئىگە يەنە بىر نەرسىنى ئۇچراتتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئۇ جۇڭگو ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ھۆججەتلىرىنى ۋە باشقا خەت يېزىلغان قەغەزلەرنى ئۇچراتقاندىن سىرت، يەنە ئىنتايىن كۆپ ساندىكى كاروشتى يېزىقى بىلەن يېزىلغان تارىشا پۈتۈكلەرنى ئۇچراتتىدۇ. بۇ ستەيىنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان چوڭ بىر يېڭىلىق ئىدى. شۇنىڭ كەينىدىن ئۇ

مۇنداق يازىدۇ: «مەن شەرقتىن ئاھايىتى يىراقتا تۇرغان بۇ يەردە كەم-
مىي ھىندى قوليازما نۇسخىسى ۋە تىلى بىلەن يېزىلغان خاتىرىلەرگە
ئېرىشىپ قېلىشىمنى پەقەتلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم.» ستەيىن ئۇنى
چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ. بۇ خاتىرىلەر شۇ چاغدىكى جۇڭگو ھەربىي
دائىرىلىرىنىڭ يەرلىك مەمۇرىي ھوقۇقىنى شۇ يەردىكى ھۆكۈمران قەبىلە-
لەرنىڭ ئۆز قولىدا داۋاملىق بەخىرامان تۇتۇپ تۇرۇۋېرىشىگە يول قويە-
ماللىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. كاروشتى يېزىقىدىكى بۇ ھۆججەتلەرنىڭ
تېپىلغانلىقى، جۇڭگو چېگرىسىغا جايلاشقان بۇ رورەن شەھرى تارىخ-
تىكى مەلۇم بىر مەزگىلدە، قەدىمكى زاماندىكى ھىندى پادىشاھلىقىنىڭ
يىراق شەرقتىكى ئالدىنقى قاراۋۇلى بولغان بولسا كېرەك، دېگەن بىر
قىزىقارلىق مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىش ئېھتىمالى بار ئىدى، بىراق
ھازىرقى زامان ئىلىم ئەھلىلىرى بۇنىڭدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى.

بۇ چاغدا ستەيىن ساقلاپ كېلىۋاتقان مۇز پارچىلىرى تۈگەي دەپ
قالدى. شۇڭلاشقا بىلەن ئۇ يەنە يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئابور-
داردا قېپقالغان جياڭ ئۇستام بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، بىرىنچى قې-
لىپ مىرانىنى زىيارەت قىلدى. ئۇ بۇ يەردىكى خارابىلىككە ئايلانغان بۇت-
خانىۋا ئىبادەتخانىسى ئىچىدىن مەلۇم قىممىتى بار بىر قاتار تام سۈرەت-
لىرىنى چۈشۈردى. تامنى ئاسراش يۈزىسىدىن ئورنىتىلغان بىر پارچە تە-
پىس تاختاينىڭ ئۈستىگە سىزىلغان قاناتلىق پەرىزاتنىڭ رەسىمىنى ئۇچ-
رىتىدۇ. ستەيىن بۇ نەرسىنى تاپقاندىن كېيىن مۇنداق يازىدۇ: «مەن بۇ-
نى كۆرۈپ ھەيران قالغانلىقىمدىن نېمە قىلارىمنى بىلمەيلا قالدىم.» ئۇ
ئۆزىگە: كىلاسسىك ئۇسلۇبنى قوللىنىپ سىزىلغان قاناتلىق پەرىشتىنىڭ
رەسىمى قانداقلارچە «ئاسىيانىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى قاقاسلىق — لوپنۇر
كۆلىنىڭ بويىدا پەيدا بولۇپ قالدۇ؟» دېگەن سوئالنى قويىدۇ. ئۇنىڭ
بۇ يەردىن تېپىۋالغان روشەن غەربچە تۈس ئالغان رەسىملىرى ھەرگىزمۇ
مۇشۇ بىر پارچە بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بەزىبىر رەسىملەرنىڭ ئۈستىگە
تىتۇس (Titus) * دېگەن ئاددىيلا بىر ئىسىم يېزىپ قويۇلغانىكەن.

---

* تىتۇس (Titus) — رىم گېنېرالى ھەم پادىشاھى بولۇپ، ٧٩ - يىلدىن
٨١ - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

مېتېئورنىڭ بوغۇملىقىدىن، چىقىرىلغان بىرنەچچە يېڭى كۆزنەك، بۇ سەنئەتكار قەدىمكى كىلاسسىك رەسىم سىزىش ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتكەن دەۋرلىك بىر كىشى بولۇشى كېرەك دېگەندىلا ئىمارەت بولمىدى. ئۇنىڭ قانداق ئۇسلۇبلارنى قوللىنىپ تۈركىستاندىن ئۆتۈپ جۇڭگو ئىچكىرىسىگە كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى (دەرۋەقە، ئاشۇ چاغلاردىكى جۇڭگو تۈركىستانى ئاسىياسىدا بىر رەسساملار شەھىرى بولغان بولسا كېرەك. ئامېرى-كىلىق بىر خەنزۇشۇناس شۇنداق ئويدىمۇ بولغانىدى).

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە — دەپ يېزىشنى دا-ۋاملاشتۇرىدۇ، ستەيىن — مەن ئۆزۈمنى جۇڭگو رەسساملىرىدىكى بىر ئىبا-دەتخانىسىدا ئەمەس، بەلكى خۇددى سۈرىيەدىكى بەزىبىر داچىلار خارا-بىسىدە ياكى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى يېزىلار ئارىسىدا تۇرۇۋاتقاندەكلا ھېس قىلىپ قالدىم». ئەمما قىش پەسلىدىكى جاھا-دىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامال، بەزىدە ھەتتا سەككىز بالدىن ئېشىپ كېت-تىدىغان قارا بوران ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنۇ-تۇپ قالماسلىقىنى دائىم دېگۈدەك ئەسكەرتىپ تۇراتتى. ئۇ مىراندىكى ئاشۇ ئەڭ نەپىس تام سۈرەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئويۇپ چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى بۇندىن تۆت ئاي بۇرۇن قېزىپ چىقارغان نەرسىلەر بى-لەن بىرگە ئوراپ قاچىلاپ، تۆگىلەرگە ئارتىپ قەشقەردىكى ماكارتنېيغا تو-ۋۇشلۇق جايغا ئەۋەتتى. بۇ يولنى ئىككى ئاي ماڭغاندا ئاندىن تۈگەت-كىلى بولاتتى. ئەڭ ئاخىرى، 1907 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۇ يەنە بىر قېتىم مىراندىن يولغا چىقىپ، مۇزلاپ قالغان لوپ قۇملىقىدىن ئۆتۈپ، شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدىكى تەخمىنەن 380 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەردىكى دۇنخۇاڭغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق سەپىرى، جۇڭگولۇق بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، جۇڭ-گولۇقلارنىڭ «چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، غەزەپ-نەپرىتىنى تاشتۇرۇۋېتىدۇ».

ئون ئىككىنچى باب

يوشۇرۇن كىتاب ئامبىرى — دۈنخۇاڭ

چۆل سەھرادىكى قىزىلقۇمنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان دۈن-
خۇاڭ مىڭئۆيى جۇڭگونىڭ باشقىلار ئانچە بىلمەيدىغان ئۇرغۇن مۆجىزى-
لىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن شەھەردىن ئۇ يەرگە
يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، تۆگە مىنىپ ماڭغان ھالەتتىمۇ تۆت كۈن ۋاقىت
كېتەتتى. ئۇ يەردىكى 400 دىن كۆپرەك تاش غار ۋە بىزەك تەكچىلىرىنىڭ
ھەممىسى تىك قىيالارنىڭ يۈزىگە رەتسىز شەكىلدە تۆشۈك ئېچىش ئارقىلىق بار-
لىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە گۈزەل تام سۈرەتلىرى ۋە
ھەيكەللەر بار ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق تاش غارلار توپ-
ئىچىدە، بۇ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە كۆلىمى ئەڭ چوڭ (بىر ئىنگلىز مىلى ئۇزۇن-
لۇقتا) تاش غارلار توپى سانىلاتتى. بۇ يەر بىر قانچە ئەسىرلەردىن
بۇيان، كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان ۋە تۈۋا - ئىستىغپار قىلىدىغان مەر-
كەز بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇددىزم دۇنياسىدا داڭقى چىقىرىپ كەلگەن.
ئۇنىڭ بۇنداق بولۇشى، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك. ئۇ كىچىككىنە بىر مۆتىدىل، گۈزەل تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان بو-
لۇپ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى ناھايىتى ئېگىز قۇم دۆڭلىرى بىلەن ئورال-
غان. ئۇنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى تەخمىنەن 12 ئىنگلىز مىلى
كېلىدىغان يەرگە دۈنخۇاڭ ناھىيە بازىرى جايلاشقان. دۈنخۇاڭ خەن
سۇلالىسىدىن تارتىپلا ئىزچىل تۈردە جۇڭگونىڭ غەربكە بېرىشتىكى
ئىشىكى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا يىپەك يولىنى بويلاپ يولغا چىققانلىكى
يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى دۈنخۇاڭنى جۇڭگو تەۋەسىدە توختايدىغان ئەڭ

ئاخىرقى بىر بېكەت ھېسابلىنىتتى. مۇقەددەس جايغا تاۋاپ قىلغۇچىلار، سودىگەرلەر ۋە ئەسكەرلەردىن جۇڭگودىن ئايرىلىپ، سىرلىق ۋە خەتەرلىك دەپ تونۇلغان تەكلىماكان قۇملۇقلىرىغا قاراپ يول ئېلىشتىن ئاۋۋال، دۇنخۇاڭدىكى ئىبادەتخانىلارغا كىرىپ تەڭرىدىن سەپەر ئۈستىدە جىن - شاياتۇنلارنىڭ زىيان - زەخمىتىدىن ساقلاپ ئامان - ئېسەن قېلىشىنى تىلىمەيدىغىنى يوق ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، يولۇچىلار غەربتىن قايتىشىدىمۇ دۇنخۇاڭغا كېلىپ، ئادەمنىڭ قورقۇنچىسى كېلىدىغان ئاشۇ قۇملۇقلاردىن • ئامان - ئېسەن ئۆتەلىگىنى ئۈچۈن، كۆجە يېقىپ تۆۋە-ئىستىغپار ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرەتتى. دۇنخۇاڭ يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى بىلەن جەنۇبىي لىنىيىسىنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىسى بولغانلىقتىن، قىزىلقۇم يولى بىلەن جۇڭگوغا بارىدىغان ۋە جۇڭگودىن چىقىدىغان يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولاتتى. بۇ يولدا ماڭىدىغان ترانسپورت ئەترەتلىرى ۋە مۇقەددەس جايغا تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇرۇشى تۈپەيلىدىن، بۇ بوستانلىق قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان خېلىلا باياشاتلىققا ئېرىشىپ كەلگەن. چۈنكى ئۇنىڭ بازارلىرى ترانسپورت ئەترىتىدىكىلەرنى غەربتىكى داڭلىق تاشقۇۋۇق دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ تەكلىماكاندىكى بىرىنچى بوستانلىققا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان زاپاس ئاشلىق ۋە سۇلارنى تەييارلىۋېلىشقا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم پۇرسەت يارىتىپ بېرەتتى.

دۇنخۇاڭدىكى تاش غارلار، بۇت تەكچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسنەلىرى ئاڭلاشلارغا قارىغاندا مىلادى 366 - يىلىلا بار ئىكەن. ئۇ چاغدا خېشاڭ لوسۈن (Lo—tsun) چيەنفوزۇن بودساتۋانىڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقىنى بىر قېتىم كۆرۈپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇلى بار، تەقۋادار بىر تاۋاپ قىلغۇچىنى ئۆزىنىڭ ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىشىنى تىلەش يۈزىسىدىن، شۇ يەرلىك بىر سەنئەتكارنى كىچىكرەك بىر تاغ ئۆڭكۈرى ئىچىگە ئارزۇلۇق بۇت تەكچىسى سۈپىتىدە تام

• تەكلىماكان قۇملۇقىنى دېمەكچى

پۈرىتى سىزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشقا كۆندۈرىدىكەن. شۇندىن كېيىن،
باشقىلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۇلى دوراشقا باشلايدىكەن. بىر قانچە يۈز
يىل داۋامىدا، تىمەك يار قاپتىلىغا ياسالغان بۇتخانىلار ۋە بۇت تەكچە-
لىرى ئۇبارغانسېرى كۆپىيىدىكەن ھەمدە ئۇ بارغانسېرى بېزىلىپ ۋە زىننە-
تلىنىپ بارىدىكەن. كىشىلەرمۇ شۇنداق قىلسا، ساخاۋەتچىنىڭ ئامان-
ئېسەن بولىدىغانلىقىغا، سەپىرىنىڭ تىنچ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن.
بىر مەزگىل بۇنداق تاش غارلارنىڭ سانى مىڭدىن ئېشىپتىكەن. بۇنىڭ
ئىچىدە 469 ى* تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. دۇنخۇاڭ ئەڭ رو-
ناق تاپقان مەزگىللەردە، ھەرىنىڭ ئۇۋۇسىدەك تىزىلغان تاش غارلارنىڭ
ئالدىغا ناھايىتى نۇرغۇن ئاق تېرەك ۋە قارىياغاچ تىكىلگەنىكەن. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە، ئاشۇ دەرەخزارلىقنىڭ ئارىلىرىدىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن مو-
ناستىر ۋە ئىبادەتخانىلار بار ئىكەن. ئۇ يەردە تام سۈرەتلىرى ۋە ھەي-
كەللەردىن باشقا يەنە ناھايىتى نۇرغۇن ئابىدە خەتلىرىمۇ ساقلىنىپ
قاپتۇ. كىشىلەر ئۇلى كۆرۈپ، شۇ يىللاردىكى ساخاۋەتچىلەرنىڭ تەقۋا-
دارلىقىنى ياد ئېتىدىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئابىدە تاشنى مىلادى
947 - يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شۇ يەرلىك بىر پىيادە ئەسكەرلە
ئەمەلدارى تىكلىگەن بولۇپ، ئۇنى تىكلەشتىكى مەقسەت، «گۇەنيىن
بۇد ساتىۋادىن «بۇ رايوننىڭ كۈندىن - كۈنگە گۈللىنىپ - ياشنىشىنى
تىلەش، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يولنىڭ توسۇلۇپ قالماي
راۋان تۇرۇۋېرىشىنى تىلەش، شىمالدىكى دالىلارنىڭ ۋە جەنۇبتىكى
زاڭزۇلارنىڭ تالان - تاراج قىلىشىنى ۋە توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنى توختىتى-
شىنى تىلەش» ئىكەن.

يىپەك يولىدىكى بىر قەدەر يىراق بولغان نۇرغۇن بوستانلىقلار-
نى ياكى ياۋايى ئادەملەر ۋەيران قىلىۋەتكەن ياكى بولمىسا قۇم بېسى-
ۋالغانىدى. ئەمما دۇنخۇاڭ ۋە ئۇنىڭدىكى تاش غار ئىبادەتخانىلىرى
بىر قانچە ئەسىرلەر داۋامىدىكى گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش دەۋرىنى
باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئەسلى ھالىتىنى ئاساسەن ساقلاپ

* دۇنخۇاڭ تىمەك يار قاپتىلىدا ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئۆڭكۈر ئۆي 492

قالغان. ئۇ يەردىكى ھېلىمۇ مۇقەددەس دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان تام سۈرەتلىرى ۋە ھەيكەللەر 1500 يىلدىن كۆپرەك تارىخنى باشتىن كەچۈرۈپ بولدى. بىر غەرب سەنئەت تارىخشۇناسى ئۇنى «دۇنيا بويىچە ئەڭ مول مۇزېيلارنىڭ بىرى» دەپ ئاتايدۇ. مىلدرېد كەيبول بولسا ئۇنى «قۇملۇقتىكى ئۇلۇغ گۈزەل سەنئەت سارىيى» دەيدۇ. ئەمما ئۇ باشقا جايلاردىن يىراقتا تۇرغاچقا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئىلگىرى ئاھايىتى ئۇرغۇن غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئۇنى بىر كۆرۈشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ھازىرمۇ ئۇ يەرگە پەقەت ئالاھىدە رۇخسەت ئالالىغان ئاز ساندىكى ئادەملەرلا بارالايدۇ.* پرژېۋالسكىي 1879-يىلى ئۇ يەرنى زىيارەت قىلغانىكەن، ئۇندىن باشقا، ۋېنگرىيىنىڭ گېئولوگىيەلىك ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ بەزى ئەزالىرىمۇ يول ئۈستىدىكى تاماشىنى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇ يەرگە بېرىپ بېقىپتىكەن.

ستەين ئۇ چاغدا ئۇ يەرگە بېرىپ قېزىش ئېلىپ بېرىش نىيىتىدە ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭدىكى ھەر قانداق بىر نەپىس تام سۈرىتىنى ئېكېتىش نىيىتىدىمۇ ئەمەس ئىدى، ئۇ پەقەت بۇندىن نەچچە يىل بۇرۇن ۋېنگرىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە ھەمراھ بولۇپ بارغان لاجوس لوكسى (Lajos Loczy) ئىسىملىك بىر گېئوگرافنىڭ ئۇ يەرنىڭ قانچىلىك ھەيۋەت ۋە گۈزەل ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىغان چاغدا، ئۇ يەرنى بىر زىيارەت قىلىپ كۆرۈش ئارزۇسى پەيدا بولغانىدى. 1907-يىل 3-ئاينىڭ 12-كۈنى ئەتىگەندە، ستەين جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامالغا قارىماي، ئۇستىبېشىنى چاڭ-توزان قاپلىغان ھالەتتە بۇ شەھەر بازىرىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ دۇنخۇاڭدا ئەڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ دىققەت-ئېتىبارىنى مىراندىن يولغا چىقىپ، مۇزلاپ قالغان قۇملۇقتا ئۇچراتقان نەرسىلەرگە، جۇملىدىن قەدىمكى زاماندىكى بىر مۇداپىئە لىنىيىسىگە

* 1978-يىلى دۇنخۇاڭ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلىپ، مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ساياھەت رايونلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

مەركەزلەشتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ مۇداپىئە لىنىيىسى جۇڭگو تارىخىدا تېخى ئېلىنىپ كېلىۋاتقان، سەددىچىن سېپىلىنىڭ بىر مەنبەل ئەھۋىكە ئۇزارتىلغان بۆلەكلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، يەنى كېيىنچە يەنە ئۇزاق مەزگىل يوقىلىپ كەتكەن ھېلىقى مۇداپىئە لىنىيىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئاۋۇ ۋال مىڭ ئۆيگە بېرىپ قىسقا ۋاقىت ئېكسكۇرسىيە قىلىش ھەمدە قاشلىق ۋە سۇ تولۇقلىۋېلىش، ئۇ يەردىن كېيىن لوپنۇر قۇملۇقىغا قايتىپ كېلىپ، غايىب بولغان بۇ سىرلىق شەھەر خارابىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈش ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قېزىشنى ئويلاۋاتاتتى.

دۇنخۇاڭغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇ ئۇرۇمچىلىك بىر سودىگەردىن مۇنداق بىر پەۋقۇلئاددە ھېكايىنى يەنى ئۇ يەردە ۋاڭ يۈەنلۇ ئىسىملىك بىر راھىبنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇ يەردىكى تاش غارلارنىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغانلىقىنى، بىر قانچە يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ ھەم ئېتىۋېتىلگەن بىر ئېغىزلىق تاش ئۆيدە ناھايىتى نۇرغۇن قەدىمكى زامان قول يازما ھۆججەتلىرىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى-دە، دەرھال دۇنخۇاڭ ناھىيە بازىرىدىن يولغا چىقىپ، 12 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان قۇملۇقتىن ئۆتۈپ ئۇ يەرگە باردى ۋە تەكشۈرۈپ باقماقچى بولدى. لېكىن بۇ چاغدا ۋاڭ راھىب پۇل يىغىش قىلىپ ئىبادەتخانا ياسىتىش ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ، قوشنا يېزىلارغا كېتىپ قالغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ستەين يەنە قورۇلۇشنىڭ باشلىنىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. شۇڭا ئۇ ئۇنىڭ بىر قانچە ھەپتە ئىچىدىلا قايتىپ كېتىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكىنى (كىتاب بارلىقى سېزىلگەنىدىن كېيىن ئۇنىڭغا باغاچ ئىشىك ئورنىتىپ قويۇلغانىكەن) ئاچىدىغان ئاچقۇچنىڭ ۋاڭ راھىبنىڭ قولىدا چىڭ سىقىملاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ جۇڭگولۇق يارىدەمچىسى جياڭ ئۇستازنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تىمىق - تىڭشاپ كۆرۈشى ئارقىلىق، بۇ قول يازما ھۆججەتلەرنىڭ بىر قانچە ئات ھارۋىسىغا لىق كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلىدى، شۇنداقلا كىتاب ئامبىرىنىڭ تېپىلغانلىقىنى لەنجۇدىكى جۇڭگو زۇڭدۇسىغا مەلۇم قىلمىغاندىن

كېيىن، زۇڭدۇننىڭ قول يازما ھۆججەتلەرنىڭ ئۈلگىسىنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ باققانلىقى ۋە بۇ كىتابلارنى ئوبدان قۇلۇپلاپ ساقلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ.

ستەيننىڭ ھاياجانغا تولغان كەيپىياتىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ جوڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت غايىب بولۇپ كەتكەن ئۇزارتىلغان قىسمىنى تاپقانىدى؛ بىر مەخپىي كىتاب ئامبىرىنى ئۇچراتقانىدى؛ ئۇ ھازىر يەنە بىر - بىرىگە ياندىشىپ كەتكەن غارلاردىكى گۈزەل تام سۈرەتلىرى ۋە ھەيكەللەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نەرسىلەر دەل ئۇ ۋېنگرىيىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن نەرسىلەر ئىدى. ئۇ دەل بىر - بىرىگە ياندىشىپ كەتكەن غارلاردىكى تام سۈرەتلىرىگە ۋە ھەيكەللەرگە مەپتۇن بولۇپ يۈرۈۋاتقىنىدا (جياڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا يۈرىدۇ). توساتتىن بىر ياش خېشاكنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. بۇ خېشاك ئۇنىڭغا ۋاڭ راھىبنىڭ بىر پارچە قول يازمىنى ئىبادەتخانىدىكى بىر ئادەمگە ۋاقىتنچە بېرىپ تۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئاشۇ قول يازمىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ستەيىن ئۆزىنىڭ «جۇڭگو قۇملۇقلىرىدىكى خارابىلىكلەر» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئۇ شۇنداق چىرايلىق، ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان بىر قەغەز تۇپلىمى بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن بىر ئېنگلىز چىسى، ئۇزۇنلۇقى 15 يارد كېلەتتى». ئۇ جياڭ بىلەن بىرگە بۇ قەغەز تۇپلىمىنى ئېھتىيات بىلەن ئاچىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى دىنىي ئەقىدىلەر خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغانىكەن، ئەمما جياڭ ئۇنى چۈشەنمىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ چاغدا ستەيىن ئۆزىنىڭ خەنزۇچە خەتنى ئۆگەنمىگەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم قاتتىق پۇشايمان يەيدۇ. ئەمما ئۇلار كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان بۇ يېڭىلىققا ئائىت باشقا يادىكارلىقلارنى ئېنىقلىماقچى بولىدىكەن، پەقەت ۋاڭ راھىبنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. بۇ ۋاقىتنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولاتتى شۇنداقلا ھېلىقى قول يازمىنى كۆرسەتكەن، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئاشۇ كىچىك خې-

شاڭ بىلەن بولغان دوستلۇقىنى ساقلاپ قېلىشىمۇ زۆرۈر ئىدى. شۇڭا ستەين ئۆزلىگىگە ئىش ھەققى سۈپىتىدە بىر مۇنچە پۇل بېرىش قارارىغا كېلىدۇ. لېكىن بۇ يەردە جياڭ ئوغرىلاش چارىسىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ ئەگەر ئۇنىڭغا كۆپ پۇل بېرىپ قويساق، بىزنىڭ مۇددىئايىمىزدىن گۇمانلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى ئۇنىڭغا كىچىككىنە بىر ئاق كۈمۈش تەڭگىنى بېرىپ بولدى قىلىدۇ. ستەين ئۆز ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىچىك خېشاگنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن رازىمەنلىك ئىپادىلىرىدىن قارىغاندا، دۇنخۇاڭ خەلقىدە باشقىچە بىرەر كەمچىلىكلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھېچ بولمىغاندا بۇ نامرات خېشاگقا يامان ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇپ قويمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.»

ستەين ۋاڭ راھىب قايتىپ كەلمىگەن ۋاقىت ئىچىد
قىلالمىغۇدەك ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپلا، ھېلىمۇ مى
قان قومۇلۇقلارغا يەنە بىر قېتىم كىرىپ، سەددى
قالدۇق ئىزلىرى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىدۇ.
ئادەملىرى خۇددى ئۆزىنىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك،
قازغۇچىلار ئىچىدە ئەڭ غەلىتە ئادەملەر بولۇ
ئەپيۇننىڭ ئازابىدىن «پۇھ» دېسە ئۇچۇپ كەتكۈ
ئادەملەر ئىدى.» ستەين ئاشۇنداق ئادەملەرنى بى
ئۇچرىمۇ ئۆزىنى تەلەيلىك ھېسابلايتتى؛ چۈنكى تە
40 يىل ئىلگىرى، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قېتىملىق
توپىلىڭى بۇ يەرنىڭ ئاھالىسىنى زور دەرىجىدە ئازايتىۋەتكەن، شۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئەمگەك كۈچلىرى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىققانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە، ستەيننىڭ ئىسمى - يادى گەرچە مىڭئۆيدە ۋە ۋاڭ راھىب بىلىدىغان مەخپىي ئۆيدىكى قول يازمىلاردا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھېلىقى خىلمۇ - خىل ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن قېزىش ئەترىتى يەنىلا بىر قاتار مۇھىم ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇ قېتىم تېپىلغان نەرسىلەر ئۇلار

ئۆچۈراتقان ئاشۇ بۇزۇلۇپ كەتكەن كۆزنەكنىڭ مۇنارىنىڭ دەل بېشىدىن 2 مىڭ يىل بۇرۇنقى سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۇزارتىلغان قىسمىنىڭ قالدۇق-لىرى ئىكەنلىكىنى شەك - شۈبھىسىز ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئۇلار ئۇلاردىن باشقا يەنە پۈتۈن مەملىكەتكە داڭلىق بولغان تاشقورۇق دەرۋازىسىنىڭ ئورنىنى ئىزدەپ تېپىپ چىقتى. ئۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر چېگرا قاراۋۇلخانىسى بولۇپ، يىپەك يولىنى بويلاپ توشۇلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەردىن ئۆتەتتى. ئامېرىكىلىق ئارخېئولوگ لاڭدون ۋارنېر (ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېكسپېدىتسىيىگە ئائىت ئىشلىرى توغرىسىدا كېيىنچە توختىلىمىز) ستەيىننىڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۇزارتىلغان قىسمىنى تاپقانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىمىزدە كومېدىيە خاراكتېرىگە ئىگە باي يېڭىلىقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقلا بۇ يېڭىلىق جۇڭگونىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخىنى شەرھلەش جەھەتتىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.» كېيىنچە، شۇنىڭ ئارقىسىدىنلا قىلىنغان بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىدە ستەيىن بۇ سېپىلنى (ئۇ بۇنى قەدىمكى زاماندىكى رىم چېگرىلىرىدىكى قورغانلارغا تەقلىد قىلىنغان) بويلاپ يەنە 300 ئىنگلىز مىلى ئالدىغا مېڭىپ، ھازىرقى موڭغۇلىيە چېگرىسىغا يېقىن كېلىدىغان روشۇيگە يېتىپ باردى. ستەيىن ئەنگلىيىدىكى بىر دوستىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن سېپىلنى بويلاپ يېڭىدىن قۇرۇلغان قەلئەلەرنى كۆزىتىۋاتقان چېغىمدا، بەزىدە ئۆزۈمنى خۇددى تىرىك ئادەملەر ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان قاراۋۇلخانىلارنى تەكشۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالاتتىم. 2 مىڭ يىللىق ۋاقىت ماڭا خۇددى بىردەمچىلىكتەكلا تۇيۇلۇپ قالاتتى. شۇ چاغلاردا ئەسكەرلەرنىڭ كەپىلىرىدىن سۈپۈرۈپ چىقىرىۋېتىلگەن ئەخلەتلەر ھازىرمۇ يەنە خۇددى ئىشىك ئالدىلىرىغا دۆۋىلەپ قويغان پېتىدىكىدەكلا تۇراتتى...»

ستەيىن خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېگرا تۇرمۇشىغا ئائىت نەرسىلەرنى ۋە خەت - چەكلەرنى بولۇشىچە ئېلىپ لوندونغا قايتىپ كەلگەندە ھېلىقى ئىنتايىن مۇھىم ئەرباب ۋاڭ يۈەنلۇ پۇل يىغىش قىلىش سەپىرىدىن قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا بۇ يەردە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان

مۇلخانا سەيلىسى ئۇ يەرنى ناھايىتى قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدۈرۈۋەتكەن بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى بوستانلىقلاردىن كەلگەن مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن شەھەر ئاھالىلىرى ۋە سەھرا خەلقى بۇ كىچىككىنە تاغ جىلغىسىدا توشۇپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا ستەين شەھەر بازىرىدا يەنە بىر ھەپتە-كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇ. ئاخىرى 1907 - يىلى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۇ بۇ يەردىكى مۇقەددەس تاش غارلارغا يەنە بىر قېتىم كېلىدۇ. ئۇ ۋاڭ ئاپۇنىڭ (كىشىلەر بەزىدە ئۇنى شۇنداق دەپمۇ ئاتايتتى) ئۇيەردە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ياۋروپالىقلار ستەيننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى دەپ تەنتەنە قىلىشقان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگولۇقلارنىڭ تىللىشىغا ئۇچرىغان نومۇسسىز ئالدامچىلىق (ئوغرىلىق دېيىش تېخىمۇ ھاجەتسىز) ئەنە شۇ يەردە باشلىنىدۇ. بۇ خۇددى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ئېلگىن مەرمەر تېشى (Elgin Mardles) * توغرىسىدىكى دەتالاشلارغا ئوخشاش، دۇنخۇاڭ كىتاب ئامبىرى دەۋر قىلىنغان دەتالاشلارنىڭمۇ مەڭگۈ تۈگىمەسلىكى ئېھتىماللىغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئەمما بۇ يەردە بىز كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە، پەقەت ستەين بىلەن جياڭ ئاپۇ بىباھا گۆھەرلەرنى ئەكىتىشتە، ئۇنىڭ ساقلىغۇچىسىنى زادى قانداق چارىلەرنى قوللىنىپ، قايىل قىلغاندۇ؟ دېگەندىنلا ئىبارەت ئىدى.

ستەين 5 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئۆزىنىڭ ۋاڭ ئاپۇ بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەنلىكى توغرىسىدا يازغان خاتىرىسىدە، ۋاڭنىڭ ئۆزىگە بەرگەن تەسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «قارىماققا ئۇ ئىنتايىن غەلىتە بىر ئادەمدەك كۆرۈنەتتى، ئۇ ئىنتايىن قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك بولۇپ، بەزىدە تېخى ئۇنىڭ چىرايىدا كىشىنى

* ئېلگىن مەرمەر تېشى (Elgin Mardles): ئېلگىن — ئەنگلىيە دىپلوماتشۇناسى ۋە گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى توپلىغۇچىسى بولۇپ، 1802 - 1799 يىللىرى تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچى بولغان. ئۇ شۇ چاغدا، قەدىمكى گرېك سەناسىدىكى نەققاشچىلىقتا ئائىت بولغان نەقىشلەنگەن مەرمەر تاش قاتارلىق نەرسىلەرنى قېزىپ چىقىدۇ. 1816 - يىلى ئۇنى بۈيۈك ئەنگلىيە مۇزېيى سېتىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دەتالاشلار تۈگىمەيدۇ.

بىزار قىلىدىغان بىر خىل قۇۋۇلۇق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ قالاتتى.»
ستەيىن قوشۇمچە قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۇشۇ تۇنجى قېتىملىق يۈز-
كۆرۈشۈشتىلا ئۇنىڭ ئاسانلىقچە تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان ئادەم ئىكەن-
لىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.» تەبىئىيكى، ئۇ ۋاڭ بىلەن سۆزلەش-
كەندە يوشۇرۇن ساقلىنىۋاتقان قول يازما كىتابلارغا ئائىت ئىشلار ئۈستىن-
دە پەقەت گەپ ئاچمايدۇ. ستەيىننىڭ دۈنخۇاڭغا كېلىشى خۇددى بۇ را-
ھىبنىڭ ئىشىنىپ قالغىنىدەك بۇ يەردىكى ئاساسلىق بۇتخانا ۋە ئىبادەت-
خانىلارنى تەكشۈرۈش ۋە تام سۈرەتلىرىنى رەسىمگە تارتىش ئۈچۈن
ئىدى. دېمىسىمۇ، ستەيىن ۋاڭ يوشۇرۇن كىتاب ئامبىرىنى ئۇچراتقان
يەرنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە بىر بۇت تەكچىسىنى رەسىمگە تارتىۋاتقان
چېغىدا، ھېلىقى يوشۇرۇن كىتاب ئامبىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ خىش
بىلەن ئېتىپ تاشلانغانلىقىنى كۆردى. بۇ ئەھۋال ئۇنى تولىمۇ ئۈمىد-
سىزلىككە چۈشۈرۈپ قويىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئېغىزى
پەقەت قوپال ياسالغان بىر دانە ياغاچ ئىشىك بىلەنلا ئېتىپ قويۇلغان-
تى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ستەيىن يەنە، گەنسۇنىڭ زۇڭدۇسى ئاشۇ كىتاب
ئامبىرىنى پۈتۈنلەي گەنسۇغا يۆتكەپ ئەكىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈ-
شۈرۈپتۇ، دېگەن بىر مىش-مىش گەپنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ئەگەر شۇنداق
بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ قول يازمىلارنى كۆرۈپ بېقىش ئۈمىدى پۈتۈنلەي
يوققا چىقاتتى، ئۇنىڭدىن ئاز-تولا قولغا چۈشۈرۈۋېلىش ئۈستىدە گەپ
ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ستەيىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگى-
لەپ كۆرۈش ئۈچۈن، ھېلىقى زېرەك، چاققان جياڭ ئۇستازنى ۋاڭنىڭ
قېشىغا ئەۋەتىدۇ. خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، جياڭ قايتىپ
كېلىدۇ ھەمدە ئۇنى ئاز-تولا بولسىمۇ خۇشال قىلغۇدەك بەزى خەۋەرلەر-
نى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ۋاڭ كىتاب ساقلا-
نىۋاتقان تاش ئۆينىڭ كىرىش ئېغىزىنى ئېتىۋېتىشتە، ئۆتكەن
ھەپتە بۇتخانا سەيلىسىنى ئۆتكۈزۈلگەن چاغدا قىزىقچاق بۇددا مۇخلىس-
لىرىنىڭ ئۇ يەرگە خالىغانچە كىرىشىگە يول قويماسلىقنى مەقسەت قىلغان-
كەن؛ ئىككىنچىسى، لەنجۇدىكى بەزىبىر ئەمەلدارلار بىر قانچە پارچە

قول يازمىنى ئاز - تولا ۋاراقلاپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قالغان قى-
مىنى ئاۋۋالقى ئورنىدىن قوزغىماي، ئۆزىنى «ساقلىغۇچى» دەپ ئاتىۋال-
غان ھېلىقى كىشىنى ئۇنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلىشىپتىكەن.
ستەيىن بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «روشەنكى، ئۇلار كىراھەقىنى چىقى-
رىشتىن قورقۇپ بەل قويۇۋەتكەنىدى.» ئەمما، ئەمەلدارلارنىڭ بۇنداق
قىلىشتا نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، قارىغاندا ئۇلار دۇن-
خۇاڭدا كىتاب ئامبىرى تېپىلغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىپ بولۇشقانىدى.

ستەيىن ۋە ئۇ «ئەدىب» دەپ ئاتىغان جياڭ شياۋۋېن ئاشۇ راھىبنىڭ
ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە ئۇنىڭ ھەمكارلىشىشىغا ئېرىشىش
مەقسىتىدە بىرەر سىراتېگىيىنى بەلگىلەش ئۈچۈن، بىر قېتىم «جەڭ قىلىش
يىغىنى» ئۆتكۈزىدۇ. جياڭ بىلەن ۋاڭ كۆرۈشكەن چاغدا، جياڭ ۋاڭدىن:
«ئاشۇ قول يازما كىتابلارنى بىزنىڭ كۆرۈپ بېقىشىمىزغا يول قويۇشقا بو-
لامدۇ؟» دەپ سورايدۇ. شۇ چاغدا ۋاڭ راھىب بۇنىڭغا پوزىتسىيە بىلدۈر-
مەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جياڭ يەنە ئۆزلىرىنىڭ ۋاڭ راھىب تەقەززا
بولۇپ تۇرغان بۇتخانىلارنىڭ ئەسلىدىكى كۆرۈنۈشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
ئىشى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل ئىئانە قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرى-
غا قويىدۇ. بۇ چاغدا ۋاڭ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەند
قىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن جياڭ ستەيىننىڭ يوليورۇقى بويىچە، ئىش قىلما
ئۆز خوجايىنىنىڭ قول يازمىلاردىن بىرئاز سېتىۋېلىشقا ناھايىتى قىزىقىد
قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ۋاڭ راھىبقا پۇرىتىپ قويىدۇ. ۋاڭ بۇنى ئاڭلاپلا
دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ خاتىرجەمسىزلىنىدۇ. ستەيىن بۇ چاغدا ۋاڭنىڭ
ئىدىيىۋى ھالىتىنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپلىكىنى، ئۇنىڭ بىر تەرەپتىن مە-
سىلىنى دىنىي جەھەتتىن ئويلىنىۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇن-
داق قىلسا باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتقانلىقىنى پەملەيدۇ.
شۇڭا جياڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدا سۆزلىشىشنى دەرھاللا توختىتىدۇ. ستەيىن
«جۇڭگو قۇملۇقلىرىدىكى خارابىلىكلەر» دېگەن كىتابىدا مۇنداق
يازىدۇ: «يالغۇز پۇلنىڭ قىزىقتۇرۇشىنىلا ۋاستە قىلىش ئارقىلىق
ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىشكە ئۇرۇنۇش روشەنكى، كارغا كەلمەيتتى. ئۇن-

دىن باشقا، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، بۇ چالا ساۋات خېشاگىنى بىزنىڭ ئېكىسكۇرسىيە قىلىشىمىزغا ياكى ئۇنىڭ ئىلگىرىدىكى قول يازما ئورىگىناللاردىن ئاز - تولا ئېلىشىمىزغا يول قويۇش ھەققىدە قايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇشىمۇ بىھۇدە ئاۋارىچىلىك بولاتتى.

ستەين ئىككى تەدبىرنى تەڭ ئىشقا سېلىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ بۇ مۇخلىسنىڭ بىز يەردىكى ئىبادەتخانىنى ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ زور خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى بايقاپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاشۇ غارنىڭ قۇرۇلۇش لايىھەسىنى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېتىشلاپ بېرىش، تەتقىق قىلىپ بېقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش مەقسىتىدە، ستەين تالدى بىلەن ۋاڭدىن قايتىدىن رېمونت قىلدۇرۇشقا ئۆزىنىڭ پۇلىدىن كۆچىنى بېغىشلاۋاتقان ئاشۇ بۇتخانىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى كۆرۈپ بېقىشقا رۇخسەت قىلىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سوراپ باقىدۇ. دەرۋەقە ئۇنىڭ بۇ تەلىپى قاندۇرۇلىدۇ. ستەين يول باشلىغۇچىنىڭ باشلامچىلىقىدا قىلىنغان بۇ قېتىمقى ئېكىسكۇرسىيىنى ناھايىتى جانلىق قىلىپ تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ: «بۇ مېنى ئىبادەتخانىنىڭ ناھايىتى ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك ئالدى زالىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ناھايىتى چەداملىق ياغاچلاردىن ياسالغان، يېپيېڭى، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ۋە سىرلانغان بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇردى. ئۇلاردىن كېيىن يەنە ئېگىز ھەم يورۇق كەلگەن، ئارقا قەسىرگە تۇتىشىدىغان كارىدوردىن ئۆتتۇق. بۇ چاغدا مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئوڭ تەرىپىمگە قاراپ سالدىم، ئۇ يەردە ھەم كۆرۈمسىز، ھەم سۇۋالمىغان بىر خىش تام مەخپىي تاش غارنىڭ ئىشىكىنى ھېلىھەم مەھكەم توسۇپ تۇرۇپتۇ.»

ستەين بىر چاغدا بۇ يېڭى خىش تام توسۇپ تۇرۇۋاتقان نەرسىلەرنى ئەڭ ياخشىسى سورىماسلىق كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ بۇ مۇخلىسنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا ئۆزىنىڭ قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن قايىل ئىكەنلىكىنى بىشارەت قىلىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ بىر مەھەل ئەسكەر بولغان ھەمدەمشۈن-

دىن كېيىنلا دىنىي مۇتەئەسسىپ بولۇۋالغان بۇ ۋاڭ راھىبنىڭ بۇتخانىلارنى
غايەت چوڭ، تولىمۇ رەزىل. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايى يىرگىنچلىك كەل-
گەن ئاشۇ يېڭى بۇتلارنىڭ ساقلىنىشىغا ھاۋالە قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭ-
لىدىكى قورقۇنچنى بېسىۋالالماي قالىدۇ. سىتەيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ
مۇنداق يازىدۇ: «دادا بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنخۇاڭنىڭ تەسۋىرى سەنئى-
تىنىڭ ئاللىقاچان تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چۈشكۈنلە-
شىپ كەتكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرەتتى.» شۇ سەۋەبتىن ئۇ ساددا
جۇڭگو دېھقىنىنىڭ «دىنىي جەھەتتە خەيرلىك ئىش قىلىپ تۆھپە يارى-
تىش ئۈچۈن، بۇ بۇتخانىنى رېمونت قىلدۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش يول-
دا كۆرسەتكەن پىداكارلىق روھى ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىكىدىن كېلىپ چىق-
قان.» دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنىڭغا چەكسىز ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. ۋاڭنىڭ ئىن-
تايىن ئاددىي - ساددا تۇرمۇش شەكلى ۋە جىياڭنىڭ ئۇنىڭ ئەھۋالى توغ-
رىسىدا دۇنخۇاڭدا ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىككى راھىب بى-
لەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا زۆرۈر بولغان پۇلدىن باشقا تېجەپ قالغان پۇل-
لىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ بۇتخانىنى رېمونت قىلدۇرۇشقا خەجلەۋاتقان-
لىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرەتتى.

شۇنداق قىلىپ، سىتەيىن ۋاڭ بىلەن خېلى قويۇق مۇناسىۋەت ئور-
نىتىۋالغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قارتىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. «دىنىغا
بولغان قىزغىنلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە نادانلىق ھەممىدە ئۆز مەقسىتىگە يې-
تىش يولىدا ھەر خىل دانا ۋاستىلەرنى قوللىنىپ قەتئىي بوشاشماي كۈ-
رەش قىلىدىغان قەيسەرلىكىنىڭ ئىپادىلىرى تەڭ تېپىلمىدىغان بۇ غەلىتە
مىجەز راھىب» ئۇنىڭغا بۇرۇنقى يىللاردا غەربتىكى دىنىي مۇقەددەس جاي-
غا تاۋاپ قىلىشقا بارغان ئاشۇ راھىبلارنى ئەسلىتىدۇ. سىتەيىن ئەگەر
مەن ئۆزۈم تاللاپ بېكىتكەن شۇنداقلا جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆپىنچىسى قىزى-
غىن سۆيىدىغان ئاشۇ بۇددا ئەقىدىسىنىڭ قوغدىغۇچى دانىشمەن شۈەن-
زاڭنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالسام، ۋاڭنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ قېلىشى مۇمكىن
دەپ ئويلايدۇ. دەرۋەقە، سىتەيىن ئۇنىڭ ئىسمىنى چىقىرىشى بىلەنلا، ۋاڭ
راھىبنىڭ كۆزلىرىدىن دەرھال «ئوت چاقناپ» كېتىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا بولغان كۆز قارىشى بىر-بىرىگە ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىسىلا ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىنى ناھايىتى تېز ئاشكارىلايدۇ. دەرۋەقە، ۋاڭ ئۇنى رىۋايەتلەردىكى بىر «ئەۋلىيا» دەپ ھېسابلايتتى، ئەمما بۇنداق ئوخشاشمىغان كۆز قاراشنىڭ ھېچقانداق كارايىتى يوق ئىدى، چۈنكى ستەيىن ئۆزى موھتاج بولۇپ تۇرۇۋاتقان نەرسىنى تېپىۋالغانىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئالدى بىلەن بۇ ۋىجىك راھىبنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋېلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ئامال قىلىپ كىتاب ساقلىنىۋاتقان تاش غارغا كىرىش ئىدى. تەبىئىكى بۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن ۋاقىت ۋە سەۋر-تاقەت كېرەك بولاتتى. ستەيىن ئۆزى ئېيتقان «چالا خەنزۇ تىلى» ئارقىلىق، ۋاڭ راھىبقا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ساياھەتچىنى قانداق قەدىرلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ تېما ئۈستىدە بارغانسېرى قىزىقىپ سۆزلەۋاتقان ستەيىن ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ھىندىستاندىن ئۇلۇغ پىرىنى قوغلىشىپ، شۇنچە يىراق يوللارنى بېسىپ، ئادەمزات تېپىلمايدىغان ئېگىز تاغلار ۋە چۆل-جەزىرىلەردىن ئۆتۈپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى؛ بۇ قېتىمقى تاۋاپ قىلىش سەپىرىدە يول ئۈستىدىكى ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن خارابىلىكلەرگە قانداق بارغانلىقىنى، خىلمۇ-خىل جاپا-مۇشەققەتلەرنى ۋە خەۋپ-خەتەرلەرنى يەڭگەندە ئاندىن يېتىپ بارغىلى بولىدىغان، شۈەنزاڭ ئۆز ۋاقتىدا تاۋاپ قىلغان نۇرغۇن بۇتخانىلارنى قانداق قىلغانلىقلىرىنى ... ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ ئۇسۇلى دەرھال ئۈنۈم بېرىدۇ. بۇ ۋىجىك راھىب شۇ ھامان مەغرۇر كەيپىياتتا، ستەيىننى تاشقىرىدىمۇ يېڭىدىن قۇراشتۇرۇلغان بىر كارىدورغا باشلاپ بارىدۇ. ئۇ شۇ يەرلىك بىر سەنئەتكارغا بۇ كارىدورلى رىۋايەتلەردىكى ھېلىقى مۇقەددەس ساياھەتچى راھىبنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن سۈرەتلەپ بېرىپ چىقىشنى ھاۋالە قىلغانىكەن. ۋاڭ راھىب ئۇ يەردىكى ھەر بىر تام سۈرەتلىرىنى ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن كۆرسىتىدۇ ۋە چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرىدە شۈەنزاڭنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتىنى يالماپ يېتىۋاتقان بىر ئەجدىھانىڭ باش ئەگدۈرگەنلىكى ھەمدە ئۇنى قۇسۇپ چىقىرىشقا مەجبۇرلاۋاتقانلىقى سىزىلغانىكەن؛ يەنە

بەزىلىرىگە ئۇنىڭ مىخلىرىنىڭ كۆچىگە تايىنىپ، ئۆزىنى بىر ئالۋاستى- نىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋاتقانلىقى قاتارلىقلار سىزىلغانىكەن. ستەيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى بىر رەسىمنى ئۆزىگە قولايلىق يارىتىشتا بىر باھانە بولىپ قىلىشنى مۇمكىن دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭدا شۇنىڭدەك تېز ئېقىۋات- قان بىر دەريانىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ بۇددا دىنىي كىتابلىرى لىق ئارتىلغان ھېلىقى ئېتى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ، ناھايىتى يوغان بىر تاشپاقا ئۇنىڭغا قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋېتىپتۇ، تاشپاقىنىڭ ئۇنىڭ بۇ مۇقەد- دەس دىنىي كىتابلارنى دەريادىن ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا يار- دەم بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ستەيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ رەسىمدە سىزىلغىنى تارىختىكى بۇ ساياھەتچىنىڭ قان- داق قىلىپ ھىندىستاندىن ئاشۇ دىنىي كىتابلارنى 20 تۇلپار ئاتقا ئار- تىپ ساق - سالامەت ئەكەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايە ئىدى. ئىراق بۇ ئىخلاسمەن ساقلىغۇچى بۇ ھېكايىدىن توغرا ئىلھاملىنىپ، خەيرلىك ئىش قىلىشنى راۋا كۆرۈپ، مېنىڭ ئۇنىڭدىكى تاسادىپىي بىر پۇرسەت تۇپەيلىدىنلا ئۇنىڭ ساقلىشىغا ئۆتۈپ قالغان ھېلىقى قەدىمكى زامانى بۇددىزم قول يازما كىتابلىرىدىن بىر قانچىنى، بۇددا دىنىنىڭ ئەسلى ماكانىغا ئېلىپ كېتىشىگە يول قويامدۇ - يوق؟». ستەيىن بۇ قارتىنى ھازىرچە يوشۇرۇپ قويۇپ، مۇۋاپىق پەيتتە ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىرىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ جياڭنى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى قايىل قىلىپ، ھېچ بولمىغاندا تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ بىر قانچە تومنى ئارىيەت بې- رىپ تۇرۇشقا ماقۇل قىلسۇن دېگەن مەقسەتتە ۋاڭ راھىبنىڭ يېنىدا قال- دۇرۇپ قويىدۇ. ئەمما ۋاڭ يەنىلا ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي، كې- يىنچە بىر نېمە دېيىشەلىدى دەپ تۇرۇۋالىدۇ. جياڭ بۇ سۆزنى قايتىپ كې- لىپ ستەيىنگە ئېيتىدۇ. بۇ ھەقتە ستەيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەندە كۈتۈپ تۇرۇشتىن باشقا چارە قالمىغانىدى.»

ئەمما بۇ ئىشتا ناھايىتى تېزلا بۇرۇلۇش پەيدا بولىدۇ. شۇ كۈنى كەچ كېچىدە، جياڭ ستەيىننىڭ چېدىرىغا غىپپىدە كىرىپ، ناھايىتى ھايا- جانلانغان ھالدا قوينىدىن بىر قانچە پارچە قول يازما نومنى چىقى-

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى www.uyghurkitap.com

ردۇ. ستەيىن بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئىنتايىن قەدىمكى دىنىي كىتاب ئىكەنـ
لىكىنى بىلىۋالىدۇ. جىياڭ ئۇنى قايتىدىن، قورۇنغا يوشۇرۇپ (چۈنكى ۋاڭ
راھىب بۇ ئىشنى مۇتلەق مەخپىي تۇتۇش كېرەك دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان
ئىدى.) تىك يار قاپتالىغا ئويۇپ چىقىرىلغان ناھايىتى يوغان بىر بۇتـ
نىڭ پۇتى يېنىدىكى ۋاڭ راھىبنىڭ كىچىككىنە ئۆيىگە قايتىپ كېتىدۇ.
ئۇ بۇ قول يازمىلار ئىچىدىكى يېزىقلارنى تونۇپ بېقىش، ئۇلارنىڭ يېزىلـ
غان ۋاقتىنى بىلىۋېلىش مەقسىتىدە، تۈن يېرىمدىن كېيىنكى بارلىق
ۋاقتىنى پايدىلىنىپ، ئۇنى پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆرۈپ چىقىدۇ. تاڭ
ئېتىشى بىلەنلا ئۇ «غەلىبە قازانغان ۋە ھەيران قالغان كەيپىيات» بىلەن
ستەيىننىڭ چېدىرىغا قايتىپ كېلىپ، خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتمىـ
غان ھالدا، بۇ يەردە نومنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى بولۇپ، كىتابنىڭ
اخىرىدىكى ئىزاھتىن قارىغاندا، شۈەنزاڭ ھىندىستاندىن ئەكەلگەن
سلى ئەسەردىن تەرجىمە قىلىنغانىكەن، دەپ دوكلات قىلىدۇ.

بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر غەلىتە ئىش
دى، ستەيىن ئۇنى ئىلاھتىن بېرىلگەن ئىشارەت دەپ ئاتايدۇ.
ھەتتا نېرۋا سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كەتكەن ۋاڭ راھىبمۇ
بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالىدۇ. ئۇ بۇ
قول يازمىلارنى مەخپىي ئۆيىدىن ئاچىقىتان چاغدا، ئۇلار بىلەن
شۈەنزاڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر مۇناسىۋەتنىڭ بار - يوقلۇقىنى
بىلەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جىياڭ دەرھال دىنىي كىتابنى
تەرجىمە قىلىشقا ئائىت ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىدۇ ھەمدە
ئۇنى بۇنىڭدىن باشقىچە چۈشەندۈرۈش ئېھتىماللىقىنىڭ پەقەت مەۋجۇت
ئەمەسلىكىگە تولۇق ئىشەندۈرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، شۈەنزاڭ باقى
ئالەمدە تۇرۇپ، «يىراقتىكى ھىندىستاندىن كەلگەن بۇ مۇخلىسى ۋە
ئەگەشكۈچىسى»نى ئاشۇ مۇقەددەس يەردە نومنى ئاۋۋالقى ئورنىغا
ئاپىرىپ قويسۇن دەپ، بۇ كىتابلارنى دەل مۇشۇ پەيتنى تاللاپ ستەيىنگە
كۆرسەتكەن، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. جىياڭنىڭ بۇ سۆزىنى تەكىتلىشى ھا-
جەتسىز ئىدى، چۈنكى بۇ ئىشارەت بۇ تەقۋادار راھىبتا ناھايىتى تېزلا

ئۈنۈم بەرگەنىدى. قول يازمىلار ساقلىنىۋاتقان تاش غارنى توسۇپ تۇ-رۇۋاتقان تام بىر قانچە سائەت ئىچىدىلا بۇزۇۋېتىلدى. قاراڭغۇ چۈش-مەستىنلا ستەيىن ۋاڭنىڭ ئىپتىدائىي تاغ چىرىغىنىڭ كىچىككىنە يو-رۇقىدىن پايدىلىنىپ، كىتاب ساقلىنىۋاتقان مەخپىي ئۆيىنىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. بۇ كىشىگە يەنە بىر ئەھۋالنى يەنى تەخمىنەن 15 يىللاردىن كېيىن، خوۋارد كارتېر (Howard Carter)-نىڭ لەپەڭشىپ تۇرغان شام يورۇقىدىن پايدىلىنىپ تۇتانگكامۇن (Tutankhamun) *نىڭ قەبرىسىگە كۆز يۈگۈرتكەن ئەھۋالنى ئەسلىتەتتى.

ئارخېئولوگىيە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ستەيىنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممىنى كۆرۈپ، خۇددى كېيىنچە كارتېر تۇتانگكامۇننىڭ قەبرىسىنى كۆرگەن چاغدىكىدەك، ئاغزىنى ئاچقىنىچە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىچىككىنە ئۆيدە نامايان بولغان مەنزىرە ھەقىقەتەن مېنىڭ نەزەر دائىرەمنى خېلىلا ئېچىپ قويدى. ۋاڭ راھىبنىڭ جىن چىرىغىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئۇ يەردىكى ناھايىتى نۇرغۇن ئەمما قالايمىقان دۆۋىلەپ قويۇلغان باغلام - باغلام قول يازمىلارنى كۆرگىلى بولاتتى، ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئون ئىنگلىز چىسى ئەتراپىدا كېلەتتى، ئۇلار ئىگىلىگەن بوشلۇق، كېيىنچە ئۆلچەپ كۆرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، 500 كۇب ئىنگلىز چىسىغا يېقىن كېلىدىكەن.» ئۇران ئېلېمېنتىنىڭ كەشپىياتچىسى سىر رونىناد ۋۇلنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «بۇ ئارخېئولوگىيە تارىخىدا مىسلىسىز، كۆرۈلۈپ باقمىغان غايەت زور تېپىلمىش» ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ «ئامان كۆرۈشكۈچىلەر گېزىتى»نىڭ ئەدەبىيات قوشۇمچە بېتى ئۇنى «ھەر قانداق بىر ئارخېئولوگ بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ھەيران قالارلىق تېپىلمىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن ئەمەس» دەپ تەشۋىق قىلدى.

ستەيىن ئۆزى بىلەن جياڭنىڭ مۇشۇنداق بىر مەخپىي ئۆيدە قاغدەك

---

* تۇتانگكامۇن (Tutankhamun)— مىلادىدىن بۇرۇن 14 - ئەسىردىكى مىسىر پادىشاھى، ئۇنىڭ قەبرىسى 1922 - يىلى تېپىلغان.

دۆۋىلىنىپ تۇرغان قول يازما توپلاملارنى كۆرۈپ چىقالىشى مۇمكىن بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ناھايىتى قىيىنغا توختايدىغانلىقىنى بىر قاراپلا پەملىۋالدۇ. ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئاتالغان بۇ «قاراڭغۇ ئۆڭكۈر» ئادەتتىن تاشقىرى تار بولۇپ، ئۇلار ئىككىسىنىڭ بىللە كىرىشىمۇ قىيىنغا توختايتتى، خىزمەت قىلىشتىن گەپ ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئوبدان چارىسى، بۇ قول يازمىلارنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن ئۇنى بۇتخانا ئىچىدىكى كەڭرەك مەخپىي ئۆيگە يۆتكەشكە توغرا كېلەتتى. بىراق ۋاڭ راھىب دەرھاللا، ئۇنداق قىلساق بۇ بۇتخانىنى قايتا رېمونت قىلىشقا سەدىقە بەرگەن ۋە ئىئانە تەقدىم قىلغان ئاشۇ مۇخلىسلار بۇ يەرگە تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كېلىپ قېلىپ، بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ قالسا، ئىشىمىز پۈتۈنلەي ئاشكارىلىنىپ [ق]الىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قانداقتۇر بۇ بۇتخانىدىكى مۇقەددەس بۇيۇمدا نوس[ـ]رىغا چەت ئەللىك ئادەملەر بىھۆرمەتلىك قىپتۇ، دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەر [...]ردەمنىڭ ئىچىدە ھەممە يەرگە تارقىلىپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا، مەن ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ھەر قېتىمدا پەقەت بىرلا باغلام ئاچىقىپ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئۆيگە يەتكۈزۈپ بېرەي، شۇنداق قىلساق سىلەرمۇ ئۇنى ئالدىرىماي ئوقۇۋالايسىلەر، باشقىلارمۇ بۇنى تۇيماي قالىدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. ستەيىن بۇ ماراپونچە جاپالىق خىزمەتنى باشلاشتىن ئىلگىرى، بۇ قەدىمكى كىتاب ئامبىرىنى قوغدىغۇچىلارنىڭ ئىنى قايسى دەۋردە پېچەتلەپ قويغانلىقىغا ئائىت يىپ ئۇچىنى ئىزدەپ كۆرمەكچى بولدۇ. ئۇنىڭ مۆلچەرىچە، بۇرۇن بىر مەھەل مەخپىي ئۆيىنىڭ كىرىش ئېغىزىنى توراپ تۇرغان ھەمدە تاھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن تام سۈرەتلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ XII ئەسىردىن كېيىن پېچەتلەنگەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كېيىن ۋاقتى يېزىلغان قول يازمىلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ پېچەتلەنگەن ۋاقتىنىڭ تېخىمۇ بۇرۇن ئىكەنلىكى، تەخمىنەن مىلادىيىدىن كېيىنكى مىڭ يىل ئەتراپىغا توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. بۇ كىتاب ئامبىرىنىڭ پېچەتلەنگەن ۋاقتى بىر ئىش، ئۇنى نېمە ئۈچۈن

پۈچەتلەپ قويغانلىقى يەنە بىر ئىش ئىدى. قارىغاندا، ئاشۇنداق قىلىش ئاشۇ مۇقەددەس بۇددا نوملىرىنى ياۋايى ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئۇ چاغلاردا ياۋايى ئادەملەر دۇنخۇاڭغا چېقىلماسمىز ھەمدە ئۇنى يەكسان قىلىۋېتىمىز دەپ تەھدىت سالغان بولسا كېرەك. ئۇلار شۇنداق قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، گەرچە بۇ ھەقتە تا ھازىرغىچە ئوخشاش بولمىغان پەرەزلەر مەۋجۇت بولسىمۇ.

ۋاڭ راھىب ستەيننىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جاسارىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ - دە، قولىيازمىلارنى «قاراڭغۇ ئۆڭكۈر» (ھازىرقى ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇنى ئاددىيلا قىلىپ «17 - ئۆڭكۈر» دەپ ئاتايدۇ) ئىچىدىن ستەيننىڭ «مېنىڭ كىتابخانام» دەپ ئاتىغان يەرگە تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئاچىقىشقا باشلايدۇ. ستەين بۇ قولىيازمىلارنىڭ ھەممىسىنى مۇندەرىجىگە ئايرىپ چىقماقچى بولغان ئەڭ دەسلەپكى خىيالىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئۇ «جۇڭگو قۇملۇقلىرىدىكى خارابىلىكلەر» دېگەن كىتابىدا بۇنى «تاغدەك دۆۋىلەنگەن بۇ قولىيازمىلارنى خاتاسىز بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم بىلىملىك كۈچلۈك خادىملار بولمىسا بولمايتتى» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ بۇ بۇددا نوملىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ قولىيازما خاتىرىلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان زەينىڭ ئىزلىرىنىڭ بار - يوقلىقىغا سەپسېلىپ چىقىدۇ. بەختىگە يارىشا ئۇنىڭدا زەينىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان ھېچقانداق ئالامەتلەر كۆرۈلمەيدۇ. ستەين نەم ھاۋا بولمىغان قۇملۇقلاردا يازما ماتېرىياللارنى ساقلاشتا، مەھكەم پېچەتلەنگەن بىر تاش غاردىنمۇ ئەپلىك يەرنىڭ تېپىلمايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ.

ئۇلار دۇنخۇاڭدىكى خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا، مەخپىي ئۆيدىن خەنزۇچە، سانسكرىتچە، سوغدىچە، زاڭزۇچە، شىمالىي ياۋروپانىڭ قەدىمكى يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تۈركچە يېزىقتا ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقتا شۇنداقلا ناتونۇش يېزىقلاردا يېزىلغان سانسىزلىغان قولىيازما ھۆججەتلەرنى تېپىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە زور تۈركۈمدىكى بۇددىزم

رەسىملىرىنىمۇ تاپىدۇ. ستەيىن ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدە بەزى رەسىملىرىنىڭ ئىبادەتخانىلارنىڭ يۇقىرىقى ئۇچى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە ئىشلەنگەن ۋە لېنتىلىرىگە يەلپۈنۈپ تۇرغان ئۈزۈنچاق ئەلەملىرىنىڭ رەسىمى ئىكەنلىكىنى، يەنە بەزىلىرىنىڭ تۇۋا - ئىستىخپار قىلغاندا ئىشلىتىلىدىغان ئاسما بايراقلارنىڭ رەسىمى ئىكەنلىكىنى دەرھاللا تونۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىسى كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان دەرىجىدىكى ئاشۇنداق ئىنتايىن ئەپچىل توقۇلغان يىپەكلەرگە ۋە قەغەزگە سىزىلغانىكەن. ئۇلارنىڭ خېلى بىرقىسمى توققۇز ئەسىردىن بۇيان قول يازما ھۆججەتلەرنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ تۇرغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى بېسىلىپ قىرى چىقىپ كەتكەن يەرلىرىنى تۈزلەپ تەكشى ھالەتكە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ رەسىملەرنىڭ مۇھىملىقى ئۇنىڭ سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ يىللار - ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دۇنيادا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغانلىقىدا كۆرۈنەتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۇنداق رەسىملەرگە ئېرىشىش تولىمۇ قىيىن ئىدى. شۇ زامانلارنىڭ ئۆزىدىمۇ بۇنداق ئەسەرلەرنى شۇ يەردىكى رەسساملارنىڭ قولىدىن بىر ئامال قىلىپ قولغا چۈشۈرۈش ھەرگىز ئاسانغا توختىمايتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپ مىقداردىكىلىرى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پارتلىغان بىر قېتىملىق دىنىي ئىمتىيازغا قارشى تۇرۇش دولقۇنى ٥ دا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولۇپ، شۇ قېتىمقى ھەرىكەت مەملىكەت بويىچە 40 مىڭ ئەتراپىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ۋە بۇتخانىلارنىڭ پېچەتلىنىشىگە ۋە بۇزۇۋېتىلىشىگە سەۋەبچى بولغانىدى. ھالبۇكى ياخشى دۇنخۇاڭ مىلادى 781 - يىلى زاڭزۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا ئۇلار ئۇ يەردە 67 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولغاچقا، دۇنخۇاڭدىكى ئىبادەتخانا ۋە بۇتخانىلار شۇ چاغدا جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدىكىدەك ئاشۇنداق بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچراشتىن ساقلىنىپ قالغانىدى.

ۋاڭ راھىبنىڭ قول يازمىلىرى ئارىسىدىن تېپىلغان، يىپەك بويۇملاردىن ياسالغان بەزى بايراق - ئەلەملەر ئىنتايىن ئۈزۈن بولۇپ، بەزى

---

٥ تاڭ ۋۇزۇڭ خۇيچاڭنىڭ 2 - يىلىدىن 5 - يىلىغىچە (842 — 845) بولغان ئارىلىقتا، بۇتخانىلارنى چېقىپ تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، راھىبلارنى ئەسلىگە قايتىشقا بۇيرۇغانىدى.

گىلىم ئەلىلىرى ئۇلى مەخسۇس دۇنخۇاڭ غارلىرىنىڭ چوققىسىغا ئېسىش ئۈچۈن چوققىدىن يەر يۈزىگە يەتكۈدەك قىلىپ لايىھىلەپ ياسىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ھېسابلىماقتا. ستەيىن يىپەك رەختلەرگە سىزىلغان رەسىم-لەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ بىر قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان قول يازمى-لارنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ تۇرۇۋېرىپ، بىر - بىرىگە چاپلىشىپ قۇرۇلۇپ ھەم قاتتىق، ھەم چۈرۈك ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى، ئۇلارنى بىر - بى-رىدىن ئايرىۋېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايقايدۇ. كېيىنچە ئۇلار ئەن-گلىيە مۇزېيى تەجرىبىخانىسىدا ئاۋۋال خىمىيىلىك ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىنىش، ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ مېھنەتنى تاشقى كېيىنكى ئوپېراتسى-يىسى قىلىنغانغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر خىل تېخنىكىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق بىر - بىرىدىن مۇۋەپپەق-يەتلىك ھالدا ئاجرىتىۋېلىنىدۇ. يەتتە يىل ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ئوپېراتسىيىگە سەرپ قىلىنىدۇ.

مۇشۇ مەزگىلدە، ستەيىن بىلەن جياڭ تاللىۋالغان قول يازما ۋە ۋەسىقىلەرنى ھەر كۈنى كەچتە ستەيىننىڭ چېدىرىغا يۆتكەپ ئەكىلىپ «تېخىمۇ تەپسىلىي تەتقىق قىلىش» بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ۋاڭمۇ ئۇنىڭ-غا قارشى تۇرمايدۇ. ھەتتا ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي مەلۇم بىر تۈردىكى قول يا-زمىلارغا بەلگە ئۇرۇپ، ئۇنى «بۈيۈك ئەنگلىيىنىڭ مەخسۇس كىلاسسىكلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىر بۇتخانىسى»غا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئىبادەتخانا ئۈچۈن خېلى كۆپ ئىئانە قولغا كەلتۈرۈشكە قوشۇلىدۇ. ستەيىن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «ۋاڭ بىزگە بارغانسىرى كۆپ يول قويۇشقا باشلىدى. بىزمۇ ئۇنىڭغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، ئۇنىڭ كۆپرەك ئويلىنىۋېلىشىغا پۇرسەت قالدۇرماسلىققا تىرىشتۇق.» بىراق، بىر كۈنى كەچتە ۋاڭ بۇ ئىشتىن بىر ئاز قورقۇنچ ھېس قىلىۋاتقاندەك قىلىپ، تۇساتتىنلا ئىبادەتخانىنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ، دۇنخۇاڭ بازى-رىغا كېتىپ قالىدۇ. ستەيىن بىلەن جياڭ بىر ھەپتىگىچە تەقەززالىقتىن تاقەتسىز بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۇ زادى نېمە قىلماقچى؟ ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پوزىتسىيىسى ئۆزگىرىپ قالارمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر

تۇغرىسىدا كۆڭلىدە چىرت سوقۇپ تۇرىدۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ ئەلدىشىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ پاكار راھىب ساخاۋەتچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ئۆز مەخپىيەتلىكىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالمىغانلىقىنى، ئۇلدىن باشقا يەنە خۇددى ستەيىننىڭ ئېيتقىنىدەك، «ئۇنىڭ دىنىي تەسىرىنىڭمۇ ئاجىزلاپ قالمىغانلىقىنى» تونۇپ يېتىدۇ. شۇندىن كېيىن ئىش تېخىمۇ ئاسانلىشىپ كېتىدۇ. تېخىمۇ كۆپلىگەن قول يازمىلار جىلىدىن بۇندىن ئىلگىرى ۋاڭ كۆرسىتىشنى رەت قىلغان خەزىنىچە يېزىقمىكى بۇيىدا نومىرىمۇ ستەيىننىڭ قولىغا ئۆتۈشكە باشلايدۇ. كېيىنچە ستەيىن ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساياھەت خاتىرىسى»دېگەن كىتابىدا ئاشۇ ئەھۋاللارنى ئەسكە ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ۋاڭ تايتەپ كەلگەندىن كېيىن، مېنىڭ غەربنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە ئىشلىرى ئۈچۈن قەدىمكى زامان بۇددىزم ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىگە دائىر ئاشۇ بارلىق سىرلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ ئىخلاسمەنلىك بابىغا ياتىدىغان ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى، بولمىسا بۇ نەرسىلەرنىڭ شۇ يەردىكىلەرنىڭ كارى بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى ۋەيران بولۇپ تۈگەپ كېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندەك قىلاتتى.»

بۇ غەلىتە ھېكايە مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدىغاندەك قىلىدۇ. ۋاڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر شەرتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، يەنى ئۇ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ستەيىن جوڭگودا تۇختىغان مەزگىلدە بۇ سودىنى قاتتىق مەخپىي تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ستەيىن ۋاڭنىڭ يوشۇرۇن كىتاب ئامبىرىدىن تېخىمۇ كۆپ قول يازمىلارنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا يۈرگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ شەرتىگە ئاسانلا ماقۇل بولىدۇ. ۋاڭ راھىب ئۆزىنىڭ زىيارەتچىلىرى بىلەن يېقىملىق كەيپىيات ئىچىدە قول ئېلىشىپ خوشلىشىدۇ. ستەيىن ۋاڭنىڭ چىرايىدا «بىر ئاز ئەندىشە ئىچىدىكى رازىمەنلىك ۋە خاتىرجەملىك ئالامەتلىرىنىڭ يەنە بىر قېتىم كۆرۈلگەنلىكى»گە دىققەت قىلىدۇ. دەرۋەقە، ۋاڭ ھازىر بۇ ئەنگلىيەلىكنىڭ ئەتراپلىق ئويلىنىپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچ باغلىغان، ھەتتا

لۇت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ستەيىن بىلەن جىاڭ بۇ يەرگە يەنە بىر قې-
تىم كەلگەن ۋاقىتىدا، ئۇلارغا يەنە 200 بولاق قول يازما بۆلۈپ بېرىشكە
دەرھال ماقۇل بولغانىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ستەيىن ئۆزىنىڭ قىم-
مەتلىك ئولجىلىرىنىڭ يەنىلا جۇڭگو زېمىنىدا قېپقېلىشىدىن ئەنسىرەپ،
خاتىرجەم بولالمايدۇ. خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:
«تەخمىنەن 16 ئايلاردىن كېيىن. قول يازمىلار بىلەن تولغان 24 ساندۇق
ۋە كۆڭۈل قويۇپ ئوراپ تېڭىلغان رەسىملەر، كەشتە ئىشلەنگەن بۇيۇملار
ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش قەدىمكى بەدىئىي سەنئەت بۇيۇملىرى قاچىلانغان
بەش ساندۇقنىڭ ھەممىسى لوندوندىكى ئەنگلىيە مۇزېيى ئىچىگە ساق-
سالامەت دۆۋىلەپ قويۇلدى، مەن شۇ چاغدىلا ئاندىن ھەقىقىي تۈردە
«ئۇھ» دەپ ئارام تاپتىم.» كېيىن ئۇ بىر دوستىغا يازغان خېتىدە، ئاشۇ
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە پەقەت 130 ياڭلا باج تۆلىگەنلىكىنى ناھايىتى
رازىمەنلىك بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

بىراق ستەيىننىڭ 2 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى تېخى
ئاخىرلىشىشتىن خېلىلا يىراق ئىدى، دەرۋەقە ئۇ ھازىرغىچىلىك ئال
بېسىش يولىدا گەرچە ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسى-
مەسىلەن ئالايلۇق، ئۇ نەپىس مىران تام سۈرەتلىرىنى قولغا چۈشۈرۈ-
بولدى؛ ئۇنىڭ يوللۇق سەددىچىن سېپىلىنىڭ غەربكە ئۇزارتىلغان قىسمى-
نى تاپتى؛ ھازىر يەنە مىڭئۆيدىن ھەم كۆپ، ھەم ھەشەمەتلىك نەرسى-
لەرنى سېتىۋالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆپ ساندىكى ئارخېئولوگلارنى
قانائەتلەندۈرۈشكە يېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ستەيىن يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىزدى-
نىش خىزمىتىنى بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. سەددىچىن سېپىلى جە-
ھەتتە، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ مۇھىم خىزمەتلەر ئۇنىڭ ئورۇندىشىنى كۈ-
تۈپ تۇراتتى؛ كۆلىمى زور جەنۇبىي تاغنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىشى
كېرەك ئىدى؛ يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يولىدىكى بەزىبىر يېڭى خارابى-
لەر ئۈستىدە ئىزدىنىشكە، ھەتتا مۇمكىن بولسا ئۇلارنىمۇ قېزىپ كۆرۈشكە
توغرا كېلەتتى. ھازىر تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىدىكى خارابىلىكلەر-
گە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ستەيىن ئۈچۈن تازا ياخشى پۇرسەت

ئىدى، بولۇپمۇ ئۇ گېرمانىيەلىك رەقىبلىرىنىڭ تۇرپان ئەتراپىدىكى ئاشۇ كارامەت خارابىلىكلەردە زادى نېمىلەرنى قىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈشكە تولىمۇ تەقەززا بولۇپ تۇراتتى. ئاخىرى ئۇ بۇ ئويمانلىقتا كېلىپ، گرۇنۋېدېل فون لېكوك ۋە باتاسلار قېزىۋېتىۋەتكەن ئاشۇ كونا ئىزلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قارىسىغا ئىش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقىدىن ئىنتايىن ھەيران قالدى، ستەيىن ئۆزىنىڭ ماقالە - ئەسەرلىرىدە ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۇسۇلغا قارىتا گەرچە ھېچقانداق تەنقىد بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن خۇسۇسىي خەت - ئالاقىلىرىدە ئۇنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ. ئۇ ئەنگلىيەدىكى يېقىن بىر دوستىغا بۇ گېرمانىيەلىكلەردىن ئاغرىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بەزىبىر چوڭ بۇتخانا، ئىبادەتخانا قاتارلىقلارنى ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى ئەستايىدىل بولۇش، ئۇزۇل - كېسىل بولۇش پىرىنسىپىنى قوللىنىپ بىر تەرەپ قىلماستىن، بەلكى ئىلىم ئەھلى سىياقىغا كىرىۋالغان گۆھەر ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ قېزىپ چىقىپتۇ. قارىماققا بىرەر نەرسە تېپىلىش ئېھتىمالى ناھايىتى كۆپ بولغان بەزى يەرلەردىمۇ ئاشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپتۇ...». سىر مورتىمېر ۋىلېر (Slr. Mortimer Wheeler) بىر قېتىم: «ئارخېئولوگىيە ھەرگىزمۇ بىر پەن ئەمەس، ئۇ ئايلاپ - يىللاپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل تالىشىش.» دېگەنىدى. بۇ سۆزنىڭ داۋلىسى يوق ئەمەس. ستەيىن بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ «جۇڭگو قۇملۇقلىرىدىكى خارابىلىكلەر» دېگەن كىتابىدا گرۇنۋېدېل ئۈستىدە توختالغىنىدا، ناھايىتى ئەدەب بىلەن ئۇنى «بۇددىزىم سەنئىتى بويىچە بىر نوپۇزلۇق ئەرباب»، فون لېكوكنى «كۆزگە كۆرۈنگەن شەرقشۇناس ئالىم» دەپ ئاتايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز رەقىبلىرىنىڭ قېزىش پائالىيىتىنىڭ «دۆلەتنىڭ ناھايىتى ئۇرغۇن مالىيە كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقى»نى (بۇ سۆز روشەنكى بېخىل كالكۇتتا دائىرىلىرىگە قارىتىلغان) ئۇنىڭغا گېرمانىيە پادىشاھىنىڭمۇ ئۆزىدىن ئىنئام بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

ستەيىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ كەتكەن بۇ كونا ئىزلارنى تەكشۈ-

روشتىن ۋازكېچىدۇ. ئەمما ئۇ گېرمانىيىلىكلەر قېزىشقا ئۈلگۈرەلمەي
قالغان كىچىك ھاسسار (Kichik — hassar) دېگەن يەردە كىچىك
بىر بۇتخانىلار گۇرۇپپىسىنى ئۇچرىتىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭدىن بەزىبىر تام سۈ-
رەتلىرىنىڭ ۋە پەردازلانغان ھەيكەللەرنىڭ پارچىلىرىنى، شۇنداقلا خەن-
زۇچە، ئۇيغۇرچە ۋە زاڭزۇچە قوليازمىلارنى قېزىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كې-
يىن غەربكە يۆتكىلىپ قاراشەھەر (Karashahr) گە بارىدۇ. بۇ شە-
ھەر بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 15 ئىنگلىز مىلى كېلىدى-
غان «شىكشىن» دېگەن يەردە ئۇ گېرمانىيىلىكلەر ئالدىراپ - تېنەپ قېزىپ
كەتكەن تاش غارلارنى زىيارەت قىلىدۇ. بۇيەردىمۇ ئۇ كۆرگەنلىرىنىڭ
ھەممىسىگە يەنە بىر قېتىم ھەيران قالىدۇ. ئۇ بىر دوستىغا يازغان خېتى-
دە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار قالدۇرغان ئىزلارنى كۆرسە كىشىنىڭ يۈرەكلىرى
ئېچىشىپ كېتەتتى، ئۇلار نەپىس، بېزەلگەن ھەيكەللەرنىڭ پارچىلىرىنى
ھەممە يەرگە چېچىۋېتىپتۇ، بولمىسا ئەمەلىيەت دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە دۆۋى-
لەپ قويۇپتۇ؛ يۆتكەپ كەتكىلى بولمايدىغان بەك چوڭ ھەيكەللەرنى
سىرتقا ئاچىقىپ تاشلىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەيكەللەر ئاپىپاق قى-
رۇپ ياكى بولدىن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ خالىغانچە ئاياغ - ئاستى قىلىشى
بىلەن ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ ۋەھاكازالار. مەن ئۇنىڭ تېگىگە زادى يې-
تەلمىدىم. ئۇلارنىڭ ئەمگەك كۈچى شۇنچىلىك چەكلىك بولغىنىدىكىن بۇ
يەردە نېمە ئۈچۈن قېزىش ئېلىپ بارىدىغاندۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرى قالدۇرۇپ
كەتكەن ئاشۇ نەرسىلەرگە نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا بىپەرۋا پوزىتسىيە تۇ-
تىدىغاندۇ؟». شۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۇ ئۆزى ئۈستىدە توختالغان چېغىدا،
ئۆزىنى بۇ جەھەتتە ناھايىتى ئەخلاقلىق ئادەم دەپ ھېسابلايدۇ، ئۇ يەنە
مەن ئاشۇ «ھەقىقىي تۆھپىلىق»نى قازغان ۋاقتىمدىمۇ، جىسمانىي جەھەتتە
ئېغىر - چارچاپ ھالىمدىن كەتكەن بولسامۇ، ئىشتىن كېيىن ھامان ئازراق
ۋاقىت چىقىرىپ ۋە ئەمگەك سەرپ قىلىپ، نەق مەيداننى ئوبدان تۈزە-
تۈرۈپ قوياتتىم، دەيدۇ. كىشىلەر بۇ ئالاھىدە كونا ئىزنى يۈگۈنى - يېتىم
ئىش قىلىدىغان ھېلىقى باتاس، چاتاق چىقىرىپ قويۇپلا تۈپرۈقىنى خادا
قىلىپ تىكىۋېتىدىغان بەزى شوپۇرلارنىڭ قىلمىشىغا ئوخشاش (بۇ ستەيىن-

نىلىق تەرجىمىھال ئاپتورى جىننەت مىرىسىكىنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن)، ئۆزى يالغۇز قېزىش ئېباسىپ بارغان چاغلاردا خانىۋەيران قىلىپ تاشلىغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ گۇمان قىلىنىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ ستەيىن بۇ يەردە يەنىلا ئىنتايىن مول نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ بۇ يەردىن ئىچكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلار لىق قاچىلانغان ئون ساندۇقنى ئېلىپ يولغا چىقىدۇ.

بۇ ئالاھىدە تاش غارلارنى كىشىلەر «مىڭئۆي» (Ming — oi) دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ خىل ئاتاش ناھايىتى ئاسانلا مۇجمەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى بۇ تاش غارلار پەقەت ئارخېئولوگلار قۇملۇق ئەتراپىدا تېپىپ چىققان بىر قانچە «مىڭئۆي»لەر ئىچىدىكى بىرىدىلا ئىدى. خۇددى فون لېكوكنىڭ چۈشەندۈرگىنىدەك، «مىڭئۆي» دەپ ئاتىلىدىغان يەر زادىلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. تۈركچىدە «مىڭئۆي» دېگەن سۆز، يېقىن ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان ئادەم بار يەر، دېگەننى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: قىزىل مىڭئۆي، قۇمتۇرا مىڭئۆي، شورچۇق مىڭئۆيى قاتارلىقلار. ھەر قانداق بىر كىشى جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ خەرىتىسىدىن «مىڭئۆي» دەپ ئاتىلىدىغان بىريەرنى تاپالمايدۇ. گەرچە ئەنگلىيە مۇزېيى يەنىلا شۇنداق بىر يەر بار دەپ قاراۋاتقان تەقدىردىمۇ، ستەيىننىڭ ئىككى يېرىم يىللىق ئېكسپېدىتسىيىسى ھېلىھەم ئاخىرلاشقىنى يوق. ئەمما ئۇنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يار بەرمەيدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت ئەڭ گەۋدىلىك بىر قانچە ئىش ئۈستىدىلا توختالماقچىمىز. ئۇنىڭ بىرى، ئۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنى باتۇرلۇق بىلەن جەنۇبقا قاراپ كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ شىمالغا قاراپ كېسىپ ئۆتۈشكە قارىغاندا، كۆپ خەتەرلىك ئىدى. سۋېن ھېدىن ئەينى چاغلاردا ئۇ يەرنى كېسىپ ئۆتۈشتە ئالدى بىلەن شىمالغا ئاقىدىغان كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قۇملۇققا كىرگەن چاغدىكى ئىچىدىغان سۈيى كاپالەتكە ئىگە بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەگەر ئۇ داۋاملىق شىمالغا قاراپ مېڭىۋېرىدىغان بولسا، ھامان بىر كۈنى شەرققە ئاقىدىغان تارىم دەرياسىغا ئۇچراپ قالاتتى. بۇ قۇملۇقنى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ

خەلبىلىمەك كېيىن ئۆتتۈش ئۈچۈن كىبرىيە دەرياسىنىڭ ئېغىزى بىلەن ئۆزپۈرشىشى شەرت ئىدى. بۇ قۇرغاقتا سەپەر قىلىشتىكى بىر خىل پەۋقۇل-ئاددە ماھارەت ھېچىسا بىلمەيتتى. ئەمما ئۇ مەقسىتىگە ھۆكۈم مۇتلەق تىرىش-لىققا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئۇ يەردىن ئۆتكەندە ئەڭ ئاخىرقى بىر قانچە كۈندە، ئۇنىڭغا بىر كۈن راستىنلا بىر يىلدەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا سۈنى تۇرمىلىق تەمىنلەش ئۈزۈلمى قاتتىق يولغا قويۇ-لۇۋاتاتتى. شۇنىڭ كەينىدىنلا ئۇنىڭكى ئادەم جىسمانىي جەھەتتە بەختسىزلىك-كە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ھىندىستانلىق ياردەمچىلىرىدىن بىرى بولغان لەممىن تۇماتىنىڭلا كۆز ئىچكى بىسىمى ئېشىپ كېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بىر كۆزى كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ-دە، قاتتىق ئاغرىق ئازابىنى تارتىدۇ. شۇ چاغدا خوتەندە توپلانغان بۇ-يۇملارنى ئوراش - قاچىلاش بىلەن بەند بولۇۋاتقان ستەين ئۇنىڭغا مىراندىكى تام سۈرەتلەرنى تېخىمۇ كۆپرەك سۈرەتكە ئېلىش ۋە يۆتكەپ كېلىشكە مەسئۇل بولۇشنى ھاۋالە قىلغانىدى. لەممىن بىر كۆزى ھېچنې-مىنى كۆرمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغان شۇنداقلا قورقۇنچلۇق ئاغرىق ئازابىنى تارتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆز خىزمىتىنى ئىنتايىن قەيسەرلىك بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ. پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ كۆز پۈتۈنلەي كۆرمەس بولۇپ قالغان چاغدىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بو-لغانلىقىغا تەن بېرىدۇ - دە. باشقىلار ئۇنى نېمە قىلارىنى بىلمەي گا-گىراپ تۇرغان ستەيننىڭ يېنىغا باشلاپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ھىندىستانىنىڭ تەبىقە تۈزۈ-مىگە ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن: تاكى خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن ستەين ئۇنىڭغا ھىندىستانلىق بىر ئاشپەزنى يالاپ بەرگەنگە قەدەر ئۆزى تاماق ئېتىپ يېيىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. لەممىننىڭ كۆرۈش سېزىمى زادىلا ئەسلىگە كەلمەيدۇ. كېيىنچە ستەيننىڭ بىسىم ئىشلىتىشى نەتى-جىسىدە. ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا پاشانغىلارنى بېقىش فوندى بې-رىدۇ، ئەمما ئۇ تۆت ئاي ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بەختسىزلىكنىڭ يەنە بىرى ستەيننىڭ بېشىغا كېلىپ قالىدۇ. ئۇ سىرقې-

تىم فارېنھېيت تېرمومېترى نۆلدىن تۆۋەن 16 گرادۇسقا چۈشۈپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا. كۇئېنلۇن تېغى چوققىسىدىكى بىر مۇزلۇقنى ئۆلچەۋېتىپ، توساتتىن ئىككى پۇتىنىڭ پۈتۈنلەي سەزمەس بولۇپ قالغانلىقىنى، شۇندىن كېيىنلا قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئۈششۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى سېزىدۇ. ئۇنىڭ تەبابەتچىلىك قوللانمىسى ئۇنىڭغا جىددىي داۋالاش چارىسى سۈپىتىدە، ئاغرىغان يەرگە قار سۈركەش لازىملىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇسۇل قان ئايلىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىگەندە، ئۇنىڭ چىققانغا قالىلىنىپ كېسىۋېتىلىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا تاشقى كېسەل ئوپېراتسىيىسى قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلەتتى. قار بىلەن داۋالاش چارىسى ئۇنىڭ سول پۇتىغا تەسىر قىلىدۇ، ئەمما ئوڭ پۇتىغا تەسىر قىلمايدۇ. سەيىن ئۆز ھاياتىنىڭ تەھدىتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆلچەش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ۋاز كېچىدۇ - دە، دەرھال قوتازغا مىنىپ، بەزىدە تۆگىگە مىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىككى تۆلپار ئات كۆتۈرگەن ۋاقىتلىق ئاسلىقغا ئولتۇرۇپ ئالدىراپ - تېنەپ لاداكقا يېتىپ كېلىدۇ. تاغ - چوققىلاردىن ئۆتىدىغان بىر قانچە كۈنلۈك جاپالىق سەپەردىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرى لې شەھىرىگە كېلىدۇ. ئۇ يەردە مورۇاۋىيە دىنىدارلار جەمئىيىتىدىكى بىر دوختۇر ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى كېسىپ ئېلىۋېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن توختىماي قايغۇرىدۇ. جىسمانىي جەھەتتىكى ئازاب ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ مەسىلە ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قەيسەر، ئىرادىلىك ئىكەنلىكى بۇرۇندىن كىشىلەرگە ئايان ئىدى. ئەمما بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيە زادى ئۇنىڭ پۇتىنى قۇتقۇزۇپ قالالامدۇ ياكى ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلىك ھاياتىنىڭ مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ بىر قانچە ھەپتىلىك غەم - قايغۇدىن كېيىن ئۇنىڭ يارىسى ئاستا - ئاستا ساقىيىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيىنىڭ ئىنتايىن ۋاقتىدا قىلىنغانلىقىدىن، چەكسىز خۇرسەن بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابىنى تارتقانلىقىدا ياكى غەم - قايغۇغا چۆككەن-

لىكىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنى غايەت زور بەدەل تۆلىدى دېيىشكە بو-
لاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىغا غەلىبە بىلەن قايتىش ئالدىدا كۆرگەن-
لىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇنى ھەرگىزمۇ بەك يۇقىرى بەدەل تۆلىدى
دېيىشكە بولمايتتى. ئەنگلىيە پادىشاھى ئۇنىڭغا ھىندىستان پادىشاھلى-
قىنىڭ پالۋانى دەپ نام بەردى (ئىككى يىلدىن كېيىن يەنە چەۋەنداز-
لىققا ئۆستۈرۈلدى)؛ خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇنىڭغا ئال-
تۇن مېدال تەقدىم قىلدى؛ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن كېمبرىج ئۇنى-
ۋېرسىتېتى ئۇنىڭغا پەخرىي دوكتور دەپ ئىلمىي ئۇنۋان بەردى؛ كېيىن-
يىمۇ (شۇبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ فون لېكوكنىڭ قوللانغان ئۇسۇلىنى ئەيىبلى-
گەنلىكىدىن تېخى خەۋىرى يوق ئىدى) ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەب-
رىكلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئالاھىدە نوغۇزن نەق پۇل تەقدىم قىلدى.
بۇدا پىشتىمۇ ئۇنى زور تۆھپە ياراتقان ياخشى ئوغۇل دەپ ماختايدۇ.
ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇنى تېخىمۇ خۇشاللاندۇرغىنى شۇكى، ۋاڭ راھىبنىڭ
ئالاھىدە ئەپچىل چارىلەر بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ستەيننى
دۇنخۇاڭدىكى كىتاب ئامبىرىدىن زور تۈركۈمدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق-
لارغا ئېرىشتۈرۈش يولىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن جياڭ ئۇستازمۇ
ئۆزى ئارزۇ قىلغان مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇل-
خانىسىنىڭ خەزىنىچە كاتىپلىقىغا قويۇلدى.

سىراق ستەيننىڭ خىزمىتى تاھازىرغىچىلىك تۈگىمەيدۇ. چۈنكى ئۇ
مىڭئۆيدىن ئەكەلگەن بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ نەچچە يۈزلىگەن ئۆزۈل-
چاق ئەلەملىرىنى ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى رەسىملەرنى رەتلەش ۋە
چۈشەندۈرۈش خىزمىتىگە ياردەملىشىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى
تەزەشتۈرگۈچى خادىملارنى تاللاشقا كىرىشكەندىن سىرت، ئۆزى قېزىپ
چىققان ياكى ۋاڭ راھىبتىن سېتىۋالغان چۈشىنىكسىز تىل - يېزىق بىلەن
يېزىلغان بىر قانچە مىڭ باغلام قول يازمىلارنى ۋە كىتابلارنى تەتقىق
قىلىدىغانغا لاياقەتلىك ئىلىم ئەھلىلىرىنى تەكلىپ قىلىشى كېرەك؛ شۇن-
دىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، خەلقئارا نام - ئاتىقى بار 18 نەپەر ئالىم
(مورنىلې چاۋانىس بىلەن لېئانىل جارىسمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دۇنخۇاڭ

ئەدەبىياتقا دائىر بۇ گۆھەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە كىرىشتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ يەنە بۈيۈك ئەنگلىيە مۇزېيى ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتقان بىر قېتىملىق ئالاھىدە كۆرگەزمىگە قويۇش ئۈچۈن، ئۆزى توپلىغان بۇيۇملار ئارىسىدىن ئەڭ ياخشى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاللاپ چىقىشقا ياردەملىشىش ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك؛ يەنە تېخى بلۇمسبېرى (Bloomsbury) * بىلەن كالكۇتتىدىكى تەشەببۇسچىلارنىڭ زالغ بۆلۈشۈش ئىشىغا ياردەملىشىشى كېرەك؛ ئەڭ ئاخىرىدا، يېزىقچىلىققا كىرىشىپ، بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىدىغان ۋە جۇڭگو قىزىلقۇمدىكى خارابىلىكلەر ناملىق ئىككى توملۇق كىتابىنى يېزىپ پۈتتۈرۈشى كېرەك.

سەييىن گەرچە ئۆزىنىڭ ئۈچ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىدە (3 - قېتىملىقتى پات ئارىدا باشلىنىماقچى) جۇڭگودىن قول يازمىدىن باشقا ناھايىتى نۇرغۇن سەنئەت گۆھەرلىرىنى توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسمىنى دۇنياغا داڭدىكى مەخپىي كىتاب ئامبىرىدىن ئايرىۋېتىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىككى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، بۇنىڭ خاراكتېرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويغانىدى — كىشىلەر بۇ تېپىلىشنى دەدسى سكرولز (Dead Sea Scrolls) ** نىڭ تېپىلىشىغا ئوخشىتىپ كېلىۋاتاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تاش غارنىڭ ئىچىدىن تېپىلغانىدى؛ يەنە بىر سەۋەبى، سەييىن بۇ كىتابلارغا ئىلمىي مۇھاكىمە جەھەتتە ئالاش - قارىتىش بولۇۋاتقان تەھۋال ئاستىدا ئېرىشكەنىدى. بۇ ئۇنىڭمۇ سىر ئەيىرجىندەك مەڭگۈلۈك ئەيىبلەشكە ئۇچراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالاتتى. شۇڭا ئاشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى-

* بلۇمسبېرى (Bloomsbury) — لوندوندىكى بۈيۈك ئەنگلىيە مۇزېيى جايلاشقان يەر.

** دەدسى - سكرولز (Dead Sea Scrolls): قەدىمكى مىسىرلىقلار، گرېكلار ۋە رىملىقلار ساماننى (Papyrs) دىن ياسالغان قەغەزنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان خەت - ئالاقىلەر دېئاد - پىتاسرولىس دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ قىزىلقۇمدىكى ئۆڭكۈرلەردىن ۋە قەدىمكى خارابىلىكلەر (ھازىرقى ئىسرائىلىيە چېگرىسى ئىچىدە) دىن تېپىلغان بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇنىڭ تېپىلىشى يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيە تارىخىدا مۇھىم كۆرۈلىدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ.

دىن بۈيۈك ئەنگلىيە مۇزېيى ئاشۇنداق ئىشلارنى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە كەلتۈرۈپ قويۇش ئېھتىمالى بولغانلىكى نەرسىلەرنى ئىچى ئېچىشقان كەيپىيات ئىچىدە مۇزېيدىن ئېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇزىنىڭ ياراتـقان تۆھپىلىرى ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى باشقا قەھرىمانلارنىڭكىدەك، مەسىلەن: رەبياد بىلەن لېيسامىلارنىڭكىدەك مەغرۇرانە ئېتىراپ قىلىنىشلار-غا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا ئېك-كورسىيىچىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەت بۇ-يۇملىرى تىزىلغان بۆلۈملەردە ستەيىننىڭ رەسىمىنى ئۇچرىتالمايدۇ (ئۇ ھەقتە بىرەر ئاددىيغىنە بىشارەتنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ) ھازىر ئۇ يەردە كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقىنى ئۇ تېپىپ كەلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارىسىدىكى ناھايىتى ئازغىنە بۇيۇملار بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

ستەيىننىڭ دۇنخۇاڭ قىزىل يازىسلىرىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى توغـرىسىدىكى ھەق - ناھەق، تۆھپە ياكى گۇناھ مەسىلىسىنى قويۇپ تۇرايـلى، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئۇلۇغ كىتاب ئامبىرىدىكى ئەڭ گۈزەل بەزى نەرسىلەر يەنىلا بىزنىڭ بىر كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى، شۈبھىسىزكى ئالماس نومىدۇر. ئۇنىڭ مەشھۇرلۇقـنىڭ دىنىي مەزمۇنى بىلەن قىلچىمۇ ئالاقىسى يوق ئىدى، چۈنكى بۇددنومىنىڭ سان - ساناقسىز نۇسخىلىرى بار ئىدى (پەقەت ستەيىننىڭ دۇنخۇاڭدا بىرلا قېتىمدا قولغا چۈشۈرگەنلىرىدىن قارىغاندىمۇ ئۇنىڭ مۇكەممەل ياكى مۇكەممەل ئەمەسلىرىنى قوشقاندا 500 خىلدىن ئېشىپ كېتەتـتى). ئەمما ستەيىننىڭ قولىدىكى بۇ كىتاب كىشىلەر بىلىدىغان ئەڭ بالـدۇرقى بىر خىلنىڭ باسما نۇسخىسى بولۇپ، ئۇ مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ياغاچ باسمىدا بېسىلغانىكەن. 1961 - يىلى بېيجىڭ دۆ-لەت كىتۇپخانىسى نەشىر قىلدۇرغان جۇڭگونىڭ مەتبەئە تارىخىغا دائىر ھازىرقى زامان ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مىلادى 868 - يىلى بېسىلـغان بۇ ئالماس نوم ... دۇنيا بويىچە ئەڭ بالدۇرقى باسما بۇيۇم بو-لۇپ، ئۇ بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان يەتتە ۋاراق ئۇزۇن قەغەزدىن تەشـكىل قىلىنغان، ئۇنىڭ بىرىنچى بېتىگە ئىنتايىن چىرايلىق قىستۇرما رەسىم بېسىلغان.» ئاپتور سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ

داڭلىق ئاتالمىش تۇڭخۇاڭنى بۇندىن 50 يىل بۇرۇن ئەنگلىيىلىك ستەين ئوغرىلاپ كەتكەن. شۇڭا ئەنگلىيىلىكلەرگە چىش - تىرنىقىمىزغىچە ئۆچ- لىكىمىز كېلىدۇ. ئەنە شۇ ھازىر ئەنگلىيە مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقان، ئۇنىڭ قويۇلغان ئورنى غەربنىڭ ئەڭ داڭلىق كىتابى گۇتېنبېرگ بىبىل ئىنجىلى (Gutenberg Bible)* دىن بىر قانچە ھەسسە يىراقلىقتا ئىدى. دۇنخۇاڭنىڭ بۇ تول يازما توپلىمى تەخمىنەن 16 ئىنگلىز چىسى ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېجىرىشكە ھاۋالە قىلىنغان ۋە تار- قىتىشقا مەسئۇل بولغان كىشىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى يېزىلىپلا قالماس- تىن، تېخى ھەقىقىي چېسلاسى (مىلادى 868 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈ- نى) دېگەن سۆزمۇ يېزىلغانىدى. بۇ ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ بەزى چاغلاردا ئىزاھلىغانلىرىدەك ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ بالدۇرقى باسما بۇيۇمى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئەڭ بالدۇرقى نەشرى بۇيۇمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا تۇراتتى.

ۋاڭ راھىبنىڭ مەخپىي ئامبىرىدىن تېپىلغان زور تۈركۈمدىكى خەت- ئالاقىلەر ۋە دىنىي نومىلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە يېزىقتا بولۇپ، ئۇنىڭ تەخمىنەن 7 مىڭ پارچىسى تولۇق، 6 مىڭ پارچىسى كەمتۈك ياكى قال- دۇق پارچىلار ئىكەن. بۇ نەرسىلەرنى (پەقەت تولۇق، مۇكەممەللىرىنىلا) مۇندەرىجىگە ئايرىش ئۈچۈن يېرىم ئەسىر ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ مۇشەققەتلىك ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى دوكتور لىئونىل جايلسنىڭ «دۇنخۇاڭنىڭ 600 يىللىق تارىخى» دېگەن مەخسۇس ماقالىسىدە مۆلچەر- لىشىچە، بۇ يەنە تەخمىنەن 10—12 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى ئىرماش-چىرماش يېزىلغان دىنىي كىتابلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىشى كېرەك ئىكەن. ستەين خەنزۇچە يېزىقنى بىلمىگەچكە، يەنە كېلىپ جياڭ ئۇستازنىڭ بۇددا ئەدەبى- ياتىدىن ھېچقانداق خەۋىرى بولمىغاچقا، ئۇلار ئەكەلگەن كىلاسسىكلارنىڭ

---

* گۇتېنبېرگ بىبىل ئىنجىلى (Gutenberg Bible) — 1456 - يىلدىن ئىل- گىرى گېرمانىيىنىڭ غەربىدىكى مېينس شەھىرىدە تۇنجى قېتىم مىس مەتبەئەدە بې- سىلغان لاتىن يېزىقىدىكى ئىنجىل بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇنى گۇتېنبېرگ (گېرمانىيىلىك مىس مەتبەسىنى كەشىپ قىلغۇچى كىشى) باسقانىكەن.

ھاكىمىيىتى كۈچلىرى تەكرار چېقىپ قالىدۇ. مىسال ئالساق [illegible] ئايەتلىرى يېزىلغان كىتابلار ۋە كەمتۈك پارچىلار ساق پارچىلىنىپ تاشلىۋېتىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ قىسمى ھەممە ئېتىراپ قىلىنىدىغان قەدىمكى زامان خەتتاتلىقىنىڭ ئاھايىتى ياخشى ئۈلگىسى بولالايدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئاشۇ قوليازمىلار يالغۇز ئۇزاق ئەزگىلى غايىب بولۇپ كەتكەن دىنىي ئايەتلەرنى شۇنداقلا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خىلمۇ-خىل شەكىلدىكى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەرەب ئىلىم ئەھلىلىرى بىلمەيدىغان ۋە بىلەلمەيدىغان يېزىقلار بىلەن يېزىلغان ئۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

بۇ غايەت زور كىتاب ئامېرىكىدىكى ئۇرغۇنلىغان ئاجايىپ ئېسىل قوليازمىلار ئىچىدە. مىڭ يىل بۇرۇن خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان بىر تىپىك «ئەيۋ سوراش خېتى» تېپىلدى. ئۇ ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان مېھمانلارنىڭ ساھىبخانىغا يازغان خېتى ئىكەن. جارىس ئۇ خەتنى مۇنداق دەپ تەرجىمە قىلىدۇ: «تۈنۈگۈن ھاراقنى كۆپ ئىچىۋېتىپ، غەرق مەست بولۇپ كېتىپتۇق. خودىمىزنى يوقىتىپ، كەلىمە-كەلىمەس سۆزلەر قىلىپ، ھەددىڭىزدىنلا پو ئېتىپ، قالايمىقان جۆيلۈپتۇق. بىز ئەسلىدە ئۇنداق نىيىتىمىز ئەمەس ئىدۇق. بىز بۇ ھەقتە بولۇۋاتقان سۆز-چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق پۇشايمان يېدۇق ھەمدە نومۇس قىلىپ ئۆزىمىزنى قويغىدەك يەر تاپالماي قالدۇق ...» خەتتە يەنە، ئۇلارنىڭ مەست بولۇپ يىقىلىپ قالغان گۇناھى ئۈچۈن، ساھىبخانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىماقچى بولۇۋاتقانلىقى يېزىلغانىكەن. قەلەم تەۋرەتكۈچى ئوخشاشلا يەنە ئاچچىقى كېلىپ تۇرۇۋاتقان ساھىبخان ئۈچۈن ئىنتايىن قامداشقان بىر جاۋاب خەتنى لايىھىلەپ بېرىپتىكەن. جارىس ئۇنى مۇنداق دەپ تەرجىمە قىلىدۇ: «ئەپەندىلەر سىلەر، ھاراق دېسە دوم چۈشۈپ، ئىجتىمائىي قائىدە-يوسۇننى ۋە ئەخلاق-پەزىلەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويدۇڭلار، ھەتتا ئۆزۈڭلارنىڭ ئالىيجاناب ناممۇڭلارغىمۇ داغ كەلتۈردۈڭلار. مەن سىلەرنى تۈزەلمەيدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن. خېتىڭ-

ـلارنى ئوقۇپ، مىلەرنىڭ كۆپ پۇشايمان يەپ، ئۇلارنى قىلمىغانلىقلىرىنى بىلە-
ھەم. شۇڭا ئۇ ئىشلىرىنى بەك ئېغىر ئېلىپ كەتمەسلىك، بۇرۇنقى دوست-
لۇقىمىزنىڭ داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ...» (ھازىر يەنە پۈتۈنبول
تىرىپىنى «تاللىشى» دۇنيا مىقياسىدا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغانلىقا ئوخشى-
شىپراق كېتىدىغان بىر پارچە باغاقچىنىمۇ تۈزۈۋەتتىدۇ).

يەنە بىر ئاتاقلىق ئەنگىلىيىلىك شەرقشۇناس ئارتۇر ۋالېي (Arthur Waley) مىڭئۆيدىكى قول يازمىلار ئىچىدىن تەخمىنەن 26 پارچە جۇڭگو خەلق ناخشىلىرى ۋە ھېكايىلىرىنى تېپىپ، ئۇنى «دۇنخۇاڭ خەلق ناخشىلىرى ۋە ھېكايىلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلام قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. قارىغاندا ئۇ ستەيىن ئوغرىلاپ كەلگەن قول يازمىلاردىن پايدىلىنىشقا قىزىقىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇنى «دۇنخۇاڭدىكى كىتاب ئامبىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش» تىن باشقا ئىش ئەمەس دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق كىتاب ئوغرىلاش شەكلىدىن قاتتىق نارازى بولىدۇ. ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگولۇقلارنىڭ «ئەنگلىيە موزېيىغا ۋە ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان» ستەيىننىڭ قولىغا چۈشۈرۈۋالغان جۇڭگو قول يازمىلىرىنى ياۋروپاغا ئەكەتكەنلىكىگە قارىتا ئىنتايىن نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ يەردە. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى ھېسسىياتىنى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىش، ئاۋادا جۇڭگولۇق بىر ئارخېئولوگ ئەنگلىيىگە كېلىپ، خارابىلىككە ئايلانغان بىر ئىبادەتخانا ئىچىدىن ئوتتۇرا ياكى قەدىمكى دەۋرلەردىكى خەت-ئالامەتلەر ساقلىنىپ تۇرغان بىر يەرنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇ بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان كىشىگە پارا بېرىپ، ئۇ نەرسىلەرنى ئاچقىپ بېيجىڭغا يۆتكەپ كەتسە، ئۇ چاغدا بىز قانداق تەسىراتتا بولاتتۇق؟» ئەمما ئارتۇر ۋالېي مۇنداق بىر مەسىلىگە سەل قارايدۇ، ئۇ بىلسىمۇ، ئەگەر بۇ كىتاب ئامبىرى يەنىلا ھېلىقى «قېرى ئالدامچى» ۋاڭ راھىبنىڭ ئىلكىدە تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

بىراق دۇنياۋى ئەدەبىيلىكى ھېكايە تېخى تۈگىمىگىنى يوق. ھەتتا يېڭىلىققە
ۋاقىتقا ياخشى كۆرۈنۈش بولمىدا قىلىنغان تىرىشچانلىقلىرى مەيلى قان-
داقلا بولمىسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىپ قالغىنى يوق. بۇ راسىپ
ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى ناھايىتى ئوبدان ئويلىنىپ قويۇشى
كېرەك. بۇ ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ كەينىدىنلا، تاقابىل تۇرۇش قىيىن بولغان
فرانسىيىلىك پىيلمۇت ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ.

ئون ئۈچىنچى باب

پېللىئوتنىڭ سىپايىلىك بىلەن رەقىب تۇتۇش سەنئىتى

فرانسىيەلىكلەرنىڭ گەرچە ئاسىيا چۆل قۇملۇقلىرىدا مۇستەملىكە قىلىۋالغان كىچىككىنە بىر جايى تۇرۇقلۇق (ئۇلارنىڭ خانويدا قەتئىي بىر ئارخېئولوگىيە ئاپپاراتىمۇ بار ئىدى)، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى گۆھەر ئىزلاش پائالىيىتىگە قاتنىشىشتا بىر ئاز كېچىكىپ قالغانىدى، گەرچە ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرقى بىرى دېيىشكە بولمىسىمۇ. پېللىئوت 1906-يىلى جۇڭگو تۈركىستانىغا يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئەنگلىيىلىكلەر، شىۋېتسىيىلىكلەر، گېرمانىيىلىكلەر ۋە ياپونلۇقلار ئۇ يەرگە ئاز دېگەندە بىر قېتىمدىن كېلىپ بولغانىدى؛ روسىيىلىك بېرېزوۋسكىي خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دۆلىتىگە قايتىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى؛ ستەيىنمۇ تېخىمۇ كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە ئاللىقاچان يېڭىباشتىن يەڭنى شىمايلاپ كېلىپ بولغانىدى. فرانسىيەلىكلەرنىڭ كېچىكىپ قېلىشى، يېقىندا ئۇلار ھىندىچىن ئورمانزارلىقى ئىچىدىكى بىر يەردە بىر مەھەل گۈللەپ - ياشناپ، باياشاتلىقتا چۆككەن مەدەنىيەت رايونىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەيۋەتلىك كامبودژا قەدىمكى شەھىرى ۋۆگېنىنىڭ خارابىسىنى ئىزچىرىتىپ قالغانلىقتىن، شەرقشۇناس مۇتەخەسسىسلەر ئۇ يەردە ئىزدىنىش ۋە قېزىش ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ، باشقا ئىشلارغا چولىسى تەگمىگەنلىكتىن بولسا كېرەك. مەيلى ئۇلار قانداق سەۋەبتىن كېچىكىپ قالغان بولسۇن، ھازىر ئۇلارمۇ قەدىمكى ئاسارئەتىقىلەرنى قېزىش جەھەتتە باشقىلاردەك بىر ئۈلۈشكە ئىگە بولۇش قارارىغا كېلىدۇ. فرانسىيىلىك ئاتاقلىق شەرقشۇناس

مۇتەخەسسىس سىلۋايىن لەۋى (Sylvain Levi) ئۆزىنىڭ ئىشداشلىرىنى
رىغبەتلەندۈرۈپ، ئەگەر فرانسىيە بۇ ئوبدان پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ
قويىدىغان بولسا، بىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىمىزگە داغ تېگىپ قالىدۇ،
دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەشھۇر بىلىم - ئىقتىدارغا ئىگە يەنە بىر شەرق-
شۇناس مۇتەخەسسىس قوشۇمچە فرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ
ئەزاسى ئېمىل سېنارت (Emile Senart) باشچىلىقىدىكى، شۇنداقلا
مائارىپ مىنىستىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن كۈچلۈك بىر كومىتېت قۇرۇ-
لىدۇ. بۇ كومىتېت يەنە مەخسۇس ئىلىم - پەنگە، جۇغراپىيەگە ياكى مەدە-
نىيەت تەتقىقاتىغا كۈچىنى بېغىشلىغان توققۇز رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ
ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. ئۇلار ئۈچ كىشىلىك ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىل-
لەپ، ئۇنى جۇڭگو تۈركىستانىغا ئىمكانىقەدەر تېز ئەۋەتىشنى قارار قىلى-
دۇ. بۇ ئەترەتكە 27 ياشلىق، تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش خەنزۇشۇناس
پېللىئوت رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئۇ ئىلگىرى لەۋىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ،
ھازىر خېنىپىدىكى داڭلىق فرانسىيە يىراق شەرق مەكتىپىنىڭ (كېيىن بۇ
مەكتەپمۇ ماجىراغا ئارىلىشىپ قالىدۇ) ئەزاسى ئىدى. ئۇنىڭغا ھەمرا
بولىدىغانلارنىڭ بىرى، خەرىتە سىزىشقا، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ۋە تەبىئىي
يەنە ئائىت باشقا نەرسىلەرنىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىلىرىنى توپلاشقا مەس-
ئۇل بولغان ئۇنىڭ كونا دوستى، ھەربىي دوختۇر دوكتۇر لويى ۋالەن. يەنە
بىرى، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ سۈرەتچىسى چارلىس نوۋېت ئىدى.
پېللىئوت ياللۇز تالانتلىق تىلشۇناس بولۇش بىلەنلا قالماي
(ئۇ ئالاھەزەل 13 خىل تىلنى پىششىق بىلەتتى) ئىنتايىن ياش تۇرۇپلا،
1900 - يىلى يازدا بېيجىڭدىكى چەت ئەل ئەلچىخانىلىرى قورشاۋ ئىچى-
دە قالغان چاغدا شۆھرەت مېدالى (Legion of Honour) • غا ئېرىش-
كەنىدى. بۇ ئىش مۇنداق بولغان: ئۇ 21 ياشقا كىرگەن يىلى فران-
سىيەلىك يىراق شەرق مەكتىپىنىڭ كۇتۇپخانىسى ئۈچۈن جۇڭگونىڭ

• شۆھرەت مېدالى (Legion of Honour): ناپالېئون I 1802 - يىلى
شۆھرەت قازانغانلار ئۇيۇشمىسى دېگەن بىر تەشكىلاتنى قۇرغان بولۇپ، فرانسىيە
ئۈچۈن شۆھرەت قازانغانلار ئۇنىڭ ئەزالىقىغا كىرگۈزۈلەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا شۆھرەت
مېدالى بېرىلەتتى.

ھەدىسىي كىتابلىرىنى تۈپلاۋاتقان ۋاقتىدا، يېقىنتىن قوزغىلاڭچىلىر-
نىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ ۋە بۇ جەرياندا ئىككى قېتىم شۆھ-
رەت قازىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قازانغان شۆھرىتى ھەم ئۇنىڭ مەدھىيىلىنىشى-
گە، ھەم ئۇنىڭ تەنقىدلىنىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. ئالدىنقى قېتىمدا، ئۇ
ئىككى نەپەر ماتروسنىڭ ياردىمىدە يېقىنتىن نىھايىتى چوڭ بىر ئار-
مىيە بايرىقىنى باتۇرلۇق بىلەن تارتىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى دۈش-
مەنلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. ئۇ كېيىنكى چاغلاردا نەشىر
قىلدۇرغان «قورشاۋدا قالغان كۈنلەر خاتىرىسى»گە ئۇنىڭ ئاشۇ چوڭ
بايراقنى مەغرۇر قىياپەتتە ئېگىز كۆتۈرۈپ چۈشكەن بىر پارچە رەسىمى بې-
سىلغانىدى. كېيىنكى قېتىمدا بولسا، ئۇ ئۇرۇش ئوتى ۋاقتىنچە توختىغان
بىر چاغدا، يول توساللىرى ئۈستىگە يامىشىپ چىقىۋېلىپ، توپىلاڭچىلار
بىلەن بىرگە چاي ئىچىدىغانلىقى توغرىسىدا داۋراڭ سالىدۇ. بۇ چاغدا
قورشاۋدا قالغان ياۋروپالىقلار ئۆزلىك ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەن-
دىشە قىلىپ، ئۇدا بىرقانچە سائەت غۇلغۇلا قىلىشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ
قۇرۇق پوپوزا قىلىۋاتقانلىقىنى بىردەك ئەيىبلىشىدۇ. لېكىن ئۇلار ئەڭ
ئاخىرىدا ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئىنتايىن قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە
خوشلىشىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا سوۋغات سۈپىتىدە بېرىلگەن نۇرغۇن مېۋ-
لەرنى كۆتۈرۈپ غەلىبىنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ يەنە،
مەن دۈشمەنلىرىمىزگە ياۋروپالىقلارنىڭ روھىي كەيپىياتى ئىنتايىن
يۇقىرى. بىراق ئۇلاردا يېگى مېۋە - چېۋىلەر ئاز دەپ ئېيتىپ قويدۇم،
دەيدۇ.

پېللىئوتنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ نىھايىتى كۆپ قىسمى ئۇرۇش
ئوتلىرى ئاستىدا يۈگەپ تارتىپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ خاتىرە باتۇر
ئەمما ئالدىراڭغۇ بىر ياشنىڭ ھامان كۆرمىشنىڭ ئەڭ جىددىي پەيتلىرى-
دە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەتەرلىك جايغا ھۇجۇم قىلىدىغان-
لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئۇ سالاھىيىتى چوڭراق بولغان دىپلوماتىيە
خادىملىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ئۇلارنىڭ توخۇ يۈرەك
ۋە ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىنى پۈرىتىپ ئۆتكەنىدى.

شۇنىلىق بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنى تەكەببۇر ۋە مەنمەنچى دەپ قارايدۇ (ھەتتا ئۇنى بىر ئىلىم ئەھلى سۆيىتىدە قاتتىق ماختاپ يازغان ستەينمۇ بىر قانچە يىللاردىن كېيىن ئۇنى «ئۆزىنىڭكىلا راست دەيدۇ»). لېكىن فرانسىيىلىك بىر ئەمەلدار ئۇنىڭغا باشقىچە قارايدۇ، ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «پىدائىي قىسىم ئىچىدىكى يېڭى ئەڭ كىچىك پېللىئوت دېگەن بۇ ئادەمگە كىشىلەرنىڭ ھەۋىسى كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ ھەم ياش، ھەم باتۇر بولغانلىقتىن، بىز ئۇنىڭ بەزى چاغلاردىكى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىقلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتەتتۇق». بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئامراقلىقى كېلىشىدىن، يەنە بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئادەمگە سەل قاراشقا بولمايتتى. ئۇ خېنىيغا قايتقان چېغىدا ئاران 22 ياش بولۇپ، شۇ چاغدىلا فرانسىيىنىڭ يىراق شەرق مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى پروفېسسورى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئىلمىي ژۇرناللاردا ياكى مەكتەپ ژۇرنىلىدا خەنزۇشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئىنتايىن كەسكىن باھا بېرىشكە باشلايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلىنى بىرنەچچە «سىپايىلىق بىلەن رەقىب تۇتۇش سەنئىتى» دەپ ئاتايدۇ. ئىش بەلكى مۇشۇ يەردىن باشلانغان بولسا كېرەك، تەخمىنەن تۇققۇز يىلدىن كېيىن، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېكسپېدىتسىيىسىنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ، تېخى ئەمدىلا قايتىپ كېلىشى بىلەنلا، ئۆزىنىڭ مەملىكەت ئىچىدە ھەممىسى دېگۈدەك زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغان بىر ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىدۇ.

ھازىر ئۇلارنىڭ تەييارلىقى پۈتتۈپ بولدى. پېللىئوت ئۆزىنىڭ ئىككى ھەمراھى بىلەن بىرگە، 1906 - يىلى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پويىزغا ئولتۇرۇپ پارىژدىن موسكۋا ئارقىلىق تاشكەنتكە كېلىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردە ئېغىر يۈك - تاقلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئىككى ئاي تۇرۇپ قالىدۇ. پېللىئوت بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رۇس تىلىنى پىششىقلايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە تۈرك تىلى (ئۇنى شۇ چاغدىكى بەزى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئاتىشىدىكى شەرقىي تۈرك تىلى دېيىشكىمۇ بولاتتى) ئۆگىنىدۇ.

شۇ تىل ئۆگىنىش جەھەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تالانتقا ۋە
ئالاھىدە ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاچقا، ناھايىتى تېزلا
كېيىنكى تىل بىلەن سۆھبەتلىشەلەيدىغان ھالغا كەلدى. ئۇنىڭ كىشىنىڭ
ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان دەرىجىدىكى ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى كې-
يىنكى چاغلاردا ئۇنى ھاقارەتلەيدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ مۇۋەپ-
پەقىيەتلىرىدىن گۇمانلىنىشقا سەۋەبچى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئېكسپې-
دىتسىيە ئەترىتى 8 - ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى قەشقەرگە يېتىپ
كەلدى. ئۇلار ئۇ يەردە پېتروۋسكىينىڭ خىزمىتىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ
مېھمىنى سۈپىتىدە روسىيە باش كونسۇلخانىسىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتى.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار يەنە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ۋە ئەمەلدارلار
[ز]ۆرۈنىدىكى قائىدە - يوسۇنلار بويىچە، يەرلىك ئەمەلدارلارنى زىيارەت
[ق]ىلدى ۋە ئۇلاردىن ھال - ئەھۋال سورايدى، چۈنكى ئۇلار بەزى چاغلاردا
[بۇ]لارنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ۋە ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قالاتتى. ئەمما
بۇ ئىش بىردەملىك پاتىپاراقچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدى. چۈنكى قەش-
قەردىن ئۆتكەن غەرب ساياھەتچىلىرىنىڭ ئىچىدە جۇڭگو تىلىنى بىلە-
دىغانلار ئىنتايىن ئاز ئىدى (پېللىئوتنىڭ رەقىبلىرى ئىچىدە جۇڭگو تى-
لىنى بىلىدىغان بىرىمۇ يوق دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولاتتى)، دوكتور-
ۋالەن خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:
«ئاشۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار پېللىئوتنىڭ جۇڭگو تىلىنى ناھا-
يىتى راۋان ھەم چىرايلىق سۆزلەۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ قە-
دىمكى كىتابلىرىدىكى سۆزلەرنى ناھايىتى ئەپچىل نەقىل كەلتۈرۈۋاتقانلى-
قىنى ھەمدە مېھمانخانىدىكى دۈيلىيەنگە يېزىلغان جۈملىلەرنى دېكلا-
ماتسىيە قىلىپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەممىسى ھاڭ - تاڭ قېلىش-
قانىدى». قىسقىسى، ئۇنىڭ خۇددى بۇ دوكتورنىڭ ئېيتقىنىدەك «بۇ
قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەتنى ئىپتىخارلىق ھېس قىلدۇرۇپ كېلىۋات-
قان، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىلىق - سىپايە قائىدە - يوسۇنلىرى...»
بىلەن پىششىق تونۇشۇۋالغانلىقى ئۇلاردا ناھايىتى ياخشى ۋە چوڭقۇر تە-
سىرات قالدۇرىدۇ. يۇقىرىقىلار گەرچە يول توسالغۇسىغا يامىشىپ چىققان

ياش باتۇرنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنىڭ ئاگ-
لانسىمۇ، لېكىن خۇددى ۋالېن كۆرسىتىپ ئۆتكەنگە ئوخشاش، ئۇ يەنە
شۇ سەۋەبتىن ناھايىتى تېزلا چوڭ زىيان تارتتى. دەسلەپتە ئۇلار كۆپ-
چىلىك بىر چېدىر ئېلىۋالماقچى بولدى. پېللىئوت قەشقەرنىڭ
مەمۇرىي باشلىقىدىن بىر ئامال قىلىپ چېدىر تاپتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ
قىلدى. ۋالېن ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز بۇ ئىشنى روسىيە كونسۇلىغا
ئېيتساق ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە بىزنى قارا
نىيەتلىكلەر بەك چوڭ ئىكەن، دېدى.» ئۇ ئۈچ فرانسىيەلىككە «چېدىر تېپىش پەقەت
مۇمكىن ئەمەس، ناۋادا ئۇلار بىردىن چېدىر تېپىپ بېرەلىسە، دېگەن ھالەتتە-
مۇ ئۇزۇنغا كەم دېگەندە ئالتە ئاي ۋاقىت كېتىدۇ» دەپ گەپنى ئۈزۈۋېتى-
دۇ. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار چېدىرنى تېپىپ ئەكىلىدۇ. بۇ ئىش
روسىيەلىكلەرنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. ۋالېن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ
مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن پېللىئوت بىزنى دەرھال ئۇنى كونسۇلخا-
نا ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا خۇددى بۇرۇنقىدەكلا قۇراشتۇرۇپ چىقىش-
قا ھەممە بىزنى شۇنىڭ ئىچىدە يېتىپ - قوپۇشقا بۇيرۇدى.»

ئۇلارنىڭ پىلانى شەرق تەرەپتىكى كۇچاغا بېرىپ، ئۇ يەردە بىر
مەزگىل قېزىش ئېلىپ بېرىش ئىدى. يول ئۈستىدە تۇمشۇق دېگەن يەر-
دىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. سۋېن ھېدىننىڭ دوكلاتىدا ئېيتىلىشىچە،
بۇ يەردە ئۇ بەزىبىر خارابىلەرنى كۆرۈپتىكەن. لېكىن ئۇ ئۇنى ئىنتايىن
قەدىمكى مۇسۇلمان خارابىلىرىدىن ئەمەس دەپ قاراپ، ئۇ يەرنى قېزىش-
تىن ۋاز كېچىپتىكەن. بۇ ئۈچ فرانسىيەلىك قەشقەردە ئالتە ھەپتە تەي-
يارلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ 1 - باسقۇچلۇق سەپىرىگە ئاتلان-
دى. ئۇلار تۇمشۇقتا ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە، قىزىقارلىق بىر
ئىشنى ئۇچراتتى. ئۇ بولسىمۇ، ئۇلار فارۇپەيت دېگەن بىر يەردە تۇرۇۋا-
تايدۇ ھەممە چۈشلۈك تاماقنىڭ ئالدىدا ئۇ يەردىكى تۆۋەن دەرىجىلىك
ئەمەلدار بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭ جاۋابەن كۆرۈشۈشنى قوبۇل قى-
لىشقا ۋاقىت يار بەرمەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇلار يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى تاماق يېيىلىش

كۆچۈرۈپ ئالدىراپ-تېنەپ دېگەنگە قايتىپ كېلىدۇ. ۋاللەن بۇ ۋەقەنى بايان قىلىۋېتىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز دېگەنگە قايتىپ كېلىشىمىزگىلا ئۈچ پاي توپ ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ شۇ يەردىكى ئەمەلدارنىڭ يامۇلدىن ئايرىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەر ئىكەن.» كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچىلىك ئۇلارنىڭ خىزمەتكارى دىلىڭ: «ئەمەلدار غوجام كەلدى!» دەپ توۋلايدۇ. بۇ چاغدا فرانسىيىلىكلەر تېنەپ-تەمتىرەپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قالىدۇ. ۋاللەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ. «بىزنىڭ قىلچىمۇ تەييارلىقىمىز يوق ئىدى. پېللىيوت تەكرار ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى ۋە ئەمەلدارنى مېھمانخانا ئۆيىگە باشلىدى. ئۆز ئارا تىنچلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىمىز ئولتۇرۇشتۇق ھەمدە ئۆزىمىزنى ھېچقانداق ئوڭايسىزلىنىپ قالمىغاندەك قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشتۇق. دەل مۇشۇ چاغدا، مىرى چاي چىنىسى ۋە مېۋە-چېۋە، پېچىنە-پىرەنىك قاچىلانغان تارېلكىلارنى پەتنۇسقا تىزىپ ئەكىرگىلى تۇردى.» چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمەلدار ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا پېللىيوتقا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ياۋروپالىقلار ھەققەتەن قانداق سەپەر قىلىشنى بىلىدىكەنسىلەر. سىلەر ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھېرىپ-چارچىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ مېنى شۇنچە ئوبدان كۈتۈۋالدىڭلار، مەن سىلەرگە قول قويدۇم. مېنى ئوبدان تائاملار بىلەن مېھمان قىلغىنىڭلارغا كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن.» ئۇ كەتكەندىن كېيىن، پېللىيوت خىزمەتكار دىلىڭنى ناھايىتى كېلىشتۈرۈۋېتىپتىلىڭ دەپ بىردەم ماختايدۇ. دىلىڭ ئۇنىڭغا: «مەن ھېچ نەرسە قىلمىدىم. ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يامۇل خىزمەتچىسى ئەكىرىپتۇ...» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

تۇمشۇقتىكى خارابىلىك ھەرگىزمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خارابىلىكى ئەمەس ئىدى. پاكىتلار ئۇنىڭ ئاز دېگەندىمۇ مىلادى 800-يىللارغا كەلگىچىلىك يەنىلا ئاشۇ ئىنتايىن گۈللەپ-ياشنىغان، بۇرۇنقى مەزگىللەردىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان شەھەر-بازارلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. پېللىيوت بۇ خارابىلىكنى پەقەت بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە يولۇقۇپ قېلىپ ئۇ يەردە ئازغىنە توخ-

تمىغان چاغدىلا ئۆچۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئۇ ئۇ يەرلىك قامچىسىنىڭ سېپىنى بى-
لەن ئانچە - مۇنچە كوچىلاپ بېقىش بىلەنلا ھەقىقىي گرېك سىماسىدى-
كى كىچىك بىر بۇت چىقىپ قالدۇ، بۇ ئۇنى قاتتىق ھەيران قالدۇردۇ.
گەرچە ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈك - تاقلىرى جۈملىدىن قىشلىق كىيىملىرى
كۇچاغا بارىدىغان يول ئۈستىدە كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇ بۇ يەردە توختاپ تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىپ كۆرۈشتىن باشقا چارە قالمى-
غانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئالتە ھەپتىدىن كېيىن، گەرچە سوغۇق چۈشۈپ
كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار رەڭلىك بۇتلارنى ۋە باشقا قېزىلمىلارنى ئېلىپ،
ئالدىراپ - تېنەپ كۇچاغا يول ئالىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارنى خۇشال قىلى-
دىغان يەنە بىر ئىش ئۇلارنى كۈتمەكتە ئىدى. يەنى ئۇلار ئۇ يەردە قىش-
لىق كىيىملىرىنى ئېلىۋالالايتتى. ئەمما ئۇلار كۇچاغا بارغاندىن كېيىن،
ئارخېئولوگىيە جەھەتتە ناھايىتى زور قىممىتى بار بۇ رايوندا، ئۆزلىرى
يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، يالغۇز گېرمانىيىلىكلەرلا ئەمەس، بەلكى يەنە
رۇسىيىلىكلەر ۋە ياپونىيىلىكلەرنىڭمۇ قېزىش ئېلىپ بارغانلىقىنى ئاڭلاپ
بىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆز رەقىبلىرى سەل قاراپ ئۆتۈپ كەت-
كەن بەزى ئىبادەتخانىلاردا يەنىلا زور مىقداردىكى قېزىش خىزمىتىنى
ئىشلەشكە بولىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. پېللىئوتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇرۇن
زادىلا ئۇچراتمىغان يېزىقتا يېزىلغان بەزىبىر بۇددا دىنىي كلاسسىك ھۆج-
جەتلىرىنىڭ تېپىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى ئەڭ ئاساسلىق مۇۋەپ-
پەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرى كېيىنچە سىلۋېيىن لەۋى يېشىپ
چىقىپ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى مەزگىللەردە يوقىلىپ كەتكەن كۈچا يېزىقى
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيەئەترىتى كۇچادا تۇرغان سەككىز ئاي ئىچى-
دە مول نەتىجىلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ
كەم - كۈتىلىرىنى تولۇقلىۋېلىپ، ئاندىن قۇمۇلۇقلاردىن ئۆتۈپ دۇنخۇاڭغا
بارماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار بۇندىن ئالتە ئاي ئىلگىرى ستەيىننىڭ
ئۇ يەردە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى تېخى ئاڭلىمىغانى-
دى. شۇڭا ئۇلار ئۇ يەردە پەقەت مىڭئۆيدىكى تام سۈرەتلىرى بىلەنلا ھەي-

كەللەرنى رەسىمگە ئېلىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەنلا شۇغۇللىنىشنى پىلانلىغانىدى.

ئۇلار ئۈرۈمچىدە توختىغان چاغدا، پېللمۇت بېيجىڭدا تۇرغان ۋاقتىدىكى كونا دوستى (ئۇنى دۈشمىنى دېيىشكىمۇ بولىدۇ) لەنسىن تۆرىنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. ئۇ يىخېتۇەن كا تېتىپىشىنىڭ قېرىندىشى ئىكەن. ئىلگىرى ئۆزىنىڭمۇ شۇ قېتىمقى ھەرىكەت بىلەن چېتىشلىقى بارىكەن، شۇڭا ئۇ ئۈرۈمچىگە ئۆمۈرۋايەت سۈرگۈن قىلىنىپتىكەن. ئۇ قالغان ئۆمرىنى بۇ يەردە رەسىمگە تارتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكۈزمەكچىكەن. پېللمۇت كېيىنچە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1900 - يىلى بىز بىر - بىرىمىز بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغان ئۇچچەنلەردىن ئىدۇق. لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئارىمىزدىكى كونا ئاداۋەتلەر يۇيۇلۇپ كەتتى؛ بىز ھاراق ئىچكەچ مۇڭدىشىپ، كونا دوستلۇقىمىزنى ئەسلەشتۇق.» ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىدىغان چاغدا، بۇ تۆرە ئىنتايىن كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا پېللمۇتقا: «سىز كېتىسىز، ئەمما مەن بۇ يەردە قېلىشىم كېرەك» دەيدۇ. پېللمۇت شۇ چاغدا، بۇندىن يەتتە يىل بۇرۇن بېيجىڭدا بىر مەھەل ساقچى باشلىقى بولغان بۇ تۆرىنىڭ قىلغانلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرمەسلىككە تىرىشىپ ئۆزىنى بېسىۋالىدۇ. ئۇ چاغدا «بىز ئۆيىڭىزدىن بىزنىڭ كېتىشىمىزگە يول قويۇشىنى تەلەپ قىلساق، ئۇ بىزنى قېپقېلىشتا مەجبۇرلىغانىدى.

ئەمەلىيەتتە بۇ تۆرە ئۆزىنىڭ بىر قېتىملىق سېخىيلىقىنىڭ پېللمۇتنىڭ ئۈرۈمچىدىن تېزرەك يولغا چىقىپ دۇنخۇاڭغا تېزرەك يېتىپ بېرىشقا ئاندىرىتىپ قويغانلىقىنى ھەرگىزمۇ سەزمىگەن بولسا كېرەك. ئۇلار بۇ يەردىكى ۋاقتىدا، مىڭئۆيدە قول يازمىلارنى يوشۇرۇپ قويغان بىر مەخپىي ئۆڭكۈرنىڭ تېپىلغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلايدۇ. سۈرگۈن قىلىنغان بۇ تۆرە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان دەپ ئاڭلىغان بىر قول يازمىنى ئۇلارغا كۆرسەتكەندە، ۋالىن مۇنداق بايان قىلىدۇ: «پېللمۇت بۇ توپلامنى ئېچىپ بىر قاراپلا ئۇنىڭ VIII ئەسىردىن بۇرۇنقى نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ.»

بۇ ئۈچ فرانسىيەلىك دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيگە بارغان ۋاقىتتا، خۇددى ستەيننىڭ باشتىن كەچۈرگىنىگە ئوخشاش، قول يازما قويۇلغان ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋاڭمۇ ئۇ يەردە يوق ئىكەن. ئەمما ئۇلار ئۇزۇن قالماي يىلا شەھەر بازىرىدىن ۋاڭ راھىبنى ئىزدەپ تاپىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇ پېللىئوتنىڭ خەنزۇ تىلىنى قىلچىلىك چاندۇرماي سۆزلىيەلەيدىغانلىقىغا مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ. ئۇ شۇ چاغدا ئۇلارغا ئۆزى تېپىۋالغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىشكە قوشۇلىدۇ. ستەيىن بىلەن جىياڭ ئۇستاز ۋاڭنى بۇ قول يازمىلارنى كۆرسىتىشكە كۆندۈرۈشتىن ئىلگىرى، شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كۈرەش قىلغان بولسا، پېللىئوت ئۆز مەقسىتىگە ناھايىتى ئاسانلا يېتىدۇ. بىزنى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى چۈشىنىپ بولالمايتتى. لېكىن ۋاڭنىڭ خۇددى ستەيىن بىلەن جىياڭغا قايتا-قايتا تاپىلاپ ئېيتقىنىدەك، ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدۇ. ياۋروپادىن كەلگەن بۇ يېڭى مېھمان ستەيىننى پەقەتلا تىلغا ئالمايدۇ (پېللىئوتمۇ ئاشۇ چاقىچىلىك ئۆز رەقىبىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ھېلىقى مەخپىي ئۆيگە كىرگەنلىكىنى بىلمەيتتى). ۋاڭ ئۆز نەزىرىدە ھېلىقى ئەنگلىيەلىكنى بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ھىيلە-نەيرەڭلەرنى چوقۇم مەخپىي تۇتۇپتۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ بۇ «ئەجنەبىي ئالۋاستى» لارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خاتىرجەم بولغانىدى، يەنە كېلىپ ستەيىن ئىئانە قىلغان پۇللاردىن پايدىلىنىپ ئىبادەتخانىنى رېمونت قىلدۇرۇشقا كىرىشكەنىدى. ھازىر ئۇنىڭغا يەنە بىر مۇنچە پۇل ئىئانە ئالىدىغان بىر پۇرسەت كېلىپ قالغانىدى.

بىراق، پېللىئوتمۇ بۇ يەردە پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ 1908-يىلى 3-ئاينىڭ 26-كۈنى دۇنخۇاڭدىن ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىگە: «ۋاڭ ناھايىتى كەچ بولغاندا قايتىپ كەلدى ھەمدە ئاچقۇچ دۇنخۇاڭ ناھىيە بازىرىدا قاپتۇ، دېدى. مەن يەنە كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم» دەپ يازىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا پېللىئوت ستەيىننىڭ بۇ مەخپىي ئۆينى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئەمما ۋاڭ ئۇنىڭغا، ستەيىن بۇ يەردە پەقەت ئۈچ كۈنلا تۇردى، دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ناۋادا ئۇ سىتەيىننىڭ ئۇ يەردە ئەمەلىي سەرپ قىلغان ۋاقتىنى بىلگەن بولسىدى، ئۇ چاغدا ئۆز ئۆمرىدىكە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويغان بولاتتى. ئۇ ئەمەلىيەتتە، كىتاب ئامبىرى تېپىلغان سەككىز يىل جەريانىدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر ئېھتىمال قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتكەندۇ. بۇ يەردىن 400 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى ئۈرۈمچىدە تۇرغان لەنشىن تۆرە كۆرسەتكەن قول يازما ئورىگىنال ئۆڭكۈردىن يۇتۇپ كەتكەن بىردىنبىر نەرسە بولمىسا كېرەك، دەپ ئەندىشە قىلاتتى.

ئاچقۇچ ئاخىرى دۇنخۇاڭ بازىرىدىن قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى تاش غارلارغا كەلگەن ۋاقتىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ. پەقەت شۇ چاغدىلا ئاندىن پېللىئوتنىڭ مەخپىي ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن راستىنلا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم.» ئۇنىڭ تەخمىنەن مۆلچەرلەپ كۆرۈشىچە ئۆڭكۈر ئىچىدىكى قول يازمىلار 20 - 15 مىڭ پارچە ئەتراپىدا كېلەتتى. ئەگەر ھەربىر توپلامنى ئېچىپ ئانچە - مۇنچە تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ كەم دېگەندە ئالتە ئاي ۋاقتى كېتەتتى. ئەمما ئۇ دەرھال «چالا - بۇلا تەكشۈرسەممۇ مەيلى، پۈتۈن ئامبارنى چوقۇم بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقىشىم كېرەك» دېگەن قارارغا كېلىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «ھېچ بولمىغاندا مەن ئۇنىڭ ھەربىرىنى ئېچىپ كۆرۈپ ئۇنىڭ خاراكتېرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىم؛ شۇنداقلا ئۇنىڭ بىرەر يېڭى نەرسىلەر بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان - تەمىنلىيەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىشىم كېرەك.» ئۇ ئۇلارنى ئىككى دۆۋە قىلىپ ئايرىش، ئۇنىڭ ئىچىدىكى جەۋھەرلەرنى (ئۇلارنى قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئىي نەزەر چوقۇم قولغا چۈشۈرۈش كېرەك) بىر تەرەپكە دۆۋىلەش؛ قالغانلىرىنى (ئۇلارمۇ كېرەك، ئەمما كەم بولسا بولمايدىغان دەرىجىدە ئەمەس) يەنە بىر تەرەپكە دۆۋىلەش قارارىغا كېلىدۇ.

پېللىئوت بىرتال شامنىڭ يورۇقىدىن پايدىلىنىپ، سىتەيىن زور تۈركۈمدىكى يازما يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن پېللىئوت بۇنى

يېڭى ئاتكىرالمىغانىدى، بوش قالغان كىچىككىنە بىر يەردە ئېگىلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۈچ ھەپتە ۋاقتىنى خۇددى لەزەربەنتكە چۈشۈپ قالغاندەك قورقۇنچلۇق كەيپىيات ئىچىدە چاڭ - توزانلار ئاستىدا قالغان قول يازمىلارنى تاللاش بىلەن ئۆتكۈزدى. پارىژدىكى گىيمېت مۇزېيى (MuseeGuimet)نىڭ پېللىئوت كۆرگەزمە بۆلۈمىگە نۆۋەيتى تارتىۋالغان ئۇنىڭ مەخپىي ئۆيدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر خاتىرە رەسىم قويۇلغان بولۇپ، ئاشۇ رەسىمدىنلا ئېگىلىشىپ ئولتۇرغان پېللىئوتنىڭ كەينى تەرىپىدە كاللەك - كاللەك قىلىپ تىزىلغان، تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن قول يازمىلارنىڭ تىزىلغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولاتتى. پېللىئوت پارىژدىكى سىنارىتقا يازغان ئۇزۇن بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ دەسلەپكى ئون كۈندە مەن ھەر كۈنى تەخمىنەن بىرەر مىڭ پارچە قول يازمىنى ئېچىپ كۆرۈپ چىقتىم. بۇنى بىر رېكورت دېيىشكە بولاتتى......» ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى ئىش سۈرئىتى ئۈستىدە توختالغان چېغىدا، ئاز - تولا بولسىمۇ كۆرەڭلىگەن تەلەپپۇزدا، ئۆزىنى مۇسابىقە ماشىنىلىرىغا سېلىـ تىرغىلى بولىدىغان بىر تىلشۇناس دەپ قويىدۇ. گەرچە بۇ بىر ئوخشىتىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەيىب ئىزدەشكە خۇشتار تەنقىدچىلىرى دەل شۇ يەرگە ئېسىلىۋېلىپ قويۇپ بەرمەيدۇ.

پېللىئوت تاش غار ئىچىدە ھەر بىر مەزگىل ۋاقتىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىككى خىزمەتدىشى بىلەن بىر قېتىم جەم بولاتتى. بىرقانچە يىلدىن كېيىن، ۋالەن ئۇ ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ قويىنى ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قول يازمىلار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ... ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ، كۆڭلى - كۆكسى يايراپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى كەچتە ئۇ بىزگە سىنت جونس تولى فۇيىسىنى كۆرسەتتى؛ يەنە بىر قېتىمدا ئۇ غەلىتە بىر كىچىك كۆل تەسۋىرلەنگەن 800 يىللىق تارىختا ئىگە بىر پارچە ماقالىنى ئەكەلدى. ئۇ كۆل دۇنخۇاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقانىكەن؛ يەنە بىر قېتىمدا بۇ ئىبادەتخانىغا ئالاقىدار بىر پارچە ھېسابات تىزىملىكىنى ئەكەپتۇ.» پېللىئوت ۋاڭنى ساقلىنىۋاتقان بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە ئۆتكۈزۈپ

بېرىشكە قايىل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، چۈنكى كىتاب ئامبىرىنىڭ تېپىلغانلىقىنى بۇ رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىپ كەتكەنىدى. ۋالېن بۇنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مۇقەددەس يەرگە تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن موڭغۇللار ۋە شىزاڭلىقلار ئۆزلىرىنىڭ تاۋاپ قىلىش پائالىيىتىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنى سۈپىتىدە، ئاشۇنداق ئېسىل ھۆججەتلەرنى ئۆتنۈك ئوقۇپ چىقاتتى.» ئەمما پېللىئوت بىزدىن ئاچقۇچلۇق ھۆججەتلەر، تاشلىنىپ قالدىمىكىن ياكى ئۇنىڭغا دىققەت قىلالماي قالدىمىكىن دەپ تولىمۇ ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: شۇڭلاشقا مەن ھەر قانداق بىرەر مۇھىم نەرسىنى ھەرگىزمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمىدىم. مەن يالغۇز قول يازمىلارنىڭ ھەربىر پارچىسىنى كۆرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى ھەر بىر ۋاراق پارچە قەغەزلەرنىمۇ كۆرۈپ چىقتىم — بۇ پارچە قەغەزلەرنىڭ قىممىتى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن...»

ھازىر ئەڭ ئاچقۇچلۇق پەيت يېتىپ كەلگەنىدى يەنى، پېللىئوت بۇ راھىبنى تاللاپ بىر تەرەپكە ئايرىپ قويغان ئىككى دۆۋە قول يازمىنى سېتىپ بېرىشكە كۆندۈرۈشى كېرەك. ئۇ ئىككىسى ئىنتايىن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. ۋالېن ئۇلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «سۆھبەت نەتىجىسىدە، كىتاب ئامبىرىنىڭ تېپىلغانلىقىغا ئالاقىدار ئىشلارنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلگەندە، بىزنىڭمۇ مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش ئاساسىدىلا تىلغا ئېلىشىمىز كېرەككى، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ خەت - چەكلىرىدىمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەكلىكى شەرت قىلىنىدۇ.» ئاخىرى بۇ سودا 500 سەر كۈمۈش (تەخمىنەن 90 باڭ) بىلەن پۈتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەخپىي ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ نەرسىلەر ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئوراپ قاچىلانغاندىن كېيىن، پاراخوت ئارقىلىق فرانسىيىگە توشۇلىدۇ. ۋالېن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت نۆۋەيت بىز تاللىۋالغان بۇيۇملار لىقمۇ - لىق قاچىلانغان ساندۇقلارنى ئېلىپ پاراخوتقا چىققاندىن كېيىن ئاندىن پېللىئوت بۇ نەرسىلەر توغرىسىدا ئاشكارا گەپ قىلىدىغان بولىدۇ ھەمدە بىر ساندۇق قول يازما تەۋرىشكىنىنى ئېلىپ بېيجىڭغا ما-

گىدۇ.» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگونىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىگە نىسبە-
تەن ئېيتقاندا، بۇ پۈتۈنلەي ئويلاپ باقمىغان بىر ئىش ئىدى. ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىدە بۇنچىلىك زور تېپىلىشنىڭ بولىدىغانلىقىغا پەقەتلا
ئىشەنمەيتتى.» نەتىجىدە، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى دۇنخۇاڭدىكى يەرلىك
ئەمەلدارلارغا دەرھال تېلېگرامما بېرىپ، ئۆڭكۈردە قېپقالغان نەرسىلەرنى
پېچەتلەپ، سىرتقا يۆتكەشنى قەتئىي مەنئى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ۋالەن
مەسخىرە ئارىلاش تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ياخشى كۆڭۈل
راھىب چوقۇم پېللىئوتنىڭ پۇلىنى ئالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ خاتىرجەم
بولالمايۋاتقاندۇ.»

پېللىئوت دۇنخۇاڭ قوليازمىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ ئۇلۇغ غەلىبىگە
ئېرىشتى (باشقىلارنىڭ ئەخلاق بابىدىن چىقىپ كەتكەن بۇنداق ئىش-
لارغا قانداق قارايدىغانلىقى بىلەن ھازىرچە كارىمىز بولماي تۇرسۇن)
ئەمما ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى؛ ئاشۇ تۆت ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە
زادىلا ھېچقانداق ئىش قىلماي، پۈتۈنلەي بىر ياقتا قول قوشتۇرۇپ
تۇرغىنى يوق. نوۋەت ئومۇمەن پېللىئوت قىممىتى بار دەپ ھېسابلىغان
ھەر بىر نەرسىنى رەسىمگە ئالدى. كېيىن بۇ رەسىملەرنى ئالتە چوڭ
توپلام قىلىپ نەشر قىلدۇردى. گەرچە پېللىئوت ئۆزىنىڭ ئىزاھات خا-
راكتېرلىك بىرەر پارچە ماقالە يېزىپ بېرىشكە ۋاقىت چىقىرالمىغان بول-
سىمۇ، لېكىن ئۇ يەردىكى تام سۈرەتلىرى ۋە ھەيكەللەرنى تەتقىق قىلىش
جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئالتە توپلام رەسىم ھازىرمۇ يەنىلا ئاساسلىق
پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ تۇرماقتا. چۈنكى بىر قانچە يىل ئۆتكەن-
دىن كېيىن، ئاق گۋاردىيىچىلەر ئۇ يەردە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان چاغ-
دا، مىڭئۆيدىكى مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ
كەتكەنىدى.

پېللىئوت ئاخىرى 1909 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى پارىژغا
يېتىپ باردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۇ يەردىن ئايرىلغىنىغا ئۈچ يىل بولغانى-
دى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە گەرچە كىشىلەر ئۇنى بىر قەھرىمان سۈپىتىدە
قارشى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئاۋا-

ۋەچىلىك تونۇلدۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىدۇ. بۇ ئىش كېيىن تەرەققىي قىلىپ،
ئەمەلىي خاراكتېرلىك بىرخىل ھەرىكەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىدىن
باشقا يەنە پروفېسسور چاۋاننىس بىلەن خېنىپىدىكى يىراق شەرق مەك-
تىپىمۇ زەربە بېرىش ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ دۇنيادىكى ئاشۇ مە-
دەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تولىمۇ قەتئىي كۆرۈپ چەكسىز ھاياجانغا چۆ-
كەن چاغدا سىنارتقا يازغان ھېلىقى ئۇزۇن ھەم تەسىرلىك خېتى، ئۇنىڭ
ئۆزى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، يىراق شەرق مەكتىپىنىڭ (ئۇنىڭ ئۇ
يەردە ھېلىمۇ ۋەزىپىسى بار ئىدى) تىراژى كۆپ بىر ژۇرنالدا ئېلان قى-
لىنىۋېتىلگەنىدى. ئەگەر ئۇ رەقىبلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ خېتىنى ئۆزىگە قارشى
قوزغۇشتا دەسمايە قىلىۋالىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلگەن بولسا، ئۇ خەت-
نى يېزىشتا چوقۇم باشقىچە ئۇسۇل قوللانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ
ئىزدە ھەتتا ئازراقمۇ تەپتارتماي ئوتتۇرىغا قويغان ئاشۇ خالىس لىرىك-
مىنەزەرلىرىنى چىقىرىپ تاشلىغان بولاتتى. بىز پەيلاسوپنىڭ زىيالىيلاردا
بولىدىغان ئاشۇنداق تەكەببۇرلۇقىنىڭ (بەزىلەر بۇنى ئاللىقاچان باي-
قاپ بولغان) قانداق قىلىپ ئىلىم ئەھلىلىرى ئىچىدە ناھايىتى ئورغۇن
رەقىب تۇرغۇزۇشقا سەۋەبچى بولۇپ قالغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق.
ئۇنىڭ سىنارتقا يازغان ئاشۇ خېتى ئۇنىڭ رەقىبلىرىگە تېپىلغۇسىز ياخ-
شى پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنىدى.

بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە چاۋاننىس بىلەن يىراق شەرق مەكتىپىگە
چېتىشلىق ئىشلار بىز بۇ يەردە كۆزكۆل بولىدىغان ئىشلار ئەمەس. لېكىن
ئاشۇ ئىشلارنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، كىشىلەر پروفېسسور چاۋاننىس-
نىڭ ئىلمىي سەۋىيىسىدىن گۇمان قىلماي تۇرالمايتتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا،
بۇ داڭلىق مەكتەپنىڭ بارلىق ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمەت قا-
بىلىيىتىدىنمۇ ئوخشاشلا گۇمانلىنىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ھەرىكەت دە-
لەپتە يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش بىلەن باشلاندى، لېكىن
ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ ۋەقە گېزىت - ژۇرناللارغىچە كېڭىيىپ كەتتى. بولۇپمۇ
ھىندىچىنىغا ئالاقىدار گېزىت-ژۇرناللار بۇ ۋەقەنى بەت ئاياپ ئولتۇرماي،
ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن بېسىپ چىقىرىدۇ. پەيلاسوپنىڭ جىنايىتى مۇنداق

تىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: بىرى، بىراق شەرق مەكتىپىنىڭ خەن-
زۇ تىل پروفېسسورى بولۇپ تۇرۇۋاتقان پېللىئوت باشقا ئوقۇتقۇچى-
خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش. كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسىيلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىش
جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئېھتىمال ئېغىر بولغىنى.
ئۇ شۇ يەردىكى ئېغىز تەرجىمانلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلە-
رىنى نەشىر قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى ھاۋالە قىلغانىدى؛
يەنە بىرى، ئىنتايىن زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن جۇڭگو
ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ رەھبىرى بولغان
پېللىئوت ھېچكىمنى كۆزىنىڭ قىرىغا ئالماي، ئۆزىنىلا كەۋدىلەندۈرگەنىدى.
بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭدەك بىر ياش بالىنىڭ ئۇنچىۋالا زور مۇۋەپپەقىيەت-
لەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى، فرانسىيەدىكى باشقا شەرقشۇناسلارنىڭ ھە-
سەتخورلۇقىنى قوزغىماي قالمايتتى. ئۇلارچە بولغاندا بۇ ئىشقا شۇلا
تا. نىغان بولسا ئاندىن توغرا بولاتتى.

ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىۋاتقان ئاساسلىق كىشىلەر ئىچىدە، پارىژ د-
لەت كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرق بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان ستاۋى ناھايىتى
ئۇزۇن بىر كۇتۇپخاناشۇناس مۇتەخەسسىس بار ئىدى. پېللىئوت دۇنخۇاڭ
قول يازمىلىرىنى ئاشۇ بۆلۈمدىكى بىر ئۆيدە قويۇپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ
ئاچقۇچىنى ئۆزى ساقلايدۇ. بۇ ئۆزىنى چۆكۈرۈش كويىدا يۈرگەن كىشىلەرنى
ئۇ يەرگە كىرگۈزمەسلىك مەقسىتىدە قىلىنغان بىر ئىش ئىدى. ئۇلارنىڭ
بۇنىڭغىمۇ ئىنتايىن ئاچچىقى كېلىدۇ (بۇنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ). شۇڭا
بۇ مۇتەخەسسىس فرانسىيە گېزىتىگە ئىنتايىن ئېغىر ۋە قاتتىق سۆزلەر بى-
لەن بىر پارچە خەت يازىدۇ. ئۇ خېتىدە ياش ئىلىم ئەھلى، خەنزۇشۇناس
پېللىئوتنىڭ ئىقتىدارىغا شەك كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئەكەلگەن
قول يازما توپلاملىرىنىڭ راستلىقىنىمۇ ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. مۇتەخە-
سسىس كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرق بۆلۈمى (بىر ئۆيگە قۇلۇپلاپ قويۇلغان ھېلى-
قى شەرق قول يازمىلىرىمۇ ئاشۇ بۆلۈمدە قويۇشقا توغرا كېلەتتى)نى
باشقۇرغۇچى خادىمى نامىدا، ئۆزىنىڭ ئابرويىنى ساقلاشنى باھانە قىلىپ،
پېللىئوتنىڭ دۇنخۇاڭدىن سېتىۋالغان نەرسىلىرىنى ساقلاپ بېرىش مە-

تۈلىيىتىدىن دەرھال ۋاز كېچىدىغانلىقى توغرىسىدا داۋراڭ سالىدۇ. تېخنىكا بىلەن بىرگە، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئەكەلگەن باشقا سەنئەت ئەسەرلىرى (رەسىم، ھەيكەل، بېزەك بۇيۇملار، ياغاچ نەقىشلەر ۋە ساپال بۇيۇملار) ۋېرسال سارىيى(Louvre)* دىكى پەلليوت دەپ نام بېرىلگەن چوڭ زالدا ئاشكارا كۆرگەزمە قىلىنغان چاغدىمۇ، ئۇنىڭ تۆھمەتچىلىرى ئۇ نەرسىلەرنىمۇ ئوخشاشلا كۈچىنىڭ بارىچە چۆكۈرىدۇ. بەزىلەر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كىشىلەر شۇنىڭدىن گۇمان قىلماي تۇرالمايدۇكى، ۋېرسال سارىيىدىكى ئۆيلەر ھەر قانچە كىچىك بولغان ھالەتتىمۇ، ئۇ يەردە كۆرگەزمىگە قويۇلغان نەرسىلەر ئۇ دەرىجىدە ئاز بولماسلىقى كېرەك ئىدى.»

1910 - يىلى 12 - ئايدا، فرانسىيىلىك بىر ئالىم ئەھلىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «زەھەرخەندىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ ھەرىكەت» مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ژۇرنال «يەرلىك ئوبزورلار» (La Revue fndigene) نىڭ بىر سانىدا، پەلليوتقا، چاۋانىسقا ۋە يىراق شەرق مەكتىپىگە بېرىلىۋاتقان ئەجەللىك زەربە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ژۇرنالنىڭ 23 بېتىنى ئىگىلىگەن، مۇغەمبەرلىك ۋە ئۆتكۈر مەسخىرىلەر بىلەن تولغان بۇ ئەجەبلەش ماقالىدە، پەلليوتنىڭ «ئەسكى ئىشلىرى»نى تەھلىل قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا داۋراڭ سېلىنىدۇ. جۇڭگو ئەھۋالى ماھىرى شۇنداقلا ئۆزىمۇ جۇڭگو تىلىدا سۆزلەيدىغان م. فېرناند فارجېنېل (M·Fernand Farjenel) ئالدى بىلەن چاۋانىسنى پاش قىلىپ، ئۇنىڭ تەرجىمە قىلغان نەرسىلىرىدە «ھەر بىر سۆزدە بىر خاتالىق ئۇچراتقىلى بولىدۇ دېيىلمىگەندىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ھەر بىر قۇرىدا ناتوغرا يەرلەر ئۇچراۋېرىدىكەن» دەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئاساسىي نىشانى يەنىلا پەلليوت ئىدى. ئۇ ئۆزى تالاي قېتىم ياش «گېئوگراف» دەپ ئاتىغان پەلليوتنى ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن پۇلىنى ئىسراپ قىلىۋەتتى، ئۇ ئىككى يىل «سەيلە قىلىش» جەريانىدا، قىممىتى بار بىرەر نەرسىنىمۇ

* ۋېرسال سارىيى (Louvre): ئەسلىدە فرانسىيە پادىشاھلىقىنىڭ قورۇلىسى بولۇپ، 18 - ئەسىردە مۇزېي قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

قولىغا كەلتۈرۈلمىدى، دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئۇ مەنىلىك قىلىپ، پېرلانىيىت دۇن-ياغا بېتىپ بارغان ۋاقىتدا، ئۆزىنىڭ بۈرچىنى جېنىنىڭ بارىچە ئاقلىم-غانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىنىڭ ۋە بەرگەن باھاسىنىڭ ئىچمىر دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى، دەپ كۆرسىتىدۇ.

مۇشۇ نۇقتىنەزەرنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، فارجىبېل پېللىئوتنىڭ سىنارتقا يازغان خېتىدىكى ئايرىم سۆز - جۈملىلەرنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. پېللىئوت ئۇ خېتىدە، «مەن ۋاگىنىڭ مىخچى ئۆيىگە كىرىپ ئۇ يەردىكى نەرسىلەرنى كۆرگىنىمدە، ئىختىيارسىز ھالدا ھەيران قېلىپ، داڭ-قېتىپ تۇرۇپ قالدىم، دېيىتكەن. فارجىبېل مۇنداق دەيدۇ، ئۇ شۇنچە قاتتىق ھەيران قالغان بولسىمۇ، ۋاگ رامىنىڭ ئاددىي ئالدايدىغان سۆزلىرىگە «قىلچىمۇ شەك كەلتۈرمەي ئاسانلا ئىشىنىپ كەتكەن». روشەن-كى، ئۇ سىتەيىننىڭ تېخى يېقىندىلا ئاشۇ غاردىن «29 ساندۇق قوليازما ۋە رەسىملەر»نى ئەكەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. فارجىبېل گەپ يورغىلىتىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىتەيىن ئۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يۆتكەپ كەتكەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئەمما پېللىئو بولسا شاد - خۇراملىقتا چۆمۈپ كېتىپ، ئۆز كۆڭلىدە بىباھا گۆھەر تې-پىۋالدىم، دەپ ئويلاپ، ھوشيارلىقىنى يوقىتىپ قويغان. راھىبنىڭ سۆز-لىرىنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرمىگەن.» ئۇ شۇ يەر-لىك كىشىلەر ياۋروپالىقلارنىڭ مۇشۇنداق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا ئام-راق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار غارنى قىلچىلىك قىممىتى بولمىغان ئاشۇ يالغان قوليازمىلار بىلەن يېڭىباشتىن تولدۇرۇپ قويغان، دەپ يەكۈن چىقىرىپ قويىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشتىرىلىرىغا مۇشۇلارنى ئەسكەرتىپ قويغانىدى: يىراق شەرقتە ئەقىللىق لۈكچەكلەر ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، سىتەيىن پاش قىلىۋەتكەن ئالدامچى ئىسلام ئاخۇن دەل شۇلارنىڭ بىرسىلا بولالايدۇ. بىر كۈندە بىر قانچە ۋاراق پارچە قوليازما توپلىمىنى ئوقۇپ تۈگەتكەن-لىكىنى (فارجىبېلنىڭ ئۆزىنىڭ بويىچە ھېسابلىغاندا، مىنۇتىغا ئىككى پارچە قوليازما توپلىمىنى ئوقۇپ بولۇشقا توغرا كېلىدىكەن) ئۆزى ئېتىراپ قىلغان بىر ئالىم ئەمەلدە ئاشۇ ئالدامچىلارنىڭ ھەقىقىي تۇزىقىغا ئالدان-

www.uyghurkitap.com

مۇچىسى بولالايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ قول يازمىلار ھازىرمۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ، باشقا شەرقشۇناسلارنىڭ ئۇلارغا يېقىن كېلىشىگە يول قويۇلمايۋاتىدۇ. مۇشۇ ئىشنىڭ ئۆزىلا مېنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ گۇمانىنى كۈچەيتىپ قويۇۋاتىدۇ. بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ «شۇنچە كۆپ پۇلنى خەجلىگەنلىكى» گە كەلسەك، ئۇ پېللىئوتنىڭ ئۆزىنى تەنقىد قىلغۇچىلارغا دەرھال جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما پېللىئوت ئۇلارغا ھەرگىز جاۋاب بەرمەيدۇ. ئۇ ئۆزىگە تۆھمەت قىلىۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى سۆزلىرىدىن يېنىۋالىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى.

فرانسىيە جامائەتچىلىكى زادى كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەقلىكىنى بىلەلمەي قالىدۇ. ئەگەر ستەيىن شۇ چاغدا مەخپىي ئۆيىنى قۇرۇقداپ قويغان بولسا، ئۇنداقتا بۇنچىۋالا كۆپ قوليازمىلار نەدىن كېلىپ قالىدۇ؟ بىراق مەيلى نېمىلا دېيىشسە دېيىشسۇن، قوليازما قويۇلغان ھېلىقى ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە نېمە ئۈچۈن قۇلۇپ سېلىپ قويۇلۇپ، توپتوغرا بىر يىلغىچىلىك باشقا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ؟ تاكى 1912 - يىلغا كەلگەندە، ستەيىننىڭ «جۇڭگو قۇملۇقلىرىدىكى خارابىلىكلەر» دېگەن كىتابى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئاندىن پېللىئوتنى تەنقىد قىلىۋاتقان ئاشۇ كىشىلەر ئۈن - تىنسىز جىم بولۇپ كېتىدۇ. ئاۋادا فارجىنېل ھېلىقى ئۇلۇغ مۇلاھىزىلىرىنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ كىتابنى ئوقۇغان بولسىدى، ئۇ چوقۇم قايتا ئويلىنىپ ئىش قىلغان بولاتتى. ئالدى بىلەن ستەيىن شۇ چاغدا دۈنخۇاڭ كىتاب ئامبىرىدىكى پەقەت ئاز بىر قىسىم كىتابلارنىلا سېتىۋالالىغانلىقىنى، كۆپ مىقداردىكى قوليازمىلارنىڭ يەنىلا شۇ يەردە قالغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاڭ راھىب ئۇنىڭ پېللىئوتقا ئوخشاش ئەركىن تاللىۋېلىشىغا يول قويمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كۆرەلەيدىغىنى پەقەت ئۇنىڭغا ئاچىقىپ بەرگەن ئاشۇ بىر قىسىم بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. شۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئۇ پېللىئوتقا ئوخشاش جۇڭگو ئەدەبىياتى ۋە كىتاب مۇندەرىجە ئىلمى بىلەن پىششىق

ئوقۇشلۇقى بولمىغانلىقتىن، چوڭ پايدىغا ئېرىشەلمىگەنىدى. ئۇ خەنزۇ-
چىنى بىلمىگەچكە قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىغانىدى. سەۋەبتىن بۇ قېتىمقى
ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى ئۆزىنىڭ بۇ فرانسىيىلىك ياش كەسپداشنىڭ
ئابرويىنى تۆكۈش ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن چاغدا، ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا
چىقىپ، پېللىئوتنىڭ ئاجايىپ بىلىملىرىگە ۋە قېزىش ئۇسۇللىرىغا
ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. بۇلارنى ئۇ كۇچادا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى.

پېللىئوتنىڭ ئابرويىنى تۆكۈش مەقسىتىدە ئىلىم ساھەسىدە قوزغى-
لىغان بۇ ھەرىكەت ئاخىرى بېرىپ ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ بولىدۇ. لې-
كىن شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇنىڭغا ئوخشاش سەتچىلىكلەر دائىم
دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما پېللىئوتقا تۆھمەت قىلغان ئاشۇ كىشىلەر ئۆز-
لىرى ئۇنىڭغا ئارتماقچى بولغان ئاشۇ گۇناھلارنىڭ يوق تېرەپ تۇرا-
لىشىغا راستىنلا ئىشىنەرمۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرى ئۆچ كۆرىدىغان ياكى كۆرەل-
مەيدىغان ئادەملەرنى ئۇلەر ھالغا كەلتۈرۈپ قويارمۇ؟ 70 يىلدىن كې-
يىنكى بۈگۈنكى كۈندە، شۇ چاغدىكى گۇۋاھچىلارنىڭ ھەممىسى ئاللىبۇرۇن
ئۇ ئالەمگە كېتىپ بولدى، ئۇلارنىڭ قايتىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ گەپ قى-
لىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ۋاقىتنىڭ شۇ چاغدا بەرگەن بىر باھاسى بۇ
ھەرىكەتكە جاۋاب بولالايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئېكسپېدىتسىيىنى
داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە، پېللىئوتنىڭ ئاشۇ قىسقىغىنە ئىلاۋە ۋە
ئوبزورلىرى فرانسىيىگە ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنتايىن توغرا ۋە
تەپسىلىي يېزىلغانلىقى ئۇنى تاپشۇرۇۋالغۇچىلارنى قاتتىق ھەيران قال-
دۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار كۇتۇپخانىلارغا ناھايىتى يىراق بولغان چۆل-جە-
زىرىلەردە ئۇنىڭ بەزىبىر نەزەرىيىۋى ئاساسلارنى ۋە ئەسلى تېكىستلەرنى
قانداق قىلىپ تەپسىلىي ئەسكە ئالالايدىغانلىقىنى پەقەتلا چۈشىنەلمەي-
دۇ... ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى
ئۇنى ھەر قانداق بىر پايدىلىنىش ماتېرىيالىغا موھتاج قىلمايتتى.»
بۇ ئۇقتىنى باشقا كىشىلەرمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. «پېللىئوت بىرەر كىتابنى
ئوقۇپ تۈگەتسە، ئۇنىڭ بارلىق مەزمۇنىنى مۇشۇ يەردە قالدۇراتتى.» دەپ
پېشانىسىنى كۆرسىتىدۇ ئۇنىڭ بىر خىزمەتدىشى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ رەقىبلىرى ئۇنىڭ ئۇنچىۋالا ئەقىللىق
ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ھېلىقىدەك ئۇۋالچىلىققا ئۇچرايدۇ.

ئۇلار ئۇنىڭ ھەقىقەتەن شۇنچىلىك ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن (ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى) ۋاقىتتا، يەنە ئۇنى تازا بىر پوچى بولسا كېرەك دەپ ئاندىلا پەرەز قىلىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بېللىئوتمۇ ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى بويىنغا ئېلىشى كېرەك. ئۇ باشقا ئارخېئولوگلارغا ئوخشاش خاتىرجەم بولۇپ، نوقۇل ھالدا تۈرگە ئاپىرىش ۋە ژۇرنال چىقىرىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ تۆھمەتچىلەرنىڭ ناھايىتى ئۇرغۇن پاكىتلارنى توپلاپ چىققانلىقى بىزگە مەلۇم. مەسىلەن: بۇ قول يازمىلارنى دۆلەت كۇتۇپخانىسىغا ئاپارغاندىن كېيىن، بېللىئوت بىر بىلگىچىلىك ئۇنى يەنىلا ساندۇققا سولاپ قويۇپ، ھەتتا بىرەر پارچە مۇندەرىجىسىنىمۇ تۈزۈپ چىقماپتۇ ۋەھاكازالار. تۆھمەتچىلەر دە مۇشۇ پاكىتتىن پايدىلىنىپ، قانداقتۇر ئۇ چوقۇم بىرەر نەرسىنى — ئېھتىمال كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان تېپىلمىلارنى يوشۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك ياكى بولمىسا، ئۇنىڭ دۇنخۇاڭدىن سېتىۋالغان نەرسىلىرى ساختا نەرسىلەر بولسا كېرەك دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن كەڭ كۆلەمدە داۋراڭ سالغانىدى.

بىزنى ھەرگىزمۇ ئۇ ئېرىشىپ قالغان بىردىنبىر ماجىرا دېگىلى بولمايدۇ. گەرچە بىز مۇشۇ بىرسىگىلا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بولساقمۇ، فرانسىيىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى خەنزۇشۇناسلىرىدىن بولغان پېللىئوت ئۆزىنىڭ شانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن داۋاملىقبو اچىدۇ. ئۇ قايتا ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ قېزىش ئېلىپ بارمايدۇ. ئۇ بىز ئېيتقان ئاساسلىق تۆت ئادەم ئىچىدە ئۇ يەرگە يەنە قايتىپ بېرىپ تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا بولمىغان بىردىنبىر ئادەمدۇر. ئەمما بۇ ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىزىقىشىنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇ بېيجىڭدا فرانسىيە ئەلچىخانىسىنىڭ ئەمەلدارى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا، بىر كۈنى ئۇ ئامېرىكىلىق ئارخېئولوگ لاڭدون ۋارنېر بىر قانچە يەردىكى يېڭى خارابىلىكنى قېزىپ كۆردى دېگەنتىم، يۈزلۈم يوق ئۇرىدۇ، دەيدۇ. ۋە كېرەكلىك راسخوتنى تەييارلىغان چېغىدا، پەيت ئۆتۈپ كېتىپ قالدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا جۇڭگولۇقلار غەرب ئارخېئولوگلىرىنى ئۇ يەرلەرگە يېقىن يولاتمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئون تۆتىنچى باب

يىپەك يولىدىكى جاسۇسلار

1908 - يىلى كۈزدە پەللىئوت ھېلىقى ئىپسىل گۆھەرلەرنى جۇڭگو تۇتقۇرا ئاسىياسىدىن فرانسىيەگە ئەكەتۋاتقان چاغلاردا، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستان سىلادىكى ئاخبارات كاتىپباشلىرى ياپونىيىلىك ئىككى نەپەر ياش ئارخېئولوگنىڭ يىپەك يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرىگە يېقىندىن دىققەت قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ ئىككى ياپونىيىلىك سىيجىگىدىن جۇڭگو تۈركىستانىغا كىرىشى بىلەنلا ئۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ ئىزچىل تۇردە، كۆزىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمىسمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمان - دىگەرلەر، يەرلىك چاكارلار ۋە ھىندىستان ھۆكۈمىتى ياللىۋالغان با- كىشىلەرنىڭ خۇددى كىم (Kim) • نىڭ ئىشپىيونلارنىڭ پىيىگە چۈشى- نىدىك، ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالغىنىغا بىر يىلدىن ئاشىدۇ. ئۇلا بىر يۇر- تانىلىقتىن بەنە بىر يۇرتانىلىققا يېتىپ بارغۇچە بەزىدە بىللە ماڭىدۇ، ئەم- ما كۆپىنچە چاغلاردا ئۇلاردىن بىر قانچە يۈز ئىنگلىز مىلى ئارىلىق قويۇپ ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھالىتى توغرىسىدىكى قەرەللىك دوكلاتنى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ماكارتنىي (ئۇ شۇ چاغدا ئەن- گلىيىدە دەم ئېلىۋاتاتتى) نىڭ كونسۇلخانىدىكى ۋەزىپىسىنى ۋاقىتىنچە

• «كىم» (Kim): ئەنگلىيە يازغۇچىسى جېمپولىن يازغان بىر روماننىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇنىڭدا ئەنگلىيىلىك بىر ئولداتنىڭ ئوغلى كىمنىڭ ھىندىستاندا چوڭ بول- غانلىقى، ئۇنىڭ شىزالىق بىر لاماغا ئەگىشىپ مۇقەددەس ھابىنى ئىزدىگەنلىكى، كېيىن ئەنگلىيىلىك مەخپىي ئاخبارات تورگىنىدىكى بىر پولكوۋنىك بىلەن تونۇشۇپ قالغان- لىقى ھەمدە ئۇنىڭ روماندانىلىقى ئاستىدا تىلىش - تىڭشىش ۋە ئاخبارات رەندۈرۈپ بېرىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

www.uyghurkitap.com

ۋەكالەتەن ئۆتەپ تۇرۇۋاتقان كاپىتان A. R. B شاتتا-ۋورت
(A·R.B.Shuttleworth) يىغىپ رەتلەپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۇنى ھۆكۈ-
مەت پوچتالىيونى قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتتۈرۈپ، شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە-
نىڭ كەشمىردە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى سىر فرانسىس ھاسپىنغا يەتكۈزۈپ بېرى-
دۇ، ئاندىن ئۇ ئۇنى يەنە سىملاغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

تاشقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، كىيوتودىكى گراف ئوتانى
ئىبادەتخانىسىدىن كەلگەن بۇ ئىككى نەپەر بىلىملىك ياپون راھىبى
جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدا بۇددا دىنىغا ئائىت خارابىلەرنى ئىزدەپ يۈ-
رەتتى. چۈنكى ئوتانى ياپونىيەدە كۆلىمى ئاھايىتى چوڭ، تەسىرى ناھايە-
تى چوڭقۇر شۇنداقلا يەنە كېلىپ جۇڭگودىن تارقىلىپ بارغان بۇددا
نى جەمئىي مەزھىپىنىڭ باش روھانىيسى بولۇپ، دەرۋەقە، ئۇلار
نىڭ بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم ئەۋەتكەن ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ئەمەس
دى. 1902 - يىلى، ئۇ ستەيننىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە-
سىدە بەزى نەرسىلەرنى تاپقانلىقىنى ئاڭلاپلا، ئۆزىنىڭ ئىككى خىشا-
گىمنى ئەۋەتىپ تەكلىماكان ئەتراپىدىكى بەزىبىر خارابىلەرنى خالىغانچە
قېزىپ چىققان ھەمدە بۇددا نومى شۇنداقلا تام سىزىرەتلىرى ۋە ھەيكەل
پارچىلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى تال چۆپىقىتىن توقۇلغان سىۋەتكە قاچى-
لاپ ياپونىيىگە ئەكەتكەنىدى. لېكىن ئاسىيادىكى باشقا ئىلىم ئەھلىلى-
رى ھەتتا سىملادىكى ئاخبارات مۇتەخەسسىسلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇ يەرگە
بارغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەي قالغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچىدىن،
ياپونلۇقلار ھەم ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئېلان قىلمىغان، ھەم
تاپقان نەرسىلىرىنى ئاشكارىلىمىغانىدى؛ ئىككىنچىدىن.
ئۇ 1905 - يىلى ياپونىيە - روسىيە ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرىكى ئىش
ئىدى. ئۇ چاغدا كۈچلۈك دۆلەتلەر ياپونىيىنى ئاسىيادا ئۇشتۇمتۇت مەي-
دانغا كەلگەن يېڭى كۈچ، بۇ رايوندا سىياسىي ۋە سودا جەھەتتە مەنپە-
ئەتى بار ھەر قانداق بىر دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا. ياپونىيە بىر يوشۇرۇن
تەھدىت، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن گراف ئوتانىنىڭ 1902 - يىلدىن
1910 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، جۇڭگو تۈركىستانىغا ئۈچ قېتىم ئەۋەت-

كەن ئارخېئولوگىيەلىك ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ بىرىنچى قېتىمقىسى-
ئاز سانىدىكى بەزى كىشىلەر پەقەت ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپلا
بۇ بۇددا راھىبلىرىنىڭ بۇددا دىنى پەيدا بولغان يەردە قىلىدىغان تەق-
ۋادارلىققا ئائىت پائالىيەتلىرى شۇنداقلا، غەلىتە بىر خىل ئىزدىنىشى
بولسا كېرەك، دەپ تونۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلىدۇ. دەرۋەقە قى-
زىلدىكى سەنئەت گۆھەرلىرىنى تۇنجى قېتىم تاپقانلار دەل ئاشۇلار ئىدى.
ئەمما ئۇلار ئاخىرى يەر تەۋرەشتىن قورقۇپ قېچىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ
خاتىرىلىرى ۋە فوتو رەسىملىرىنىڭ ھەممىسى پاك - پاكىز يىتتۈرۈپ
قويغانىدى. شۇ سەۋەبتىن فون لېكوك بىلەن گرۈنۋېدېل ئىككى يىلدىن
كېيىن بۇ يەردىكى ئېسىل گۆھەرلەرنى دۇنياغا ئاشكارىلىغان بىرىنچى تۈر-
كۈم كىشىلەردىن بولۇپ قېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ قالغانىدى.
1908 - يىلى ئوتانىنىڭ 2 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئۇ
يەرگە يېتىپ بارغاندا، باشقىلار ئۇلارغا باشقىچە كۆز قاراشتا بولىدۇ
ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر ئەنگلىيىلىكلەر ئۇلاردىن ئارخېئولوگىيىلىك تە-
كشۈرۈش (بۇ جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى يوشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارى-
سىدى) ئۈچۈن ئەمەس بەلكى باشقا مەقسەت بىلەن كەلگەن دەپ گۇما-
نلىنىدۇ، دېيىلسە، ئۇ چاغدا ياپونلۇقلارغا يېڭىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن
تاھازىرغىچىلىك قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان روسىيىلىكلەر ئۇنىڭغا تېخىمۇ
ئىشىنەتتى. قەشقەردە كاپىتان شاتتىلۋورس بىلەن ئوخشاش خىزمەت ئىش-
لەيدىغان روسىيىلىك ئۇنىڭغا بۇ ئىككى ياپونلۇقنىڭ ئىچىدىكى جۈرۈيچاۋ
ئىسىملىك بىر كىشى ياپون ئىمپېرىيەسىنىڭ دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى
ئىكەن، يېسۇدرۇڭ سەنلاڭ دەيدىغان يەنە بىرى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرى
ئىكەن دەپ بېرىدۇ. ئەمما ئۇلار قەدىمكى خارابىلىكلەرنى قېزىش ۋە ئۇرغۇن
مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى ئەكەتكەندىن باشقا زادى نېمە ئىش قىلدى-
غاندۇ؟ بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستاننىڭ ئاخ-
بارات خادىملىرى كۆپ باش قاتۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمى-
گەنىدى. شۇبھىسىزكى، روسىيىلىكلەرنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرىمۇ بۇ ھەقتە
بىر نەرسە بىلەلمىگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ ئىككىيلەن 1908 - يىلى 10 - ئايدا بېيجىڭدىن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ يەردە ئىككى ھەپتە توختىغاندىن كېيىن تۇرپانغا كەلدى. بۇ يەردە تۇرغان ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار قارغۇجا قاتارلىق بىر مۇنچە خارابىلەرنى قازدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار داۋاملىق غەربكە قاراپ مېڭىپ كورلا (Korla) ۋە قاراشەھەرگە كەلدى. بۇ يەردە ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلدى. جۈرۈيچاۋ لوپنۇرغا قاراپ يول ئېلىپ، ئاۋۋال روران ۋە چاقىلىق ئۆپچۆرىسىدىكى خارابىلەرنى قازدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولىنى بويلاپ غەربكە مېڭىپ، نىيە كېرىيە ۋە خوتەنلەردە قېزىش ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئاۋۋال كۇچادا ئىككى ئايغا يېقىن قېزىش ئېلىپ باردى، ئۇنىڭدىن كېيىن قەدىمكى سودىگەر - ساياھەتچىلەر يولىنىڭ شىمالىي يولىنى بويلاپ داۋاملىق غەربكە مېڭىپ، ئاخىرى قەشقەرگە كەلدى - دە، جۈرۈيچاۋنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. 1971 - يىلى توكيو دۆلەت مۇزېيى نەشر قىلغان «ئوتانى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەكەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توپلىمى» ناملىق كىتابتىكى بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە توغرىسىدا قىلىنغان قىسقىچە بايانىدىن قارىغاندا. بۇ ئىككى ياپونلۇق ئارخېئولوگ يول ئۈستىدە بەش ئاي ئايرىلىپ ئەتكەندىن كېيىن، 1909 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 كۈنى بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتى. كاپىتان شاتتىل ۋورسىنىڭ ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئىككى ياپونلۇقنىڭ ئۇچراشقان ۋاقتى شۇ يىلدىكى 7- ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن توپتوغرا بىر ھەپتە كېيىن ئىكەن (بويىسى ياكار جۈرۈيچاۋ شۇ چاغدا ئۇنىڭغا تۈيدۈرماي شەھەر بازىرىغا غىپپىدە كىرىۋالغان بولۇشى مۇمكىن).

ماكارتنىي ھەرقايسى ئاساسلىق ئاھالىلەر نۇقتىلىرىدا «ئاقساقال» ئاخبارات - خەۋەرلىشىش تورلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ بىر قانچە يۈز ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان ئارىلىقتا نۇرغۇن ھەپتىلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ئىككى ياپونلۇقنىڭ پېيىگە چۈشۈش خىزمىتىنى كۆپ ئاسانلاشتۇردى. بۇ ئاخبارات تورىغا قاتناشتۇرۇلغانلار ئادەتتە ھەر

بىر ئاساسلىق بوستانلىقلاردىكى ھىندىستانلىق ئىچىپ ئىپتىقاندا يەنە شۇ ئەنگلىيە لىك ياشانغان سودىگەرلەر ئىدى.

ئۇ رنىڭ ئاشكارا شۇغۇللىنىدىغان كەسپى، ئۆزلىرىنىڭ سوركىنى رايونى ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش پارائۋانلىقى ئىشلىرىنى ۋە سودا-ھەرىكىتىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇلارنىڭ بوستانلىقىدىن ئۆتۈش ئېھتىمالى بار ئەنگىلىيىلىك سايامەتچىلەرگە ياردەم بېرىشكە مەسئۇل بولۇش ئىدى. ئەمما خوددى شاتتىلۋورسىنىڭ مەخپىي دوكلاتىدا (ھازىر ئۇ ھىندىستان ھۆكۈمەتىنىڭ ئورگان كۇتۇپخانىسى ئىچىدىكى ئاتالمىش «سىياسىي ۋە مەخپىيەتلىك» ئارخىپىدا ساقلىنىۋاتىدۇ) ئاشكارىلىنىپ قالغىنىدەك، ئۇلارمۇ بەزىدە بۇ «چوڭ مۇسابىقە»گە قاتنىشىپ قالاتتى.

مىسال ئالىدىغان بولساق، 1909 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شاتتىلۋورس ئۆزىنىڭ بادرودىنخان (Badruddin Khan) ئىسىملىك بىر ئادىمىنىڭ خوتەندىن ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. 22 كۈن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن بۇ خەتتىكى مەزمۇن مۇنداق ئاخبارات يېزىلغانىكەن: «بىر جۇڭگولۇقنى ۋە كىزچالىق بىر مۇسۇلمان تەرجىمانىنى ئەگەشتۈرگەن ياپونلۇق بىر سايادەتچى كېرىيىگە كەلدى. ئۇ ياۋروپالىقلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى قوللىنىدىكەن ھەمدە جۇڭگوچە سۆزلىيەلەيدىكەن. ئۇ دوكتور ستەيىن سايادەت قىلغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى سايادەت قىلىپ چىقىپتۇ. نۇرغۇن كۆمۈلۈپ قالغان شەھەرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپتۇ. كېرىيىنىڭ ئىش بېجىرگۈچى " مبەلى ستەيىنگە يول باشلىغۇچى قىلىپ تونۇشتۇرۇپ بەرگەن ئىبراھىم ك ئۇنىڭغا خىزمەت قىپتۇ. ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ئۇنىڭغا ئەگەر ئۇ يەنە كېلىپ قالسا ئۇنى كۆزىتىۋېلىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۆي تەييارلاپ قويۇشنى تاپىلاپتۇ. ئەگەر ئۇ خوتەنگە بارسا، ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى سىزگە دوكلات قىلىپ تۇرىمەن؛ ئۇنىڭ بۇ شەھەر بازىرىدا يەنە نېمىلەرنى قىلغانلىقىنىمۇ سىزگە خەۋەر قىلىمەن.» بۇ يەردە شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، جۇڭگولۇقلار خوددى بۇرۇنقى ستەيىن-

دەس ۋە باشقىلاردىن گۇمانلانمىغانغا ئوخشاش، جەزرۇيچاۋ بىلەن يېقىنلىشىۋالغىنىمۇ ھېچقانداق گۇمانلانمىغان، ئۇلارنى ئايلىنىپ سىياسەت قىلىپ يۈرۈيدىغان ئىلىم ئەھلىلىرى. ئۇلار بۇ يەرگە باشقا ئىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇددا دىنى پەيدا بولغان يەرنى تېپىش ئۈچۈن كەلگەن، دەپ قارىغان. ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئەنگلىيەلىكلەر (يەنە روسىيەلىكلەرمۇ بار) شۇنداق ئويلىمايلا قالماستىن، يەنە تېخى ساتتىل ۋورسقا ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ؟

بۇنىڭغا «سىياسىي ۋە مەخپىيەتلىك» ئارخىپىدىن جاۋاب چىقىپ قالىدۇ. لوندوندىكى ھىندىستان ئىشلىرى ۋەزىرى مورلىغا سۇنۇلغان بۇنىڭدىكى ياپونلۇقنىڭ پائالىيىتىگە ئالاقىدار دوكلاتلاردا بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىلگەنىدى. بۇ دوكلات بويىچە ئېيتقاندا، 1908 - يىلى 9 - ئايدا كالكۇتتىدىكى ياپونىيە كونسۇلخانىسى ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە جەزرۇيچاۋ ئىسىملىك بىر راھىب بىلەن كيوتودىكى گراف ئوتانى بۇددا ئىبادەتخانىسىدا ئىشلەيدىغان يېسۇنرۇك سەنلاك ئىسىملىك بىر كاتىپنىڭ «دىنىي ئىشلار توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش» ئۈچۈن بېيجىڭدىن جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسى ئارقىلىق ھىندىستانغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. دوكلاتتا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەمما بىزنىڭ ئۇلارنى مەخپىي ئىشپىيونلار دەپ گۇمان قىلىشقا نورغۇن ئاساسىمىز بار.» ئۇنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ «ئاتالمىش ئۈچىنچى راھىب» بىلەن ئالاقىسى بار ئىكەن. بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئامە ئەپەندى (Mr·Ama) بولۇپ، ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا ياپونىيە جاسۇسى دەپ گۇمانلانغانىكەن ھەمدە بۇ ئادەمنىڭ «ئارقا كۆرۈنۈشى مۇرەككەپ. گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ بۇددا دىن خادىملىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش مەقسىتىدە ساياھەت قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا داۋراڭ سېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىمى تولىمۇ يۈزەكى ئىكەن» دەپ قاراپ، ئۇنى ۋەزىر مورلىغا مەلۇم قىلغانىكەن. 1908 - يىلى ياز پەسلىدە، ئۇ ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنى ساياھەت قىلغىلى بارغان چېغىدا، ئۇنىڭ شىزاڭ چېگرىسىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى بە-

زى كۆللەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغاندىكىن، ئۇ لې شەھىرىدىن ئەڭ يېقىن ۋە ئەپلىك بىر يولنى تاللاپ سىرىناگارغا قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما «ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمىغان». دوكلاتتا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇ قەستەن شىنجاڭ يۆنىلىشىگە قاراپ يول ئەگىپ ماڭغان». (گەرچە ئۇنىڭ لې شەھىرىدىن سىرىناگارغا يېتىپ بارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بۇ بىر مەزگىل ئىچىدە شىنجاڭ چېگرىسىغا يېتىپ بارالىشى مۇمكىن بولمىسىمۇ)، بۇ دوكلاتنى يازغان ئاشۇ كىشىلەر سىرلىق ئامە ئەپەندى بىلەن ھېلىقى ئىككى نەپەر ياپونىيىلىك ئارخېئولوگنى گۇمانلىق جاسۇسلار دەپ قارىغاندىن باشقا، ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلغان. بۇ ئۈچ ئادەم ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەقىقىي ئالاقە ھەققىدە پەقەتلا داۋراڭ سالمىغانىدى. لېكىن ئەگەر ئۇلار پەقەت جۈرئەتچە بىلەن يېسۇنرۇڭ سەنلاگىنىڭ ئۆزئارا بارىدى - كەلدى قىلغانلىقىنى رۇبلا ئۇلاردىن گۇمانلانغان بولسا، ئۇنداقتا، شاتتىل ۋورسىنىڭ دوكتۇر سىرىناگاردىكى فرانسىس ھاسبېن ئارقىلىق شۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتۈر قالغان بولسا، ئۇلارمۇ چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىنىڭ ئاساسى بارلىقىنى ھېس قىلغان بولاتتى.

ئۇلارنىڭ گۇمانىنى ئىسپاتلايدىغان بىرىنچى يىپ ئۇچى 1909 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېپىلىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ ئىككى ياپونلۇقنىڭ جۇڭگو تۈركىستانىدا توختىغىنىغا بەش ئايغا يېقىن بولۇپ قالغانىدى. كۇچادىكى «ئاق ساقال» ئاخبارات تورى ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى شاتتىل ۋورسقا دوكلات قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ، گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى «بۇددا دىن خارابىلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەر» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنە تىز خاتىرىلەش ۋە ئۆلچەش ئىشى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلىنى ئۇلارنىڭ بىر ئارخېئولوگ بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بىردەك ئەمەس دېگىلى بولمايتتى. گەرچە شاتتىل ۋورس ۋە «ئاق ساقال» ئاخبارات تورىدىكىلەر بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتەلمىگەن بولسىمۇ، بۇ ئۇلارنىڭ بىرەر قازغۇچنىڭ قانداق خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانلى-

ھەمدىن ئىلسا كېرەك. بىتەرەپ ئۆزى قازغان ھەر بىر خارابىلىكنىڭ تور-نىنى ئۆزىچە بىللەلا قالماي، بەلكى نەتىجىدە مىڭ كۋادرات مىل كېلىدىغان جۇڭگو تۈركىستانىنىمۇ ئۆلچەپ چىققانىدى. روسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر، مەسىلەن: پىرژېۋالسكىيمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى ئىشلەگەنىدى، سۋېن ھېدىننى تىلغا ئېلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. بىراق جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرەتتى. سۋېن ھېدىنغا كەلسەك، شىۋېتسارىيىلىك بۇ ئادەمدىن كىم قورقۇپ قالاتتى؟ ئەمما ياپونلۇقلار بۇ رايونغا قانۇنسىز ھالدا كىرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەردە يەنە ئۆلچەش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغاشتا ئەرزىيدىغان بىر ئىش ئىدى.

بۇ چاغدا، يەنە بىر يىپ ئۇچى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ-دە، جىرۋېچاۋ بىلەن يېڭىۋېن بۇ ئىككىسى ئارخېئولوگىيە خادىمى بولماي قالماستىن، ھەتتا بۇددا دىن راھىبلىرىمۇ ئەمەس دېگەن قاراش پەيدا بولىدۇ. ئالدى بىلەن جىرۋېچاۋنىڭ يەرلىك ئادەملەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك بۇددا مۇخلىسى بولماستىن. خۇددى روسىيىلىك ئېيتقاندەك دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويغان كىشى يەكەننىڭ ئامبىلى ئىدى. ئۇ ئاغرىنغان ھالدا، جىرۋېچاۋ جۇڭگولۇقلارنى ھەدېسىلا ئورۇۋاتىدۇ، كۆپچىلىك ئۇنىڭدىن ئىنتايىن بىزار بولۇۋاتىدۇ، دەيدۇ. شاتىل ژورسنىڭ ئاخباراتچىلىرى بۇ ئىككى ياپونلۇقنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە ئالاقىدار نۇرغۇن ئىنگلىزچە كىتابلارنى بىللە ئېلىپ يۈرگەنلىكىنى بايقاپ قالىدۇ. چۈشىنىكسىز بولۇۋاتقىنى شۇكى، سەپەرگە چىققان ئادەم نېمە ئۈچۈن بۇنداق كىتابلارنى ئوقۇيدۇ؟ تېخىمۇ غەلىتە تۇيۇلۇۋاتقىنى، ئۇلار ھەر ئىككىسى بىز ئىنگلىزچىنى بىلمەيمىز، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا قارىتا گۇمانى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جىرۋېچاۋ يەكەندە بارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ بۇ شەھەر بازىرىنىڭ

خەرىتىسىنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. بىزمۇ شۇ يەرنىڭ ئامېلىمىناق گۇمانىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار قەشقەردە ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى پوچتىغا سالىدۇ. شاتتىل ۋورسنىڭ گۇمان قىلىشىچە ئۇلارنىڭ پوچتىغا سالغىنى خەرىتە ۋە ھەرخىل دوكلاتلار بولسا كېرەك. بۇ پوسۇلكىلارنىڭ ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق ئەۋەتىلگەنلىكىنى، لېكىن ئۇنىڭ بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرەرسىنى ئوغرىلىنىچە ئېچىپ تەكشۈرۈپ باقمىغانلىقىنى خىيال قىلسا، بۇ تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلاتتى. ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلغان بولسا، مەسىلە ئۈزۈل-كېسىل ھەل بولۇپ كېتەتتى.

ھازىر بۇ ئىككى ياپونلۇق قەشقەردە يەنە بىر قېتىم جەم بولىدۇ. بۇ چاغدا شاتتىل ۋورس ئۇلارنى بىۋاسىتە كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، ھەتتا ئۇلارنى چىنار باغدا چۈشلۈك تاماقتا بىرگە بولۇشقا تەكلىپ قىلىش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولىدۇ. ئۇ ھاسىبىنكە يازغان دوكلاتىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن يېۋۇنىڭ مەنزىللەرگە ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ، شەھەر سېپىلىنى ئايلىنىپ سىخېما سىزىۋاتقانلىقىنى، جىرۇيچاۋنىڭ مارالبېشى (Maralbashi) دىن يەكەنگىچە بارىدىغان يول توغرىسىدا تېز خاتىرىلەش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى... شۇنداقلا ئۇنىڭ توك سىتولبىسى بىلەن مېترلىقنى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.» بۇ ئىككى ئارخېئولوگىيە خادىمى (ئەگەر ئۇلار راستىنلا شۇنداق بولسا) قەشقەردە تۇختىغان چاغدا، شاتتىل ۋورسنىڭ ھەقىقىي ئامراقلىقىغا مۇيەسسەر بولالمايدۇ. ئۇ ئۇلارغا، ئەگەر سىلەر ھىندىستان ئارقىلىق دۆلىتىڭلارغا قايتماقچى بولساڭلار، ئۇنداقتا سىلەر ئىككىڭلار بىرلىكتە قاراقۇرۇمغا قاراپ يول ئېلىشىڭلار كېرەك. سىلەر ھازىر تەلەپ قىلىۋاتقىنىڭلارغا ئوخشاش باشقا - باشقا لىنىيىدە مېڭىشقا بولمايدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ئۇقتۇرۇشنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش شاتتىل ۋورسنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. ئۇ كالكۇتتىنىڭ مۇشۇ يوليورۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا «جىرۇيچاۋ يۈرى قىلىش بىر نېمىكەن؟!... مەن ئىلاجسىزلىقتىن ئۇنىڭ تازا دېگىنىنى بېرىپ قويدۇم.» دەپ دوكلات قىلىدۇ.

ئەگەر ئۇلار شاتىتلۋورسىنىڭ شۇچاغدا چوڭقۇر ئىشەنچ قىلغىنىدەك ۋاسىتىنىلا مەخپىي ئىشپىيونلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، ئۇنى داۋاملىق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشپىيونلۇق كاتىۋاشلىرىنىڭ ئېغىر پالاكەت ئىچىدە قالغان تىرىك ئېلانلىرىغا ئايلىنىپ قالاتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ پۇلى تۈگىگەن بولغاچقا، دۆلەتكە قايتىشتا يول راسخوتى قىلىش ئۈچۈن ئەلچىسىنىقتىن شاتىتلۋورستىن ئىككى مىڭ مەر (تەخمىنەن 360 باك) كۆمۈش قەرز ئالماقچى بولدى. ئۇ بۇنى رەت قىلدى ھەمدە ئۇلارغا ئۆز-لىرىنىڭ جۇڭگو زېمىنىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇ يەردىكى دوتەيننىڭ ئۇلار بىلەن مەسىلە بېجىرىشكە باپ كېلىدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ گۆرۈگە قويۇپ تۇرغۇدەك ھېچقانداق نەرسە-سىنىڭ يوقلۇقىنى، يەنە كېلىپ، پۇل ھۆكۈمەتنىڭ بولغاچقا، ئۇلارغا ئۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى قەرز بېرىپ تۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئېيتتى.

ئەگەر ئۇلار پۇل قەرز ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسا، بۇئىش شۇ يەردە تۈگىگەنىدى بولاتتى. نەتىجىدە ئۇلار باھانە تاپالماي يۈرگەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە تازا ئوبدان باھانىدىن سىرنى تېپىپ بېرىدى. شاتىتلۋورستا بۇ ئىككى ئادەمنىڭ پېيىگە چۈشۈش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەرگەن ئەنگلىيەنىڭ ئاخبارات كاتىۋاشلىرى بۇچاغدا ئۇنىڭغا ئوخشاشلا جۇرۇيچاۋ بىلەن يېھۇننىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتىن تاشقىرى، ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخبارات باش شتابى بىلەن قويۇق ئالاقىسى بارلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېزىر سورلىغا يوللىغان بۇ ئىككى ئادەم توغرىسىدىكى مەخپىي دوكلاتىدا ئاشۇنداق يەكۈن چىقىرىلغانىدى. لېكىن ئۇلار جۇڭگودىك مۇشۇنداق يىراق، ئۇلارنىڭ كەيپىيات ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بىر يەردە، ياپونلۇقلار زادى نېمىگە قىزىقىپ يۈرىدىغاندۇ؟ دېگەن مەسىلىنى تېخىچە ئايدىڭلاشتۇرالماي ۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ.

ياپونلۇقلارنىڭ نېمىگە قىزىقىۋاتقانلىقىنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى. «سىياسىي ۋە مەخپىيەتلىك» ئارخىپىدىكى خەت - چەكلەردىن ئەنگلىيە

ھۆكۈمىتىنىڭ تېنەمۇزالى ھۆكۈمىتى ئىمپېرىيونلىرىنىڭ. گەرچە ئۇلار كەسپىي
خادىكتېرلىك بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھىندىستان چېگرىسىغا ئىنتايىن
ھېچقىسى كېلىمىدىغان يەرلەردە، ئۆزى بىلگەنچە ئەركىن يۈرۈپ جاسۇسلۇق
پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ھەرگىزمۇ يول قويمايدىغانلىقى ئىنتا-
يىن ئېنىق ئىدى. شۇڭلاشقا، ئەنگلىيىنىڭ توكىيودا تۇرۇشلۇق باش ئەل-
چىسى سېركلاۋدىت ماكتانا ياپونىيىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى گراف شىياۋ-
سىزنغا بىر پارچە ئالاقە تاپشۇرۇپ، جۇرۇيچاۋ بىلەن يىپسۇننىڭ يولسىز
قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئاۋۋال جىنگگو
تەرەپ بىلەن كېڭەشمەي تۇرۇپلا ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىن پۇل قەرز
بېرىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىدۇ. دىپلو-
ماتىيە ۋاستىلىرى ئۇ كەسپىنىڭ ئەھلى ئەمەسلەر ئۈچۈن باشتىن-
ئاخىرغىچە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان غەلىتە نەرسىدەك تۇيۇلىدۇ،
لېكىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچ نىمىگە ئەرزىمەيدىغان مۇشۇنداق
ئۇششاق ئىش توغرىسىدىمۇ ياپونىيىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرىگە نارازى-
لىق بىلدۈرگەنلىكىنى پەقەتلا چۈشەنگىلى بولمايتتى. قارىغاندا بۇ پەقەت
ياپونىيىنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن
قىلىنغان بىر خىل دىپلوماتىك تەدبىر يەنى ئۇلارغا ئەنگلىيىنىڭ
ئەسىر دائىرىسىگە تاجاۋۇز قىلماسلىق توغرىسىدا بېرىلگەن
ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، ئۇنىڭدا باشقىچە مەنە بولمىسا كېرەك.
ماكتانا نوتا تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «جانابلىرى
جۇرۇيچاۋ بىلەن يىپسۇننىڭ مەلۇم بىر ئىمتىيازلىق ھوقۇقى ياكى دۆلەت
ئېتىراپ قىلىدىغان بىرەر مەنسەپنىڭ بار-يوقلۇقىنى ماڭا ئۇقتۇرۇپ
قويۇشقا بولارمىز؟ چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ھەرقايسى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ
مەنپەئەتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى چوڭ.» گراف شىياۋسۇن
مۇنداققا قىسقا ھەم ئىخچام قىلىپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ ھەم ئۆز قېرىنداش-
لىرىنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئەپۇ سوراشنى راۋا كۆرمەي، ھەم ئۇ ئىككىسى-
نىڭ ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىۋەتكۈسى كەلمەي، «بۇ ئىشقا مې-
نىڭ ھەم كۆڭۈل بۆلگۈم يوق، ھەم ئۇنى بىلمەيدىكەنمەن» دەپلا قويىدۇ.

جاسۇسلۇقتا دائىم ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرۈشكە ئامراق كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇنىڭ بۇ سۆزى ھەممە ئادەم بىلىدىغان بىر ھۆكۈمەت، ئۆزىنىڭ دۆلىتىدىن باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قالغان ئاخبارات خادىملىرىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ — دېگەندىكىدەك بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى كەمرەك كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خەتنى ئوقۇسا خۇددى ناھايىتى ئالدىراش بىر تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدىغان شىكايەت ئارقىلىق ئۆزىنى ئاۋارە قىلىۋاتقان بىر باش ئەلچىگە قارشى تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

جىروۋىچاۋ بىلەن يېسۇن ئەگەر راستىنلا ئىشپىيون بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئاشۇ مەزگىلدە يىپەك يولىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلار ئاشۇ ئىككىيلەن بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغانىدى. جاسۇسلۇق ھەرىكەت بىلەن گۆھەر ئوۋلاشنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىۋاتقانلارنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئۇلاردىن باشقىلىرى پەقەتلا يوق، دېگىلى بولمايتتى. ئۇلاردىن باشقا يەنە، بىر قانچە يىللاردىن كېيىن دۇنيا بويىچە داڭلىق بىر شەخسكە ئايلىنىپ قالغان بارون كارل گۇستاۋ مانىرخەيم (Baron Carl Gustav Mannerheim) دېگەن بىر كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ چار روسىيە ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلغان، قىرۇقلۇق ئارمىيە پولكوۋنىكلىقىغا يېقىندىن ئۆستۈرۈلگەن. ياپونىيە - روسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە قايتا - قايتا خىزمەت كۆرسىتىپ بىر مەھەل داۋران سۈرگەنىدى. مانىرخەيم فىنلاندىيىلىك ئادەم ئىدى. ئەمما ئۇ چاغدا، فىنلاندىيە يەنىلا چار روسىيىنىڭ بىر ئاپتونوم شتاتى ئىدى. 1906 - يىلى كۈزدە ئۇ روسىيە باش شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، جوڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىنى ئاتلىق كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇ يەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خۇددى ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە ئېيتىلغىنىدەك «ھەربىي ئىشلار خاراكتېرىدىكى ۋەزىپە»لەرنىمۇ بېجىردى. ئۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىدىغان بىر ئادەم بولغاچقا، فىنلاندىيىلىكلەر ياشاشنى پىلانلاۋاتقان يېڭى بىر مۇزېيى ئۈچۈن ئارخېئولوگىيە ئىلمى، ئىنسانلار مەدەنىيىتى ئىلمى ۋە ئىنسانىيەت ئىلمىگە ئائىت بىر پىلان

ئۇرۇپ بېرىدۇ. فىنلاندىيىلىكلەر ۋېنگىرىيىلىكلەرگە ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ
ئاسىيا يايلاقلىرىدا بىر مەھەل ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇرۇقچىلىق ئەجدادلىرى-
نى سۈرۈشتە قىلىشتا تولىمۇ قىزىقاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى-
مۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ رايوندىكى مىللەتلەر ۋە بۇ رايوننىڭ تارىخى توغ-
رىسىدىكى بىلىملىرىنى كېڭەيتىشنى قىزغىن ئۈمىد قىلاتتى.

مانېرخېيم ئاتلىق سەپەر داۋامىدا، يول خەرىتىسىنى سىزغانىدىن
ۋە ھەربىي ئاخباراتلارنى خاتىرىلىگەندىن تاشقىرى، دىئامېتىرىنى ئۆل-
چەش ئەسۋابىدىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئۆلچەپ چىقىدۇ.
قوپال ياسالغان تاشتىن كېيىل ئوپېراتسىيە سايمانلىرىدىن تارتىپ
لوغۇچچىچە بولغان ھەرخىل نەرسىلەرنى توپلايدۇ. ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە
قەدىمكى يادىكارلىقلارنى ۋە قول يازمىلارنى سېتىۋالىدۇ. كېيىنكىسىنىڭ كۆپ
قىسمىنى خوتەندىن سېتىۋالىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدا خوتەندە قەدىمكى يادى-
كارلىقلار بازىرى ئىنتايىن گۈللەنگەن ۋە راۋاج تاپقانىدى. ئۇ تۇرپان-
دىنمۇ بىر بۆلۈم قەدىمكى يادىكارلىقلارنى سېتىۋالىدۇ. ئەمما ئۇ بۇيەر-
دىكى باھانىڭ خوتەندىكىگە قارىغاندا تولىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلىدۇ. ئۇ ئۆزى ساياھەت قىلغان بىر خارابىلىكتىن ئۈچ ھەيكەلنىڭ تا-
مغا سىزىلغان رەسىمىنى ئويۇپ ئەكەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئۇ تام سۈ-
رەتلىرىنى قالايمىقان قىلىپ بۇزۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنى يە-
نىلا ئۆزىنىڭ ئېيتقىنىدەك «تېخنىكىسى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان توپلىغۇ-
چىلار» غا قالدۇرۇپ قويۇشنى قارار قىلىدۇ. ئۇ تۇرپاندىكى ئارخېئولو-
گىيىلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئاتقا
مىنىپ شەرققە قاراپ ماڭىدۇ. بىزنىڭ ئۇ توغرىسىدىكى بايانلىرىمىز دۇ-
مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما بۇ ئۇنىڭ تارىختىن ئايرىلغانلىقىدىن
دېرەك بەرمەيدۇ، چۈنكى 1940 - يىلى ستالىننىڭ تاجاۋۇزچى ئەسكەرلى-
رى فىنلاندىيىگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا، بەش قېتىملىق ئۇرۇشنى ئۆز بې-
شىدىن ئۆتكۈزگەن 72 ياشلىق بىر پېشقەدەم گېنېرال، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى
كارل گۇستاۋ مانېرخېيم فىنلاندىيە ئارمىيىسىگە رەھبەرلىك قىلىپ، باتۇرلۇق-
بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنىدى، گەرچە ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا مەغلۇبىيەت بىلەن

ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئۇ 33 يىل ئىلگىرى ئۆزى يالغۇز ئات مىنىپ بېرىپ ئاسىيادىن ئەكەلگەن ئاشۇ قەدىمكى يادىكارلىقلار ھازىرمۇ خېلسىنكى مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

بۇ چاغدا، كىچىك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا يىپەك يولىدىكى گۆھەرلەرنى تالىشىش كۈرىشى بارغانسىرى جىددىيلىشىدۇ. بىز ستەيىننىڭ كرۇنۋېدېلغا فون لېكوكنىڭ، پېللىئوتنىڭ ۋە ئوتانىنى دېگەن ياپونلۇقنىڭ سۆيىن ھېدىن باشلاپ بەرگەن ئارخېئولوگىيە جەھەتتە ئەركىن ھەرىكەت قىلىدىغان بۇ پائالىيەتكە قانداق قىلىپ بىر - بىرلەپ قاتناشقانلىقىنى كۆردۇق. ئەمما بىز ئاكا - ئۇكا بەلسوۋېسكىلارنىڭ كېچاغا بارغانلىقىنى (ئۇ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سېتىۋېلىش مەقسىتىدە قىلىنغان يىراق سەپەر ئىدى) قىسقىچىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندىن تاشقىرى، روسىيىلىكلەرگە دىققىتىمىزنى ئانچە بەرمىگەنىدۇق، بۇنىڭدا مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك سەۋەب بار ئىدى. بىرىنچى، ئۇلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بىرەر ئادىمى يوق ئىدى؛ ئىككىنچى، ئۇلار گەرچە ئاشۇ خارابىلىكلەرگە باشتا ھەرقانداق ئادەمدىن ئاسان يېقىنلىشالايدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك بىرەر تېپىلىشنى ئوتتۇرىغا ئاچقالمىغانىدى؛ ئۈچىنچى، ئۇلار ئەكەتكەن نەرسىنىڭ سانى كۆپ ئەمەس ئىدى؛ ئەڭ ئاخىرقى بىر سەۋەب، گەرچە ئۇلار غايىپ بولغان مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇرغانلىقىنى شۇنچە يىللاردىن بېرى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى تولىمۇ ئاستا بولغانىدى.

جۇڭگو قىزىلقىلىرىدا كۆمۈلۈپ قالغان خارابىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم دەپ بىرىنچى بولۇپ دوكلات قىلغان روسىيىلىك — مەشھۇر پولكوۋنىك نىكولاي پروۋارسكىي ئىكەنلىكىنى بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. 1876 - يىلى يەنى جۇنسۇن ياۋروپالىقلار ئىچىدە بۇ خارابىلىكلەرنى بىرىنچى بولۇپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ روسىيىلىك ئۆزىنىڭ لوپنۇر قۇملۇقىدا «ناھايىتى چوڭ بىر شەھەر» نى تاپقانلىقىنى دوكلات قىلىدۇ. بىراق پروۋارسكىي ئاساسلىقى زوئولوگ

بولغانلىقىنى، ئارخېئولوگىيىگە زادىلا قىزىقمايتتى، شۇڭا ئۇ بۇ شەھەر ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ئويلاپمۇ كۆرمەي، ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەنىدى. يوقاپ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى (ئۇ بۇنىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتى ئىكەنلىكىنى توغرا بايقىغان) نى بايقىغان ئىككىنچى روسىيىلىك بوتانىك دوكتور ئايبېرت لېگ بولۇپ، ئۇ 1879 - يىلى قارىماققا جاسۇسلار ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئۆمەكنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدا (ئۇ چاغدا چارروسىيە بىلەن چىڭ ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدا چېگرا ماجىراسى بولۇۋاتاتتى) ئېگىز سېپىلى بار قاراغوجىنى تاپقانىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئارىلىشىشى تۈپەيلىدىن ئۇ ئۇ يەردە چوڭقۇر ئىزدىنىش ئېلىپ بارالماي قالغانىدى. ئۇ تۇرپاندا تۇرغان چېغىدا، قاراغوجىغا بېرىش ئۈچۈن مۇھاپىزەتچىلەر دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوغرىلىقچە قېچىپ چىققان بولۇپ، ئۇ تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندە، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ قاتتىق جازالانغانلىقىنى. قورقۇنچلۇق ياغاچ قەپەزنىڭ ئىچىگە سولىنىپ، بويىنىدىن ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرگەنىكەن (كېيىنچە فون لېكوكمۇ بۇ خىل جازا ئەسۋابىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتىكەن). ئۇ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى دوكلات قىلغان بولسىمۇ، 19 يىل ئۆتۈپ كەتكىچىلىك ئارىلىقتا، بۇ رايوندا ئارخېئولوگىيىلىك ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىدىغان بىرەرمۇ روسىيىلىك چىقمىغانىدى.

دېمىتىرى كىرەيمىس دېگەن ئادەم بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بوتانىك ئايالىنى بىرگە ئېلىپ، 1898 - يىلى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ۋە روسىيە ئىمپېرىيىسى جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، چارروسىيە قىزىلقۇملۇق ئارمىيىسىنىڭ بىر ئوفىتسېرى دوكلات قىلغان تۇرپان رايونىدىكى نۇرغۇنلىغان قەدىمىي خارابىلىكلەرنى تەكشۈرگىلى باردى. ئاكادېمىك دېمىتىرى كىرەيمىس ياش ۋاقتىدا، ئاتاقلىق بىر ئىنقىلابچى ئىدى ھەمدە شۇ سەۋەبتىن تۈرمىلەردە ياتقان (كېيىن بىر ئامال قىلىپ قېچىپ چىققان)، سىبى-

www.uyghurkitap.com

رىيىگە سۈرگۈن قىلىنغانىدى. كېيىنچە ئۇ سىن پىتىربۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ داڭلىق زاتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ تۇرپان ئەتراپىدىكى بىر قاتار خارابىلەر، چۆللەردىن، قاراغوجا، ئاستانە ۋە يارغوللار ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى رەسىمگە تارتتى، نۇرغۇن قۇرۇلۇشلارنىڭ تەكشىلىك سىخېمىسىنى سىزىپ چىقتى. بەزى قەبرە تاشلىرىغا يېزىلغان ئابىدە خەتلىرىنى كۆچۈرۈۋالدى ۋە قول يازما توپلىمى شۇنداقلا يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىرقانچە نەۋرىشىكىنى قولغا چۈشۈردى. ئۇ جەمئىي 130 تاش غار ئىبادەتخانىلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆردى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ناھايىتى ئوبدان ساقلانغان تام سۈرەتلىرى بار ئىكەن. ئۇ يەنە كىچىك تېپتىكى بىر قانچە تام سۈرەتلىرىنى ئەكەتتى. بۇ كېيىنچە ئاشۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىدىن ئوۋۇۋېلىنغان نۇرغۇن تام سۈرەتلىرى ئىچىدە بىرىنچى تۈركۈمدە ياۋروپاغا ئەكېتىلگەن تام سۈرەتلىرى ئىدى. ئۇ سىن پىتىربۇرگقا قايتىپ بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېپىپ چىققانلىقى توغرىسىدا خەۋەر ئېلان قىلدى. ئۇ يەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دىيتەخەسسىلىرىنىڭ ۋە سەنئەت تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن زور تەسىر پەيدا قىلدى. ئەمما بۇ خەۋەرنىڭ گېرمانىيىدە ئەڭ بىۋاسىتە ۋە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغانلىقىمۇ بىزگە ئايانىدى. روسىيىلىكلەرنىڭ بۇنداق قىلىشى، ماھىيەتتە ئېيتقاندا تۇرپاننى بىر خىل سوۋغات سۈپىتىدە گېرمانىيىلىكلەرگە تەقدىم قىلىۋېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. چۈنكى يالغۇز كرېيېمېنىڭ دوكلاتىلا نېمىسچە نەشىر قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ شۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يازغان بىر كىتابىمۇ نېمىسچە نەشىر قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىتابقا يەنە چوڭ تېپتىكى بىر قاتلانغان خەرىتىمۇ قوشۇمچە قىلىنغانىدى. ئۇنىڭغا شۇ تېپىپ چىققان بارلىق خارابىلەرنىڭ جايلاشقان ئورنى ناھايىتى ئېنىق چۈشۈرۈلگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ فوتو رەسىملىرىمۇ بېسىلغانىدى (ئۇ چاغدا روسىيىلىكلەرنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنى نېمىسچە ياكى فرانسۇزچە يېزىپ نەشىر قىلىش نا-

ھايىتى ئۇمۇ ئالىمنى كەلگەنىدى، شۇنداق قىلىپ، جۇڭگوغا چېگرىداش بولغان روسىيە ئۇرغۇندا يوشۇرۇن رەقىبىنى ئېسىل گۆھەرلەرگە لىق تولغان تۇرپان ئەتراپلىرىغا باشلاپ قويۇپ، ئۆزلىرى ھېچ ئىش قىلماي ئۇخلاپ يېتىۋەرگەنىدى.

1905 - يىلىغا كەلگەندە، ئاكا - ئۇكا بېلىزوۋىسكىيلار كىزچاغا كېلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سېتىۋېلىش خىزمىتىگە كىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شەرقىي ئاسىيانى تەكشۈرىدىغان بىر كومىتېت قۇرۇلىدۇ. روسىيىلىكلەر تاشقى چاقىغا كەلگەندە ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتنى كەتكۈزۈپ قويۇش تۈپەيلىدىن بەيدا بولغان زىياننى تولدۇرۇۋالماقچى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنە دېلىغۇل بولۇپ قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلىدۇ. ھەراست، 1908 - يىلىغا كەلگەندە (ئۇ چاغدا ئەنگلىيىلىكلەر، گېرمانىيىلىكلەر، فرانسىيىلىكلەر ۋە ياپونلۇقلار يىپەك يولىنى ئالىقاچان مەھكەم بېسىپ ياتقانىدى) روسىيىلىكلەر تۇنجى قېتىم شۇنداقلا مۇشۇ بىرلا قېتىم زور ئەھمىيەتلىك ئۇتۇققا ئېرىشىدۇ. يەنى ئۇلار قاراخوتۇ خارابىسىنى تېپىپ چىقىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئىسمىنىڭ مەنىسى «قاراشەھەر» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنى قاراغوجا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىق لازىم. قاراخوتۇ خارابىسىنىڭ ئورنى ھازىرقى جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيىنى تۇتاشتۇرىدىغان چېگرا ئىچىدە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ماركوپولو تاپقاندىن كېيىن ئۇراق مەزگىلگىچە بوقاپ كەتكەن شەھەر ئېتزىنا (Etzina) ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. بىراق ئۇنى تېپىلدى دېگەندىن كۆرە، پرژېۋالىسكىنىڭ شاگىرتى پېترىكوسلوۋ (Petr Koslov) قايتىدىن تاپتى دېگەن تۈزۈك، ئاشۇ چاغلاردا ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرا رايونىدىكى ئەزى يەرلەرنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى چۆل - جەزىرىدىكى ئاھايىتى يىراق بىر يەردە غايەت زور بىر قورغان شەھەرنىڭ قىزىلۇق ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. كوسلوۋنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇ شەھەرنىڭ سېپىلى سېرىق قۇمغا كۆمۈلۈپ قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر قانچە يەردە قۇم ئىنتايىن ئېگىز بولۇپ، سېپىلنىڭ ئۈستىگە ئېشىپ چىقىپ، شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكىلى بولىدىكەن. لېكىن قورقۇنچ ئىچىگە چۈشۈپ قالغان بۇ رۇسىيىلىكلەر شەھەرگە ناھايىتى چوڭ ئەرەبچە دەرۋازىدىن مېڭىپ كىرىدۇ. «بۇ يەردە بىز تۆت چاسا شەكىللىك بىر يەرنى كۆردۇق، ئۇنىڭ ئىچىدە ئېگىز - پەسلىكى ۋە كەڭ - تارلىقى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل ئىمارەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى چېچىلىپ يېتىپتۇ. ئىمارەت دۆۋىلىرىنىڭ ئاستى ھەرخىل ئەخلەت دۆۋىلىرى بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ.»

شۇ يەرلىك ئاھالىلەر رۇسىيىلىكلەرگە بۇ شەھەرنىڭ قانداق ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ (ھازىر بىز ئۇنىڭ XII ئەسىردە يەنى ماركوپولو ساياھەت قىلغاندىن كېيىنكى يۈز يىل ئۆپچۆرىسىدە ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكىنى بىلىۋالدۇق)، بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى قارا زەمچۈن جۇڭگونىڭ پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئۈمىدىنى ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ئارمىيىسىگە باغلايدۇ. جۇڭگو پادىشاھى خېلى قۇدرەتلىك ئەسكىرىي كۈچنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بىر قاتار جىددىي جەڭلەر ئارقىلىق بۇ توپىلاڭچىنى ئەڭ ئاخىرى ئۇنىڭ مەركىزىي شەھىرى ئىچىگە قورشىۋالىدۇ. سېپىل ئېگىز ھەم قېلىن بولغاچقا، ئەگەر قورال كۈچىگىلا تايانغاندا ئۇنى ئاسانلىقچە ئالغىلى بولمايدىغانلىقىغا جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆزى يېتىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىردىنبىر سۇ مەنبەئى — روشۇيىنى ئۈزۈپ تاشلاشنى قارار قىلىدۇ. ئۇلار ئونمىڭلىغان تاغارغا قۇم قاچىلاپ، ئۇنىڭدىن توسما ياساپ دەريا ئېقىنىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ (بۇ گېپىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كوسلوۋ نەق مەيدانغا بېرىپ ھېلىقى توسمىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىدۇ) شەھەرنى ساقلاۋاتقانلار سۇغا تەشنا بولۇپ. سېپىلنىڭ بىر بۇرجىكىگە چوڭقۇر بىر قۇدۇق كولايدۇ. لېكىن ئۇلار قۇدۇقتىن سۇ چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ، جۇڭگولۇقلار بىلەن يا ئۆلۈم - يا كۆرۈم دەپ ئاخىرقى قېتىم بىر ئېلىشىش قارارىغا كېلىدۇ. ھېلىقى ھۆكۈمران بۇ ئىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئۆزى-

نىڭ ئېسىل گۆھەرلىرىنى(ئاڭلاشلارغا قارىغاندا 80 ھارۋىغا قاچىلىغانىـ
كەن) پۈتۈنلەي ئاشۇ قىزدۇقۇقتا تاشلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا، ناۋادا
ھەمەر قولدىن كېتىپ قالسا ئۆزىنىڭ ئىككى خوتۇنى ۋە ئوغۇل - قىزلىـ
رىنىڭ چوڭگولۇقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنى ئۆز
قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ شىمال تەرەپتىكى سېپىلدىن
بىر بوشلۇق ئېچىپ، دۈشمەنگە ئېتىلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىر
مەھەل ھېچكىم تەڭ كېلەلمىگەن ئارمىيىسى ئاخىرى پۈتۈنلەي ھالاك بو-
لىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. چوڭگولۇقلار شەھەرنى تۈپتۈز
قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھېلىقى ئېسىل گۆھەرلەرنى كۈچىـ
نىڭ بارىچە ئىزدەيدۇ. ئۇلار ئۇنى چوقۇم يېقىن ئەتراپتىكى بىر يەردە
بولسا كېرەك دەپ ئويلايدۇ. ئەمما بارلىق ئورۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى
ئۆلۈم بەرمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ھۆكۈمران
ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئېسىل گۆھەرلىرىنى باشقىلار تاپالمىسۇن
دەپ ئۇنىڭغا ئەپسۇن ئوقۇۋەتكەنمىكەن.

كوسلوۋ پادىشاھ ئائىلىسىنىڭ ھېلىقى ئېسىل گۆھەرلىرىنى تاپال
مىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما كېيىنكى بىر قانچە كۈندە ئۇ ۋە ئۇنىڭ
ئادەملىرى ناھايىتى نۇرغۇن قوليازما، كىتاب، پۇل ۋە بەزىبىر «بۇددىستـ
لارنىڭ نەزىر - چىراغلاردا ئىشلىتىدىغان بۇيۇملىرى»نى تاپىدۇ. بۇ نەر-
سىلەر ئۇزۇن ساندۇقتا لىق كېلىدۇ. ئەسلىدە بۇ قېتىمقىسى ئارخېئولوگىيە
جەھەتتىكى ئېكسپېدىتسىيە بولمىغاچقا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ يەرنىڭ
تېخىمۇ جەنۇبىدىكى بىر يەردە ئورۇنداش زۆرۈر بولغان باشقا ۋەزىپە
سى بولغاچقا، ئۇلار بۇ يەردىن ئايرىلىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.
قايتىپ كېلىش سەپىرىدە بۇ يەردىن ئۆتكەن چېغىدا، تېپىۋالغان نەرسـ
لىرىنى سېن پېتربورگنىڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئەۋەتىدۇ. كوسلوۋ
مۇنداق دەپ يازىدۇ: «خېيچېك خارابىسى بىزنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ
قىلىۋالغانىدى، بىز ھەر كۈنى ئاشۇ نەرسىلەر ئۈستىدە سۆزلەشتۇق.»
ئىككىنچى يىلى يازدا، ئۇلار دۆلەتكە قايتىش سەپىرىدە ئۇ يەردە يەنە
بىرئاي قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلار بىر مەلىكىنىڭ قەبرىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىدىن يىپەككە، شايىغا ياكى قەغەزگە سىزىلغان، ناھايىتى مۇكەممەل
ساقلانغان نۇرغۇنلىغان بۇددىزم رەسىملىرىنى تاپىدۇ. بۇ نەرسىلەر جەم-
ئىي 25 پارچە بولۇپ، ئۇنى ھازىرمۇ لېنىنگراد مۇزېيىدىكى بىر ئېھتىرلىق
ئالاھىدە بۇيۇملار بۆلۈمىدە كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلار يەنە شەھەر سېپىلى
ئۈستىدە ناھايىتى نۇرغۇن تاش دۆۋىلىرىنىڭ تىزىلغانلىقىنى بايقايدۇ. بىز
روشەنكى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلاپ
قويۇلغان بولسا كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئۇنۇملۇك ئېتىش ئارىلىقى دائىرى-
سىگە كىرگەن تەقدىردە.

1909 - يىلى يازدا، كوسلوۋ ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى
ئارتىلغان تۆگىلىرى قارا خوتۇزدىن دۆلىتىگە قايتىۋاتقان چاغدا، ئار-
خېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنى بىردىنبىر مەقسەت قىلغان روسىيىنىڭ
ئىككىنچى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى سېن پېتربورگدىن يىپەك يولىغا قا
راپ يولغا چىقىدۇ. ئۇنىڭغا ئاساسلىقى بۇددىزم سەنئىتى بويىچە تارىخ-
شۇناس قوشۇمچە ھىندىستانشۇناس سېرگېي ئولدېنبۇرگ
(Sergei Oldenburg) رەھبەرلىك قىلىدۇ. بۇ ئادەم تەخمىنەن 20
يىللاردىن كېيىن، ستالىننىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويغانلىقىدىن،
ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇشقا تاسلا قالغان ئىكەن. ئولدېنبورگمۇ كىرۇنۋېدېلغا
بىرئاز ئوخشىشىپ قالاتتى، ئۇمۇ كىشىلەرنىڭ سەنئەت بۇيۇملىرىنى تۇر-
كۈملەپ يۆتكەپ كېتىشتەك ئۇسۇلىنى ئەيىبلەيتتى. ئۇ ئۇلارنى ئەسلىدى-
كى يېرىدە قالدۇرۇپ قويۇشنى، ئۇلارنى رەسىمگە ئېلىش، رەسىم سىزىش
ۋە ئۆلچەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ خاتىرىگە ئېلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى.
1910 - يىلى ئۇ سېنپېتربورگقا قايتىشنىڭ ئالدىدا، ئالتە ئايدەك ۋا-
قىت سەرپ قىلىپ، قارا شەھەر، كورلا، بېزەكلىك دېگەن يەرلەرنى ئەمدە
يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيەسى بويىدىكى باشقا خارابىلەرنى كېزىپ
كەچۈرىدۇ. ئۇ گەرچە سەنئەت بۇيۇملىرىنى يۆتكەپ كېتىشكە قارشى تۇر-
سىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەرگىز قۇرۇق قول قايتمايدۇ؛ ئۇ يەنە بۇ-
زۇلغان ياكى چىرىگەن بىرقانچە ئەۋرىشكىنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق
بىلەن ئەكېتىدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنى ھېچ بولمىغاندا ئۆلۈمى

تەتقىقات ئۈچۈن بولسىمۇ ساقلاپ قالغىلى بولاتتى. ھەرھالدا ئۇنىڭ ئۆزىنى تارتىۋالغانلىقىدىن ۋە ئېھتىياتچانلىقىدىن بولسا كېرەك، جۇڭگو-لۇقلارنىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن قانداق كۆز قاراشتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىشقىلىپ بېيجىڭدىكى ئارخېئولوگىيە قارا تىزىملىكىدە، روسىيىلىكلەر ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئولدېنبورگ ئەكەلگەن نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمى (ئاساسلىقى تام سۈرەتلىرى بىلەن ھەيكەللەر بولۇپ، تام سۈرەتلىرىنىڭ ئىچىدە فون لېكوك ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ دەپ قاراپ، ئامال تاشلىۋەتكەن بىر پارچە سۈرەتمۇ بار ئىدى) كرەيمىس بىلەن كوسلوۋ ئەكەلگەن شۇنداقلا پېتروۋىسكىي قەشقەردە سېتىۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھازىرمۇ لېنىنگراد مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئولدېنبورگنىڭ 1914 - يىلى دۈنخۇاڭغا بېرىپ بىر قېتىم قىسقا ۋاقىتلىق ئېكىسكۇرسىيىدە بولغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، روسىيىلىكلەرنىڭ ئارخېئولوگىيە ئىشلىرى جەھەتتە، ئۆزىگە قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدەك يېقىن بولغان بۇ رايوندا ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ نەچچىلىكلا ئىدى.

1910 - يىلى ئولدېنبورگ سېن پېتېربۇرگقا قايتىپ بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ياپونىيىلىك جىزۇيچاۋ تۇساتتىنلا يەنە يىپەك يولىدا پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ قەشقەردە ۋاقتىدا شاتتىل ۋورس بىلەن سوقۇشۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بىلەن يېپىشىنگە رەسمىي نارازىلىق بىلدۈرگەن ئىدى. ئىكلاشتا كىشىلەر ئۇنى ئەنگلىيىلىكلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا تىرىشىلىك دەپ ھېسابلاشقا ھەقلىق ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بۇ قېتىم ئۇ بىر ئەنگلىيىلىكنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ تاللىۋالدى. بۇ سىرلىق ئەنگلىيىلىكنىڭ زادى قانداق ئادەملىكىنى ئۇنىڭ ئىسمى - فامىلىسىدىن سىرت — ئۇنىڭ بۇ گۇمانلىق ياپون ئاخباراتچىسى بىلەن بىرگە زادى نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى مەن پەقەتلا بىلەلمىدىم. كىشىلەرنىڭ ئىردىنى بىر مۇئەييەنلەشتۈرەلەيدىغىنى شۇكى، بۇ ئادەم تەقدىر ئىرادە بىلەن غېرىپچىلىق ئىچىدە ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بۇ چاغدا ماكارتنىي ئۇزاق ۋاقىت دەم ئالغاندىن كېيىن ئەنگلىيىدىن قايتىپ كېلىپ، شاتتىل ۋورسىنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا ۋاقىتىنچە ئۆتەۋاتقان ۋەزىپىدىن ئازاد قىلىندۇ.

1911 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ماكارتنىي شەرق تەرەپتىكى 400 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان كۇچادىن ئەۋەتىلگەن ئىككى پارچە تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ بىرى خەنزۇچە يېزىقتا بولۇپ، ئۇنى ئۇ يەردىكى «ئاقساقال» ئاخبارات تورىدىكى ئادەملەر ئەۋەتكەنىكەن. تېلېگراممىدا ئا. ئو. خوپىس ئەپەندى ئىسىملىك ئەنگلىيىلىك بىر ساياھەتچىنىڭ ئۇ يەرگە كەلگەندە چېچەك چىقىپ قالغانلىقى ئېيتىلغانىكەن. يەنە بىرى، خوپىس ئۆزى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ياردەم سوراپ ئەۋەتكەن تېلېگرامما ئىكەن. ئۇ ئۆزىگە چېچەك چىققانلىقىنى بىلمەي قالغانىكەن. ئۇ تېلېگراممىدا ئۆزىدىكى كېسەللىك ئالامەتلىرىنى ئىنتايىن ئازابلانغان ھالدا مۇنداق ئىپادىلىگەنىكەن: «مېنىڭ پۈتۈن بەدىنىمنى تېرە كېسەللىكى قاپلاپ كەتتى، مەن پەقەت كۆزۈمنىلا ئاچالايمەن، لېكىن بۇ ھەر قېتىمدا پەقەت بىر قانچە مىنۇتلا داۋاملىشىدۇ... ئاغزىم بىلەن كېلىم يېپىشقاق سۇيۇقلۇققا توشۇپ كەتتى، گېلىمدىن ئازراق سۇدىن باشقا ھېچنەرسە ئۆتمەيدۇ... مۇشۇنداق بولۇۋاتقىلى ئون كۈن بولدى، ئۆزۈمنى كارىۋاتتىن نېرى بولالمىدىم.» ماكارتنىي ئەيلى ئۇنىڭ تېلېگراممىسىدىن بولسۇن ياكى «ئاقساقال» ئاخبارات تورىدىكىلەرنىڭ تېلېگراممىسىدىن بولسۇن، بۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز بۇ يىراق. چەت بىر يەرگە زادى نېمە ئىش قىلغىلى كەلگەنلىكىنى پەقەتلا بەرەز قىلالمايلا قالىدۇ (ئۇ دائىم جۇڭگو تۈركىستانىدىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى بىلىمەن دەپ پەخىرلىنىپ يۈرەتتى). ماكارتنىي ئۆزىنىڭ ئىندىستانلىق تېببىي خادىمىنى كۇچاغا ئەۋەتكەندىن كېيىن، جىددىي قۇتقۇزۇش خادىمىنىڭ يولغا چىققانلىقىنى سىگنال ئارقىلىق خوپىسقا ئۇقتۇردى. ئەمما 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كۇچادىكى جۇڭگونىڭ يەرلىك ئەمەلدارىنىڭ بىر تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. تېلېگراممىدا خوپىسنىڭ ئۆلۈشكۈن كەچتە قازا قىلغانلىقى ئۇقتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

بىرگە. خوپسىناڭ ياپونىيىلىك ئارخېئولوگىيە خادىمى جىرۇيچاۋنىڭ ھەمراھى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر ئاخبارات ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ ئىككىيلەن تەخمىنەن تۆت ئاي ئىلگىرى روسىيە ئارقىلىق جۇڭگو تۈركىستانىغا كىرگەن. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا يەنە ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا بارغان ھەمدە ئۇ يەردە بىر مەھەل قېزىش ئېلىپ بارغانىكەن. بىر - بىرىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن، كۇچادا يەنە بىر قېتىم كۆرۈشىدىغان بولۇپ كېلىشىپتىكەن. جىرۇيچاۋ ئاۋۋال يولغا چىقىپ، يىراق قىزىلۇقتىكى كىرورەلسكە بېرىپ، كونا ئىزنى قېزىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى، ئۇ چاغدا ئۇ ئەنگلىيىلىك ھەمراھىنىڭ كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

ماكارتنىي يەرلىك ئەمەلدار بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق، بۇ ئەنگلىيىلىكنىڭ جەسىتىنى قەشقەرگە ئاپىرىپ دەپنە قىلماقچى بولىدۇ. لېكىن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئىتتىرىشى، (كېسەل مىكروبىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن قورققانلىقى) تۈپەيلىدىن جەسەت ئۈچ ئايغا يېقىن دەتالاش قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن قەشقەرگە يەتكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇ يەردە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭغا ماكارتنىي رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. بۇ چاغدا قەبرە يېنىدا چاقىرىلمىغان مېھمان — جىرۇيچاۋ پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ كۇچادا ئۆز ھەمراھىنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەپنە مۇراسىمىغا ئۈلگۈرۈپ كەلگەنىكەن.

ماكارتنىينىڭ بۇ ئىش توغرىسىدىكى دوكلاتى ھازىرمۇ ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئورگان كۇتۇپخانىسىدىكى «سىياسىي ۋە مەخپىيەتلىك» ئارخىپىدا ساقلانماقتا. بىزنىڭ بۇ دوكلاتتىن بىلەلەيدىغىنىمىزمۇ شۇنچىلىكلا. ئۇ جىرۇيچاۋدىن خوپسىنىڭ زادى قانداق ئادەملىكىنى شۇلداقلا ئۈزلۈك بىلىمە ئۈچۈن ئۆزىنى ئىنگلىزچە بىلمەيمەن دەۋالغان بىر ئادەم بىلەن بىللە سىياھەت قىلغانلىقىنى ئىگىلەپ كۆردىمۇ - يوق؟ (مۆلچەرلىنىشىچە ئۇ چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ) بۇ ھەقتە ماكارتنىي ھېچ نەرسە دېمىگەنىكەن. ئۇ جىرۇيچاۋ توغرىسىدا توختالغاندىمۇ ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئۇنىڭدىن

گىزەمالىنىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ قىلماپتۇ، ئۇنى پەقەت ۋە ياپونىيىنىڭ ئارخېئولوگىيە ساياھەتچىسىگە دېيىلا قويۇپتۇ.

70 يىل بۇرۇنقى مەخپىي ئارخىپنى قېزىغان كىشىلەر مول تەجرىبىگە ئىگە، يېرىم شەرقلىق بولۇپ قالغان ماكارتنېيدىنىڭ جۇرۇيىنىڭ قوش رول ئېلىۋاتقانلىقىنى پەقەتلا بىلمىگەنىدى. دەپ ئەجەبلىنىپ قالاتتى. بۇ ياش ياپونلۇق ئۆزىنىڭ گۈزەل ئۇۋۇلاش پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىنى بويلاپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى بولغان دۇنخۇاڭغا كېتىۋاتقان ۋاقىتدىمۇ ماكارتنېي يەنىلا ئۇنىڭ كەينىگە ئادەم سېلىپ قويىدۇ. مىسال كەلتۈرسەك، ئۇ جۇرۇيىچاۋنىڭ خوتەن ئەتراپىدىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، كۇئېنلۇندىن ئۆتۈپ شىزاڭغا كىرگەنلىكىنى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ يۈك - تاقلىرىنى ئارتىپ ماڭغان ئۇلاغلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ خىزمەتكارىنىڭمۇ قېچىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلىۋالىدۇ. يەنە ئالايلۇق، خوتەن ۋە كېرىيىدىكى جۇڭگولۇق ئىش بېجىرگۈچى ئامبالىرىنىڭ ئۇنىڭغا ترانسپورت ئەترەتلىرى بېكىپ كېلىۋاتقان لىنىيىنى بويلاپ مېڭىش ھەققىدە نەسىھەت قىلغانلىقىنى ھەمدە ئەگەر مۇشۇ لىنىيە بويىچە ماڭمىسىڭىز سىزگە ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى خالىمايمىز، دېگەنلىكى؛ لېكىن جۇرۇيىچاۋنىڭ ئۇلارنى قورقۇتۇپ، سىلەرنىڭ ماڭا كاشىلا قىلغانلىقىڭلارغا رەسمىي نارازىلىق بىلدۈرىمەن، دېگەنلىكى؛ قارىغاندا جۇرۇيىچاۋنىڭ دىنىي مۇخلىسلار يەرلىك ئادەملەرگە مۇئامىلە قىلىشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك پوزىتسىيىنى قوللانماي، يەنىلا ھېلىقى كىشىنى ھوۋ قىلدۇرىدىغان ھۈنەرنى ئىشقا سېلىۋاتقانلىقى قاتارلىقلارنىمۇ بىلىۋالىدۇ.

جۇرۇيىچاۋ 1911 - يىلى رۇزدېستۋو بايرىمى ھارپىسىدا دۇنخۇاڭغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۇ يەردە دەل ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان يەنە بىر ياپونلۇق يېزىن رۇكسەنلاڭ بىلەن ئۇچرىشىدۇ. يېزىننى ئوتانى جۇرۇيىچاۋنى ئىزدەپ تېپىشقا ئەۋەتكەنىكەن. چۈنكى 1911 - يىلى جۇڭگودا ئىنقىلاب پارتلىغان ھەمدە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلارغا ناھايىتى تېز يامراپ كەتكەنىدى.

شۇ چاغدا جىرۇبىچاۋنىڭ ئۆيىدىن تاپىلغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ئوتانى ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي، ئۇنى ئىنقىلابنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەنمىدۇ دەپ قاتتىق ئەنسىرىگەنىكەن. ئۇ ئىلگىرىكىدەك مىڭ ئۆيىدە سەككىز ھەپتىگە يېقىن تۇرىدۇ. ئۇلار ۋاڭ راھىبنىڭ مەخپىي ئۆيىدىن تەخمىنەن 600 پارچىدەك دىنىي تومىلارغا ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا تومىلىرى ئىكەن. بىز تومىلارنى ئەسكەرلەر ئات ھارۋىلارنى ھەيدەپ كېلىپ، ستەيندىن ۋە پەللىئوتتىن ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى ھارۋىغا بېسىپ بېيجىڭغا ئەكەتكەنلىكتىن بۇرۇن، ھېلىقى ھىيلىگەر ۋاڭ راھىب يېڭىدىن ياسالغان ھەيكەللەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغانىكەن. دەل مۇشۇ چاغدا، جىرۇبىچاۋ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۇ يەردىن يەنە سىبىرىيىنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ تۆمۈر يولدا قاتنايدىغان تېز پويىزغا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى (ئەگەر بار بولغان تەقدىردە) ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كېتىپ قالىدۇ.

لېكىن بىز ئەڭ ئاخىردا ياپونلۇقلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشتىن ئىلگىرى (ئۇلارنىڭ يىپەك يولىدا تۇپلىغان نەرسىلىرى ۋە ئۇنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە ئاخىرقى بابتا توختالماقچىمىز)، مۇشۇ غەلىتە ئىشنىڭ باش - ئاياغىنى يەنىلا ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرە ئىچىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئۈچ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىنى تەشكىللىگەن ياپونىيە جىڭتۇ مەزھىپىنىڭ مەنىۋى داھىيسى ئىدى، ئەمما بۇ ئۇنى ئۆز ئۆمرىنى پەقەت ئەتىگەندىن-كەچكىچە ئىبادەت قىلىش بىلەنلا ئۆتكۈزىدىغان بىر دىندار دېگەنلىك ئەمەس. دىنىي مەنسەپ ئۇنىڭغا دادىسىدىن مىراس قالغان بولۇپ، ئۇ دۆلەتكە قايتىپ باش روھانىي دېگەن بۇ مۇقەددەس مەنسەپنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى، خېلى كۆپ ۋاقىتنى ياۋروپا ۋە باشقا جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىشقا سەرپ قىلغانىدى. ئۇ يەنە خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭمۇ ئەزاسى ئىدى. ئۇ چاغلاردا بىرەر ياپونلۇققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىلدىكى كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا پەقەتلا سىغمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ بۇ جەمئىيەتتە ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە رەسىمىدىكى ئەپتىدىن قارىغاندا، ئۇ

غەربچە كىيىنگەن تەقى - تۇرقى كېلىشكەن، ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇرىدىغان بىر ياش بولۇپ، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىككى پۇتىنى ئالماپ ئولتۇراتتى: كېيىنچە ئۇ دىنىي جەھەتتىكى مۇقەددەس ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان چاغلىرىدىمۇ، ئۆزى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتكەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى تارتىپ كەلگەن بەزى رەسىملەرنى ۋە ئۇ ھەقتىكى قىسقىچە بايانلارنى جۇغراپىيە ئالىمى جەمئىيىتىگە داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا كىشىنى ئۇنىڭ ئەڭ ھەلەپكى مۇددىئاسى ئۆزىنىڭ ئاشۇ مەزھىپىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنىڭ ئاركېئولوگىيە جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تېپىپ چىقىش بولسا كېرەك. ئەمما ئۇ جۇغراپىيە بىلىملىرىگىمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن قىزىقىدىكەن، دېگەن خىيالغا كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ بىرىدە بىز ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە تۆھپە ياراتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپىمىز. شۇ نەرسە بىزگە مەلۇمكى، 1902 - يىلى ئوتانىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يولغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭ ئاركېئولوگىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياش بىر خىزمەتچىسى ئوكسفوردتا جۇغراپىيە ئىلمىنى بىر يىل تەتقىق قىلغانىدى. ئۇنىڭ بارلىق چىقىمىنى ئوتانىنىڭ ئۈستىگە ئالغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئوتانى ھازىر پەقەت مۇشۇ يەردىلا تىلغا ئېلىنغان سۆزىن ھېدىن، فون لېكوك ۋە شىرازى مۇتەخەسسىسى كاپىتان ئوكونور (Captain O'Connor) دىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئادەمنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىمكانىيەتنى يارىتىش ئۈچۈن، ئاسىيانىڭ بىرىنچى قول ماتېرىيالىنى ئىگىلىيەلەيدىغان بىر قىسىم غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ قىزىقىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ فارفۇر قاچىلىرى توغرىسىدا بىر كىتاب يېزىش بىلەنلا قالماي، سىياسىغا ئائىت يەنە ئىككى ئەسەر (ئۇنىڭ بىرى جۇڭگو توغرىسىدا، يەنە بىرى مەنچۇ توغرىسىدا) يازغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

شىنداق، بۇ بەلكىم بىر ئىشپىيونلار كاتتىبېشىنىڭ ئۆزىنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە كۆڭۈل قويۇپ قۇراشتۇرۇپ چىققان بىر نىقابى بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە، ئەگەر بىز ئاھايىتى چېنىققان، سىياسىي سەزگۈرلۈكى

ئامايىتى يۇقىرى بولغان بۇ ئاقسۆڭەكنى ئۆزى ئۈچۈن مەلۇم سىرخىل خۇسۇسىي ئاخباراتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى بولمىسا تۇتۇلغان ئاخبارات ماتېرىياللىرىنى ئۆزىنىڭ ئاچىسىنىڭ يولدىشى — تيەنلىخۇاڭغا يوللاپ بېرىدىغان بولسا كېرەك، دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇنى زورمۇ زور قىلىنىۋاتقان پەرەز دېگىلىمۇ بولمايتتى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا. ئۇ ئېھتىمال بىر سەمەمىي ئاقسۆڭەك بولۇشىمۇ مۇمكىن، ياۋروپا بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئۇچرىشىش ئارقىلىق، جۇغراپىيىگە ھەۋەس قىلىپ قالغان بولۇشى، مۇشۇ ساھەدە نام-ئاتاق چىقىرىش ئۈمىدىدە بولغان بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە، ئېكسپېدىتسىيە خىراجىتى ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ، ئۇنى داچىلىرىنى سېتىۋېتىشكە ھەمدە ئېسىل گۆھەرلىرىنى تارقىتىۋېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. بىراق ناۋادا ياپونلۇقلار ئۇنىڭ مەخپىي ئارخىپىنى ئاشكارىلاپ قويمىسا ياكى ئوتانىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ئۇنىڭغا ئالاقىدار ھەممىنى بىزگە ئېيتىپ بېرىشنى خالىمىسا، ئۇ چاغدا ئوتانىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى ھەقىقىي غەرىزى مەڭگۈ بىر سىر بولۇپ قالغۇسى.

يىپەك يولىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بىلەن قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن شەھەرلەر بىر مەھەل خۇددى بوران توختاپ، دولقۇن پەسەيگەندەك تىپتىنچ ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ۋاقتى ئانچە ئۇزاققا بارمىسىمۇ، سىرىناگاردىكى ۋە بېرلىندىكى ھېلىقى ئىككى كونا رەقىب ستەيىن (ئازىر سىر بولۇپ قالغانىدى) بىلەن فون لېكوك بۇ يەردىكى قەدىمكى يادىكارلىقلارنى يەنە بىر قېتىم تالان - تاراج قىلىش ئۈچۈن ئاكتىپ تەييارلىق قىلىدۇ. بولۇپمۇ ستەيىن ئىمسالار مىرانغا مەندىن بۇرۇن بېرىپ، مەن 1907 - يىلى تاپقان تام سۈرەتلىرىنى ئەكەتەرمىكىن، دەپ قاتتىق ئەندىشە قىلىدۇ. ئۇ چاغدا لەمسىن توساتتىنلا كۆزى كۆرمەس بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىق كەلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، ئۇ نەرسىلەرنى بىللە ئەكىتىشكە مۇمكىن بولماي قالغانىدى. ستەيىن بىر ئىشتىن خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا چىنار باغدىن بىر دوستىغا يازغان خېتىدە: «قارىغاندا مىراندىكى ئاشۇ تام سۈرەتلىرىنى چوقۇم قولغا چۈشۈرۈشۈم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېرەك ئىكەن...» دەيدۇ. مەيلى ئۇ نېمىلا دېسە دېسۇن، ئۇنىڭ نېمىلار-دىن ئەندىشە قىلىشى ھاجەتسىز ئىدى، چۈنكى فىرېلىكوكنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسى باشتىن باشلاپلا جۇڭگودىن كېلىۋاتقان توسقۇنلۇقلارنى، باتاس دۇچ كەلگەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش خاراكتېرىدىكى بىر قېتىملىق زەربىنى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى ۋە ئۇنىڭ جىسمىنى ئېلىشتا تاس قالغان بىر قېتىملىق كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىلمۇ-خىل قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ، ئوڭۇشلۇق داۋام قىلالمايۋاتاتتى.

فىرېلىكوك ئەگەر ئوتتۇرا ئاسىياغا يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلىپ كېلىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ جىسمىنى ساقلاپ قېلىشى قىيىنغا توختىغان بولاتتى. دېمىسىمۇ بىرىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە پىلانى تېخىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. 1914 - يىلى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ تۇساتتىنلا چېكىنگەنلىكى سىتەيىن ئۈچۈن (ئۇ چاغدا ئۇ 52 ياش بولۇپ، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش يېشىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى) يىپەك يولىنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلىۋالىدىغان ياخشى پۇرسەت بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئارىلىق رەقىبلىرى نەق مەيداندىن ئايرىلىپ كەتكەنىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ تەسىرى تېخى تولۇق يوقىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مىرانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ، چۈنكى لايدىن ياسالغان رەڭلىك ھەيكەللەرنىڭ پارچىلىرى ھەممىلا يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، سىتەيىن «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت» دېگەن كىتابىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە پەقەت قىزغىنلىقىلا بار، لېكىن تەييارلىقى، تېخنىكىسى ۋە تەجرىبىسى كەم بولغان بىر ياپونلۇق ياشنى ئەيىبلەپ ئۆتىدۇ. كىشىلەر ئەگەر بۇ ياش جۇرۇيىباۋ ئىشپىيونلۇق بىلەن شۇغۇللانغان بولسا (ئەگەر ئۇ شۇنى قىلمىغان ئادەم بولسا) ئارخېئولوگىيە بىلەن شۇغۇللانغانغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرغان بولاتتى دېگەن ئۈمىدتە بولىدۇ.

لېكىن ئەگەر سىتەيىن مىراندا ئۈمىدسىزلىك ھېس قىلدى دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇ باشقا يەرلەردە ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالدى. ئۇ دۇنخۇاڭ

دا، ۋاڭ راھىننىڭ ئېلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان «تەييار بۇيۇملىرى»
ئىچىدىن يەنە بەش ساندۇق قوليازمىنى قولغا چۈشۈردۇ (بىرقانچە ئاي-
دىن كېيىن، ئولدىنبۇرگمۇ ئۇ يەردىن يەنە نۇرغۇنلىغان رەڭلىك ھەيكەل-
لەرنى قولغا چۈشۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە 200 پارچىدىن ئارتۇق
قوليازمىنىمۇ بىر ئامال قىلىپ قولغا چۈشۈردى)، ستەيىن قارا خوتۇغا
يۆتكەلگەندىن كېيىن، ھەيكەل ۋە تام سۈرەتلىرىنىڭ بۇزۇۋېتىلگەندىن
كېيىنكى ئىزلىرىدىن قارىغاندا، كوسلوۋنىڭ قېزىش ئاكتىپچانلىقىنىڭ
ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ
يەردە ئۇزۇل - كېسىل ئىش قىلمىغانلىقىنى سېزىدۇ. ئۇ روسىيىلىكلەرنىڭ
بىپەرۋالىق قىلىشى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ قويۇلغان نەرسىلەرنى
كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئۇ يەنە غەربكە سۈ-
رۈلۈپ، قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپ تۇرپانغا بارىدۇ. ئۇ ئالدىنقى قېتىم بۇ
يەرگە كەلگىنىدە ھېچقانچە تۇرمىغانىدى. ئۇ ئەسلىدە نېمىلار بۇ يەر-
دىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىرىپ سۈپۈرۈپ ئەكەتكەن بولۇشى مۇم-
كىن دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئۇ ئىككى ئايدىن كېيىن بۇ رايوندىن كې-
تىدىغان چاغدا، يۈزدىن ئارتۇق چوڭ ساندۇققا قاچىلانغان تام سۈرەت-
لىرىنى ئەكەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى خېلى بىر قىسمى بېزەكلىكتىن ئېلى-
ۋېلىنغان تام سۈرەتلىرى ئىدى.

ئەمما ستەيىننىڭ ئىشى بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ. يەنە بىر
كونا ئىز — بىر مەزگىل تۇرپاندىكى ئۆلگەن ئادەملەرنى كۆمىدىغان
يەر قىلىۋېلىنغان ئاستانە قەبرىستانلىقى — ئۇنىڭ قېزىشىنى
كۈتمەكتە ئىدى. بۇ يەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتىنى
7 - ئەسىرگىچە سۈرۈش مۇمكىن، كېيىنچە ئىز قۇمغا كۆمۈلۈپ
خارابىلىككە ئايلىنىپ كېتىپتىكەن. ھازىر بۇ خارابىلىكنىڭ ئاستىدىكى
16 ئىنگىلىز چىسى كېلىدىغان يەردە بىرمۇنچە قەبرىلەر بارئىكەن. ھەر-
بىرقەبرىگە بېرىش ئۈچۈن، شىبەن تاشتىن قوپۇرۇلغان بىر يانتۇ ئوردەك-
تىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن. بۇئوردەك يەرئاستىدىكى بىر يولغا تۇ-
تىشىدىكەن. بۇيولنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچى قەبرىگە تۇتىشىدىكەن. قەبرى-

لەرنىڭ كۆپىنچىسىگە بۇرۇن قىممەت باھالىق رەسىملەر كۆمۈلگەن بولسا
كېرەك. ئەمما توققۇز يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئوغرى ئەكەتمىپتۇ.
ستەيىن شۇيەردىكى گۆر ئوغرىسى كەسپىدىكى ئادەم بولمىغاچقا، ئۇ ئۆزى-
نىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا «ئادەمنىڭ بەدىنىنى شۈركەندۈرىدىغان
كەسىپ» بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر «ماھىر»نى ناھايىتى ئوڭايلا ياللى-
ۋالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق قېزىش خىزمىتىنى باشلاشتىن بۇرۇن،
ستەيىننى بۇ ئۆلۈكلەر شەھىرىگە بىللە ئەكىرىپ، يەر ئاستىدا بىرقېتىم
ساياھەت قىلدۇرۇپ چىقىدۇ. بۇقەبرىستانلىقتىكى گۈزەنەيگە ئىشلىتىل-
گەن ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭمۇ كۆپىنچىسى ئوغرىلىنىپ كېتىپتۇ. دەل- دە-
رەخ تېپىلمايدىغان بۇقۇملۇق رايوندا، ئېھتىمال ئۇنى ئاپىرىپ يېقىلغۇ
قىلغان بولسا كېرەك.

لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ستەيىن ئەڭ قىممەتلىك دەپ قارىغان نەر-
سىلەرنى ئەكەتەلمەپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن دەپنە قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان،
ئۈستىگە خەنزۇچە خەت ئويۇلۇپ ئالاھىدە ياسالغان قەبرەتاشلىرىنى ئۇچ-
رىتىدۇ. تاش ئۈستىگە ئۆلگۈچىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ئويۇلۇپلا قال-
ماي، ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسى بىلەن تۇغۇلغان ۋاقتىمۇ ئويۇلغانىكەن.
تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ جەسەت ئوراشتا ئىشلىتىلگەن بۇرۇنقى زاماننىڭ
نۇرغۇن توقۇلما بۇيۇملىرىنى ئۇچرىتىدۇ. بۇ توقۇلما بۇيۇملار
ئاساسلىقى يىپەك توقۇلمىلار، نوقۇل جۇڭگوچە نەپىس-
خىللاردىن تارتىپ ئوتتۇرا شەرقتە پەيدا بولغان چىرايلىق رەڭلىك ۋە
شەكىللىك ھەر خىل نۇسخىلارغىچە ھەممىسىنى نامايان قىلىپ بېرەلەي-
دىكەن. بۇ توقۇلما بۇيۇملار توقۇمىچىلىق تارىخشۇناسلىرى ئۈچۈن پەۋ-
قۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئۇلار قەبرەتېشىغا ئويۇلغان
خەتلەرگە قاراپ ئاشۇ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى بىلىۋالالايت-
تى. قەدىمكى زاماننىڭ بۇچىرايلىق يىپەك رەختلىرى جەسەتلەرنىڭ
ئۈستىدىن ئەدەبسىزلىك ئەمما ئېھتىياتچانلىق بىلەن كېسىۋېلىنىدۇ.
بۇنەرسىلەرنىڭ قېزىۋېلىنىشى يىپەك يولىنى يېڭىباشتىن تېپىپ چىققان
ستەيىننىڭ كەسپىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلى مۇۋاپىق بىر يەكۈن بىلەن.

كەمسىلەيدۇ. شۇڭلاشقا، 1915 - يىلى ئۇ ئۈستىگە تام سۈرەتلىرى ۋە باشقا ئېسىل گۆھەرلەر ئارتىلغان 45 تۆگىنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئىككى ئاي يول مېڭىپ قەشقەرگە يېتىپ بارغان چېغىدا، بۇنىڭ ئۇنىڭ جۇڭگودىن ئەكەتكەن ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

ئون بەشىنچى باب

لاڭدون ۋارنېرنىڭ خام خىيالى

1923-يىلى كۈزدە، ئامېرىكىلىق ئىككى ئادەم شارقىراپ يېغىۋاتقان، يامغۇر ئاقارىماي، قوملارنى ئېقىتىپ كېلىۋاتقان چوڭقۇرلۇقى ئاتنىڭ قورسىقىغا كېلىدىغان دەريا ئېقىنىدىن ئۆتۈپ يىپەك يولىنى بويلاپ غەربكە كېتىۋاتاتتى. ئۇلار يول ئۈستىدىكى كىچىك بىر دەڭگە يېتىپ كەلگەنچە، ئۇلارنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئوتتۇرا ئاسيانىڭ قارا پاتقاقلىرى بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەنىدى؛ ئۇلار كىيىملىرىدىكى پاتقاقلارنى خىزمەتچىلىرىگە تال چىۋىقلار بىلەن ئۇرغۇزۇپ تازىلىتىدۇ. ئۇلار ئاشۇنداق ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتقاننىڭ سىرتىدا يەنە باندىتلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلمىشىغا ئۇچراش ياكى بولمىسا ئۆلتۈرۈش خەۋپىگە ھەر قاچان دۇچ كېلىپ تۇراتتى. پاتقاقتا مىلەنگەن بۇ ئىككى ساياھەتچى شەرقشۇناس مۇتەخەسسىلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ھاف ئۇنىۋېرسىتېتى خوگ گۈزەل سەنئەت مۇزېيى (Fogg Art Museum) دىكى لاڭدون ۋارنېر يەنە، بىرى پېنسىلۋانىيە مۇزېيى (Museum of Pennsylvania) دىكى خوراس جايىن (Horace Jayne) ئىدى. ئۇلار ئىككىسى بىلەن تەرجىمان ۋاڭ كاتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاددىيغىنە قوش چاقلىق تۆت ئات ھارۋا بىلەن قوشۇلۇپ، تۇنجى قېتىم جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىغا بارىدىغان ئامېرىكا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تەشكىل قىلغانىدى.

جۇڭگو دائىرىلىرى بىر قوراللىق قوغداش ئەترىتىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قەدىمىي شەھەر شىئەنگىچە ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۇ يەر بىر مەھەل يىپەك يولىنىڭ يىراق رىمغا بېرىشتىكى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قال-

غانىدى. ئۇ يەردىن باشلاپ ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ بىر تال قىسقا مىلتىقى بىلەن بىر تال ئاپتوماتىغا تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. بىر ئاق كۆڭۈل جۇڭگو مىلىتارىستى ئۇلارغا جۇڭگونىڭ يەرلىك قوشۇنلىرىنىڭ سىلەرنىڭ ئات - ھارۋىلارنى ئىشلىتىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەگەر تەلىيىڭلار ئوڭ كېلىپ قالسا، باندىتلارنىڭ سىلەرنى ئاۋارە قىلىشىدىنمۇ ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى ھەر بىر ھارۋىلارغا بىردىن يۇلتۇزلۇق بايراق قادىۋېلىڭلار، دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇق توت ماشىنىچى ۋارنېر بىلەن جەيمىسنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇلارغا ئاشۇنداق بايراق تىكىشكە كىرىشىدۇ. لېكىن بۇ ئىككىيلەن ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت بايرىقىدا زادى قانچە يۇلتۇز بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيدىكەن. ئەمما بۇ مەسىلىنى ئۇلارغا ماشىنىچىلار ھەل قىلىپ بېرىدىكەن. ئۇنىڭ چارىسى ھەربىر بايراققا پەقەت ئالتە يۇلتۇز ئورۇنلاشتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا پەقەت شۇنچىلىكلا جاي بار ئىدى.

ستەيىن ئېسىل گۆھەرلەرنى لىق قاچىلاپ ماڭغان ترانسپورت ئەترىتىنى باشلاپ جۇڭگودىن ئايرىلغاندىن بۇيان، ھازىرغا قەدەر سەككىز يىل ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ ئارىلىقتا بىرەر ئارخېئولوگ جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدىن ھېچقانداق نەرسىنى ئەكېتەلمىگەنىدى. بۇنىڭ بىر سەۋەبى، ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقى تۈپەيلىدىن چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىدىكى ئىلماقچى بولغان يېڭى ئېكسپېدىتسىيىلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغانىدى (ستەيىن ئۇرۇش پارتلىغان چاغدا جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدا ئىدى)، بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، جۇڭگودا شۇنىڭدىن كېيىندىنلا سىياسىي كرىزىس پەيدا بولغان، يەنى چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە قارشى تۇرۇش دولقۇنى 1925 - يىلىغا كەلگەندە تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ پارتلاش دەرىجىسىگە يېتىپ بېرىپلا قالىۋاتاتتى، بەلكى يەرلىك مىلىتارىستلار ئارىسىدىكى ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشى ۋە ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىش، ئەمۋاللىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن كۈچىيىشكە باشلىغانىدى، شۇڭا ئۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا قانۇن ۋە تەرتىپ دېگەنلەر ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران بولغانىدى. گەرچە

ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، ئامېرىكىلىقلار يەندىلا تەلىيىنى بىر سىناپ
كۆرمەكچى بولىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە مۇشۇ 1 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىدە
ئۇرغۇنلىغان سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئەكەتىش ئۈمىدىدە ئەمەس ئىدى،
گەرچە ۋارنېر بىلەن جەيىن قۇرۇق قول قايتىشنى ھەرگىزمۇ خالىمايدى-
غان بولسىمۇ، ۋارنېرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ بىر «رازۋېتكا خا-
راكتېرلىك ساياھەت» ئىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئالتە دۆ-
لەتنىڭ قازغۇچىلىرى ئاشۇ كونا ئىزلارنى قېزىپ بولغان ھەمدە مەدەنى-
يەت يادىكارلىقلىرىنى ئەكەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەردە ئەگەر يەنە قېپ-
قالغان نەرسىلەر بار بولسا، زادى نېمىلەر قېپقالغانلىقىنى كۆرۈپ باق-
ماقچى بولۇپ كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە سەن-
ئەت تارىخى جەھەتتىكى يېشىلمەي كېلىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى يې-
شىش ئۈمىدىدە ئىدى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىرى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى
تام سۈرەت سىزغۇچى داڭلىق رەسساملارنىڭ زادى قانداق بوياق ئىش-
لەتكەنلىكىنى ھەمدە بۇ بوياقلارنى نەدىن تاپقانلىقىنى ھاف ئۇنىۋېر-
سىتېتى تەجرىبىخانىسىنىڭ يارىمى ئارقىلىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالماقچى
ئىدى.

ئۇلار بېيجىڭدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان چاغدىمۇ، بەزىلەر بۇ
قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىنىڭ ئاقىلانىلىك ۋە بىخەتەر جۈملىسىگە كىرىدى-
غان - كىرمەيدىغانلىقىغا ئىنتايىن چوڭ گۇمان بىلەن قارىغانىدى. ۋار-
نېر ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى ساياھىتىنى بايان قىلىپ يازغان «جۇڭگودىكى
ئۇزۇن قەدىمىي يول» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ھىندىستاندىن
كەلگەن تاۋاپ قىلغۇچىلار ئۆتكەن دۇنيانىڭ ئۆگزىسى ... موڭغۇللارنىڭ
كۆچمەن قەبىلىلىرى، پادىشاھنىڭ ئەلچىلىرى، ھىندىستاندىن كەلتۈرۈل-
گەن يېشىل ياقۇت، جۇڭگودىن كەلتۈرۈلگەن يۇڭ - يىپەك توقۇلمىلار،
ئات سودىگەرلىرى، قەلەندەرلەر (ساياھەت داۋامىدا بىز كۆرگەن، تا-
رىختىمۇ قەدىمىي بولغان گۈزەل مەنزىرىلەر، پاسكىنىچىلىقلار، نالە -
پەريادلار ھەمدە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر، ئومۇمەن بۇ خىلمۇ - خىل ئىش-
لارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايتتى، ئۇلار ھەر دائىم كۆز ئال-

دىمىزدا نامايان بولۇپ تۇراتتى: پاسكىنىچىلىقلارغا قارىتا بولۇپمۇ يول بويىلىرىدىكى مەينەتچىلىككە، بۇرگە، چىۋىن ۋە پىتلارغا تولغان كىچىك دەڭلەردىكى پاسكىنىچىلىقلارغا نىسبەتەن بىز ئىككىيلەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بەرداشلىق بېرىشكە تىرىشاتتۇق. ئۇزاق ۋاقىت كېسەل بولۇپ تې-خى ئەمدىلا ساقايغان جەينىمىز شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئىرا-دىسىنى ۋە غەيرىتىنى چېنىقتۇرۇپ باقماقچى بولاتتى.»

1923 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۇلار شىئەندە ئۆزلىرىنى قو-راللىق قوغداپ ئەكەلگەن ئون ئادەم بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىنى رەسمىي باشلىۋېتىدۇ. ئۇلار يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا، چەمبەرچەس باغلانغان ئۈچ مەھبۇسقا ئۇلارغا تەخمىنەن 100 يارد كەلگۈدەك ئارىلىقتا، ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ناھايىتى تېز ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. بۇ بەلكىم ئامېرىكىلىقلارغا بۇ جايلاردا كىشىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ ئانچە كاپالەتكە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك. ۋارنېر بۇنىڭدىن بىزار بولغان ھالدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: ... «ئۈچ ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىندى، ئەسكەرلەر جەسەتلەرنى يىغىشتۇرۇشنى باشقىلارغا قالدۇرۇپ، كەينىگە قارىماي قويماستىن كې-تىشتى. شىئەن (قەدىمكى چاڭئەن) ئىززۇندىن بېرى ئۆلۈمدىن ئايرىلا-مايلا كەلگەنىكەن. سىتەيىن چوقۇنۇپ كەلگەن بۇددا تەلىمىنى قوغدىغۇ-چى دانىشمەن راھىب شۈەنزاڭمۇ جۇڭگونىڭ بەزىبىر ئۇلۇغ پادىشاھ-لىرى ۋە سىياسىئونلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغانىكەن. ۋارنېر بىلەن جەيىس بۇ شەھەرنىڭ ئېگىز سېپىلىدىن چىقىپ غەربكە يول ئالغان چېغىدا، ئۇلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە دۆۋىلىنىپ تۇرغان قەبرىلەرنى ئۇچراتتى. ۋارنېر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ مۇقەددەس قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىنى قېزىپ بېقىشقا ھېچكىم جۈرئەت قى-لالمايتتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە زادى قانچىلىك ئېسىل گۆھەرلەرنىڭ بارلىقىنى ئىپدىتلاپ باقىدىغانمۇ ئادەم چىقمايتتۇ.» ئۇيەنە كىنايە ئارىلاش مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خىل ئەھۋال كىشىدە، قارىسا كۆز يەتمەيدىغان ئاشۇ يىراق-تىكى چوڭ - كىچىك قەبرىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن قازغۇچىلار

ئۆرنى قىزىقتۇرۇشقا تولىمۇ ماھىر ئىكەن. ئۇلار ئىزىمىزغا پەقەت تەكەببۇر دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلاتتى.»

لاڭدون ۋارنېر ئىككى كىشىلىك ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ رەھبىرى بولغان. پېللىئوتقا ھەرگىزمۇ ئوخشىمايتتى. پېللىئوت بېشىدىن كۆپ قىش ئۆتكۈزگەن؛ ھەدېسىلا كىشىلەرنى بىراقلا ھەيران قالدۇرۇشنىڭ كويىدىلا يۈرىدىغان بىر ياش ئىدى. ۋارنېرنىڭ بويى ناھايىتى ئېگىز، چاچلىرى قىزىل بولۇپ، ئۇ 42 ياشقا كىرگەن چېغىدىلا تەجرىبىگە باي سەنئەت تارىخشۇناس ۋە ئارخېئولوگلاردىن بولۇپ قالغان ھەمدە دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىدىكى ياپونىيە بۇددا سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئۆزىگە شان - شەرەپ كەلتۈرگەنىدى. 1903 - يىلى ئۇ ھاف ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، رافېل پامپېلىي (Raphael Pumpelly) نىڭ گېئولوگىيىلىك ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە روسىيە ئوتتۇرا ئاسىياسىنى ساياھەت قىلغان. ئۇ يەردە قەدىمكى يىپەك يولىدىكى سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى زىيارەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە شۇ چاغدىمۇ مۇستەقىل بولۇپ تۇرۇۋاتقان كانا تېپۇفكۇۋا * (Khanate of Khiva) دۆلىتىنىمۇ زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۇ يەرگە يېتىپ بارغان تۇنجى ئامېرىكىلىق ئىدى. ئۇ يېڭى ئەنگگىلانىغا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەنى ئۇ 24 ياشقا كىرگەن يىلى بىر باش ئەربىينى جىددىي قۇتقۇزىدىغان چاغدا. ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايان قىلغانىدى. ئۇ چاغدا، ھېلىقى ئەربىي تېز سۈرئەتتە كېلىۋاتقان پويىزنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ چۈشىدۇ، ۋارنېر دەرھال رېلىسقا سەكرەپ چىقىپ ئۇنى قۇتقۇزۇشقا قىستۇرۇۋېلىپ، يان تەرەپكە كۈچىنىڭ بارىچە ئىتتىرىۋېتىدۇ - دە، ھەر ئىككىسى خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. شۇندىن كېيىنلا ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا غايىب بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ باتۇرلۇقىنى ئەگەر شۇ يەردىكى ھاف ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قالمىغان بولسا، باشقىلار مەڭگۈ بىلمەي قالغان بولاتتى.

---

* كانا تېپۇفكۇۋا (Khanate of Khiva): شور دېڭىزنىڭ جەنۇبىدىكى ئامۇدەرياسى (ئوتتۇرا ئاسىيا چېگرىسى ئىچىدە) ئېقىنىدىكى بۇرۇنقى كانا تېپۇفكۇۋا دۆلىتىنى دېمەكچى، ھازىر ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە.

جالاقى پروفېسسور ۋارنېرنىڭ دادىسىغا خەت يېزىپ، ئۇزۇنسىناق بۇ ئىش
نىڭ جەريانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. گەرچە بۇ
باتۇرنىڭ ئىسمىنى يادىلا ئاتىماي، بەقەدەر خەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا ئۆزى
دېيىلا بىر جۈملە سۆز بىلەن، «بۇ ئىش توغرىسىدىكى ھەممە گەپنى بەل-
كىم ۋارنېر سىزگە ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن» دەپ يېزىپ قويىدۇ.
بەلكىم دەل ئاشۇ چاغلار بولسا كېرەك، ۋارنېر مۇزېيىدا ۋە غاف
ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر قاتار ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان بىرىنچى ئادەم
ھېسابلىناتتى. ئۇ بۇ ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، قە-
رەللىك ھالدا ئاسىيانى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى ۋە ئېكسپېدىتسىيە بى-
لەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ ھاۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا كۆپ يىللاردىن بۇيان ئامې-
رىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا بۇرۇن زادىلا تەسىس قىلىنىپ باقمىغان شەرق
سەنئىتى دەرسىنى تەسىس قىلدى. بۇ مەكتەپنىڭ كېيىنچە بىر تۈركۈم
ھازىرقى زامان ئامېرىكا شەرقشۇناسلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىغانلىقى
ئۇنىڭ ئاشۇ بىر كەسىپنى تەسىس قىلغانلىقىدىن ئايرىلمايتتى.
1924 - يىلىدىن ئىلگىرى گەرچە ئۇ جۇڭگو تۈركىستانىغا بېرىپ
باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇ يەرگە ئاللىقاچان كۆزى چۈشكە-
نىدى. 1908 - يىلى پوستون گۈزەل سەنئەت مۇزېيى ئۇنى ئارىيەتكە
ئېلىپ، ياپونىيىنىڭ نەيلياك دېگەن يېرىگە ياپونىيە بۇددىزم سەنئىتىنى
ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەن چاغدا، ئۇنى جۇڭگو تۈركىستانىغا بېرىپ بىر قېتىم
ئېكسپېدىتسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلغان ھەمدە بۇ ئىش ئۈچۈن 10 مىڭ
ئامېرىكا دوللىرى ئاجراتقانىكەن. ئەمما مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن
بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشماپتىكەن. كېيىن 1913 - يىلى كۆزدە ئۇ بېيجىڭدا
بىر ئامېرىكا ئارخېئولوگىيە مەكتىپىنى ئېچىشقا خېنپىيدىكى فرانسىيە يىراق
شەرق مەكتىپىنىڭ شەكلىگە ئوخشىشىدىغان شەكىل بىلەن ئېچىلىدۇ) تەكلىپ
قىلىنىدۇ. ئۇ يەردە جۇڭگو ئارخېئولوگلىرىنىمۇ، ئامېرىكا ئارخېئولوگلىرىنىمۇ
تەربىيىلەشكە ۋە يېتىشتۈرۈشكە بولاتتى. بۇ مەكتەپنى ئېچىشنى پىلانلىغان
كىشى دېترويتتىكى مىليونېر شۇنداقلا شەرق سەنئەت بۇيۇملىرىنى توپلىغۇچى
چارلېز لى فرېر (Charles L.Freer) بولۇپ، ۋاشىنگتوندىكى ئۇنىڭ ئىسم-

مى بىلەن نام بېرىلگەن ناھايىتى چوڭ بىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلاش ئورنى بۇ ئادەمنىڭ خاتىرە سارىيى ئىدى.

ۋارنېر بېيجىڭغا كېتىشتىن، ياۋروپادىن ئۆتىدىغان چاغدا لوندون، پارىژ، بېرلىن، ۋە سانكت‑پېتېربۇرگنى ساياھەت قىلدى، ئۇ پېللىئوت، چاۋاننېس ۋە باشقا داڭلىق شەرقشۇناس مۇتەخەسسىسلەر بىلەن كۆرۈشتى. شۇنداقلا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا شەرق سەنئەت بۇيۇملىرىنى توپلاش ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇ بېرلىن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇزېيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلغان فون لېكوكنىڭ ئېسىل گۆھەرلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن «ئۇ چاغدا فون لېكوك جۇڭگو تۈركىستانىدا ئىدى) مۇنداق دېدى: ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ بۇيۇملارنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا ھازىرچە گەپ ئاچماي تۇرايلى، لېكىن ستەين ئەكەلگەن نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنىڭ ئۆزىدىن قارىغاندا، ئۇلار گۈزەللىك جەھەتتە بۇ يەردە كۆرگەزمىگە قويۇلغان نەرسىلەردىن تولىمۇ ئارتۇق ئىدى.» فون لېكوكنىڭ ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى چىقىش قىلىپ، گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان بۇيۇملارنى ئەڭ ياخشى دەپ تەرىۋالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ مۇسابىقىلەشكۈچىلەرنىڭ بىرى ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان بۇيۇملار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بىردىنبىر سېلىشتۇرما ئىدى. فىرېرنىڭ بېيجىڭدا ئامېرىكا ئارخېئولوگىيە مەكتىپى ئېچىش خىيالى ئۇرۇش پارتلىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ۋارنېرنىڭ جۇڭگو بىلەن مۇڭغۇلىيىنى ساياھەت قىلىشىغا ئوخشاش ياخشى بىر پۇرسەت بولۇپ قالدى؛ گەرچە ئۇنىڭ شەنشىنى زىيارەت قىلىش يولىدا كۆرسەتكەن خىلمۇ‑خىل تىرىشچانلىقلىرى شۇ يەردىكى قانخورلۇقنى ئادەت قىلىۋالغان. «ئاق بۆرە» دەپ نام ئالغان بىر بالدىت يولغا قويىۋاتقان تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇ بېيجىڭدا يەنە پېللىئوت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئەلچىخانىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىقىنى ۋاقىتلىق ئۆتەۋاتقان بىر فرانسىيىلىك ئىلىم ئەھلى ئۇنىڭغا ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئىككىمىز بىرلىكتە ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ قېزىش ئېلىپ

بارساق دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. بۇ تەكلىپنى ئاڭلاپ قاتتىق ھاياجانلانغان ۋارنېر ئۆز دۆلىتىگە يازغان خېتىدە «ئەگەر بىزنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىزگە ئۇ قاتنىشالىغان بولسا. ئۇ چاغدا دۇنيا بويىچە ئەڭ داڭلىق بىلىم ئەھلىدىن بىرى بىرگە قوشۇلغان بولاتتى» دەيدۇ. بىراق بۇ ئىشمۇ ئاخىرى بېرىپ كۆپۈككە ئايلىنىپ قالىدۇ. كېيىنچە ۋارنېر ئاخىرى شىئەنگە كېلىدۇ ھەمدە ئامېرىكىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى (ھاف ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فوگ سەنئەت مۇزېيى تەشكىللىگەن) يېتەكلەپ جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلارنىڭ بىلەن جەيىن دەل ۋاقتىدا كەتكەن، بولمىسا، ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان دەرۋازا تاقىلىپ قالار ئىكەن.

ئۇلارنىڭ تۇنجى نىشانى جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى غايەت زور سېپىل بار قاراخوتو خارابىسى ئىدى. كوسلوۋ بىلەن ستەيىننىڭ ھەر ئىككىسى ئۇ يەردە قېزىش ئېلىپ بارغانىدى. ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن، قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ، لەنجۇدىن ئۆتۈپ تا سۇجۇغىچە بېرىپ، ئۇ يەردە ئول ترانسپورت لېنىيىسىدىن ئايرىلىپ، قاقاس چۆللۈكتىكى چىغىر يوللاردا ماڭغاندا ئاندىن قاراخوتو خارابىسىگە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. ئۇلار شىئەندىن يولغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇزۇلمەي يېغىۋاتقان يامغۇرلۇق كۈنلەرگە دۇچ كېلىدۇ - دە، يوللار پاتقاق بولۇپ مېڭىش قىيىنلىشىدۇ. كېيىن ئۇلار لەنجۇغا ئىككى كۈنگە يېقىن يول قالغان بىر يەرگە كېلىپ، يول بويىدىكى بىر كىچىك دەڭگە چۈشىدۇ. ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلار ستەيىننىڭ «جۇڭگو قۇملۇقلىرىدىكى خارابىلىكلەر» دېگەن كىتابىنى ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. ۋارنېر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھەسەتخورلۇق تۇيغۇسىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغاندا تاشلاپ قويدۇق.» ئۇلار ئەڭ ئاخىرى يول ئۈستىدىكى يامغۇرغا قارىماي، پۇتلىرىنى سۆرەپ 14 سائەت يول مېڭىپ لەنجۇغا يېتىپ كەلگەن چاغدا، توساتتىنلا جۇڭگو ئەسكەرلىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن سەكرەپ چىقىپ، خېچىرلارنىڭ بېشىغا ئېسىلىپ، ئۇنى «ھەربىي ئىشلار»غا ئىشلىتىمىز دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ۋارنېر قاتتىق غەزەپكە كېلىدۇ - دە، يان

تەرەپتە تۇرغان بىر باشلىقنىڭ باقىمىدا ئىشلىگەن بىر يېرىم ئۇيغۇر-
لەرنىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامباللىرىنىڭ بېشىدا باشلاپ بارغان... ئەدەبىي
يا بولغا بارغاندا. ئۇ يەردىكىلەر ئامبالنىڭ ئەخلاقاتلىقىنى، كۆرۈش-
مەكچى بولسا تاڭ ئاتقاندا كىرىش لازىملىقىنى ئېيتتى. ۋارنېر ئەتىگەر
ر-استتىنلا شۇنداق بولسا. ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ھازىرلا ئورنىدىن تۇر-
سۇن، بولمىسا ئەجنەبىي ئالۋاسىنى كىرىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ
قويىدۇ. دەپ ۋارقىرايدۇ. مەسىلە كۆرۈلمىگەن بىر ھەل قورقۇنۇش ۋارنېرنى
مەقسەتكە يەتكۈزىدۇ. 15 مىنۇتتىن كېيىن. تەلەتىدىن قورقۇنچ باسقان
ھېلىقى ئىش بېجىرگۈچى ئامبال غەزەپكە تېشىپ تۇرۇۋاتقان ئىككى ئەج-
نەبىنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. بۇ چاغدا ئەجنەبىيلەرنىڭ بەدىنىدى-
كى لاي سۇلار ئۇنىڭ ئۆي جاھازىلىرى ۋە گىلەملىرىگە تېمىپ تۇراتتى.
ئۇلار ئۇنىڭ قاراقچى ئەسكەرلىرى بۇلىۋالغان مال - مۈلۈكلەرنى ئۇلار-
غا قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قايتا - قايتا كېڭەشىش ئارقى-
لىق. ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ئەسكەرلەرگە ئۇلارنىڭ ھارۋا ۋە ئات-
لارغىچە قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلىپ خەت يېزىپ بې-
رىشكە ماقۇل بولىدۇ. ئارىماقتا ۋارنېرنىڭ بۇ قىلمىشلىرى يۇقىرى بېسىم
ئىشلەتكەنگە ئوخشىشىپ قالاتتى. لېكىن ئۇ ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ ترانس-
پورت قوراللىرىنى قايتۇرۇۋالالماي قالسا، ئۇ چاغدا پىلتىكۆل ئېكسپې-
دىتسىيە ئەتراپتىنىڭ فوگ مۇزېيى سالغان مەبلەغ بىلەن بىرگە ئىنتايىن
زور خەۋپ ئىچىگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلگەنلىكى ئۈچۈن
شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

بۇ ئىككى ئامېرىكىلىق سەپەر داۋامىدا، جۇڭگونىڭ چەت - ياقا
ئۇنىڭ ئۈستىگە خەۋپ - خەتەر بىلەن تولغان بۇ جايلىرىدا خىزمەت قى-
لىشقا رازى بولغان بىر قانچە ياۋروپالىقنى ئانچە - مۇنچە ئۇچرىتىپ
تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاتاقلىقى جورج خۇنتېر (George Hunter)
بولۇپ، خىزىرغا ئوخشاش بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەچىسى
قوشۇمچە دىني مۇخلىس ئۆز ئۆمرىدىكى 57 يىل ۋاقتىنى
(سوۋېت تۈرمىسىدە نەزەربەند قىلىنغان 13 ئاي بولۇنۇش سىرتىدا)

ئۆز ئۇرۇقلارغا ۋە ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كىشىلەرگە ئىنجىلنى تەشۋىق قىلىشقا سەرپ قىلغانىدى. بۇ ئادەم ئىنجىلنىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا يېزىقىغا تەرجىمە قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ رايوننىڭ ئەھۋالىنى ھايات ياشاۋاتقان ھەر قانداق بىر ئادەمگە قارىغاندا ئېنىق بىلەتتى. ئۇ 1946 - يىلى ئۆلدى ھەمدە ئۈرۈمچىدە دەپنە قىلىندى. ۋارنېر بىلەن جەيمس لىياڭجۇدىن ئۆتۈپ كې-تىۋېتىپ ئۇنى ئۇچرىتىپ قالدى، ئۇ بۇلارغا ئۆزىنىڭ يېقىندا جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ ئاۋارىچىلىكىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئەمما ئۇلارنىڭ شوتلاندىيىدە تۇغۇلغان بۇ دىنىي مۇخلىسنىڭ ئىمزىدىن بىلە-ۋالغىنى پەقەت «بۇ بىچارە بالىلار ئىنتايىن قوپال. ياۋا ئىكەن. ئەھ دې-سىلا ئۇرۇشىدىكەن. ئۇلار بىرقانچە قېتىم مېنى ئۇرماقچى بولۇشتى، لې-كىن مەن ئۇلارنى مېنى قويۇۋېتىشكە قايىل قىلدىم.» دېگەندىنلا ئىبارەت بولدى. ئۇ ۋارنېر بىلەن جەيمسنىڭ پىلانىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇلارغا ئىنتايىن قىزىقىپ قالدى. چۈنكى بۇ ئادەم 1906 - يىلىدىن باشلاپ ئىزچىل تۈردە ئۈرۈمچىدە تۇرغان بولۇپ، ئۇ يەردە ستەيىن، فورلېكوك ۋە پېللىئوت بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. بۇ يەردە ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن بولغان يەنە بىر ياۋروپالىق بار بولۇپ، ئۇ لىتۇۋدىن كەلگەن. بومبا ساقال بىر فرانسىيەلىك ئىدى. ئۇ ئىلگىرى تۆمۈريول ئىنژېنېرى بوپتىكەن. شىزاڭغا بېرىپ سائەتمۇ ساتقانىكەن. ئۇ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ داغا يېتى پاكىنىلىق بىلەن تولغان ئىشقى - مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى زوق - شوخ بىلەن سۆزلەپ بەرگەنىكەن. ۋارنېر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇنىڭ سۆيگىنى ناھايىتى كۆپكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئېرقى ئوخشىمايدىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ شەھۋەتپەرەست كەلگەن بىر قانچىسى زاكىرىملىلىتىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن چىرىپ قالغان سېرىق مايىنىڭ پۇرىقى پۇراپ تۇرىدىكەن.»

ئۇلار داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلىش جەريانىدا، بۇ ئىنگلىز بىلەن باشقا بىر ئىشنى بايقاپ قالدى. ۋارنېر شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەس-كە ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر قانچە كۈندىن بېرى بىزدە بۇ سايان

غەربىي شىمال رايونىدىكى يوللاردا باشقا چەت ئەللىكلەر ھامان بىزلەن بىللە كېتىۋاتقاندەك... بىر خىل غەلىتە تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ھەر بىر دېگىندەك ھەر بىر ئېغىز ئۆيگە ۋە خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن شەھەر - بازارلىرىنىڭ ياتاق تاملىرىغا، بىرقانچە ئاي ئىلگىرى بۇ يەردىن كەتكەن روسىيىلىكلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، ئەتىرەت نومۇرى ۋە چېسلا... يېزىپ قويۇلغانىكەن.» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇندىن ئۈچ يىل ئىلگىرى بۇ يىپەك يولىدا ماڭغان چەت ئەللىكلەر بۇندىن 2مىڭ يىل ئىلگىرى ماڭغانلاردىنمۇ كۆپ ئىكەن. بۇ چەت ئەللىكلەر بولشېۋىكلارنىڭ تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىدىن قورقۇپ شەرققە قېچىپ كەتكەنلەر بولۇپ، ئۇلار پۇقرالار ۋە ئەسكەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاق ئورۇس مۇساپىرلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر بېيجىڭ ۋە شاڭخەيدە ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا تېخىمۇ يىراقلارغا كېتىپ قاپتۇ.» ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:... «تارىخ پەيدا بولغاندىن بۇيان ياپونىيە شەھەرلىرى ئاق تەنلىك ئەرلەرلەن ئاق تەنلىك يالاڭئاياغ ئاياللارنىڭ يول بويىدا ئاسىيالىقلاردىن بىر نەرسە تىلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا تاسادىپىي سەپتىن چۈشۈپ قالغان بىر قانچە ئادەمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان مۇساپىرلارنىڭ ھەممىسى دېڭىزدەك ھازىر يىپەك يولىدىن ئايرىلىپ كەتكەنىدى. ئەمما بىز ئۇشتۇمتۇتىشى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن. روسىيىلىك يەككە - يېگانە 16 ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. بىز خەجلەپ ئېشىپ قالغان پۇللىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتۇق. ئۇنىڭ «بۇلاقتەك كۆزلىرى» مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن پەقەتلا نېرى كەتمەيتتى. مەن دائىم، «مەن ئۇنى ئاچ، ھىمايىسىز مۇدھىش ئىچىگە — شىمالىي جۇڭگونىڭ زىمىستان سوغۇقلىرىغا ۋە ھېسداشلىق قىلماس، ئىچ ئاغرىتىشنى ئانچە بىلمەيدىغان سېرىق تەنلىكلەر ئارىسىغا تاشلاپ كەتتىم، ئۇ بالا ھازىر قانداق بولغاندۇ؟ دەپ ئويلايتتىم.»

ئەڭ ئاخىرى، ۋارنېر بىلەن جەيىن سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئەڭ چېتىـ

دىكى سۇجۇ دېگەن كىچىك بىر بازارغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇلار ئالدى
بىلەن خېچىرلارنى تۆگىگە ئالماشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي شىمالغا
مېڭىپ چۆل - جەزىرىگە كىرىپ قاراخوتو خارابىسى يەنى ماركو پولونىڭ «ئېت-
زىنا» دەپ ئاتىغان يەرگە قاراپ يول ئالىدۇ. 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى
يەنى ئۇلار بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ تەخمىنەن تۆت ئايدەك ۋاقىت ئۆت-
كەندىن كېيىن، ئۆزلىرى نىشان قىلغان يەرگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ چاغدا
قىشنىڭ زىمىستان كۈنلىرى يېتىشلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ۋار-
نېر قاتتىق سوغۇقلارغا ۋە بۆرىلەرنىڭ كېچىدىكى ھۇۋلاشلىرىغا قارىماي
دۆلىتىگە خەت يېزىپ تۇرىدۇ: «بۇ يەرنىڭ سۈيۈنلۈكلىكى مېنىڭ تەسەۋ-
ۋۇر قىلغىنىمدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدىكەن ...» ئۇ خېتىدە بۇ شەھەرنىڭ
ناھايىتى چوڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا (تەخمىنەن ئالتە ئەسىر ئىلگىرى،
ماركوپولو شۇ چاغدىكى بۇ ئاۋات شەھەر ئىچىگە مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ
كىرگەن) يېتىپ بارغاندىكى ئەھۋاللارنى تەسۋىرلىگەن چېغىدا مۇنداق
دەيدۇ: «بۇ چاغدا شەھەرنى ساقلاۋاتقان سۇھا پىزەتچى ئەسكەرلەرنىڭ
مېنىڭ كىمنىشكىلىرىمنى تەكشۈرگىلى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بول-
مايتتى؛ قوللىرىغا ئوقيا ئالغان كىشىلەرنىڭ سېپىل ئۈستىدە ماڭا ھەي-
رانلىق بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى؛ سارايلاردىكى
كىشىلەرنىڭ مېنى چاي بىلەن كۈتۈۋالغانلىقىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى.
ئۇ دەل كۈن چۈشتىن قايرىلغان ۋاقىت بولۇپ، كوچىلاردا بىرەر ئادەم-
نىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.» ئەمما ئۇلار بۇ جىمجىتلىققا چۆمگەن قا-
قاس خارابىلىكتە قېزىش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئون كۈن جەريانىدا، باشقى-
لارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك بىرخىل تۇيغۇ ۋارنېرنىڭ
ۋۇجۇدىدىن پەقەتلا نېرى كەتمەيدۇ.

شۇ ئەسنادا، قاراخوتو خارابىسىگە ئۇلاردىنمۇ بۇرۇن كەلگەن ئىك-
كى زىيارەتچى كوسلوۋ بىلەن ستەيىن قالدۇرۇپ كەتكەن شۇملۇقتىن دې-
رەك بېرىدىغان ئالامەتلەر ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. ۋارنېر
بىلەن جەيىننى ئۇمىدسىزلەندۈرگەن نەرسە شۇكى، بۇ ئىككى نەپەر يول
ئاچقۇچى ئىنتايىن كۆپ ساندىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان خارابىلەرنىڭ

ھەممىسىنى قېزىپ چىقىپتۇ (ۋارنېرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، پۈتۈن
نەرسىلەرنى «كەلسە - كەلمەس چېرىتىۋېرىپتۇ»)، يەنە كېلىپ دۇنيانىڭ
ئىچىدىكى قىممىتى بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى، جۈملىدىن ئارلىق تام
سۈرەتلىرىنى ئەكەتىپتۇ. دەرۋەقە، 1913 - يىلى ۋارنېر سانكت پېتربورگ
دا كوسلوۋ بۇ يەردىن ئاپارغان ئاشۇ ئىنتايىن گۈزەل مەدەنىيەت يادى
كارلىقلىرىنى كۆرگەن ھەمدە مافتىخارلانغانىدى. ئۇنىڭ بۇ خارابىلىكنىڭ
ئىككى قېتىم قېزىپ بولۇنغانلىقىنى ھەمدە ھەر قېتىمدا نۇرغۇن قەدىمىي
يادىكارلىقلارنىڭ ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بۇرۇنلا بىلگەن تۇرۇقلۇق يەنە
ئۇنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى نىشانى قىلىپ ئالغانلىقى كىشىنى ئەجەبلەندۈرمەي قالمايتتى،
بۇ بەلكىم ئۇنىڭ بۇ شەھەرنىڭ نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان ئىرچىل تارىدا
قۇمنىڭ ئاستىدا چوقۇم كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاشۇ كېيىنكىسى
ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئۇنى قېزىپ چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى
تولۇق تونۇپ يەتمىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ئۇلار گەرچە بىر قىسىم
شىشا بۇيۇملارنى جۈملىدىن بىر قانچە تام سۈرەتلىرىنىڭ پارچىلىرىنى
تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا ئىشنىڭ نەتىجىسى ئۇلارنى
ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدۇ. خۇددى ۋارنېرنىڭ ئېتىراپ قىلغىنى
دا ئوخشاش. «ئېكسپېدىتسىيىگە قىلىنغان ئېكسپېدىتسىيە شۇنى ئىسپاتلىدىكى،
تۇرغۇزۇلغان ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇزاق ۋاقىت قېزىش ئېلىپ
بارماي تۇرۇپ، بۇ يەردىن يەنە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىشتىن
ئۈمىد كۈتۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى كوسلوۋ بىلەن ستەين
بۇ يەرنى كېيىن كەلگەنلەر قازغۇدەك بىرەر نەرسە تاپالمايدىغان
دەرىجىدە پاك - پاكىز قېزىپ بولغانىكەن.» لېكىن قاراخوتۇ خارابىسىگە
قىلىنغان بۇ سەپەر ۋارنېرغا بىر خىل ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ كەلدى دېيىلى-
دىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنى جەيمىنگە بىر بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىش-
كە تاس قالدى دېيىشكە بولاتتى.

بۇ ئىككى ئامېرىكىلىقنىڭ ئەسلىدىكى نىشانى دۇنخۇاڭ ئىدى. ئۇلار
پېللىئوتنىڭ ھەمراھى نوۋېت تارتقان رەسىملەردىن ئۇ يەردىكى نەپىس
سەنئەت ئۇسلۇبلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدى. ئۇلار تارا

خۇددى ئۈمىدسىزلىككە ئۇچرىغانلىقى تۈپەيلىدىن شۇنداقلا ستېيىن، پېللىئوت، ئولدېنبۇرگ ۋە جىرۋېيپا ئۇلارنىڭ دۇنخۇاڭغا بارغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قول سالالمىغۇدەكلا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەكەتكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ يەرگە بېرىش - بارماسلىق توغرىسىدا ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي قالدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ۋارنېر تىلشۇناس ئەمەس بەلكى سەنئەت تارىخچى ئالىمى ئىدى. شۇڭا ئۇ قول يازمىلارغا ئانچە بەك قىزىقىپ كەتمەيتتى. دەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ستېيىن كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ 16 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، دۇنخۇاڭدا ئەمدى ھېچ نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ، دەپ كىممۇ ئېيتالىسۇن؟ بۇنىڭدا يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ۋارنېر بۇ يىراق يەرگە بېرىپ زىيارەت قىلىشنى خېلى بۇرۇنلا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان بولۇپ، ئۇ بىر سەنئەت تارىخچى ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى شەرقشۇناس ئالىملار كۆرەلىگەن قۇملۇقتىكى بۇ ئۇلۇغ بەدىئىي رەسىملەر ماكانىنى بىر كۆرۈپ بېقىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاف ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھەر قايسى تەجرىبىخانىلار تەجرىبە قىلىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن، مۇكەممەل تام سۈرەتلىرى تېپىلمىغان تەقدىردە، ئۇنىڭ بەزىبىر پارچىلىرىغا بولسىمۇ ئېرىشىشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىپ تۇراتتى. بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ مەقسىتى كېيىنكى چاغلاردىكى تېخىمۇ چوڭ قارا نىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا قىلىنىدىغان تەۋەككۈلچىلىكى ئۈچۈن يول ھازىرلاش ئىدى. شۇڭا بۇنىڭغا ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ھېچ بولمىغاندا شۇ چاغلاردا ئۇلار ئاشۇنداق ئويلىغانىدى. قاراخوتو خارابىسىدىن دۇنخۇاڭغا بېرىش ئۈچۈن، ئاۋۋال مۇزلاپ كەتكەن قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ سۇجۇغا قايتىپ كېلىپ ئاندىن ئۇ يەردىن ئاشۇ غايەت چوڭ تاش غارلار دۆۋىسىنى نىشان قىلىپ داۋاملىق غەربكە يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇلار چېدىرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقىدىغان چاغدا، توختىماي يېغىۋاتقان قارلار بۇ قارا شەھەرنى ئاللىقاچان كۈمۈش رەڭلىك بىر دۇنياغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەلۇزىرە كىشىدە غەلىتە بىر تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. لېكىن قىزىشنى داۋام-
لاشتۇرۇۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىدىنمۇ دېرەك بېرەتتى. ئۇلار قايتىش
سەپىرىدە قۇملۇقتىن ئۆتكەندە، بارغان چاغدىكىدىنمۇ بەك چارچاپ
ھالسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئېغىر ئاياغلىرىنى سۆرەپ، قار - مۇزلار ئاستىدا
قالغان روشۇنى بويلاپ، قار بىلەن قاپلانغان زېمىننى دەسسەپ، كىشىنىڭ
ئۇستىخىنىدىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامال ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.
ئۇلار ھېچقانچە يول ماڭماي يەلا ھېرىپ كەتكەنلىكىنى، بىرەر قەدەم مېڭىش
ئىمكانىيىتى قېيىنغا توختاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، شۇڭا جەيىن تۆگە
مىنىپ مېڭىش قارارىغا كېلىدۇ. لېكىن، ئۇ چاغدا زامىن بولىدىغان
خاتالىقتىن بىرنى ئۆتكۈزگىلى تاسلا قالغانىدى. كېيىنكى بېكەتتە توخ-
تىغان چاغدا، ئۇ دۈگدىيىپ تۇرغان تۆگىنىڭ ئۇستىدىن قاتۇرۇپ قويغان
ھەيكەلدەك سىرىلىپ چۈشۈپ يەردە دۈم ياتقان پېتى ئورنىدىن تۇرال-
ماي قالىدۇ. ۋارنېر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن ئۇنى قار ئۇستىدە سۆ-
رەپ، دۈمبىسىنى بىر دۆۋە ئوتقا قارىتىپ قويدۇم. ئۇنىڭ ئۆتۈكنى سال-
دۇرۇپ قارسام، ئىككى پۇتى ئۇششۇپ قېتىپ قاپتۇ.» شۇندىن كېيىن ئۇ
الك تەرجىمان بىلەن بىللە جەيىننىڭ ئىككى پۇتىنى قار بىلەن سۈرتۈش-
كە كىرىشىدۇ (بۇ قەدىمكى زاماندىن قالغان، ئۇششۇكنى داۋالاشتا
قوللىنىدىغان جىددىي تەدبىر ئىدى، بۇ چارە گەرچە ستەيىننىڭ پۇت-
بارماقلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالالمىغان بولسىمۇ) ئۇلار ئۇدا ئۈچ سائەت
سۈرتىدۇ. جەيىننىڭ سېزىمى ئەسلىگە كەلگەن چاغدا، ئاغرىق ئازابىدىن
بىراقلا ھوشىدىن كېتىدۇ. ۋارنېر يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز باغرىمىزنى
قاتتىق قىلىپ، داۋاملىق كۈچەپ سۈرتۈۋەردۇق.» ئۇلار بەزىدە يارىدارغا
يەنە بىردىن يۇتۇم جوڭگو ئىسپىرتى (بۇنى ئۇلار كىچىك تېپتىكى ئەپچىل
قازانغا يېقىلغۇ قىلىش ئۈچۈن ئېلىۋالغانىكەن) ئىچكۈزۈپ قويۇپتۇ.
ئاخىرى ئۇلار قايتا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ تېرىسلەرنى ئاز - تولا
بولسىمۇ قۇتقۇزۇپ قېلىش مەقسىتىدە، ئۇششۈگەن پەرلەرنىڭ تېرىلىرىگە
ھايۋانات مېيىنى سۈرتۈپ قويۇپتۇ. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق
دەيدۇ: «بىز ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئىسسىقىنى قوينىمىزغا تىقىپ تېرىمىزگە

تەككۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئادەم بەدىنىنىڭ نورمال ئىسسىقلىقىنى ئۆتكۈزدۇق، بۇ چاغدا ئۇ باشتىن - ئاياغ زادىلا ئاغرىنمىدى. مەن ئۇنىڭدىن ئىلگ ئاددىي سۆزلەر بىلەن ئەھۋال سورىغان چېغىمدا، ئۇ پەقەت غەيرىتىمنى ئۇرغۇتۇپ، ئاغزىنى ئۇمچەيتىپلا قويدى.»

شۇ كۈنى كېچىسى ۋارنېر بۇ چېكى يوق كەڭ دالىدا، جەينىنى قالدۇق قىلغاندا شىددەتلىك قار - شۇۋىرغان ئۇچۇرۇپ تاشلىغان بۇ زىنداندىن بىخەتەر يەرگە ئەكەتكىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ پەقەتلا ئۇخلىيالمايدۇ. ئۇلارنىڭ يېتىلغۇسى ئازغىنە قالغان بولۇپ، ئۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇۋېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ جەينىنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ھازىرقى سالامەتلىك ئەھۋالىمۇ تۆگە ئۈستىدە سىلكىنىپ ئولتۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. شۇڭا ئۇلار بىر ئامال قىلىپ بىرەر ئات ھارۋىسى تاپمىسا بولمايتتى. ئۇلار شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ۋاڭ تەرجىمانىنى يېقىن ئەتراپتىكى تەخمىنەن ئىككى كۈن يول ماڭغاندا ئاندىن بارغىلى بولىدىغان بىر بوستانلىققا بېرىپ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي، بىر ئامال قىل بىرەر ئات ھارۋىسى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا جەينىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىدۇ. ۋارنېر ئۇنىڭ پۇتىدىكى يارىنىڭ يا چەتتانغا ئايلىنىپ كېتىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ قاتتىق قاي رىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىنكى تەڭ كېچىدە ۋاڭ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن كونا بىر ئات ھارۋىنى ۋە ئىلاجىسىزلىقتىن ھارۋا بىلەن بىللە كەلگەن ھارۋا ئىگىسىنى ئەكېلىدۇ. ئەتىسى ئۇلار يولغا چىقىدۇ. جەيىن ھارۋىدا ياتىدۇ، ۋارنېر بىئاراملىق ئىچىدە ھارۋىغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىپەرۋالىقى تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق كېلىشمەسلىكنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ. شۇنداقلا يەنە «مەست قىلىش دورىسى بولمىغان شارائىتتا بىر تال ئوۋچى پىچىقى بىلەن» پۇت - بارماقلىرىنى ئوپېراتسىيە قىلغىلى بولارمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ نىشانى قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ تەخمىنەن ئون كۈن

ماڭغاندا ئاندىن بارغىلى بولىدىغان گەنجۇ ئىدى. ئۇ ئۇ يەردە ھەزىكۇ-لۇق بىر پاسسىپ دوختۇرنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى.

بۇ بىر قورقۇنچلۇق سەپەر بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار يول ئۈستىدە يەرلىك ئاددىي خەلقلەرنىڭ كۈتۈلمىگەن دۈشمەنلىك بوزەك قىلىشىغا دۇچ كەل-گەنلىكتىن ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى قاتمۇ-قات قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. ئۇلار بىر كەنتكە كەلگەندە، بەزىلەر ئۇ ئىككى چەت ئەللىككە مەسخىرە قىلىش ياكى كەمسىتىش مەنىسىدىكى غەلىتە ئاۋازلاردا توۋلاش-قا قىلىق مىزئاسىلە قىلىدۇ؛ بەزىلەر ئۇلارنىڭ پۇل ۋە نەرسە-كېرەكلىرى-نى قاقتى-سوقتى قىلىۋالىدۇ ھەتتا بۇلاپ كېتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ دوستانە بولمىغان بۇنداق قىلمىقلارنى بىرىنچى قېتىم ئۇچرىتىشى بولۇپ. لېكىن بۇ تېخى ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىمى ئەمەس ئىدى. ئۇلار 18 كۈن يول مېڭىپ ئەڭ ئاخىرىدا تۆت تەرىپىدە سېپىل بار گەنجۇغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىسسىق تاپتۇرغان نەرسە شۇ بولدىكى، يېلىقى جۇڭگولۇق دوختۇر دەل شۇ يەردە ئىكەن. ۋارنېر مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن مۇنداق يازىدۇ: «ئۇنىڭدا خىرىستىيان مۇخلىسلىرىغا خاس ئەخلاقىي-پەزىلەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا يەنە مىكروبقا قارشى دورىلارمۇ بار ئىكەن.» جەيىننىڭ قاپارتما ئۆرلىگەن ۋە ئىششىپ كەتكەن پۇتلىرى يۇيۇپ تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. يامان چىقان ئەمدى تەھدىت سالالمايدىغان بولدى، دەيدۇ: «جەيىن سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتىكى 16 كۈنلۈك جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، سەللىمازا ساقىيىپ كەتتىم دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە دۇنخۇاڭغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئەمما ئۇلار سۇجۇغا يېتىپ بارغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ يەنە مېڭىشىغا پەقەتلا ھالى قالمىغانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا قالىدۇ. ۋارنېر مۇنداق يازىدۇ: «جەيىن گەرچە ناھايىتى چوڭ غەيرەت كۆرسەتكەن بول-سىمۇ، يەنىلا 100 يارد كېلىدىغان يەرگىچىمۇ يېتىپ بارالمىدى.» ئۇ قېتىم زۇكام بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاجىز بەدىنى يىپەك يولى بويى-دىكى ئاشۇ پاسكىنا سارايلاردا پەيدا بولغان باكتېرىيەلەرنىڭ ھۇجۇم-

لىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، جۇڭگولۇق ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ قىش پەسلىدىكى ئەڭ سوغۇق بولىدىغان كۈنلىرى كېلىپ قالاي
دېگەنىدى. شۇڭا جەيىن ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەنگەن ئەھۋال ئاستىدا، قا-
را خوتۇن خارابىسىدە قېزىۋېلىنغان ناھايىتى ئاز مىقداردىكى مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ، ئاستا - ئاستا بېيجىڭغا قايتىشقا قوشۇلۇشقا
مەجبۇر بولىدۇ. ۋارنېر بىلەن جەيىن - جاپانى يەتكۈزۈدەك تارتقان
ۋاڭ تەرجىمان جەيىن بىلەن كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا خوشلاشقاندىن كې-
يىن، تۈركىستاننىڭ تۆت تۇلپار ئېتى بىلەن چوڭ بىر ئات ھارۋىسىنى
ئېلىپ، قار - مۇز بىلەن قاپلانغان ھارۋا يولىنى بويلاپ غەربتىكى دۇن-
خۇاڭغا قاراپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار ئەنشى دېگەن بىر كىچىك-
كىنە بوستانلىق شەھەرگە كەلگەندە، ترانسپورت ئەترەتلىرى ھازىر مې-
ڭىپ تۇرۇۋاتقان يولدىن ئايرىلىپ، بۇرۇن بىر مەھەل قاتناش روناق
تاپقان، لېكىن ھازىر ئانچە ئىشلىتىلمەيدىغان بولۇپ قالغان ھارۋا يو-
لىغا چۈشۈپ، تەخمىنەن 70 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان قىزىلقۇمنى كېسىپ
ئۆتۈپ، دۇنخۇاڭغا ۋە مىڭئۆيگە يېتىپ بارىدۇ.

ھېلىقى ۋىجىك ۋاڭ راھىب خۇددى بۇرۇنقىدەكلا ئۇ يەردە يوق بو-
لۇپ چىقىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يوقلۇقى ۋارنېرغا توسقۇن بولالمايدۇ. ئۇ
ئاشۇ تام سۈرەتلىرى بار تاش غارلارنىڭ ئىچىگە بىۋاسىتە كىرىپ كېتىپ
تاماق يېگەن ۋە ئۇخلىغان ۋاقىتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇدا ئون كۈنگى-
چە، ئاساسەن شۇ يەردە بولىدۇ. ئۇ «جۇڭگونىڭ ئۇزۇن قەدىمكى يولى»
دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «... مەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتىن
باشقا قىلغىلى گەپ تاپالماي قالدىم... ھازىر مەن نېمە ئۈچۈن يىراق،
مۇكىيانلارنى ئاتلاپ، ئىككى چوڭ قىتئەدىن ئۆتۈپ، ئاشۇ زېرىكىشلىك
كۈنلەردە، ئات ھارۋامنىڭ يېنىدا دەلدەڭلەپ ماڭغانلىقىمنى بىرىنچى
قېتىم چۈشەنمەكتىمەن.» دۇنخۇاڭنى زىيارەت قىلغان ئارخېئولوگلار ئىچى-
دە كۆزى ئەڭ ئۆتكۈر ۋارنېر تاش غارلاردىكى مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان
نەپىس رەسىملەرنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قېلىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەيلا
قالىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ: «مەن بۇ يەرگە ئەسلىدە قەدىم-

كى يادىكارلىقلارنىڭ يىللىرىنى سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاشۇ ئەسلىم ئەھلى، فرانسۇزلارنى ئاسانلا مات قىلالمىۋېتىشكە تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن، شۇنداقلا سەنئەتنىڭ تەسىرىنى بايقاپ كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنىدىم. ھازىر مەن بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئىككى قولۇمنى يانچۇقىمغا سالغان ھالدا چوڭقۇر خىيال سۈرمەكتىمەن».

ئەمما ئۇ ئۆچكۈرلەرنى بىر - بىرلەپ كۆزىتىۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭدا ناھايىتى تېزلا باشقىچە بىر خىل كەيپىيات پەيدا بولىدۇ — ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئىككى يىل بۇرۇن 400 نەپەر ئاق رۇس ئەسكەرلىرى چېگرىدىن ئۆتۈپ جۇڭگوغا قېچىپ كەلگەندە جۇڭگو دائىرىلىرى ئۇلارنى دۇنخۇاڭغا ئالتە ئايدىن كۆپرەك قاماپ قويۇپتىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رايىقا يىتقانلىقى ۋە زېرىككەنلىكىنى ھەممە سۈرەتلەردە ئىپادىلەۋېرىپتىكەن. ۋارنېر ئايالىغا يازغان خېتىدە غەزەپ بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «... بۇ سۆيۈملۈك يۈزلەرنىڭ بىر قانچىسىغا روسىيە دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ رەت نومۇرىنى يېزىپ قويۇپتۇ. نېلۇپەر سۈرىتىنى چۈشەندۈرگۈچى بىر بۇتنىڭ ئاغزىدىن، سىنلافلارنىڭ بەزىبىر ئېتىقسىز سۆزلىرى ئېتىلىپ چىقىۋېتىپتۇ.» بۇ رەسىملەرنىڭ ئاشۇنداق ئېغىر بۇزغۇنچىلىقلىرى سەيىن بىلەن نوۋەيت تارتقان رەسىملەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئورغۇنلىغان تام سۈرەتلىرىنىڭ بىردىنبىر خاتىرىسىگە ئايلىنىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئۇ ئايالىغا مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ۋەزىپەم گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆكۈم - تالقان بولۇپ كېتىشىگە قارىماي قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە ساقلاپ قېلىش. بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان، ئۇلار ئۇ يەردە تىنچ - ئامان تۇرۇپتىكەن. لېكىن ھازىر قارايدىغان بولسام، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى زامانى كېلىپ قالغانىدەك تۇرىدۇ.»

تەلىيىگە يارىشا، ئۇلار كېلىدىغان چاغدا تام سۈرەتلىرىنى ئاجرىتالايدىغان ئالاھىدە بىر خىل خىمىيىۋى سۇيۇقلۇقنى بىللە ئالغاچ كەپتىكەن. بۇ نەرسە ئالدى بىلەن ئىتالىيىدە سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتكە

ئېرىشىپتىكەن. ئۇنىڭدە سەلبىي مۇددىئاسى پەقەت ئۇنىڭ ئېرىتىش كۆچمە-
نى سىناپ بېقىش شۇنداقلا تەجرىبىخانىلارنىڭ ئانالىز قىلىپ كۆرۈشى
ئۈچۈن ئاز ساندىكى بىر قانچە پارچىنىلا ئەكەتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ
ئۇلاردىن ئاۋۋال كەلگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى مۇنداق قىلىشقا جۈرئەت
قىلالمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى ياكى ئۇلار ئەخلاق نۇقتىسىنەزەرىنى چىقىش
قىلغان، ياكى بولمىسا تاش غارلارنى قوغداۋاتقان ۋاڭ راھىبنىڭ قار-
شىلىقىغا ئۇچرىغان. بىراق كازاك ئەسكەرلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى كۆر-
گەندىن كېيىن ۋارنېرنىڭ ئەندىشىسىمۇ تۈگەپ كېتىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:
«مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنى دەپسەندە قىلغان ئاشۇ قىلمىشلارنى كۆرۈپ
بۇ يەردىكى تام سۈرەتلىرىنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي سويۇۋېلىش يولىدا قىل-
چىلىك ئىككىلىنەمەسلىك لازىملىقىنى تونۇۋالدىم. چۈنكى ئارمىيىسىنىڭ
قاچانلىقتا روسىيىلىكلەرگە ئوخشاش بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى
كىم بىلسۇن؟ ئەڭ يامىنى شۇكى، ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ قاچانلىققا
تۇيۇلاڭ ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ ئېھتىمال 20 يىللاردىن
كېيىن بۇ يەر بىر كۆرۈشكە ئەرزىمەيدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن...»
مۇنۇلارنى كۆرسىتىدۇ: «بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم تاۋاپ قىلغىلى كەلگ
ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى تام سۈرەتلىرىنىڭ ئۈستىگ
ئۆزى خالىغانچە ئويۇپ قويۇپتۇ ياكى ئۈستىدە تام سۈرەت بار كىچىك
بىر پارچە لاي سۇۋاقنى ئەكېتىپتۇ.»

بىراق ۋارنېر ئۆزىنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى ئەندىشىسىنى تۈگەتكەن
تەقدىردىمۇ، يەنىلا ۋاڭ راھىب بىلەن كۆرۈش قىلىشقا توغرا كېلەتتى.
ۋاڭ راھىبنىڭ چىرايىدىن ئۆتۈنۈپ بېرىش ئالدىدا، تۇرۇۋاتقان بەزى تام
سۈرەتلىرىگە نىسبەتەن قىلچىلىك ئېچىنماي، بەخىرامان يېرىۋېرىدىغان
ئالامەتلەر كۆرۈنۈپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئىشتىن
بۇرۇن ئۇ خېلى نۇرغۇن سوۋغاتنى قوبۇل قىلىپ بولغانىدى — لېكىن
ۋارنېر ئۇنىڭغا ھەيكەل توغرىسىدىكى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان چاغدا
ئۇ ئىنتايىن كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. ۋاڭ راھىب ئەڭ ئاخىرىدا ئاشۇ
ھساۋاكلىقى تۇتقان ئەجنەبىلەرنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ يېقى، پارلاق نۇر

چېچىپ تۇرغان ۋە گۈلدەك ھەيكەللەرنى ئەكەتمەكچى ئەمەسلىكىمنى چۈشەن-
گەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنىڭغا قەدىمكى كونا، ئېگىزلىكى ئۈچ ئىنگلىز
چىسى كېلىدىغان، بىر يۈزىدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالەتتىكى تاڭ سۇلالى-
سى دەۋرىدىكى ئەۋلىيا يۈزىدىن بىرىنى بېرىشكە قوشۇلدى. ئۇ ھازىر فوگ
مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بۇيۇملار ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك سەنئەت
يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ئەمدى ۋارنېر بىزنىڭدىن ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلمىغان بولسا، دەپ
ھېسابلىغان بىر ئىشنى (دۇنخۇاڭدىكى بەزىبىر بىناھا تام سۈرەتلىرىنى
ئەكېتىش) ئىشلىمەكچى بولدى. گەرچە ۋاڭ راھىب بىزنىڭغا بىر نەرسە
دېمىگەن بولسىمۇ (ئىز بىزنىڭدىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭغا قىزىقىدىغان بىرەر
ئادەمنى ئۇچراتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلمىسە كېرەك)،
لېكىن يۈتۈنلەي كۈتمىگەنلا بىر يەردىن توسالغۇ پەيدا بولۇپ قالدى.
ئۇ بولسىمۇ تەبىئەتنىڭ كۈچى ئىدى. ھازىر دەل دۇنخۇاڭنىڭ قىش پەس-
لى بولۇپ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن
ۋارنېر ھەر قېتىم شوتىغا چىقىپ، مۇقىملاشتۇرغۇچى سۇيۇقلۇقنى تام سۈرە-
تىنىڭ ئۈستىگە چوتكا بىلەن سۈرگەن چېغىدا، مۇنداق بىر
ئىش ئۇنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋېتەتتى. ئۇنىڭ ھېسابىچە ئېرىتمىسى ئاسان
پارچىلىنىپ كېتىدىغان سۇۋاق لايغا سىڭىپ كىرىپ ئۇنى چىڭ ئۇيۇشتۇ-
رۇپ بولماي تۇرۇپلا قاتتىق ھالەتكە كېلىۋالغانىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش،
يېلىم سۈيىگە چىلانغان داكىلارمۇ (ۋارنېر مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تام سۈ-
رەتلىرىنى داكا رەختنىڭ ئۈستىگە يېپىشتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى يەنە ئاج-
رىتىۋالماقچى بولغانىدى) تام سۈرەتلىرىنىڭ تەكشى يۈزىگە چاپلاپ بول-
ماي تۇرۇپلا، سوغۇقتا قاتتىق ھالەتكە كېلىۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ بەش
كۈندىن كېيىن ۋارنېر ئاخىرى ئوتتۇرا تىپلىق تام سۈرىتىدىن 12 نى يۆت-
كىۋالدى. ئۇ ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ گۈزەل تام
سۈرەتلىرىنى ئاۋۋالقى ئورۇنلىرىدا قالدۇرۇپ، پەقەت زىيانغا ئۇچراپ كەت-
كەن ئېھتىمال رەسىملەرنىڭ پارچىلىرىنىلا ئەكەتتى. شۇنداق بولسىمۇ،
ۋارنېر يەنە مۇنداق دېدى: «...ئۇلارمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ئېھتىمال بىز-

مۇملاردىن ئىدى. بىز ئامېرىكىدا ئۇلىمىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. شۇنداقلا بۇ نەرسىلەرنى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تۇركىستاننىڭ لاي بىلەن سۇۋالغان تاملىرىدىن ھەرىدەپ ئېلىپ، تۆت چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈپ قويغان تام سۈرەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى قوزغىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.» گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئاشۇ بەش كۈن جەريانىدا، ۋارنېرنىڭ كۆڭلى يەنىلا ئىنتايىن بىئارام بولىدۇ. چۈنكى ئۇ قىلىۋاتقان ئىشنىڭ قانۇنسىزلىق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى، ئۇنىڭ ئەنسىزلىكى ئۇ يەنە ئەگەر تېخنىكا جەھەتتە مەغلۇپ بولۇپ قالسام، تېخىمۇ زور بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىپ قويۇشۇم مۇمكىن، دەپ ئەندىشە قىلاتتى.

بۇ خىزمەت ئاخىرى بېرىپ تاماملىنىدۇ. 8 - ئەسىرنىڭ ھەربىر پارچە ئېسىل تام سۈرەتلىرى يېلىم سۈيىگە چىلانغان داكىلارغا بىر ئامال قىلىپ ناھايىتى مەھكەم يېپىشتۇرۇلىدۇ. ئۇنى بېيجىڭغا ئەكىتىش ئۈچۈن ئىككى ئاي يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئۇنى توشۇشتا پۇرژىنىسىز ئات ھارۋا ترانسپورت قورالى قىلىنىدىغان بولغاچقا، سىلكىنىشتىن ساقلىنىش ياكى ئۇنى ئازايتىش ئۈچۈن ئۇلار يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى تام سۈرەتلىرىنى كىگىز بىلەن تازا ئوبدان ئوراپ، ئاندىن ئۇنى تاختاينىڭ ئارىسىغا ئېلىپ مەھكەم تاڭىدۇ. ئۇ دۆلىتىگە يازغان خېتىدىمۇ بۇنى باشقۇرىدىغان ئورۇنلاردىن تام سۈرەتلىرى توغرىسىدىكى ئىشلارنى تىلغا ئالماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى تەجرىبىخانىلار يېلىملىق داكىنى ئاجرىتىپ ئالالامدۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئۇنىڭ كۆڭلىدە سان يوق ئىدى (ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار 12 پارچە رەسىمنىڭ ئىچىدە 11 پارچىنى ئاجرىتىۋالىدۇ). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساپال توپىسىدىن ياسالغان، شۇنىڭلىك چۈرۈك ھالەتتىكى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھېلىقى بۇتنى شەرققە يۆتكەش ئۈچۈن، ئارىلىقتا جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ناھايىتى ئۇزۇن، تېز ماڭغىلى بولمايدىغان، يوللىرى ئېگىز - پەس بىر ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، شۇڭا ئۇنىمۇ ئالاھىدە مۇھاپىزەت قىلمىسا بولمايتتى. بۇ يەردە پەقەت

مۇنداق بىرلا نۇقتىنى ئىزاھلاپ قويۇش زۆرۈر، ۋارنېر مۇنداق يازىدۇ: «ئاق كاشايا (ئۇ خېنىشلار دائىم كىيىۋالىدىغان بىرخىل غەلىتە كىيىم) كىيگەن بۇ كىچىك ھەيكەلنىڭ ئۆزىدىمۇ زەخىملەنگەن ئىزلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.» بۇت ئالدى بىلەن ۋارنېرنىڭ كۆڭلەك ۋە قىسقا پايپاقلىرى بىلەن ئورىلىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىزىنىڭ تېرە ئىشتىنى ۋە ئەدىيالى بىلەن ئورىلىدۇ. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «دۆلىتىمگە قايتىش سەپىرىمدە مەن كۆڭلەك ۋە پايپاق كىيمىسەممۇ ھېچ نەرسە بولمايتتى، چۈنكى مەن ھەر قېتىم مېنىڭ ئاشۇ نەرسىلىرىمنىڭ بۇتنىڭ چىرايلىق، سىلىق بەدىنى ۋە ئاسان سۇيۇلىدىغان بوياق ماتېرىياللىرى زىيان - زەخمەتتىن ساقلاپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئەسكە ئالغىنىمدا، قەلبىمدە چەكسىز خۇشاللىق پەيدا بولاتتى.»

ۋارنېر ئاشۇ قىممەتلىك گۆھەرلەرنى ئېلىپ بېيجىڭغا سالامەت قايتىپ كەلدى. ئۇ بۇلتۇر كۆزپەسلىدە جەيىن بىلەن بىللە بۇ يەردىن ئايرىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا توققۇز ئاي ۋاقىت ئۆتكەندى. گەرچە ئۇ خىلمۇ - خىل جەبىر - جاپالارنى شۇنداقلا قاراخوتو خارابىسىدىكى ئۈمىدسىزلىكلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يەنىلا غەلىبە بىلەن قايتتى. ئۇ ئېرىشكەن سەنئەت بۇيۇملىرى باشقا ھەرقانداق بىر مۇزېيدا يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھافتىكى كىچىككىنە بىر فوگ توپلاش - ساقلاش ئورنىمۇ شەرق ئەللىرىگە ئائىت ئۇتۇق قازىنىش جەھەتتە، ئاشۇ سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ بولغانلىقى تۈپەيلىدىنلا مەڭگۈ دۇنياغا داڭ چىقىرالايتتى. ئۇ تېخىمۇ چوڭ قوشۇننى باشلاپ، دۇنخۇاڭغا ئىمكانىقەدەر تېز قايتىپ بېرىش ھەمدە ئۇ يەردە تېخىمۇ ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇش قارارىغا كەلدى. ۋارنېر مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئاشۇ تاملاردىن جۇڭگونىڭ رەسساملىق ئۇسلۇبىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ جەھەتتە بىزنىڭ بارلىق ئادەملىرىمىزدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئاشۇ ئەسلىدىكى سەنئەت بۇيۇملىرىنى يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان بولساق، دۇنخۇاڭدىكى سەنئەت ئۇستازلىرىنىڭ

ۋەسىلىق جەھەتتىكى سىرىنى چوقۇم تېپىپ چىقالايمىز، شۇنداقلا تەلـ
يىمىز ئۇلۇغ كېلىپ قالسا، كېيىنكى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە فوگ دېگەن
بۇ كىچىك توپلاش-ساقلاش ئورنىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەنە نۇرغۇن قىممەتـ
لىك گۆھەرلىرىگە ئىگە قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. بىراق فوگنىڭ 2 - قېتىمـ
لىق ئېكسپېدىتسىيىسى ئەمەلگە ئاشماي قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئون ئالتىنچى باب

جۇڭگو گۆھەر ئوغرىلىرىنىڭ يولىنى ئېتىۋەتتى

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئارخېئولوگىيە پائالىيەتلىرىگە ئەركىن قاتنىشىدىغان دەۋر ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قېلىش ئالدىدا تۇراتتى، بۇ نۇقتىنى ئامېرىكىلىقلار تېخى ئاڭقىرالمىغانىدى. سۋېن ھېدىن 30 يىل بۇرۇن تەكلىماكان قۇملۇقىغا بىرىنچى قېتىم دادىللىق بىلەن كىرگەندىن بويان، ئومۇمەن يېپەك يولى بويىدىكى غايىب بولغان شەھەرلەرگە ۋە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بۇتخانا - ئىبادەتخانىلارغا كىرمەكچى بولغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كەلسە - كەتسە ئىختىيار بولۇپ، ئۇلارنى ھېچكىم توسمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئەكەتكەن بۇددىزم سەنئىتىگە دائىر ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىلىرىگە بىر تىيىنمۇ تۆلىمەيتتى. ستەيىن بىلەن فون لېكوك يىغقىرىدا ئېيتقان ھەر قايسى جايلاردا ھەر خىل ئېسىل گۆھەرلەرنى قېزىش ۋە توپلاش ئىشى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت شۇغۇللانغان ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە شەخسلەر ئىدى. لېكىن ئەمدى بولغانىدا، چەت ئەللىك ئارخېئولوگلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا خالىغىنىنى قىلىدىغان دەۋر كەلمەسكە كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. 1924 - يىلى قىش پەسلىدە، ۋارنېر ئۆزىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغان ھەمراھىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە چەت ئەللىكلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان خىلمۇ - خىل ئىپادىلەرنى ئۇچراتقانىدى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا دەرۋازىسىنىڭ پات ئارىدا ئۇلار ئۈچۈن تاقىلىپ قالىدىغانلىقىنى پەملەپ قالغان بولسا كېرەك، شۇڭلاشقا ئۇ يولغا چىقىشنى قارار قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ مەسىلىنى ئىنچىكىلەپ ئويلىنىپ كۆرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بىراق 1925 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كىشىلەر ئالدىن مۆل-
چەرلەپ باقمىغان بىر ۋەقە يۈز بەردى. ئۇ بولسىمۇ سودا ئىبېنزى سولۇپ
تۇرۇۋاتقان شاڭخەيدە. ئەنگلىيىلىك بىر چارلىغۇچىلار كاتتىبېشى تار-
قىلىپ كېتىشكە ئۇنىماي نامايىش قىلىۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنى
ئوققا تۇتۇشقا بۇيرۇق بەردى، نەق مەيداندىلا 11 ئادەم ئوق تېگىپ
ئۆلدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئوق ئۆلگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئارقا
تەرىپىدىن تېگىپتىكەن. ھايت - ھۇيت دېگۈچىلىك ئارىلىقتا، چەت ئەل-
لىكلەرگە قارشى تۇرۇش دولقۇنى پۈتۈن جۇڭگوغا يامراپ كېتىدۇ. شۇ
چاغدا ۋارنېر باشچىلىقىدىكى كۆلىمى خېلى زور بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەت-
رىتى بېيجىڭغا تېخى ئەمدىلا يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «شۇ
كۈنى شاڭخەيدە ئوقۇغۇچىلارنى ئوققا تۇتقانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر
خۇددى دالا يانغىنىدەك پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىچكىرى جايلىرىنىڭ ھەم-
مىسىگە يامراپ كېتىۋاتاتتى.» شۇ چاغدا چەت - ياقا رايونلاردىكى با-
تۇرلار ۋە باشقا چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دېڭىز بويىدىكى شەھ-
ەرلەرگە كېلىۋاتاتتى. شۇ چاغدا دۇنخۇاڭغا يېتىپ بارغان ھەمدە
يەردە سەككىز ئاي خىزمەت قىلماقچى بولغان ۋارنېرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە
ئەترىتى نامايىش قىلىۋاتقان دېھقانلارغا ئۇچراپ قالدى، يەنە كېلىپ
ئۇلار دەل ئالدىنقى يىلى شۇلارنى قارشى ئالغان كىشىلەر ئىدى.

فوگدىن كەلگەن بۇ ئادەم ئەسلىدە بۇ قېتىم يالغۇز تاش غارلار-
دىكى سەنئەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ
نۇرغۇن دۇنخۇاڭ تام سۈرەتلىرىنى قومۇرۇپ ئالماقچى بولغانىدى. بۇ
قېتىم ئۇ چىنت مىرىسكى بىر ئاز ئەخلاقسىزلىق قىلغاندەك بولۇپ قال-
دىكەن دەپ قارىغان بىلەن تۈركىيەنى ئېلىۋالغاندىن تاشقىرى، ئالدىنقى
يىلى دۇنخۇاڭدا تۇراقلاشتۇرغۇچى سۈيۇقلۇقنى قانداق ئىشلىتىش لازىملى-
قىنى ئۆگىتىپ بەرگەن ياش بىر تام سۈرەتلىرى مۇتەخەسسىسى دانىيېل
تومپسون (Daniel Thompson)نى ئۆزىنىڭ يەتتە كىشىدىن تەشكىل-
لەنگەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرغانىدى.
تومپسون تەييارلىغان سۈيۇقلۇقنىڭ يەنە قېتىشقۇلۇقىدىن ساقلىنىش

ئۈچۈن، ۋارنېر بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىنى ئەتىياز كۈنلىرىگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

بېيجىڭ ئۇلارنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسىگە قارىتا قارشى پىكىر ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەمما بۇ ئامېرىكىلىقلار ئۇيۇشتۇرمىتۇتىلا ئۆزلىرىنىڭ ھەر قەدەمدە ئۆزلىرىگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيە تۇتۇۋاتقان خەلق ئاممىسىنىڭ تۇساللۇق قىلىشىغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شۇ يەردىكى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار مىڭئۆيگە باغلىغان ئۈمىدىدىن ۋاز كېچىشكە، ھەر قانداق بىرەر ئەرسىنى ئەكېتىش مەقسىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلارغا ئانچە مۇھىم بولمىغان باشقا يەرلەرگە چېكىنىپ بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق يول قالمايدۇ. ئەمما ئۇلار ئانچە مۇھىم بولمىغان يەرلەردىمۇ ئوخشاشلا يەنە دوستانە بولمىغان مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ. ۋارنېر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەھۋال ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىپ كېتىپتۇ، ئونلەچچىدەك دېھقان ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، تەخمىنەن 15 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەردىن بىزگە كېلىپ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى نازارەت قىلماقتا؛ ئۇلار بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغانغا ياكى بىزنى قورال كۈچى بىلەن چېكىندۈرۈپ قوغلاپ چىقىرىدىغانغا باھانە تېپىش ئۈچۈن، بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق بىزنى ئۇلارنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنىدى.» ئامېرىكىلىقلار قاتتىق نازارلىق كەيپىيات كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان زورۇۋانلىق ھەرىكەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىدۇ. ۋارنېر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «دىققەتسىزلىكتىن سەل - پەل خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان بولساق، ھەتتا بىرەر قېتىم ئاچچىقلاپ قويىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئۆزۈسىدىن چاچراپ چىقىشىغا، توختىماي تىل - ئاھانەت ياغدۇرۇشقا ھەتتا دەزلى ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى.» ئۇلارنىڭ بېيجىڭدىكى دوستلىرى ئۇلارغا تېلېگرامما بېرىپ، بۇ قېتىم-

قى ئېكسپېدىتسىيەدىن ۋاز كېچىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ، چۈنكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ غەربىزىمىننىڭ قالاقلىقى ھەققىدىكى خىلمۇ - خىل دۈشمەنلىك قاراشلار ۋە قۇتراتقۇلۇق خاراكتېرىدىكى پىتنە - ئىغۋالارنى ئامما ئارىسىغا ئاللىقاچان تارقىلىپ كەتكەنىدى. تۇپتوغرا بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، روسىيەدە تۇغۇلغان گۈزەل-سەنئەت مۇتەخەسسىسى نىكولاس رۇۋرىك (Nicholas Roerich) ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندە كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغانىكەن: «بىز دۇنخۇاڭدىكى تام سۈرەتلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدۇق. ئىغۋالاردا ئېيتىلىشىچە، ئامېرىكىلىق بىرقانچە سەنئەت سودىگىرى ئاشۇ تاش غارلارنى ئېكسكۇرسىيە قىپتۇدەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە تام-سۈرەتلىرىنى نۇرغۇن ساندۇقلارغا قاچىلاپ ئەكېتىپتۇدەك».

بىراق روئېرىچ مۇشۇ تۇترۇقسىز ئىغۋالارنى ئاڭلاشتىن بۇرۇنلا، ۋارنېر فوگ مۇزېيىنىڭ 2 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغان شۇنداقلا ئۇ بۇنىڭ بىر قېتىملىق پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلغانىدى. بۇ قېتىم ئۇ پەقەت باي تاش غار ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بەزى فوتو رەسىملىرىگىلا ئېرىشەلەي بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى دۇنخۇاڭدىكىگە سېلىشتۇرۇش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋارنېرنى ئۇلارغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيە تۇتقان يەرلىك دېھقانلارغا غەزىپى كەلدى دېگەندىن كۆرە، ھەم دوختۇر، ھەم ئىلىم ئەھلى سالاھىيىتىدىكى چېن دوكتۇر*غا غەزىپى كەلدى دېگەن تۈزۈك ئىدى. بېيجىڭدىن يىراق سەپەر ئەترىتى بىلەن بىرگە يولغا چىققان بۇ چېن دوكتۇر كۆرۈنۈشتە ئۇلارغا دۇنخۇاڭدىكى بەزىبىر قەبرە تاشلىرىغا يېزىلغان خەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداقلا يەنە ئۇلارغا يول ئۈستىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بەزىبىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن. ئەمما ئۇلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىنكى 2 - كۈنى ئۇ تۇساتتىنلا ئاپام ئاغرىپ قالدى دېگەننى باھانە قىلىپ، بېيجىڭغا تېز قايتمىسام بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى-

* چېن دوكتۇر: چېن ۋەنلى ئەپەندىنى دېمەكچى.

كەن. كېيىنچە چېن ئەپەندى بىز ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ زىتىغا تېگمىدىغان بىر كىتاب* نەشىر ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ كىتابىدا مېنىڭ ئاشۇ ئامېرىكىلىقلار بىلەن بىرگە مېڭىشتىكى بىردىنبىر مەقسىتىم ئۇلارغا پەخەس بولۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئوغرىلىق قىلمىشلىرىنى چەكلەش ئىدى، دەيدۇ. شۇڭا ۋارنېرنىڭ يەرلىك دېھقانلارنى ئۆزلىرىگە قەھرى-غەزەپ بىلەن قارشى تۇرۇشقا قوزغاتقان ئادەم دەل ئاشۇ چېن ئەپەندى ئىكەن، دەپ گۇمان قىلىشقا تولۇق ئاساسى بار ئىدى. ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىپ بولغانلىقىغا كۆزى يەتكەن چاغدا ئۆيىگە قايتىپ كەتكەنىكەن.

لېكىن ئۇلار گەرچە شۇنچە زور ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، فوگ توپلاش - ساقلاش ئورنى يەنىلا جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىنىڭ ئېسىل گۆھەرلىرىگە يەنە كۆپرەك ئېرىشىش ئۈمىدىدە بولۇۋاتاتتى. ئاشۇ ئورۇن ھاۋالە قىلغان كىشىلەر ۋارنېر دۆلىتىگە قايتىپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، گېرمانىيە گېئولوگىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان يىراق يەردىكى راۋاق بىلەن دەندان ئۆيلۈكتىن نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى (ھازىر ئۇلار گېرمانىيىنىڭ بىزىمېن دېگەن يېرىدە ساقلانماقتا) مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يۆتكەپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلھام ئالغانىدى. گېرمانىيىلىكلەرنىڭ بۇ نەرسىلەرنى ئاسانلا ئەكېتەلىشىگە قارىماققا جۇڭگولۇقلارنىڭ چەت ئەللىكلەرنى يەكلەش ئىدىيىسىنىڭ تېخى جۇمھۇرىيەتنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىنتايىن يىراق بولۇڭ-پۇچقاقلارغا كېڭىيىپ بولالمىغانلىقى سەۋەبچى بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ئىدى. گېرمانىيىلىكلەر يۇقىرىقى ئىككى يەرگە يېتىپ بارغان چاغدا، ئۇ يەردە چەت ئەللىكلەرنى يەكلەش ئىدىيىسى ئاللىقاچان پەيدا بولغان، شۇڭا ئۇلار ئۇ يەردىن ناھايىتى تېزلا كېتىپ قالغان بولۇپ، [illegible] ئۇ ۋاقىتنى فوگدىكى كىشىلەر تېخى قوزغىلىپ يەتمىگەن بولسا كېرەك.

---

* چېن [illegible] دېمەكچى بولغىنى ساياھەت [illegible] دىكى كۇلدېسنىڭ خاتىرىلىرى دېگەن كىتابىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

شىنىسى ناھايىتى ئېغىرلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئادىمى ۋارنېرنى جوڭگوغا قايتا ئەۋەتىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئەمەلىيەتتە قارشى ئېلىنمايدىغان بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا بەزىلەر نېمە ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئارخېئولوگىيە ماھىرى ئاۋرېل ستەيىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرمەيمىز؟ دېگەن تەكلىپنى كۆرسەتتى - دە، ھازىر 67 ياشقا كىرگەن، ئاللىقاچان دەم ئېلىشقا چىققان بۇ بوۋاينى فوگگ ۋەكالەتەن يەنە بىر قېتىم ئېكسپېدىتسىيىگە ئاتلىنىشقا قايىل قىلغىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىغا قاراپ باقماقچى بولىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭدەك ئۇرغۇن دوستلىرى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە جوڭگو تۈركىستانى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشقان بىر ئادەم فوگ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئىككىنچى بىر ئادەمنى تاپقىلى بولمايتتى. مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ستەيىن يەنە بىر سىناپ كۆرۈشكە قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ كەينىدىنلا ئۇلار تەخمىنەن 20 مىڭ فونت ستېرلىڭ خىراجەت توپلايدۇ(گەرچە ئۇ چاغدا ۋارنېر ۋەيران بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ). بۇ ئەنگلىيىلىك 1930 - يىلى 4 - ئايدا جۇمھۇرىيەتنىڭ پايتەختى نەنجىڭغا كېلىدۇ. ئۇ جوڭگو دائىرىلىرىنى ئۆزىنىڭ جوڭگونى ئوتتۇرا ئاسىياسىغا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئېكسپېدىتسىيە قىلىشقا رۇخسەت قىلىشقا كۈچىنىڭ بارىچە قايىل قىلماقچى بولىدۇ. ستەيىن گەرچە بېيجىڭدىكى ئۆزىنى «پۈتۈن جوڭگونىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش كومىتېتى» دەپ ئاتىۋالغان بىر تەشكىلات (ئۇ بارلىق ئارخېئولوگىيە خىزمەتلىرىگە چەت ئەللىكلەرنىڭ قول تىقىشىغا يول قويۇلمايدۇ دەپ قارار چىقىرىپ بېسىم پەيدا قىلىۋاتقان بىر تەشكىلات ئىدى)نىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا نەنجىڭ دائىرىلىرىنى ئۆزىنىڭ جوڭگو تۈركىستانىدا ساياھەت قىلىش ۋە قېزىش ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلىشقا بىر ئامال قىلىپ مەجبۇرلايدۇ. ستەيىن پېللىئوتنىڭ دۇنخۇاڭدىكى قول يازمىلارنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكى جوڭگو ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ چەكسىز غەزىپىنى قوزغىغان تۇرۇقلۇق، بۇ قېتىم يەنە ئۇنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ ئىزدىنىشكە رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى

ھەقىقەتەنمۇ چۈشەنگىلى بولمايتتى، ستەيىنمۇ مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇردى. روشەنكى، ستەيىن ئۆزىنىڭ ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتىدىن ناھايىتى زور خۇشاللىق ھېس قىلدى، شۇڭا ئۇ دەرھال ھىندىستانغا قايتتى ھەمدە شۇ يىلى ياز پەسلىدە شۇ يەردىن قەشقەرگە باردى.

لېكىن شۇ چاغدا ئۇ ئۆزى تېخى خەۋەر تاپمىغان ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگو زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ پاسپورتىنى ئەتكەس قىلىپ، ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنى چەكلەش تەلەپ قىلىنغان بىر شىددەتلىك ھەرىكەت قانات يېيىپ كەتكەنىدى. جۇڭگو گېزىتلىرىمۇ ئۇنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدىغان ۋە ئۇنى ھاقارەتلەيدىغان مەزمۇندىكى ماقالىلەرمۇ گېزىتلەردە كۆپلەپ ئېلان قىلىنىۋاتاتتى. گەرچە ستەيىن ۋارنېرغا ئوخشىمايدىغان، ئاسانلىقچە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان بىر ئادەم بولسىمۇ، گەرچە جۇڭگونىڭ يەرلىك مەمۇرىي تارماقلىرىدا ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ ۋە باردى - كەلدىسى قويۇق بولغان كونا دوستلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا ئۇنىڭ رەقىبلىرى غەلىبە قازىنىدۇ. گەرچە ئۇ بۇندىن ئىلگىرىلا تەكلىماكاندىكى نۇرغۇن بوستانلىقلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، تەخمىنەن ئىككى مىڭ ئىنگلىز مىلى كەلگۈدەك ئارىلىقنى ساياھەت قىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئۆزلۈكسىز كېلىۋاتقان قارشىلىقلار داۋامىدا ئۇ يەنىلا خەرىتە سىزىپ چىقىدۇ ھەمدە بۇ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىنى ئۇيۇشتۇرغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بولغان ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى ناھايىتى ئازغىنە ماتېرىياللارنى توپلاپ ماڭىدۇ. بىراق ئۇ بۇ قېتىم جۇڭگو تۈركىستانىغا كىرىشتە تۆلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى بەدەل، ئۇ تېپىۋالغان ھەممە نەرسىنى چوقۇم جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە تاپشۇرۇش، ئۇلار قوشۇلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنى جۇڭگودىن ئەكېتىشكە بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ ئېرىشكەن ئازغىنە نەرسىلەر جۇملىدىن ئۇ ئەڭ پايدىلىق يەر — نىيەدە ئېرىشكەن 3 - ئەسىر-

نىڭ قول يازمىسىنى چوقۇم قەشقەردە قېلىشى شەرت ئىدى. يەتتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئىلاجسىزلىقتىن بۇ ئېكسپېدىتسىيىدىن ۋاز كېچىپ، ھىندىستانغا قايتىدۇ. بۇ سەپىرىنىڭ ئاشۇ قول يازمىلارنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشى، مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇ ئۇنىڭ جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ كەينىدىنلا جۇڭگولۇقلار ئۇنىڭغا نىسبەتەن دەرۋازىسىنى تاقىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىشى ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بىراق ئەگەر ئۇ ئارقا - ئارقىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەلگەن بۇرۇنقى يىللاردا، يالغۇز ئۆزىنىڭ نامىنى دۇنياغا تارىتىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنىڭ بارلىق تەشەببۇسچىلىرىنى (فوگ بۇنىڭ سىرتىدا) ئىنتايىن رازى قىلالىغىنىنى كۆزدە تۇتقاندا ئۇ تولۇق قانائەت ھاسىل قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى.

فوگ گۈزەل سەنئەت مۇزېيىنىڭ لىشلىرى سەپەرنى ياللاشتىن ئىلگىرى ھەم ۋارنېرنىڭ ئىلگىرىكى تەجرىبىسىنى ئويلاشقان، ھەم باشقا بىر تالانتلىق ئېكسپېدىتور سۋېن ھېدىننىڭ تەجرىبىسىنىمۇ ئويلاشقان بولسا كېرەك. 1926 - يىلى قىش پەسلىدە شۋېتسىيىلىك بۇ ساياھەتچى ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن، گېرمانىيە ئاۋىئاتسىيە شىركىتى خىراجەتنى ئۈستىگە ئالغان ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگوغا يەنە بىر قېتىم كەلگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بېرلىندىن ئۈرۈمچى ئارقىلىق بېيجىڭغا بارىدىغان بىر ھاۋا يولىنى ئۆلچەپ چىقىش ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەر ئىچىدە بەزىبىر ئاۋىئاتسىيە مۇتەخەسسىسلىرىدىن باشقا يەنە كىچىككىنە بىر ئىلىم - پەن ئەترىتىمۇ بار بولۇپ، بۇ ئەترەت ھاۋا رايى ئىلمى، گېئولوگىيە، ئارخېئولوگىيە ۋە قەدىمكى جانلىقلار ئىلمى قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەنىكەن. سۋېن ھېدىن ۋە ئۇ باشلاپ كەلگەن كىشىلەر بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگو ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋە گېزىتلەرنىڭ ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدىغان ئوبيېكتىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سې-

زىپ، قاتتىق ھەيران قالىدۇ. ئۇلار جۇڭگولۇقلار ئۆز دۆلىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە چەتئەللىكلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئەمەس، دېگەن كەپەرنى ئاڭلايدۇ. سۈيىن ھېدىن يەرلىك گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان ئاشۇ چەتئەل ئايروپىلانلىرى جۇڭگونىڭ سەنئەت گۆھەرلىرىنى مەخپىي توشۇپ كېتىدۇ، دېگەن خەۋەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئايروپىلاننى ئىشقا سېلىش پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ. قىسقىسى، بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە سۈيىن ھېدىن جۇڭگو دائىرىلىرى بىلەن ئالتە ئاي تەكرار مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئاندىن داۋام قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىگەندى. ئەگەر ئۇ ئىرادىسى مۇستەھكەم ئادەم بولمىسا، شۇ چاغدىلا يۈك-تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كېتىپ قالغان بولاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئىككى تەرەپ مۇنداق شەرت بىلەن كېلىشىدۇ: سۈيىن ھېدىن ئۆز ئادەملىرىدىن سىرت يەنە جۇڭگونىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىدىن ئون كىشىنى بىرگە ئېلىۋالىدۇ ھەمدە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ نامىنى جۇڭگو - شىۋېتسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى دەپ ئۆزگەرتىدۇ؛ ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇ تېپىپ چىققان ئارخېئولوگىيىگە دائىر ھەرقانداق بىر نەرسە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مال-مۈلكى بولىدۇ. ئۇ چاغدا جۇڭگو سىياسىي جەھەتتە ئىنتايىن قالايمىقان، ھەممە يەرنى بۆھران قاپلاپ كەتكەن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتاتتى، شۇڭلاشقا بۇ ئەترەتتىكى ھەر بىر ئادەم بىردىن مىلتىق، بىردىن تاپانچا ۋە 800 تال ئوق ئېلىۋالىدۇ؛ شۇنداقتىمۇ سۈيىن ھېدىننىڭ ئۇزاقتىن بېرى كەينىگە سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىسى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سەككىز ئادەمنىڭ جېنىدىن ئايرىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئەمما ئۇلار شۇنچە كۆپ قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارخېئولوگلىرى يەنىلا نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى — ئاساسلىقى قول يازمىلار ۋە ھەرخىل توقۇلما بۇيۇملارنى تېپىپ چىقىدۇ. بىراق بۇ نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويۇلمايتتى-دە، ئەلۋەتتە. دېڭىز قاراقچىسىغا ئوخشاش ئىش قىلىدىغان كۈنلەر ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتكەنىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ، ئەگەر بەزىلەر يەنە ئۇ يەرلەرگە بېرىپ قېزىش ئېلىپ بارىدىغان بولسا، جۇڭگو ئۈچۈنلا قېزىپ بەر-

گەن بولاتتى. ئەگەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئەكىت
لەر بار دېيىلگەن تەقدىردىمۇ پەقەت بارماق بىلەن سانا
ئېنتايىن ئاز ساندىكى ئادەملەر بىلەنلا چەكلىنەتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ئەڭ غەلىتە ئارىيىلە
ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. لېكىن بۇ ھېكايە تېخى پۈتۈنل
يوق. بۈگۈنگىچە يەنىلا مۇنداق ئىككى مەسىلىگە جاۋاب بې
لمىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بۈگۈندىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ستەين
لېكوك، جۇرۇيېچاۋ، ۋارنېر ۋە باشقىلار يېپەك يولىدىكى ئا
ھەرلەردىن پۈتۈن پېتى ئەكەتكەن تام سۈرەتلىرى، بۇتل
ۋە باشقا قەدىمكى يادىكارلىقلار ھازىر قەيەردە؟ شۇنداق
قۇربان بېرىشلەرگە قارىماي، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە
قا سېلىپ، قەدىمكى يادىكارلىقلارنى ئۇدا ئوغرىلاپ كە
ئوچۇم ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى قەھرىمانلار (ئەبلەخ
قىمۇ بولىدۇ، بۇ سىزنىڭ ئۇلارغا قانداق قارايدىغانلىق
ھازىر قانداق ئاقىۋەتكە قالدى؟

غەربىي رايون (بۇ سىنەيىنىڭ بەدىئىي تىلى) دى
لەر ۋە قوليازمىلار ھازىر 12 دۆلەتنىڭ مۇزېيخانىسى ۋە
كىلاتلىرىغا تارقالغان بولۇپ، ئۇ دۆلەتلەردە بۇ خىل ب
ئىلگىرىلىگەن ھالدا 30 دىن ئارتۇق تەشكىلاتقا تارقالغ
نىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، بەزى يەرلەردە كۆپ، بەزى ي
بولۇپ، لوندون، بېرلىن ۋە دېھلىدا ھەممىدىن كۆپ. پار
سىچ مۇزېيى (Cernuschi Museum) بىلەن ئامېرىكىن
تەدىكى ئارسىۇن مۇزېيىدا ئەڭ ئاز. بۇ ئىككى مۇزېيدا كۆ
قىمى پەقەت ئاز ساندىكى بىر قانچە رەڭلىك رەسىم ۋە
دېمىسىمۇ يېپەك يولىدىن ئەكەلگەن، كىشىلەرنى ھاڭ
ئاشۇ ماددىي يادىكارلارنىڭ غەربىي رايون سەنئىتىگە. د
گە ياكى بولمىسا ئاۋرېل ستەيىن سەنئىتىگە تەئەللۇق
قا نېمىلىك ئادەم ئاچلاپ باققان؟ مىراندىنى ياكى قىزىل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ بۇددىزىم تام سۈرەتلىرىنى بىزدە قانچىلىك ئادەم كۆرۈپ باققان؟ نەپىس، يۇمشاق رەڭدار يىپەكلەرنى قانچىلىك ئادەم كۆرۈپ باققان (دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمكى سودا يولى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانغۇ) يىپەك يولىدىكى ئىبادەتخانا، بۇتخانا ۋە مەخپىي ئۆيدىن ئەكەلگەن تاڭ دەۋرىدىكى نەپىس ئىشلەنگەن بۇتلارنى، بايراقلارنى ۋە ئۈزۈلچاق ئەلەملەرنى قانچىلىك ئادەم كۆرۈپ باققان؟

ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، بۇنىڭغا ئۇنى كۆرۈپ باققانلار ئىنتايىن ئاز دېگەن جاۋاب بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاز ساندىكى بىر قانچە مۇزېيلار گەرچە يىپەك يولىدىن توپلانغان مۇھىم بۇيۇملارنى ئىگىلىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ نەرسىلەر مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۈچۈن كۆز يەتمەس قول يەتمەيدىغان نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى دېھلىدىكى دۆلەتلىك مۇزېي، غەربىي بېرلىندىكى ھىندى سەنئىتى مۇزېيى، دۇڭجىڭدىكى دۆلەتلىك مۇزېي ۋە لېنىنگراد مۇزېيىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، گەرچە غەربىي رايوننىڭ نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلاۋاتقان ھەمدە بەزىدە ھەر قانداق ئادەم بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا بولىدىغان بۈيۈك ئەنگلىيە مۇزېيى بار بولسىمۇ، ئۇنىڭدا كۆرگەزمىگە قويۇلغان بۇنىڭغا ئالاقىدار نەرسىلەر تولىمۇ ئاز ئىدى. ستەيىن تېپىپ چىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى ئەنگلىيىگە تەۋە كۆپ نەرسىلەر يەر ئاستى ئۆيلىرىدىكى ساندۇقلاردا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇنى جامائەتچىلىك كۆرەلمەيتتى. ئاشۇ كىچىككىنە ئوتتۇرا ئاسىيا كۆرگەزمە بۆلۈمىدە يىپەك يولىدىن ئەكەلگەن بىر پارچە گۈللۈك يىپەكنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئېچىنىشلىق ھادىسە سۈپىتىدە، مۇزېينىڭ ئۆزىگە گۇناھ ئارتىپ قويۇشقا بولمايتتى. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، مۇزېي قالچىكى چوڭ بولسا، ئۇنىڭدا ساقلىنىدىغان نەرسىلەرمۇ شۇنچە ئومۇملۇققا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك ئىدى، شۇ سەۋەبتىن مەلۇم بىر خىل ئالاھىدە بۇيۇمنى ياكى مەدەنىيەتنى كۆرگەزمە قىلىشقا ئاجرىتىلغان

يەرمۇ شۇنچە ئازبولاتتى. لاۋادا سەنئەت كىچىككىنە ئەمما قارانىيەتى
ناھايىتى چوڭ. يەنە كېلىپ قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان فوك مۇزېي
ئۈچۈن خىزمەت قىلالمىغان بولسا. كىشىلەر ئۇنىڭ كەلگەن ئېسىل گۆھەرلەرنىڭ
ھازىر چوقۇم يېتەرلىك بوشلۇقنى ئىگىلەپ كەڭ كۆلەمدە كۆرگەزمە قىلىن-
ىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالىۋالالايتتى. ئىش دەل شۇنداق بولۇۋاتاتتى،
كىشىلەر ئۇنىڭ جۇڭگودا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىشتىكى مەق-
سىتى پەقەت ئاشۇ نەرسىلەرنى بىر يىغىۋېلىپ يەر ئاستىغا يەنە قايتى-
دىن كۆمۈپ قويۇش ئۈچۈنلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايتتى،
بۇنىڭغا قارىتا مۇنداق بىر ھال كۈچلۈك تەشەببۇس ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ
كېلىۋاتاتتى: ھەرقانداق بىر مۇزېي (ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان مۇزېيلارنى
دېمەكچى) مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىدىنلا كۆرگەز-
مىگە قويۇش ئويىدا بولمىغان ئاۋۋالقى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشى كې-
رەك. چۈنكى بىر دۆلەتنىڭ مۇزېيى (خەلقئارالىق مۇزېيلارغا ئوخشاش-
مايدۇ) ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە توپلىغان بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە
قىلىش ئۈچۈن ھامان كۆپرەك ئورۇن ئاجرىتىپ بېرىشنى خالايدۇ. شۇڭ
داقلا ئۇ نەرسىلەرنى تېخىمۇ كۆپ مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلىپ
قوغدىيالايدۇ. بۇ تەشەببۇسنى يولغا قويغىلى بولامدۇ - يوق؟ مۇ
كىرە قىلىپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئەكسىچە. گېرمانىيىلىكلەر فون لېكوك ئەكەلگەن ئېسىل
گۆھەرلەرنى يوشۇرۇپ قويماي، ئۇنى كىشىلەرگە ئېكىسكۇرسىيە قىلغۇزىدۇ.
فون لېكوك ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇزېيىنىڭ باشلىقى بولغان مەزگىلدە،
ئۆزى تېپىپ كەلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ كۆرگەز-
مىگە تىزىپ كىشىلەرگە ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇرۇشنى تاپشۇرغان، كېيىن ئۇ يەنە
13 ئېغىزلىق ئۆيىنى كۆپەيتىپ ئۇنى داڭلىق تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىق-
لىرىنى توپلاش - ساقلاش ئورنى قىلغانىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۇنىڭ ئىچى-
دىكى ئېگىزلىكى ئون ئىنگلىز چىسىدىن ئاشىدىغان ئەڭ چوڭ بەزى تام
سۈرەتلىرىنى تۆمۈر جازىغا ئېلىپ تامغا بېكىتىۋەتكەن بولۇپ، ئۇ چاغدا
بىزنىڭ تەخمىنەن 15 يىلدىن كېيىنكى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇ تام

سۈرەتلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان بىۋاسىتە ئامىل بولۇپ قالدى. قالدۇقلىرىنى ھېچكىممۇ مۆلچەرلىمىگەنىدى. ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇلار يۆتكەشكە بولىدىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى جۈملىدىن كىچىك تېپتىكى تام سۈرەتلىرى ۋە بۇتلارنى ساندۇقلارغا قاچىلىۋېتىدۇ. بىخەتەر بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بېرلىن ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى ئىنتايىن چوڭ بوتەينىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويىدۇ، قالغانلىرىنى بولسا گېرمانىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كۆمۈركاننىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويىدۇ.

بىراق ئۇلار بەزىبىر ئەڭ چوڭ تام سۈرەتلىرىنى بىخەتەر جايلارغا يۆتكەپ كېتىشكە ئامالسىز قالدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار يالغۇز ئاۋۋالقى ئورنىغا ئىنتايىن پۇختا بېكىتىۋېتىلگەنلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەگەر ئۇلارنى يۆتكىمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم بىر قانچە پارچىغا پارچىلاشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قوللانغان چارىسى، مۇزېيدىكى بارلىق كىشلەر پولات يوپۇق ۋە قۇم قاچىلانغان تاغارلارنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ يېپىۋالدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى بومبىنىڭ زەربىسىدىن ساقلاپ قالماقچى بولدۇ. «بۇنىڭدىن باشقا، غەربىي بېرلىن مۇزېيىنىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچىسى مانا: «ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا ياخشى چارىنى زادىلا تاپالمىغانتى، شۇڭا ئۇنى پەقەت ئاللانىڭ ھېچقانداق زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىتماي ساقلاپ بېرىشىگە تاپشۇرۇپ قويغانتى.» دەپ بەردى. ئەمما ئۇلارنىڭ تىلىكى ئاللانىڭ خەيرىخاھلىقىغا ئېرىشەلمەي قالدۇ. بۇ مۇزېي ھازىرقى بېرلىن تېمىغا يېقىن يانداشىپ تۇراتتى. 1943 - يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھاۋا ئارمىيىلىرى تەرىپىدىن يەتتە قېتىمدىن كۆپرەك بومباردىمان قىلىندۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەڭ چوڭ 28 پارچە تام سۈرىتى (ئۇنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بېزەكلىكتىن ئېلىپ كېلىنگەن) نىڭ ھەممىسى، كۈلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ تام سۈرەتلىرى، مىڭ يىللىق تارىخىي مەزگىل جەريانىدا، ئۇرۇش، يەر تەۋ-

ۋەش ۋە ئابۇتقا چوقۇنۇشنىڭ قارشى تۈزرىغۇچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىنى باش-
تىن كەچۈرۈپمۇ ئامان قالغانىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ قالدۇرۇپ قويغىنى
پەقەت فون لېكوك بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسىدە ئارتىۋالغان ھەيكەل-
تۈزىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئالاقە قىستۇرغۇچ تاختىسىغا قىستۇرۇپ قويۇل-
غان رەسىملەردىن ۋە سىڭگىم جىلغىسىدا قاراپ تۇرغان تاش غار بۇتخا-
نىلىرىنىڭ تاملىرىدىكى بوشلۇقتىنلا ئىبارەت، خالاس!

كىشىلەر بېزەكلىكتىكى ناھايەت زور بۇددىزم ئەسەرلىرىنىڭ
كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،
ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا، فون لېكوكنىڭ بارلىق ئېسىل گۆھەرلىرى ئىتتىپاقداش ئار-
مىيە بېرلىننى بومباردىمان قىلغان چاغدا، پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كەتكەن دەپ
ھېسابلايدۇ. قارىغاندا جۇڭگولۇقلارمۇ بۇنىڭدىن پەقەتلا گۇمانلانمىسا كې-
رەك. ھەر قېتىم مۇشۇ زىيانلار تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇلارنىڭ غەزىپى بېشىپ كې-
تىدۇ ھەمدە شۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بەزىلەر ئوتتۇرىغا قويغان قالا-
داقتۇر فون لېكوك بىلەن ستەيىن يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق-
لىرىنى يۆتكەپ ئەكەتمىسە، پۈتۈنلەي ئۇلارنى «قۇتقۇزۇپ قېلىش»
نى مەقسەت قىلغان دېگەنگە ئوخشاش نۇقتىئىنەزەرلەرگە قەتئىي قارشى تۇ-
رىدۇ. ئۇنداقتا بېرلىندا ساقلىنىۋاتقانلىرىنىڭ زادى قانچىلىكى زىيان-
غا ئۇچرىغاندۇ؟ ھازىر غەربىي بېرلىندىكى كۆركەم، پۈتۈنلەي يېڭىلانغان
ھىندى سەنئىتى مۇزېيىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرۇۋاتقان گېرمانىيىلىك
سەنئەت تارىخچى ئالىمى، دوكتور خېربېرت ھارتېل (Dr Herbert Hārtel)
نىڭ مۆلچەرلىشىچە، ئۇلارنىڭ تەخمىنەن 60% ى بۇزغۇنچىلىقتىن ساقلى-
نىپ قالغانىكەن. ئامان قالغان بۇ بىر قىسىم نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھا-
زىر مۇشۇ مۇزېيدا تىزىقلىق تۇرۇپتۇ. ئەگەر بەزىلەر ئاشۇ ساندىن گۇ-
مانلانسا، غەربىي بېرلىنغا بېرىپ زىيارەت قىلىپ باقسا،
ماشىنىنى ھەيدەپ، شەھەر ئەتراپىغا يېقىن بىر يەردىكى يۇقىرىقى مۇزېي
جايلاشقان قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان دالېم ((Dahlem) دې-
گەن يەرگە بېرىپ ئۇ يەردە زادى قانچىلىكىنىڭ ئېشىپ قالغانلىقىنى ئۆز
كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقسىمۇ بولىدۇ. مەن كۆرگەن جۇڭگو ئوتتۇرا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاسىيا سەنئەت بۇيۇملىرىنى ساقلاۋاتقان بارلىق مۇزېيلار ئىچىدە غەربىي بېرلىن مۇزېيىدەك ئەڭ كۆپ ساقلاۋاتقان مۇزېينى تاپقىلى بولمايتتى. شۇنداقلا ئۇلار ئۇنى كىشىلەرگە تازا كۆڭۈلدىكىدەك كۆرگەزمە قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. ھەتتا ئۇلار ئانچە مۇھىم بولمىغان بەزىبىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىمۇ يەر ئاستى ئۆيىگە ناھايىتى ئوبدان تىزىپ قويغان بولۇپ، مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشۈپ ئۇ نەرسىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقىمۇ بولاتتى.

دوكتور ھاتېل ئاتاقلىق ھىندىستانشۇناس شۇنداقلا بۇرۇنقى گېرمانىيە ئۇچۇرچىسى بولۇپ، ئۇ ئۇرۇش مەزگىلىدە كۆرۈلگەن زىياننى مۇنداق مۆلچەرلەيدۇ: فون لېكوك بىلەن گرۈنۋېدېل ئەكەلگەن 620 پارچە مۇكەممەل ھالەتتىكى ياكى تولۇق بولمىغان تام سۈرەتلىرى ئىچىدە تەخمىنەن 300 پارچىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تۈزەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاۋۋالقى ھالىتىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى يىغىۋېلىنغان 290 دانە لايدىن ياسالغان بۇت ئىچىدە تەخمىنەن 175 دانىسى بۇزۇلماي ساق قاپتۇ. باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مەسىلەن، ساپال توپىسىدىن ياسالغان بۇت، مىس ۋە ياغاچتىن ياسالغان بۇت، پۇل شۇنداقلا يىپەككە، قەغەزگە ۋە تاختايغا سىزىلغان رەسىملەردىن ئۇنىڭ مۆلچەرىچە تەخمىنەن 80% ساقلىنىپ قاپتۇ. فون لېكوك بىلەن گرۈنۋېدېل ئەكەلگەن قول يازمىلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئاۋۋالقى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان، كۆپ قىسمى پرۇسلار ئىنستىتۇتىدا تەتقىقات ئۈچۈن ساقلىنىۋاتاتتى. ئۇرۇش مەزگىلىدە بۇ نەرسىلەر بىخەتەر يەرگە يۆتكىۋېتىلگەن بولۇپ، ھازىر شەرقىي بېرلىندا ساقلانماقتا.

لېكىن بۇ زىيانلارنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىلىقلارنىڭ بومباردىمان قىلىشى (ھاتېل دىققەتسىزلىكتىن ئەنگلىيە خانلىق ھاۋا ئارمىيىسىگە كەڭ قورساقلىق قىلىپ قويىدۇ) كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەس. ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى پوتەي (بىر قىسىم ئېسىل گۆھەرلەر شۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان) 1945-

يەلى روسىيەلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان چاغدا، بۇ يەردىكى مەخپى-
يەتلەر ناھايىتى تېزلا ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. كەم دېگەندە سەككىز ساندۇق
ياكى توققۇز ساندۇق ساپال توپىسىدىن ياسالغان بۇتنىڭ (ئېنىق سانىنى
پەقەت روسىيەلىكلەرلا بىلىدۇ) يۈك پويىزغا بېسىپ ئېلىپ كېتىلگەنلە-
كىنى شۇلدا تىلا يەنە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇزېيىدىن، بىخەتەر دەپ
شۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويۇلغان نورغۇن مۇھىم ھىندى بۇتلىرىنىڭ ئېلىپ
كېتىلگەنلىكىنىمۇ ھازىر ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بۇ بۇتلارنى مەيلى ئۇ تۈر-
كىستاندىن ئەكەلگىنى بولسۇن ياكى بولمىسا ھىندىستاندىن ئەكەلگىنى
بولسۇن، شۇ چاغدىن باشلاپلا خۇددى تېلويىنىڭ سىرتىق ئالتۇنىدەك ئوخ-
شاش ھېچكىممۇ كۆرۈپ باقمىغان ياكى بۇ ھەققىدە ھېچكىم ھېچنەرسە ئاڭ-
لاپ باقمىغانىدى، گەرچە غەربىي گېرمانىيە ئۇنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بې-
رىشنى بىر قانچە قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما روسىيەلىكلەر
ئۆزلىرى بۇلاپ كەتكەن باشقا نورغۇنلىغان سەنئەت گۆھەرلىرىنى بولۇپمۇ
ياۋروپانىڭ رەسىملىرىنى ناھايىتى بۇرۇنلا قايتۇرۇپ بېرىۋەتكەن. كىم
بىلىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە روسىيەلىكلەر ئاشۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چە-
قىپ گېرمانىيە بىلەن ياكى تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا جۇڭگو بىلەن بىرە
نەرسىگە تېگىشىشنى ئويلاۋاتامدۇ - قانداق؟

جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئەكەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلى-
رىنىڭ سانى جەھەتتە 3 - ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئوتانى بولۇپ، ئۇمۇ ئۈچ
قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئارقىلىق خېلى كۆپ نەرسىلەرنى توپلىۋالىدۇ.
ياپونلۇقلارنىڭ مەقسىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار
ھەقىقەتەن غالجىرلىق بىلەن قېزىش ئېلىپ بارىدۇ. ئادەت-
تە ئۇلار تېخنىكا بىلەن بىلىمنى كۆپرەك ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئەمەس
بەلكى دىققەت - ئېتىبارىنى كۆپرەك ئىشقا سېلىش ئارقىلىق قېزىش
ئېلىپ بارغانىدى. ياپونىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى توپلىغان مە-
دەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كيوتودىكى گراف ئوتانىنىڭ داچىسىغا ئاپار-
غاندىن كېيىن، ھەتتا ياپونىيىنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ ئۇ نەرسىلەرنىڭ
نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالىدۇ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ بىر قىسمىنىڭ

ئەكەتكەنلىكى تا، ھازىرغىچە بىر تېپىشماق بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئىنى (بەزى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىزلىگۈچى قارىشىمىزچە، ئېھتىمال روسسىيەلىكلەرنىڭ قولىدا تۇرۇشى مۇمكىن). ئۇ تارىخنىڭ ئېسىل گۆھەرلىرىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ھەممىدىن بەك بىلىدىغان ئادەم دۇنيادىكى دۆلەتلىك مۇزېيىنىڭ باشلىقى دوكتور شاشەن تىسلاك بولۇپمۇ، ئالدى بىلەن ئۇ ماڭا ئوتانىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتىن تاشقىرى، يەنە باشقا يۇرتچىلىقمۇ بولۇشى ئېھتىمالىغا ئالاھىدە يېقىن ئىكەنلىكىنى پۇرىتىپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھىندىستان دۆلەت ئورگىنى كۇتۇپخانىسىدىكى، ۋەسىيانامە ۋە مەخپىيەتلىكتىكى ئارخىپنى كۆرگىلى باردىم. شۇ سەۋەبتىن مەن كاپىتان ئاتتىلى ۋۆرسىنىڭ غەلىتە دوكلاتىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ قالدىم.

دوكتور شاشەن تىسلاكنىڭ ئېيتىشىچە، توپلانغان بۇيۇملارنىڭ ئەسلىدە زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. چۈنكى ئوتانىنىڭ ئادەملىرى ئىچىدە تەربىيە كۆرگەن ئارخېئولوگدىن بىرسىمۇ يوق بولغاچقا، ئۇلار تاپقان نەرسىلىرى توغرىسىدا زادى مۇكەممەل خاتىرە قالدۇرمىغان شۇنداقلا توپلىغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇندەرىجىگە تولۇق تۇرغۇزمىغانىكەن. گەرچە ئوتانى ئۆزى بۇ جەھەتتە ئىككى توملۇق بىر يۈرۈش ئەسەرنى (ئۇ ئورغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى بېسىلغان، مەخسۇس كافېي - چاي شىرەلىرىنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل كىتاب ئىكەن) نەشر قىلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كىتابقا ئىزاھ قوشۇمچە قىلىنمىغان بولغاچقا، ھازىرقى زامان ئىلىم ئەھلىلىرى ئۈچۈن ئۇ كىتابنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق ئىدى. ستەيننىڭ دۈنخۇاڭدىن تاپقان نەرسىلىرى ياپونىيىدە كۈچلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلغان بولسا كېرەك، شۇ سەۋەبتىن ئوتانى ساقلاۋاتقان بۇيۇملار (كۆپىنچىسى تام سۈرەتلىرى بىلەن بۇتلار) نىڭ بىر قىسمى، 1910 - يىلىلا كيوتو مۇزېيىدا بىر قېتىم كۆرگەزمە قىلىنىپتىكەن، گەرچە ئوتانى ئۈچ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىنىڭ پەقەت ئالدىنقى ئىككى قېتىمىدىلا ئوتتۇرا ئاسىياغا بارالىغان بولسىمۇ، شۇ چاغدا كۆرگەزمىنىڭ مۇندەرى-

جىسمىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى قالدۇرۇلمىغانىكەن، ئىسمى ئەمەللىرى
ئەينى ۋاقىتتا قانداق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆرگەزمىگە قويۇل-
غانلىقىنى پەقەت شۇلارنى كۆرگەن ياكى شۇلار توغرىسىدىكى گەپ سۆز-
لەرنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالغانلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەسلەپ
كۆرۈشتىن باشقا چارە تاپالمايدىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا توپلانغان بۇ بۇيۇملار تارقىلىپ كېتىشكە باشلاي-
دىكەن (جۇرۇيچاۋ بەرلىرىنى ئاللىقاچان ئۆز ئالدىغا ساقلاۋاتقانىكە-
ن). بىزنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئوتانى مالىيە جەھەتتە ئۆزلەشتۈرمە-
قۇۋۋەت بېسىمىغا ئۇچرىغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ دۆرغۇن ئېسىل گۆھەرلەر ساق-
لىنىۋاتقان داچىسىنى سېتىۋېتىدىكەن. ئۇ تەخمىنەن بىر قانچە يۈز پارچە-
سىنى ئۆزى ساقلاپ قېلىپ، قالغان 249 پارچىسىنى كيوتو مۇزېيىغا تەقدىم
قىلىۋېتىدىكەن. ئاندىن قالغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى داچىنىڭ يېڭى ئىگە-
سى پەدەتسىمىنىڭ مال - مۈلكىگە ئايلىنىپ كېتىدىكەن. ئۇ ئادەم سابىق
ياپونىيە دازاڭ ئۆلكىسىنىڭ باش ۋەزىرى شۇنداقلا بىر چوڭ باي بولۇپ
ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ كان ئېچىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنى شۇ چاغدىكى ياپونىيە - چاۋشيەن باش ۋالىيسىغا
خەنچېڭدىكى مۇزېينى تولۇقلىۋالسۇن دەپ يەنە ئۆتكۈزۈپ بېرىۋېتىدىكەن.
ئوتانى بەلكىم ئۆزىدە ئۇنى ساقلىغۇدەك يەر بولمىغانلىقتىن ياكى ئۇنى
ئۆزى كۆرگەزمە قىلىشقا ئامال بولمىغانلىقتىن بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئار-
قىسىدىنلا يەنىلا ئۇنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك بولغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى
ئەمما ھەممىسىنى ئەمەس، مەنجۇنىڭ لۈيشۈندىكى باش ۋالىيسىغا شۇ
يەردىكى مۇزېيلاردا كۆرگەزمە قىلىۋالسۇن ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ بېرىۋېتىدىكەن،
ئىككى قېتىملىق سودىلىشىش نەتىجىسىدە، ئەسلىدىكى بۇيۇملاردىن ھازىر
ياپونىيىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەنلىرى ياپونىيىنىڭ ئۆزىدە قېپقالغان-
لىرىدىن ناھايىتى كۆپ ئېشىپ كېتىدىكەن. دوكتور شاشەننىڭ ستاتىستىكا قىلى-
شىغا قارىغاندا، تەخمىنەن ئۇلارنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمى چاۋشيەندە، $\frac{1}{8}$ قىسمى
مەنجۇدا، قالغانلىرى ياپونىيىدە ئىكەن. گەرچە ياپونىيىدىكىسى تەدرىجىي
تارقىلىپ كېتىۋاتقان، ئۇنىڭ بىر قىسمى شەخسلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا

ئۆتۈپ كېتىشۋاتقان بولسىمۇ.

ھازىر بۇ نەرسىلەر زادى قانداق بولغاندۇ؟ چاۋشيەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە، خەنجاڭ مۇزېيى ئىككى قېتىم يۆتكەلدى. ھازىر ھېلىمۇ ياخشى ساقلىنىپ قالغان ئېسىل گۆھەرلەر ساندۇقلارغا قاچىلىنىپ، دۆلەتلىك مۇزېينىڭ ساقلاش بۆلۈمىدە ساقلىنىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ تەخمىنەن 400 دىن 500 گىچە ئارىلىقتا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى 60 پارچە ئۆيچۆرىدىكى تام سۈرەتلىرى ياكى تام سۈرەتلىرىنىڭ قالدۇق پارچىلىرى ئىكەن. دوكتور جىن چۇڭ نۆبىن (1945 يىلىدىن 1970 - يىلغىچە مۇزېينىڭ باشلىقى بولغان) شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىدىكەنكى، خەنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان تام سۈرەتلىرى پەقەت بېرلىندىكى نەلەر دېيىلىدىكەنمىدىغانلا كېيىن تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ سانى بويىچە ئېيتقاندىمۇ دۇنيا بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئۇلار مۇزېينىڭ ئىچىگە يېڭىدىن كۆرگەزمىخانا سالماقچى بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان تۈزۈپ چىقىپتۇ. ئۇلار ئېتانىنىڭ نەرسىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا مۇشۇ يەردە كۆرگەزمە قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ئەمما چاۋشيەنلىكلەر فونلېكوكقا ئوخشاشمايدىكەن ئۇلار ئىنسانلاردا تىنچلىقنى سۆيىدىغان تەبىئىي خۇسۇسىيەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدىكەن. چۈنكى ئۇلار ئاشۇ تام سۈرەتلىرىنى بۇرۇنقى بېرلىن مۇزېيىغا ئوخشاش تامغا مەھكەم بېكىتىۋەتمەستىن، بەلكى ئۇلارغا ھەر قانداق ۋاقىتتا يۆتكىگىلى بولىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ ساقلاشنى قارار قىلىپتۇ.

لېيشۇندىكى ئېسىل گۆھەرلەرنىڭ تەقدىرىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى (مەيلى قانداقلا بولسۇن، غەربنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇنى بىلمەيتتى)، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىدىغانلارمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. دوكتور شاشەننىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ 1955 - يىلى 5 - ئايدا روسىيىلىكلەر مەنجۇنى ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بەرگەن ۋاقىتتا. ئېھتىمال روسىيىلىكلەر ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالماقچان يۆتكەپ كەتكەن بولسا كېرەك. دەپ قارايدىكەن. ئۇ موسكۋا بىلەن لېنىنگرادتا بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرگەن چاغ-

دا، روسىيىلىكلەر ئۈنچىقماي تۇرۇۋاپتىكەن. ئەمما ئوتانىنىڭ ھېلىقى سىرلىق تۈس ئالغان ياش خېنىملىرىنىڭ جاپا - مۇشەققەتنى تازا تارتىپ قېزىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ھەرگىز پۈتۈنلەي ۋاقىت ئىسراپ قىلىن- غانلىق دېگەنلىك بولمايتتى. ئاۋادا كىشىلەر دۇنخۇاڭدىكى دۆلەتلىك مۇ- زېيغا كىرىپ قارايدىغان بولسا، شۇنداقلا دۇنيانى گۈزەل، ئىنچىكە ھاۋا تەڭشەش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلغان شەرق ئەجدادلىرى سارىيىغا ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا شەرق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سارىيىغا بېرىپ زىيارەت قىلىدىغان بولسا. ئوتانى توپلىغان بۇيۇملارنىڭ ئېشىپ قالغان ئۈچتىن بىر قىسمىنىڭ. جۈملىدىن ئوتانىنىڭ ئۆزى شەخسەن ساقلاپ قال- غان شۇنداقلا ئۇ سابىق كىيوتو مۇزېيىغا ئامانەتكە قويغان ئاشۇ نەرسى- لەرنىڭ ئۇ يەردە ناھايىتى ئوبدان كۆرگەزمە قىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆر- گەن بولاتتى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى دۇنخۇاڭدىكى دۆلەتلىك مۇزېي ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنى كۆپ يىللاردىن بۇيان، بەزىبىر خۇسۇسىي ساقلىغۇچىلار- نىڭ قولىدىن ۋە مۇشۇ خىلدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلاۋات- قان تەشكىلاتلاردىن سېتىۋالغانىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا 1968 - يىلى مۇزېينىڭ يېڭىدىن سېلىنغان شەرق گۈزەل سەنئىتى كۆرگەزمىخانىسىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن پەۋقۇلئاددە كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈ- دىغان چاغدا، ئاندىن ئۇلارنى يېڭىباشتىن بىر يەرگە توپلاپتىكەن. شۇن- دىن كېيىن ئۇلار يەنە ئۇنىڭغا پېللىئوت دۇنخۇاڭدىن ئەكەلگەن بەزىبىر يىپەك ئەلەملەرنى ۋە ساپال توپىسىدىن ياسالغان بۇتلارنى قوشۇپتۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە فرانسىيىنىڭ گۇيمېت مۇزېيى بىلەن ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن بەزىبىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىمۇ قوشۇپتۇ. شۇ- نىڭ بىلەن ئوتانى ئالەمدىن ئۆتۈپ 25 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەقلىي كۈچى تولۇپ - تېشىپ تۇرۇۋاتقان ياش راھىبلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەھەتتە كۆرسەتكەن قىز- غىنلىقلىرى كىشىلەردە ياخشى ئەسلىمىلەرنى قالدۇرىدۇ (ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ خىل خىزمەتنى ئارتقۇرۇپ كېتىشكە قۇربى يەتمىگەنلىكىدىن قارىغان- دا، ئۇلارغا بۇنداق باھا ئانچە مۇناسىپ ئەمەستەك تۇيۇلاتتى).

لېنىنگراد مۇزېيى ئىچىدە مەخسۇس يىپەك يولىدىكى ئېسىل گۆ-
ھەرلەرنى تىزىپ قويۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سەككىز ئېغىزلىق ئۆي بار
ئىكەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ يەرگە يەنە كوسلوۋ، ئولدېنبورگ ۋە
ئاكا-ئۇكا بېلىسوۋىسكىيلار قولغا چۈشۈرگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ
تىزىپ قويۇلۇپتۇ. گۈيمېت دەپ مەڭگۈلۈك نام بېرىلگەن بىر مۇزېي
ئىچىدە پول پېللىئوتنىڭ مەخسۇس خاتىرە سارىيى بار ئىكەن. ماسا
جۇسېي شتاتىنىڭ گامبىرىگې دېگەن يېرىدىكى ھاف ئۇنىۋېر-
سىتېتىنىڭ فوگ گۈزەل سەنئەت سارىيىدا لاڭدون ۋارنېرنىڭ
ئارخېئولوگىيە ئىشلىرىدا قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ
قىلىنىپتۇ ۋە ياخشى باھاغا ئېرىشىپتۇ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بۇ يەرگە تى-
زىپ قويۇلغان دۇنخۇاڭ تام سۈرەتلىرىدىن چەكسىز ئېتىبارلىق ھېس
قىلىدىكەن. ستوكھولمدا سۋېن ھېدىننىڭ ئېسىل گۆھەرلىرى بۇ شەھەر-
دىكى چىرايلىق، يېپيېڭى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇزېيىدا مەڭگۈلۈك
كۆرگەزمىگە قويۇلۇپتۇ. ئەمما ئەنگلىيىدە بولسا ئەھۋال ئۇنىڭغا ئوخشى-
مايدىكەن. ئۇلار مارك ئاۋرېل ستەيىن ياراتقان زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە
ئىزچىل تۈردە كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، ئەھمى-
يەت بەرمىگەنىدى. ئەمما ھىندىستانلىقلار دېھلىدىكى قاراڭغۇ كەلگەن
كۆرگەزمىخانىغا ستەيىننىڭ رەسىمىنى ئېسىپ قويغانىكەن، چۈنكى ئۇ
يەردە ئۇ تېپىپ ئەكەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا تام سۈرەتلىرى بار ئىدى. يې-
قىن ئەتراپتىكى ھىندىستان دۆلەتلىك مۇزېيغا تىزىپ قويۇلغىنى گەرچە
ئۇنىڭ بىر قەدەر كىچىكرەك تېپىلمىلىرى بولسىمۇ، كىشىلەر يەنىلا
ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك بارىكاللا ئېيتىدىكەن ۋە
ئۇنى ئېتىراپ قىلىدىكەن. بەلكىم ئۇنىڭ ئۆزى تاللىۋالغان ۋەتىنى —
ئەنگلىيە كەلگۈسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياكى ئۇنىڭغىلا ئەمەس بەلكى
ئۇ يېڭىباشتىن بايقىغان بۇددىزم سەنئىتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللى-
نىپ نامىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ ناھايىتى نۇرغۇن سەنئەتكارلار
بىلەن ھەيكەلتىراشلارغىمۇ ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ قېلىشى
مۇمكىن.

ستەيىن ۋە باشقىلار تۇركىستاندىن ۋە گەنسۇلىك بۇتخانا، ئىبا-
دەتخانىلىرىدىن ئوغرىلاپ كەتكەن نەرسىلەر پەقەت رەسىملەر، بۇتلار
ۋە باشقا سەنئەت بۇيۇملىرىلا ئەمەس، جۇڭگولۇقلار ئەڭ ئاخىرى قاتتىق
مەنئى قىلىشىنىڭ ئالدىدا ئۇلار يەنە ئوتتۇرا ئاسىيالىك تۇرغۇزۇلغان
قول يازمىلىرى بىلەن قەدىمكى زامانىڭ ئويما مەتبەسىدە بېسىلغان ھەر
خىل كىتابلىرىنىمۇ ئەكەتتى. ئۇنداق بولسا، غەرب بىلەن ئالاقىدار
بولغان بۇ نەرسىلەرنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغاندۇ؟ بۇ نەرسىلەرنى
ئەڭ كۆپ ئەكەتكەن ئادەم ستەيىن ئىدى. ئۇ ئۈچ قېتىملىق ئېكىسپېدىتى-
سىيە جەريانىدا ئەكەتكەن قول يازمىلىرى ۋە كىتابلار ھازىر ئەنگلىيە كۇ-
تۇپخانىسى بىلەن ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ لوندوندىكى ئورگىنىدا ساق-
لىنىۋاتىدۇ. ئومۇمەن خەنزۇ، سوغدى، ئۇيغۇر ۋە تاڭغۇت يېزىقىدا يې-
زىلغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىنقىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈ-
زۈپ بېرىلىپتۇ؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، زاڭزۇ، سانسكرىت ۋە خوتەن يېزىقىدا
يېزىلغان ئەسەرلەر بولسا، كېيىنكىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ.
ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان داڭلىق ئالماس نومىدىن باشقا
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى جامائەتكە ئاشكارا كۆرگەزمە قىلىنمايدىكەن. چۈن-
كى بۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شەرقنىڭ بىر
قول يازما توپلىمى قارىماققا يەنە بىر توپلامدىن ھېچقانداق پەرقلەن-
مەيتتى، بۇنىسى چۈشىنىشلىك ئىدى. دېمىسىمۇ ئەگەر ئۇلارنى ئاشكارا
كۆرگەزمىگە قويغاندا، ئۇ ئۇزاق مۇددەت ئۇلترا بىنەپشە نۇرىنىڭ تەسى-
رىگە ئۇچرايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە برۇمسبورگنىڭ مۆھتىنىڭ بۇلغىنىشىنى
قوشقاندا، بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى تېزلەشتۈ-
رۈش رولىنىلا ئوينايتتى.

دۇنخۇاڭدىن ئەكەلگەن، دۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن قىممەتلىك بول-
غان (بۇ توغرىدا ھېلىمۇ تالاش - تارتىش بار) جۇڭگو يېزىقىدىكى قول
يازما توپلاملىرى ۋە كىتابلار نەچچە يىللاردىن بۇيان ئەنگلىيە مۇزېيى-
نىڭ كارتوچكا قەغىزى ساندۇقلىرىدا ساقلانغانىكەن، ھازىر ئۇنى ئەن-
گلىيە كۇتۇپخانىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردە تەخمىنەن 13 مىڭ

www.uyghurkitap.com

پارچىسىنى ئالاھىدە ياسالغان ئىشكاپنىڭ ئىچىگە قويۇپ قويۇپتۇ. بۇ يەردە ئۆينىڭ ھاۋاسى پىلتىرلەشتىن ئۆتكۈزۈلمىدىكەن، ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسىمۇ قاتتىق كونترول قىلىنمىدىكەن. ئۇنىڭ تەخمىنەن 7 مىڭ پارچىسى (ھەممىسى مۇكەممەل ئىكەن) نىڭ مۇندەرىجىسى تۈزۈلۈپ بوپتۇ. قالغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇكەممەل ئەمەسلىرىدىكە تەۋە بولغانلىقتىن، يەنىلا ئورغۇن ساندۇقلارغا قاچىلانغان پېتى پەرق ئېتىشنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. ھازىر بۈيۈك ئەنگلىيە مۇزېيى گەرچە بۇ نەرسىلەرنى تېخى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىپ كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ياپونىيىلىك ئىلىم ئەھلىلىرى لوندونغا كېلىپ ئاشۇ قەدىمكى زامان كلاسسىك ئەسەرلىرىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىپ كۆرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە پۈتۈن زېھنىنى ئۇمۇرۋايەت نېلۇپەر سۈرىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئاتاپ قويغان بىر ياپونىيىلىكمۇ بار ئىكەن. بۇ قول يازما توپلاملىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زىيانغا ئۇچراشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە كۈتۈپخانىسى ئۇلارنى قانداق ساقلاش توغرىسىدا بىر پىلان تۈزۈشكە كىرىشىپتۇ. بۇرۇن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تەقدىرى جۇڭگولۇقلارنى ئېچىندۇرۇپ كەلگەنىدى، چۈنكى ئۇلار دۇنخۇاڭ قول يازمىلىرىنىڭ بولۇپمۇ خەنزۇ يېزىقىدىكىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق مال - مۈلكى ئىكەنلىكىدىن قىلچىمۇ شۈبھىلەنمەيتتى. ئەمما ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگونىڭ قول يازمىلىرىنى قانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ قانداق ماتېرىياللار بىلەن ساقلاش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا ئەنگلىيە بېيجىڭنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ ھەمدە بېيجىڭنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. ئالاھىدە لايىھىلەنگەن قۇرۇتۇش ساندۇقىدا 24 سائەت قۇرۇتۇش ئارقىلىق يۈز يىللىق كونىراش سۈرئىتىنى تېزلىتىش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، سۈنئىي تالانىڭ ئۆمرىنىڭ قىسقا بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ قەدىمكى زاماندىكى جۇڭگولۇقلار ئىشلەتكەن تەبىئىي خام ئەشياغا زادىلا يەتمەيدىغانلىقى ئىسپاتلىنىپ چىقىدۇ.

چوڭ بىر مۇزېينىڭ ئۆزى توپلىغان بۇيۇملارنى ياكى ئۇنىڭ بىر

قىسمىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇشۇ يەرگىچە توختىلايلى. جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىدىن ئېلىپ كېلىنگەن، كۆپ خىل تىل-يېزىقتا يېزىلغان مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان قول يازمىلار ھازىر ئازدېگەندە ئوخشاش بولمىغان سەككىز دۆلەتنىڭ تەشكىلاتلىرىدا تارقىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىرىنى يەندىلا تەرجىمە قىلىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بىرەر پارچە قول يازمىنى تەرجىمە قىلىپ يېشىپ چىقىش ياكى بىرەر پارچە ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ چىقىش ئۈچۈن، بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋاقتى كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. ھىندىستانشۇناس بىر مۇتەخەسسىس ماڭا بۇنى چۈشەندۈرۈپ، «بۇ خىل ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك ئادەمدىن بىر ئەسىر ئىچىدە پەقەت ئىككىسىلا چىقىدۇ. قول يازمىلارنى چۈشەندۈرەلەيدىغان ۋە تەرجىمە قىلالايدىغان ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈتۈپ تۇرۇشتىن باشقا چارە يوق» دېدى. بۇ خىل خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان ئادەم ئەنگلىيىنىڭ ئىلىم ئەھلىدىن بولغان خارولدبەيلېي (Sir Harold Beiley) بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ قەدىمكى خوتەن يېزىقىنىڭ سىرىنى يېشىپ چىققانىدى. ئاشۇ قول يازما توپلاملىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋە بۇددا دىنىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى بىلىپ باقمىقچى بولغان ھەرقانداق بىر ئادەم بەيلېي، جارىس، فىللېي، ماسپېرو (Maspero)، لىۋاي، كونوۋ (Konow)، مۇلېر (Müiler)، ھېننىڭ (Henning)، كرۇندۋېل، پېللىئوت ۋە چاۋانىس (بۇ يەردە پەقەت ئاساندىكى بىر قانچىسىلا تىلغا ئېلىندى) قاتارلىقلار ئېلان قىلغان نۇرغۇن تەرجىمە ماقالىلىرىنى، مۇندەرىجىلەرنى مەخسۇس ئەسەرلەرنى شۇنداقلا باشقا مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدە دېسسىرتاتسىيەلەرنى كۆرۈپ چىقىشى ياكى ئۇلاردىن پايدىلىنىشى كېرەك.

قول يازمىدىن ئىبارەت بۇ تېمىدىن باشقا تېمىغا ئۆتۈشتىن ئىلگىرى، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بولۇپمۇ ھورنلېنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان باشقا بىر خىل ئالاھىدە بۇيۇم — «قەدىمكى كىتاب»نى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتەيلى، ھېلىقى خوتەنلىك چالا ساۋات گۆھەر قازغۇچى ئىسلام

ئاخىرى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقىنى ئىقرار قىلغان چاغدا بۇ «قەدىمكى كىتاب»لار ئەنگلىيە مۇزېيىدىن ناھايىتى تېزلا يوقىتىۋېتىلىدۇ. ئەمما 1979 - يىلى كىشىلەر ئەنگلىيە مۇزېيىنىڭ يەرئاستى ئۆيىدە ئۈستىگە «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ساختا كىتابلىرى» دەپ خەت يېزىپ قويۇلغان ئىككى ياغاچ ساندۇقنى يېڭىباشتىن ئۇچرىتىپ قالىدۇ-دە، بۇ 90 پارچە ساختا كىتابنى مۇندەرىجىگە ئايرىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ھازىر كىشىلەر ئۇزاق مەزگىلدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئاشۇ قەدىمكى نەرسىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرگىنىدە، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن نەپىس كەلگەن تاشقى كۆرۈنۈشىگە، ئۇنىڭدىكى قوپتۇر، تەپتەكشى يېزىلغان خەتلەرگە ۋە كىشىنى قاتتىق ئىشەندۈرۈۋېتىدىغان «ناتونۇش يېزىق»لارغا قاراپ، ھاڭتاڭ قالماي تۇرالمايتتى. بۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغانلار، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھەتتا كۆپ ساندىكى ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ بۇ كىتابلاردا ئۇنسى ئىسىم ۋاراقلاپ كۆرۈپ تۇرغان، بارماق ئىزلىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ەغىزىنىڭ قەدىمكى زامانىنىڭ قەغەزلىرىگە ئوخشاش تۇرغانلىقىنى شۇنداقلا ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەنلىكىنى ئەمما قارىماققا يەنە ناھايىتى نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كاتتا دىنىي كىتابلارغا ئوخشاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ساختا بۇيۇم ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالغىلى تاسلا قاپتىكەن. بۇ ھىيلىگەر ئالدامچى ھەتتا ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى مۇتەخەسسىسلەرنىمۇ قايمۇقتۇرۇپ ئەخمەق قىپتىكەن. شۇڭا بىز ئۇنى ئاشۇ كەسىپنىڭ تالانت ئىگىسى دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ دىققىتى ئانچە قوزغالمايدىغان بىر يەرگە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس بىر خاتىرە سۇرۇنىمۇ ھازىرلاپ قويۇپتۇ. ئۇ يەردە، دۇنخۇاڭ قول يازما تومارلىرىنىڭ يېنىغا ئۇنىڭ بىرمەھەل كىشىلەرنى چوقۇندۇرغان «قەدىمكى كىتاب»لىرىنى قويۇپ، ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ساقلاپ قويۇپتۇ.

بىز ھازىرچە ئوتتۇرا ئاسىيادىن توشۇپ كېتىلگەن ئاشۇ مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشتۇق. ئېرىك

تەيكەنىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «جۇڭگو ترانسپورت ئەترەتلىرى تۈشۈپ كەتكەن ئاشۇ بىباھا گۆھەرلەردىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قالغاندى...» لېكىن بۇ ھېكايىمىزدىكى بەزىبىر ئاساسلىق شەخسلەر بەرىبىر تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقتى. ئاساسلىق شەخس ئاۋرېل ستەيىن ھازىر ھىندىقۇش ئەتراپىدىكى كابۇلدا تام بىلەن ئورالغان خرىستىئان دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىدا ياتماقتا. ئۇنىڭ ئەتراپىنى رېئال-لىقتا رازى بولغان كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرى ئوراپ تۇرماقتا. بۇ قەبرىس-لەرمۇ ئوخشاشلا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ يولىنى بېسىپ تۈگەتكەن ئافغا-نىستانلىقلارنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ تۇرماقتا. ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگ-لىرىنىڭ بۇ بوۋىسى 1943 - يىلى، دەل 82 ياش ۋاقتىدا كابۇلدا ئۆلدى. بىز-بەر ئۇنىڭ خاتىرجەم يېتىشىغا ئىنتايىن باپ كېلەتتى، چۈنكى ئۇ 40 يىل ۋاقىت ئىچىدە، ئافغانىستانلىقلارغا قايتا - قايتا ئىلتىماس قىلىپ، ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ يېپەك يولىنى ساياھەت قىلىش جەريانىدا ئۈزۈلۈپ قالغان ھېلىقى بىر قىسىم لىنىيىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دۆلە-تى ئىچىدە قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇ دەل ئۆزىنىڭ چېدىرىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزى-نىڭ سۆيۈملۈك كەشمىر چېگرىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان چاغدا تە-تىق كەلگەنىدى، لېكىن ئۇ كابۇلغا كەلگەن بىرھەپتە ۋاقىت ئىچىدە، دە-لىپدە شامال تېگىپ قالغانلىقى، كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆپكە ياللۇغىغا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۆلگەنىدى. شەرقشۇناس مۇتەخەسسىس دېنىسون روس ئەپەندى(Sir Denison Ross) مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇنىڭغا ئوخشاش قېدىرىپ تەكشۈرۈش جەھەتتىكى خىلمۇ - خىل شەرتلەر بىرلا ئادەمگە مەركەزلەشكەن ئادەمنى تېپىش ھەقىقەتەن قىيىن بولۇپ، ۋېنگرىيىلىك بۇ ئۇلۇغ ئادەم ئىككى دۆلەتنىڭ ئىپتىخارى ئىدى، شۇنداقلا بارلىق كىشىلەر ئۇچۇنمۇ كارامەت بىر ئادەم تۇيۇلاتتى.» ستەيىن گەرچە ئەنگلىيىنىڭ بىر پۇقراسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ كىن-دىك قېنى تۆككەن دۆلەتنى زادىلا ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. ئۇنىڭ ئادە-تى - سادا تۇرمۇش ئىستىلى ئۇنى تەخمىنەن 57 مىڭ فوند ستېرلىڭ-

ما ئىگە قىلىپ قويغان، ئۇ ئىزنىڭ كۆپ قىسمىنى ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىش فوندى قىلىپ ئىشلەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىر شەرتى شۇكى، مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولسۇن، پەقەت ئىمكانىيەت بېرىلسىلا، بۇ تەتقىقات خىزمىتىنى ئەنگلىيىنىڭ ياكى ۋېنگرىيىنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى ئىشلىگەن بولۇشى كېرەك ئىدى.

ستەيننىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبى (ھېچ بولمىغاندا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ سانى جەھەتتىن ئېيتقاندا) گېرمانىيىلىك فون لېكوك ستەينگە قارىغاندا 13 يىل بۇرۇن يەنى 1930 - يىلى 4 - ئايدا ئۆلدى. ئۇ دەل ستەيىن نەنجىڭغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ پالاكەت باسقانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان 4 - قېتىملىق شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىۋاتقان چاغ ئىدى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، فون لېكوكقا بالغۇز ئوغلىنىڭ فرانسىيە جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولۇپ كەتكەنلىكى ئاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇمۇرۋايەت ئەنگلىيە بىلەن يېقىن ئۆتكەن فون لېكوك ئۆزىنىڭ تۇساتتىنلا ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى دوستلىرىدا كارتىنبي ۋە ستەيننىڭ ئۇدۇل رەقىبىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سېزدۇدە، بۇمۇ ئۇنىڭ چەكسىز كۆڭۈل ئاغرىقىنى ۋە دەرد - ئەلەملىرىنى ئارتتۇرۇشقا سەۋەبچى بولدى. يەنە كېلىپ گېرمانىيە مالىيىسىنىڭ گۇمران بولۇشى نەتىجىسىدە ئۇمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولدى. ھېچقانداق ئامال قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ دىققىتىنى ئۆزى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغان ئاسىيا ئېسىل گۆھەرلىرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇزېيىغا قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە قارىتىش ئارقىلىق ئۆزىنى بەزلەشكە مەجبۇر بولدى. ھەتتا ئۇ قاتتىق ئاغرىيدىغان ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان چاغلىرىدىمۇ، يەنىلا دائىم دېگۈدەك كېسەل كارۋىتىدىن ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ توپلىغان بۇيۇملىرىنى ئالاھىدە زىيارەتكە كەلگەنلەرگە ياكى دوستلىرىغا كۆرسىتىدىكەن. ئۇ ئۆلۈمىنىڭ يېقىن كېلىپ قالغانلىقىنى سەزگەن ۋاقتىدا، ئايالىغا تۇيدۇرماي، چۆرىسى قارا رامكا ئىچكە

ئېلىنغان خەت يېزىش قەغىزى بىلەن ئۈستىگە ئادرېس بېسىلغان كون-
ۋېرتنى ئۆزىنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىغا ئەۋەتىۋېتىدۇ، ھېلىمۇت ئۆزىنىڭ
بۇ گېرمانىيىلىك كەسىپدىشىغا يازغان تەزىيە ماقالىسىدە، ئۇ ئۆزى-
گە ئەۋەتىلگەن ئاشۇنداق خەتنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدا، ئۇنىڭدا دەل-
فون لېكوكنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى مەلۇم قىلىنىدىغانلى-
قىنى پەقەتلا ئويلىمىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

كرۇنۋېدېل تەخمىنەن بەش يىلدىن كېيىن ئۆلىدۇ.
نېرۋىسى بۇزۇلۇپ، ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بىر ئادەم بولۇپ،
ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئوتتۇرىسىدا (ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىش-
لەيدىغان مولېرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە تالاش-
تارتىش پەيدا بولغان چاغدىن تارتىپ ئۇنىڭ شانلىق تۆھپىلىرى يىمىرى-
لىشكە باشلايدۇ. تالاش-تارتىشنىڭ نۇقتىسى: بەزىبىر تورپان قول يازمى-
لىرىنىڭ مانى دىنىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئالدى بىلەن كىم ئېنىقلىغان؟
ئۇمۇ ياكى مولېرمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. باشقا
فرانسىيىلىك ئالىم ئەھلىلىرى مولېر تەرەپتە تۇرۇپ،
ئالدى بىلەن مولېر ئېنىقلاپ چىققان دەيدۇ، نەتىجىدە كرۇن-
ۋېدېلنىڭ ئابرويى تۆكۈلۈپ، ئۇ ھەمراھلىرى ئارىسىدا بارغانسېرى
يېتىم قالىدۇ؛ كىشىلەر ئۇنىڭ كەيپىي جەھەتتە چىقارغان ھۆكۈملىرىگىم
دەرھال گۇمان قىلىشقا باشلايدۇ. تەزىيە ماقالىسى يازغان بىر ئاپ
مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ تۇتۇق، مۇجمەل نەزەرىيىلەر ئارىسىدىن پاناھلى
جاي ئىزدەيدۇ، چۈنكى ئۇنداق نەزەرىيىلەرگە مۇتەخەسسىسلەر ئىشەن-
مەيتتى.» بۇ شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلۇشقا ئازلا قالدى دېگەن
سۆزنىڭ سىلىق-سىپايە ئېيتىلىشى ئىدى. ئانچە بەك يۈز-خاتىرە
قىلماي يۈرمەيدىغان بىر ئوبزورچى كرۇنۋېدېلنىڭ كېيىنكى مەزگىلدە
يازغان ئوتتۇرا ئاسيانىڭ بۇددىزم رەسىملىرىنى سىزىش ئۇسۇلى توغ-
رىسىدىكى بىر ئەسىرىنى «سارائىلارچە خام خىياللار بىلەن تولغان بىر
دىنىي تارىخىي رومان» ئىكەن، دەيدۇ. كرۇنۋېدېل روھىي كېسەللەر دوخ-
تۇرخانىسىدا ئۆلىدۇ. ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۇ دەرد-ئەلەم تارتقان،

يېتىم قالغان ۋە ئۈمىدى يوق، ئاچچىقان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ، شۇ سەۋەبتىن، خۇددى ئۇنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى ئاپتورنىڭ ئېيتىشىغا: ئوخشاش، «گەرچە ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاز ساندىكى ئەسەرلىرىدە چىرىش ئەمگىسىز يەرلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىل-لەردىكى شائىرلىق ۋە ئىشەنچلىك ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى چۆكۈرۈشكە ئۇرۇنۇش توغرا ئەمەس ئىدى...». شۇنداق، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ بىلەن فون لېكوك ھەتتا 1941 - يىلىغىچە ياشىغان تېخنىك باتاش ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خاتىرە بۇيۇملار-نى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىپ، ئۇلارنى ئۆلسىمۇ كۆزى يۇمۇلمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىدى.

پېللىئوت ستەيىن ئۆلۈپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1945 - يىلى راك كېسىلى بىلەن ئۆلدى. ئۇ ئۇلۇغ فرانسىيىنىڭ بىرىنچى قاتاردا تۇرىدىغان خەنزۇشۇناسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى غەربتىكى بارلىق جۇڭگوشۇناس مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۇستازى ئىدى. ئۇنىڭ فرانسىيىلىك بىر ئىشدىشى مۇنداق يازىدۇ: «خەنزۇشۇناسلىق ئۇنىڭدىن ئايرىلسا خۇد-دى ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغان بىر يېتىم بالىغا ئوخشىشىپ قالاتتى.» ئۇرۇش تۈپەيلىدىن گېرمانىيىلىكلەر ئىشغالىيىتىدىكى زېمىندا قاپسىلىپ قېلىپ ئۆيىدە پېنسىيە تۇرمۇشىنى كەچۈرۈۋاتقان كېيىنكى ماكارتنىي شۇ يىلى 5 - ئايدا يەنە گېرمانىيىلىكلەر تەسلىم بولۇپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن 78 يېشىدا ئۆلدى.

دۇنخۇاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ باققۇچىسى، مىلىكەر ۋاڭ راھىبمۇ 1931 - يىلى ئۆلدى ۋە ئۇ ياخشى كۆرىدىغان تاش غارلارنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئۇ ئۆز ھاياتىنى ئاچچىق دەرد - ئەلەم بىلەن ئاخىر-لاشتۇردى. ئۇنىڭغا ئەلەم قىلغان نەرسە شۇكى، ھۆكۈمەت دۇنخۇاڭدا ئېشىپ قالغان قول يازمىلارنى بېيجىڭغا توشۇپ كېتىش ئۈچۈن (ئۇنى شۇ ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن بېيجىڭغا توشۇيدۇ)، ئۇنىڭغا تۆلەم ئورنىدا بېرىشكە ماقۇل بولغان، ئەمەلىيەتتە ھەم ھەقىقەتەن بەر-گەن پۇلنى باشقىلار پۈتۈنلەي بۇلاپ كېتىدۇ. بۇ پۇل خۇددى يىراقتىكى

شەرقتە توشۇلغان قول يازمىلاردەك، يول بويى ئۈزلۈكسىز تۈردە بەلە قى-
تمدەك يېپىش ۋە بولۇۋپاتشلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن. نەك
ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ قالغان، قورۇلۇشلارنى رېمونت قىلدۇرۇشقا
ئىشلىتىلمىگەن پۇل بولۇپ، بۇ پۇلنىڭ ھېچ نېمىسى قالمايدۇ. بەلكىم ئۇ
نىڭ ئاخىرىدا، ھېچ بولمىغاندا قەبرىنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ بىر قىممەت كۆل-
گەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە كېرەك بو-
لۇپ قالار دېگەن ئويى بىلەن ئالدىنالا تەييارلىق قىلىپ قويۇش
ئۈچۈن، بىر قىسىم قول يازمىنى ئىنتايىن قىزىقلىق بىلەن جۇڭگو دائىرىلىرىگە
تۇيدۇرماي، باشقا بىر مەخپىي ئۆيگە ئوغرىلىقچە يوشۇرۇپ قويغانىكەن.
ئەمما XX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا كەلگەندە جۇڭگو ئارخېئولوگلىرى
بۇ مەخپىي ئۆينى تېپىۋالدۇ. ئامېرىكىنىڭ سەنئەت تارىخى ئالىمى
ئىرېن ۋىنسېنت(Irene Vincent)1948 - يىلى دۇنخۇاڭنى زىيارەت قىل-
غان ۋاقتىدا، كىشىلەرنىڭ دۇنخۇاڭدا قول يازما ۋە رەسىملەرنى يوشۇرۇپ
قويغان يەنە بىر مەخپىي ئۆي بارلىقىنى دېگەنلىكىنى ئاڭلاپتىكەن.
يېقىندا يەنى 1977 - يىلى، شەرق ئىلمىگە ئائىت كىتابلارنى ساتىدى-
غان شۋېتسىيەلىك بىر كىتاب سودىگىرى ئۆزىنىڭ سېتىلمىغان بۇيۇم-
لار مۇندەرىجىسىگە بىر خىل دۇنخۇاڭ قول يازما توپلىمىنىڭ ئىسمىلىكى-
نى كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ.

ھازىر ۋاڭ راھىب مىڭئۆيىنى ساقلاشقا مەن مەسئۇل دەپ ئۆزىگە
ئۆزى ئاتا قىلغان ئاشۇ ۋەزىپىنى جۇڭگو دائىرىلىرى ئاللىقاچان ئۆتكۈ-
زۈۋالغانىدى. ئۇلار يېرىلىپ كېتىۋاتقان غار تاملىرىنى مۇستەھكەملى-
دى؛ قومۇرۇۋېتىلگەن تام سۈرەتلىرىنى ياساپ ئوڭشاپ قويدى، شۇنىڭ
بىلەن بىرگە، نۇرغۇن تام سۈرەتلىرىنىڭ كەينىدىن يەنە تېخىمۇ بالدۇر-
قى مەزگىللەرگە تەۋە نەرسىلەرنى تېپىپ چىقتى. ئىشقىلىپ نامى دۇنياغا
پۇر كەتكەن مىڭئۆي ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان
شادلىقلىقى ۋە سەلتەنەتلىكلىكىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى، دېيىشكە بو-
لاتتى. جۇڭگو دائىرىلىرى ۋاڭ راھىبقا سېنىڭ ئىبادەتخانىلىرىڭنى
رېمونت قىلدۇرۇشقا راسخوت ئاجرىتىپ بېرىمىز دەپ ۋەدە قىلغان پۇل-

ەۋ يېتىپ كېلىدۇ، دۇنخۇاڭ قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ.

بۇ يەردە قىلىشقا تېگىشلىك گەپ ئاز قالدى. ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ سەركەردىسى سۋېن ھېدىن كېيىن ئۆزىنى قوغلىشىپ ماڭغان كىشىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆردى (ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت لاڭدون ۋارنېر ئۇنىڭدىن 16 ياش چوڭ كېلەتتى). كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بۇ ئۇلۇغ ھەم تەنھا شۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتور 1952 - يىلى دەل 87 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا ستوكھولمدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ھاياتى ئۇزاق داۋاملاشقان شانلىق ھايات ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن خاتىرە بۇيۇملىرىنى بەلكىم ئۇنتۇپ كەتكەندۇ. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلىشقا ئەڭ ئاخىرىدا قاتناشقان شۇنداقلا بىردىنبىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ۋارنېرمۇ ئۆلىدۇ.

بۇ ئامېرىكىلىق ئاشۇ «ناھايىتى ئۇزۇن قەدىمكى يول» نى ئەمدى ئونۇيالمايدۇ. ھازىر بۇتخانىلار، ئىبادەتخانىلار ۋە ترانسپورت ئەترەتلىرى چۈشىدىغان دەڭلەرنىڭ ھەممىسى خەلق گۇڭشېسىغا ۋە تراكتور زاۋۇتىغا ئورۇن بوشاتتى. زامانىۋىلاشقان تاشيوللار ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى شەھەر - بازارلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇردى. قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتىدىغان بىر يېڭى يول كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ماشىنىلارنى توسالغۇسىز قاتناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ماركوپولونىڭ ئېيتقىنىدەك جىن - شەيتانلار قاتراپ يۈرىدىغان لوپنۇر قۇملۇقىنىڭ مەركىزىدىن يەنە تېخى يادرو سىنىقىنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. ھەتتا بىر مەھەل پۈتۈن ترانسپورت ئەترىتىنى يالماپ يۇتۇپ كەتكەن شۇنداقلا يەنە بارلىق قۇملۇقلار ئىچىدە كىشىنى ھەممىدىن بەك ۋەھىمىگە سالىدىغان تەكلىماكانمۇ ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ قويدى. ئايروپىلانلار بىلەن سۈنئىي ھەمرالار ئۇنىڭدا ساقلىنىپ قالغان مەخپىيەتلىكلەرنى ئېچىپ تاشلىماقتا. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پىلانىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا زوركۈچ بىلەن يولغا قويۇل-

ماقتا. ماكارتنىي ئائىلىسى ئۇزاق ۋاقىت تۇرغان جاي چىنار باغمۇ ئۆزى-
نىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يوقىتىپ بولدى. گەرچە ئۇنىڭ يۈيۈنۈش-
ئۆيىدە ئەنگلىيىدە ياسالغان جومەكلەر ھېلىغىچە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان،
ئۇنىڭ ھاجەتخانىسىدا ئۈستىدە «ۋىكتورىيە» دېگەن خەت بار قول يۇيۇش-
جابدۇقى ھېلىغىچە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ھازىر ئۇ ئۇزۇن يوللۇق ماشى-
نا ھەيدەيدىغان شوپۇرلارنىڭ مېھمانخانىسى قىلىپ ئىشلىتىلمەكتە.
لېكىن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان ئاشۇ دەۋرلەر 1979 - يىلى
ياز پەسلىدە ئاخىرلىشىدۇ. چۈنكى شۇ چاغدا ئەنگلىيىنىڭ ساياھەتچى-
لەر ئۆمىكى تۇنجى قېتىم مىڭئۆيگە كېلىپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قۇ-
ياش نۇرى ئاستىدا، ئۆزلىرى ئولتۇرغان ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇستىن
چۈشىدۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر يېپەك يولىنىڭ سىرلىقلىقىنى ۋە
ئۇھەقتىكى خىلمۇ - خىل رىۋايەتلەرنى قايتىدىن تىلغا ئېلىپ يۈر-
مەيدىغان بولىدۇ.

غەربىي يۇرت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار



بۇ كىتاب گەنسۇ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1983 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى، 1984 - يىل 9 - ئاي 2 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نە- شىر قىلىندى.

本书根据甘肃人民出版社1983年3月第1版1984年9月第2次印刷本翻译出版。

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

责任编辑:阿布力米提.伊明
责任校对:海热尼沙.阿斯木

丝绸路上的外国魔鬼(维吾尔文)
皮得.霍普科克　著
阿不来提.马木提　译

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
乌鲁木齐市建中路54号　邮政编码830001
新疆新华书店发行　　新疆八一印刷厂排版
新疆石油学院印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　13.375印张　9插页
1990年11月第1版　　1993年11月第2次印刷
印数:7601—8900

ISBN7—228—00794—8/K.117　定价:3.70元

www.uyghurkitap.com

ISBN7 — 228 — 00794 — 8

K·117（民文）定价：3.70元